ئابدۇسالام ئابلىز

# زەپەر ناخشىسى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



ئاپتور ئابدۇسالام ئابلىز



ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ سابىق ۋالىيسى، ئۈرۈمچى شەھىرىد-
نىڭ باشلىقى جارۇللا ھېسامىدىن (ئوڭدا) ئاپتور بىلەن كىتابقا كىرگۈزۈلىدىغان
ئەسەرلەر توغرىسىدا پىكىرلەشمەكتە.



ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ
ۋالىيسى مۇتەللىپ قاسىم (ئوڭدا) ئاپتورنىڭ «زەپەر ناخشىسى» ناملىق بۇ كىتاب-
غا بېغىشلىما يېزىپ بەرمەكتە.



مۇخبىر ئابدۇسالام ئابلىز سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەتمىن شاھىدىن بىلەن بىللە.



ئابدۇسالام ئابلىز (سولدىن 3 ـ كىشى) ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ ياغاچلىق مەيدانىدا ئىختىيارىي مۇخبىرلارغا نەق مەيدان مۇخبىرلىق سەنئىتى ھەققىدە يېتەكچىلىك قىلماقتا.

ئاسمانغا بوي تارتقان ھەيۋەتلىك بىنالار، بوك ـ باراقسان،
ئازادە يوللار، رەت ـ رەت سىلىنغان كاپالەت خاراكتېرلىك تورال.
غۇلار ئاقسۇغا كەلگەن كىشىنى جەلپ قىلماي قالمايدۇ. دۆلەت يولى
314 ـ لىنىيەسىنى بويلاپ ماڭسىڭىز نېفىت قۇدۇق جازىسى، خە.
ۋەرلىشىش مۇنارى، بىپايان بوستانلىق كۆزىڭىزنى چاقنىتىدۇ. 132
مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىرلىق بۇ گۆھەر زېمىننىڭ ھەممىلا يې.
رىدىن تەرەققىياتنىڭ بىر خىل يېڭى نامايەندىسىنى تېپىش تەس ئە.
مەس.

تارىم نېفىتلىكى، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تاۋار پاختا بازى.
سى، «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت»، «سەددىچىن سىرتىدىكى جياڭ.
نەن»، «قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە ماكانى» دېگەندەك شە.
رەپلىك ناملارنىڭ قايسىبىرىدىن قارىسىڭىز، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىق.
تىسادىي سالمىقىنىڭ شىنجاڭدىكى «چوڭ لېگەن» دە مۇھىم ئورۇننى
ئىگىلىگەنلىكى نامايان بولىدۇ. مانا بۇ 2 مىليون 500 مىڭدىن ئار.
تۇق نوپۇسقا، پارلاق مەدەنىيەت ئىزناسىغا ئىگە ئاقسۇنىڭ بۈگۈ.
نى. ئاقسۇنىڭ تۈنۈگۈنى ۋە بۈگۈنىگە بۇ رايوندىكى نۇرغۇن تۆھ.
پىكار ئەزىمەتلەرنىڭ جاپالىق قان ـ تەرى سىڭگەن. مەن بۇ كىتا.
بىمنى ھەرقايسى سەپلەردە تۆھپە يارىتىپ، زەپەر قۇچقان ئاشۇ
تۆھپىكارلارغا بېغىشلايمەن.

— ئاپتوردىن

ئابدۇسالام ئابلىز

# زەپەر ناخشىسى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ھەمراجان سونۇر**

مەسئۇل كوررېكتورى: **مەرەمنىسا روزى**

# زەپەر ناخشىسى

ئاپتورى: **ئابدۇسالام ئابلىز**

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14    پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850mm × 1168mm    32 / 1    باسما تاۋىقى: 12.5
2011 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2011 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3000 ـ 0001

ISBN 978 − 7 − 5631 − 2260 − 8
باھاسى: 30.00يۈەن

# مۇندەرىجە


نەشرىياتتىن ........................ 1
ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ يەنە بىر ئەمگەك مېۋىسىنى تەبرىكلەيمەن (جارۇللا ھېسامىددىن) 3
«زەپەر ناخشىسى» غا بارىكاللا (مۇتەللىپ قاسىم)........ 5
داڭلىق مۇخبىر بولۇش شەرەپلىك ئىش (مەمتىمىن شاھىددىن)...... 7
ھارارەتلىك زېمىنىنىڭ ئەزگۈ كۈيى (مۇھەممەد باغراش)........ 10
نۇرلاندى قەلەمدە كۈسەن ئوبرازى ........ 14
مايتاغ تەسىراتلىرى........................ 21
نۇرلانغان ھايات ........................ 33
«قىرلىق ئىستاكان» ۋە «مېھمان» ئوبرازى........ 42
يول بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئاينىيدۇ........ 48
ئاباس مونىيازنىڭ يازغۇچى بولۇشى........ 55
شېئىرىيەتتىن باشلانغان قەدەم........................ 61
خالىس تۆھپىكار........................ 69
باھاردىن باشلانغان ناخشا........................ 75
تۇلپاردەك چاپقان دولان ئوغلى ........ 81
ئۇلارسىز تۇتاشمىدى دىل رىشتىسى ........ 87
«قەلب كۆۋرۈكى» نىڭ قىممەتلىك ئىشلىرى........ 92
سەنئەت گۈلشەنىدە 30 يىل ........ 102

«كۆلكە ئوغلى» نىڭ سەھنە ھاياتى........................ 112
تارىم بۇلبۇللىرى ........................ 119
«قاراڭلار، ئابدۇرازاق تىياتىر كەلدى!»........................ 137
ئەجداد ئىزى پارلار، نۇر چاچار........................ 151
دولان دىيارىدا خۇش پۇراق چېچىش........................ 160
بىر دەستە گۈلدىن گۈلزارلىققىچە........................ 165
گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە پەرۋاز قىلىش........................ 169
«تۇرنىسا راۋاب» نىڭ كېيىنكى ئىشلىرى........................ 174
تەشۋىقات ئىشقىدا ........................ 178
سالام، مەرىپەت بۆشۈكى ........................ 182
باللارنىڭ شادلىق ماكانى........................ 189
ئۆرۈكلۈك باغدىكى ئۇچرىشىش........................ 194
يالقۇنىنىڭ يالقۇنلۇق قەلبى ........................ 199
سىياسىي كېڭەشتىكىلەر ھەرىكەتتە........................ 211
«ئۆرۈكزار» مەھەللىسىدىكى بىر جۈپ «ئەتىرگۈل»........................ 220
تۇتاش يۈرەكلەر، ئۆمۈرلۈك قوشنىلار........................ 224
مەڭگۈلۈك غايە، مەڭگۈلۈك ئەقىدە........................ 229
ۋاپادار ئوغۇلغا دەستە ـ دەستە گۈل........................ 236
مەناغا تولغان ياشلىق........................ 243
ئۇ كەتتى! بىراق ئۇ ئەل قەلبىدە........................ 247
ئادەم كېتىدۇ، ئەمما نامى كەتمەيدۇ........................ 251

تارىم ۋادىسىدىكى يېشىل مەرۋايىت ........ 257
چىلان، ياڭاق يەرمەنكىسى .................... 263
باغ ئارىلاپ .................................. 268
قاراتالدا مېۋە ھىدى ........................ 273
قىزىل بايراقدار يېزا ......................... 277
مۇزئارت ۋادىسىدا ئىللىغان قەلبلەر ......... 283
جۇڭگو پوچتىسى دېھقانلار بىلەن قەلبداش ..... 287
زىياپەت سورۇنىدىكى پاراڭلار ............... 293
دېھقان ئۆيىدە بەرىكەت ....................... 298
مۇقەررەر تاللاش ............................. 306
مۇراجىئەت ..................................... 310
سادا، سادا، سادا ............................ 315
كەلپىننىڭ يېڭىچە تەرەققىيات يولى ............ 318
«چىقىش يولىمىز مائارىپتا» ................. 322
«چەكلىك ھاياتىمدا چەكسىز ئىش قىلسام دەيمەن» ......... 329
پايتەختكە بارغان كەنت دوختۇرى ............. 337
قۇمبۇلۇڭدا قالغان ئارمان ..................... 342
بىز ئويلاپ يەتمىگەن ئىشلار ................. 348
نامرات بوستاننىڭ ئىناق بوستانغا ئايلىنىشى ....... 355
ئاز ئادەم، ئەمما زور قەدەم .................. 359
«پاختا يۇرتى» نىڭ يېڭى جىلۋىسى ............ 364

باغۇبوستان ياقىسىدىكى ........................ 374
ئەجىرىدىن نۇرلانغان ياشلىق ........................ 380
مۆلجەرتاغ باغرىدا ئۆرلەك ھىدى ........................ 384
ئاخىرقى سۆز ........................ 390

# نەشرىياتتىن

2007 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تارىمدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن ـ ھۈسەن» تېمىسىدىكى «مەڭگۈلۈك تاللاش» ۋە «بىتەلەي قىزنىڭ بەختى»ناملىق ئىككى قىسىملىق ئاخبارات ئەسەرلىرى توپلىمى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئاخبارات ساھەسىدە زور غۇلغۇلا ھەم بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان مول ھوسۇللۇق مۇخبىر ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ «زەپەر ناخشىسى» ناملىق بۇ 3 ـ توپلامدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە جاپالىق تەر ئاققۇزۇپ زەپەر قۇچقان تۆھپىكار ئەزىمەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى ھېسابلىنىدىغان يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلار، ئەدىبلەر ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر باغۋەنلەرنىڭ ئىلغار ئىش ـ پائالىيەتلىرى، ئىزدىنىش روھى جانلىق پاكىت، تەسىرلىك تەپسىلات، گۈزەل، يېنىك تىل ـ ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلىنغان.

ئابدۇسالام ئابلىز 1965 ـ يىلى 10 ـ مايدا كەلپىن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1979 ـ يىلى «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «پارتىيەم» ناملىق شېئىرى، «كۈرەشچانىنىڭ خىسلىتى» ناملىق ئاخبارات ماقالىسى بىلەن يېزىقچىلىق سەپىرىنى باشلىغان. 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئىلى چارۋا مال دوختۇرلۇق تېخنىكومىنى پۈتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن كەسىپ ئۆزگەرتىپ «ئاقسۇ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان. 24 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئابدۇسالام ئابلىز ئاخباراتچىلىق كەسپىنى ئەڭ سەممىي مۇھەببەت بىلەن قىزغىن سۆيۈپ، توختاۋسىز ئىزدىنىپ، گېزىت تەھرىرلىكى ۋە ئاخبارات مۇخبىرلىقى ساھەسىدە بەلگىلىك تەجرىبە ھەم نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۆزىگە خاس مۇخبىرلىق ماھارىتى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى شەكىللەندۈردى. بەت تەھرىرلىكى ۋەزىپىسىنى سۈپەتلىك ئورۇنلاش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئېرىنمەي، زېرىكمەي مۇخبىرلىق قىلىپ، جەمئىي 5500 پارچىدىن كۆپرەك

خەۋەر، تەپسىلىي خەۋەر، زىيارەت خاتىرىسى، ئاخبارات ئوچېرىكى، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئاخبارات مۇلاھىزىسى يېزىپ، ئۇنى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە بىر قىسىم ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. بۇنىڭدىن 16 پارچە ئەسىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە 20 پارچىغا يېقىن ئاخبرات كەسپىي تەتقىقات ماقالىسى ۋە بىر تۈركۈم شېئىر يېزىپ ئېلان قىلدۇردى. خىزمەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئاخبارات ۋە تىل ـ ئەدەبىيات كەسىپلىرى بويىچە مەخسۇس كۇرس، تولۇق كۇرس دىپلومى ئالغاندىن تاشقىرى، يەتتە قېتىم ئاپتونوم رايون ۋە شاڭخەيدە ئېچىلغان ئاخباراتچىلىق كۇرسىدا بىلىم ئاشۇردى. ئاقسۇ ۋىلايىتى دائىرىسىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر 14 قېتىم دەرس سۆزلەپ، 500 دىن ئارتۇق ئىختىيارىي مۇخبىرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. مۇشۇ خىل كەسىپ روھى ئابدۇسالام ئابلىزنى ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر ۋە نوپۇزغا ئىگە قىلدى. ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى» تەرىپىدىن ئۇدا 12 يىل «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر»، ئاقسۇ ۋىلايىتى تەرىپىدىن ئۇدا بەش يىل «پۇچىياڭ لوگىقىسى» بويىچە «تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، «ئاقسۇ گېزىتى» تەرىپىدىن ئۇدا 22 يىل «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. 2008 ـ يىلى كاندىدات ئالىي مۇخبىر ئۇنىۋانىغا ئېرىشتى. يېقىندا ئۇ «مۇخبىرنىڭ كۆزى ۋە سۆزى» ناملىق 4 ـ كىتابىنى نەشرگە تەييارلىدى.

ئابدۇسالام ئابلىز ھازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرى. بىز ئۇنىڭ نەتىجىلەرنى يەنىمۇ قەدىرلەپ، كەسىپ روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە تېخىمۇ زور زەپەرلەرنى قۇچۇشىغا تىلەكداشمىز.

# ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ يەنە بىر ئەمگەك مېۋىسىنى تەبرىكلەيمەن

جارۇللا ھېسامىدىن

(ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى، ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ باشلىقى)

ئاخبارات خىزمىتى پۈتكۈل پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرەش قىزغىنلىقىنى، كەلگۈسىگە، تەرەققىياتقا ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ، ئاممىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئاخبارات مۇخبىرلىرى ئاخبارات سەزگۈرلۈكى، ئۆتكۈر كۆزى بىلەن جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە كىرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ، دەۋرنى كۆزىتىدۇ. تەرەققىياتقا پايدىلىق ئىشلار توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە ياقتۇرىدىغان، ئىسلاھات، تەرەققىياتقا، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشقا مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلىدىغان نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، مۇخبىرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، رولى چوڭ، ۋەزىپىسى جاپالىق ھەم مۇقەددەستۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاقسۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمۇ تېز يۈكسەلدى. ياخشى مۇخبىر، ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرى تۈرkۈم - تۈركۈملەپ بارلىققا كېلىپ، ئاقسۇنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ جانلىنىشىغا يېڭى كۈچ قوشتى. «ئاقسۇ گېزىتى» مۇخبىرى ئابدۇسالام ئابلىز ئاخباراتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 20 يىل جەريانىدا ئامما ئارىسىغا، تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھارماي - تالماي ئىزدىنىپ، ئىلغار تىپ، تۆھپىكار شەخسلەر بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش - پائالىيەتلىرىنى، تۆھپە قوشۇش روھىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئاقسۇنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى تەرەققىياتىنى، يېڭى قىياپىتىنى، ئىد-

ناق جەمئىيىتنى، ئاقسۇدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مەد- ھىيەلىدى، بۇ جەرياندا نۇرغۇن ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقتى. مەن 2007 - يىلى 4 - ئايدا ئۇنىڭ يېڭىدىن نەشردىن چىققان «تارىمدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن - ھۈسەن» تېمىسىدىكى «مەڭگۈلۈك تاللاش»، «بىتەلەي قىزنىڭ بەختى» ناملىق ئىككى قىسىملىق ئاخبارات ئەسەرلىرى توپلىمىنى كۆ- رۈپ ناھايىتى خۇش بولغانىدىم. بۇ قېتىم ئۇ «زەپەر ناخشىسى» ناملىق يەنە بىر ئاخبارات ئەسەرلىرى توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاپتۇ. مەن بۇنىڭغىمۇ بەك خۇش بولدۇم ۋە ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ تىنىم تاپماي ئىزدىنىش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇ- دۇم. ئىشىنىمەنكى،.بۇ كىتاب كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاقسۇنى، ئاقسۇدىكى تۆھ- پىكارلارنى چۈشىنىشىگە، كەڭ ئاخبارات ساھەسىدىكى دوستلارنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىگە بەلگىلىك ياردەملەرنى بېرەلەيدۇ. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ بۇ ئەمگەك مېۋىسىنى تەبرىكلەيمەن ھەم ئاقسۇدىكى كەڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ نادىر ئەسەر ئېڭىنى كۈچەيـ- تىپ، ئاخبارات تەشۋىقاتىنى ئامما، تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە يېقىنلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى تەربىيەلەيدىغان، ئۇلارنى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا يېتەكلەيدى- غان، ئىلھاملاندۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا مەدەت بېرەلەيدىغان ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈش- كە تىرىشىشىنى، ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىش، ئاخبارات يېزىقچىلىقىدا يېڭىلىق يارىتىش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش يولىدا توختىماي ئىزدىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2007 - يىل 27 - دېكابىر

# «زەپەر ناخشىسى» غا بارىكاللا

مۇتەللىپ قاسىم

(ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى)

بىر ياخشى كىتاب ـــ دەۋرنىڭ ئەينىكى، تونۇلغۇنىڭ خاتىرىسى، تارىخنىڭ ئىسپاتى، ئۆتمۈشنىڭ يادلانمىسى. بىز كىتاب ئارقىلىق ئەجداد روھىنى، يىراق تارىخنى بىلەلەيمىز. كىتاب ئارقىلىق نۇرغۇن بىلىم ئېلىپ نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتەلەيمىز، مەنىۋى دۇنيايىمىزنى بېيىتالايمىز. كىتاب ئارقىلىق ئەتراپىمىزدىكى تەرەققىياتنى ۋە شۇ تەرەققىيات ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن، تىنىمسىز تەر تۆككەن غەيرەتلىك، جاسارەتلىك تۆھپىكار، ئەزىمەتلەرنىڭ جۇشقۇن روھىي دۇنياسىنى، گۈزەل، سەممىي قەلبىنى ھېس قىلىمىز ھەم كۆرۈپ يېتەلەيمىز. كىتاب ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەيمىز ھەم قانداق ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئۆگىنىمىز. كىتاب قەلبلەرنى قەلبلەرگە تۇتاشتۇرىدىغان، ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنىڭ رىشتىنى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان كۆۋرۈك، باھاسىز مەنىۋى بايلىق، پۈتمەس مىراس. چۈنكى كىتاب ـــ بىلىم خەزىنىسى، ھېچقانداق ئاقىل ـ دانا، ئالىم ـ ئۆلىما كىتابسىز بىلىم ئالغان، ئەقىل تاپقان ئەمەس.

مەن كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئادەم. خىزمىتىم ھەرقانچە ئالدىراش بولغان ئەھۋالدىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇپ تۇرىمەن. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتىشكە تىرىشىمەن. مېنىڭ ھازىرقى نۇرغۇن بىلىم جۇغلانمام كىتابتىن كەلگەن. مېنىڭچە، كىتاب بولمىسا، بىزنىڭ مەنىۋى دۇنيايىمىز خۇددى سۇسىز تۇپراقتەك قاغجىراپ كېتىدۇ. كاللىمىز قۇرۇپ كەتكەن دېڭىزغا ئوخشاپ قالىدۇ. گەرچە مەن خىزمەت ھاياتىمدا كۆپ نەرسىلەرنى يېزىپ چىقالمىغان بولساممۇ، كىتاب يازغان يازغۇچى، شائىر، مۇخبىرلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارايمەن.

مەن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە كەلگەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا، ئاقسۇنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاخبارات ئىشلىرى-

نىڭ خېلى تېز تەرەققىي قىلغانلىقىنى، بۇ رايوندا نۇرغۇن ئىرادىلىك، پاراسەتلىك بىلىم ئىگىلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئىشچان، مېھماندوست ئاقسۇ خەلقىنىڭ ئەزەلدىن بىلىم - مەرىپەتكە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. خىزمەت داۋامىدا ئاقسۇنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە دائىر نۇرغۇن نەرسىنى كىتاب ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم. بولۇپمۇ مەن «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇخبىرى ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ «تارىمدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن - ھۈسەن» ناملىق ئىككى قىسىملىق ئاخبارات ئەسەرلىرى توپلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى دەۋر، ھەرقايسى سەپلىرىدە نەچچە ئون يىل ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ، ئاقسۇنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان تۆھپىكار، ئەزىمەتلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. بۇ كىتاب مېنىڭ ئاقسۇغا، ئاقسۇ ئوغۇل - قىزلىرىغا بولغان تونۇشۇمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مېنىڭ ئاقسۇنى سۆيۈش، ئاقسۇغا رىشتە باغلاش، ئاقسۇغا تۆھپە قوشۇش قىزغىنلىقىمنى ئۇرغىتىش رولىنى ئوينىدى. ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ «زەپەر ناخشىسى» ناملىق بۇ كىتابىدا ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى ھېسابلىنىدىغان ئاقسۇدىكى ئىدىتلىق، تۆھپىكار يازغۇچى، شائىر ۋە جاپاكەش مۇئەللىملەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپتۇ. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. مېنىڭچە، بۇ دوستۇم ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ 20 يىللىق تىرىشچانلىقىنىڭ مېۋىسى، ئاخباراتچىلىق ھاياتىدىن قالدۇرغان ئىزى. ھەم ئۆزىنى، ھەم ئۆزگىنى نامايان قىلىشتىكى بىر ياخشى تاللىشى. بۇ پەقەت ئۇنىڭ تۆھپىسى ھېسابلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇ ئاقسۇدىكى، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ شەرىپى. مەن «زەپەر ناخشىسى» ناملىق بۇ ئاخبارات ئەسەرلىرى توپلىمىنىڭ نەشرگە بېرىلگەنلىكىنى تەبرىكلەيمەن ھەم ئۇنىڭ بالدۇرراق نەشردىن چىقىشىغا تىلەكداشمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئابدۇسالام ئابلىز ۋە كەڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ نادىر ئەسەر ئېگىنى كۆچەيتىپ، ئاممىغا، تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىنلاپ، كىشىلەرنى تەربىيەلەيدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق ۋە تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەنىمۇ كۆپ، يەنىمۇ ياخشى نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2009 - يىل 18 - مارت

# داڭلىق مۇخبىر بولۇش شەرەپلىك ئىش

مەتىمىن شاھىدىن

(سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)

بىرەر كەسىپ بىلەن ئۇزۇن مۇددەت شۇغۇللىنىش، شۇ كەسىپتە نام چىقىـ
رىش، شۇ كەسىپ ئارقىلىق جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش مېنىڭچە دۇنيادىكى ئەڭ
قىممەتلىك، ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ مۇقەددەس روھلارنىڭ بىرى. چۈنكى، بۇنىڭ
ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈشكە، كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشـ
قا، نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ. ھوقۇق - مەنـ
سەپ ئارقىلىق ئېرىشكەن ھۆرمەت، نام - ئابرۇينىڭ ئۆمرى قىسقا، جەلپ قىلىش
كۈچى چەكلىك بولىدۇ. ئەمما، كەسىپ ئارقىلىق، ئىجاد ئارقىلىق، قان - تەر
ئارقىلىق ئېرىشكەن ھۆرمەتنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، جەلپ قىلىش كۈچى چەكسىز
بولىدۇ. خەلق بۇنداقلارغا قەلب تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ، ئۇلارنى ئەڭ ئالىي ھۆرـ
مەت بىلەن مەڭگۈ ئەزىزلەيدۇ. شۇڭا كەسىپتە ئۇتۇق قازانغۇچىلار، قەلەمكەش - ئىـ
جادكارلارنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ، روھى ئۆلمەيدۇ. ئۆزى كەتسىمۇ، يازغان نەرسىلىـ
رى، روياپقا چىقارغان ئىشلىرى، نەشر قىلىنغان كىتابلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا
مىراس بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي بايلىق.

«ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇخبىرى ئىنىمىز ئابدۇسالام ئابلىز
مۇشۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، كەسىپنى قەدىرلەپ، داڭلىق ئاخباراتچى
بولۇش يولىدا توختىماي ئىزدەنگەن، ئاخباراتچىلىق كەسپىدە يېڭى - يېڭى نەتىـ
جىلەرنى ياراتقان يارامىلىق مۇخبىر ئىدى. مەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىـ
نىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان. شۇ چاغلاردا مەن شايار ناھىيەلىك پارتـ
كومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىدىم، كېيىن ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ
ئىشلىدىم. مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇ دائىم ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ مۇخبىرلىق

قىلاتتى. ناھىيەمىزدىكى بىر ئۇقۇپ كېتەلمىگەن ئىشلارنى، يېڭىلىقلارنى ئۇنىڭ قەلىمى ئارقىلىق گېزىتتىن كۆرەتتۇق. ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلارنى، تۆھپىكار ئەزىمەتلەرنى ئۇنىڭ قەلىمى ئارقىلىق تونۇۋالاتتۇق. ئۇ كۆپ يازاتتى، ياخشى يازاتتى، توختىماي يازاتتى. مەن گېزىتخۇمار ئادەم بولغاچقا، خىزمىتىم ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ھەر كۈنى كەچتە شۇ كۈنلۈك گېزىتنى بىر قېتىم كۆرۈپ چىقاتتىم. كۆزۈم كۆپ ھاللاردا ئۇ يازغان ماقالىلەرگە چۈشۈپ قالاتتى. ئۇنى ئېرىنمەي ئوقۇيتتىم. ئۇنىڭ نەگە بارغانلىقىنى گېزىت ئارقىلىق بىلىپ تۇراتتىم. ئۇ مەن بىلەن كۆپ قېتىم تۆۋەنگە بىرگە چۈشكەن. بىز ئادەتتە خىزمەت تەكشۈرۈپ يىغىن ئاچاتتۇق. پائالىيەت ئارىلىقىدا ئۇ توختىماي سوئال سورايتتى. ھەرخىل قاتلامدىكى، ھەرخىل دەرىجىدىكى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ خاتىرىسىگە بىر نېمىلەرنى يېزىپ كېتەتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ شۇ قېتىمدا نېمىلەرنى ئىگىلىگەنلىكىنى، قانداق كىشىلەرنى زىيارەت قىلغانلىقىنى، قانداق تېمىنى تۇتقانلىقىنى، قانداق ئىدىيەنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى گېزىتتىن كۆرەتتىم ھەم ئۇنىڭ مۇخبىرلىق ماھارىتى ۋە قەلىمىگە ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇيتتىم. 90 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەن ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدىم. دەرىجەم ئۆسۈپ، خىزمەت ئورنۇمدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن گېزىت كۆرۈش ئادىتىمدە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىگە دىققەت قىلىش، ئاخباراتچىلارنى چوڭ كۆرۈش ئىدىيەمدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئابدۇسالام ئابلىز بىر ئورۇندا، بىر كەسىپ ئىشىقىدا پەرۋانە بولۇپ ئىشلىدى. مەمۇرىي دەرىجىسى ئۆسمىسىمۇ، كەسىپكە بولغان قىزغىنلىقىنى ھەرگىز سۇسلاشتۇرۇپ قويمىدى. خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى مەزگىلىمدە مەن كۆپ قېتىم ئۇنى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ چىقىشقا، بىرەر بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلدىم. لېكىن، ئۇ تەلىپىمنى قەتئىي رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخباراتچىلىق ساھەسىدىن ئايرىلغۇسى يوقلۇقىنى ئېيتتى. كېيىن ئويلاپ كۆرسەم، ئۇنىڭ دېگىنى، قىلغىنى

توغرا ئىكەن. مەن ئۇنىڭ كەسپىنى سۆيۈش، كەسپ ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىش، كەسپ ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىش روھىدىن تەسىرلەندىم. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە مۇھىم ئورۇننىڭ خىزمىتىنى يۆتكەپ كېلىش تەكلىپىنى رەت قىلغان. شۇڭا مەن سىياسىي كېڭەشتىكى چاغلىرىمدا بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭغا قايتا ئېغىز ئاچمىدىم. 2007 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۇنىڭ «تارىمدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن ـ ھۈسەن» تېمىسىدىكى ئىككى قىسىملىق ئاخبارات ئەسەرلىرى توپلىمىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم ھەم ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتتىم. ئۇ باشقا مۇخبىرلار ئويلاپ باقمىغان ئىشنى قىلدى. بۇ ئۇنىڭ جاپالىق ئىزدەنگەنلىكىنىڭ، كەسپ ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇ بۇ 20 يىل جەريانىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بارلىق يېزا ـ كەنتلىرىنى نەچچە رەت ئايلىنىپ چىقىپتۇ. ئەڭ چەت قاراۋۇلخانا، چېگرا ئېغىزى، ئەڭ يىراق چارۋىچىلىق مەيدانىغىچە بېرىپتۇ. ھەر مىللەت، ھەر قاتلام كىشىلىرىنى زىيارەت قىلىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ كىتابىنى دەۋرنىڭ ئەينىكى، ئاقسۇ تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى، ئاقسۇ روھىنىڭ شاھىتى دېيىشكە بولىدۇ. يېقىندا مەن ئۇنىڭ «زەپەر ناخشىسى»، «مۇخبىرنىڭ كۆزى ۋە سۆزى» ناملىق ئىككى كىتابىنىڭ بىر قىسىم ئارگىناللىرىنى كۆرۈپ بەردىم. كۆڭلۈمدە يەنە بىر ئېيتىخارلىنىش، سۆيۈنۈش، قايىل بولۇش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. بۇ كىتابلاردىكى ئەسەرلەردە دەۋر روھى، ئىنسان روھى، كەسپ روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ كۆرۈپ چىقىشقا، پايدىلىنىشقا، ساقلاشقا، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىكەن. بۇ ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ بىزگە تۇتقان يەنە بىر سوۋغىسى.

مەن مۇخبىرنى چوڭ بىلىمەن. مېنىڭچە، مۇخبىر بولۇش ئوڭاي ئەمەس، داڭلىق، ياراملىق مۇخبىر بولۇش تېخىمۇ تەس. چۈنكى مۇخبىرلار تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ، ھەممە ساھەگە بېرىپ شىرنە يىغىدۇ. كىشىلەرگە ئۇچۇر تارقىتىدۇ. بىز بىلمىگەن ئىشلارنى بىزگە بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. دۇنيانى كىچىكلىتەلەيدۇ. شۇڭا مۇخبىر بولۇش شەرەپلىك ئىش. ئابدۇسالام ئىنىمىزدەك ياراملىق مۇخبىر بولۇش تېخىمۇ شەرەپلىك ئىش.

2009 ـ يىل 10 ـ ئىيۇن

# ھارارەتلىك زېمىننىڭ ئەزگۈ كۈيى

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

مۇھەممەد باغراش

تىرىكلىكتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ خاسىيەتلىك ئىش — كىتاب يازماقتۇر! چۈنكى:

بىر ياخشى كىتاب چىراغقا ئوخشايدۇ. ئۇ پىكىر ۋە ئەقىل قاراڭغۇلۇقىدا تۇنجۇقۇپ، تېنەپ يۈرگەن كۆڭۈللەرنىڭ يولىغا يورۇقلۇق بېرىدۇ. ئۇلارنى تەپەككۇرنىڭ، ئەقىل - ئىدراكنىڭ، ئەخلاق ۋە پاراسەتنىڭ ئالىيجاناب ئۇپۇقىغا، گۈزەل بوشلۇقىغا يېتەكلەيدۇ...!

بىر ياخشى كىتاب خىزىرغا ئوخشايدۇ. ئۇ روھىي ئىچىرقاش ۋە روھىي چاڭقاشتىن ھالسىزلىنىپ، نامرات مەنىۋى ھاياتنىڭ باياۋانلىرىدا تىنىسراپ، ئۈمىدسىزلىك دەشتىدە، روھىي نامراتلىق دەشتىدە كىشىلىك قىممىتىنى تۇپراققا تەڭ قىلىپ ياتقان ئۈمىدسىزگە كۈچ بېرىپ، سىلكىپ پاراسەت مەشئىلىنى تۇتقۇزىدۇ.

ياخشى بىر كىتاب بىر ئەزگۈ كۈيگە ئوخشايدۇ. ئۇ تۇرغۇن ۋە ئۆلگەن تۇيغۇلارغا جان بېرىپ، ھالسىز تۇيغۇلارنى چاپچىتىپ، ئۇلارنى شادلىق، ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىش - يارىتىش ئىستەكلىرى بىلەن قىزىتىپ قىينايدۇ!

ياخشى بىر كىتاب تارىخ بىلەن بۈگۈننى، بۈگۈن بىلەن ئەتىنى بىر - بىرىگە باغلايدۇ. تەجرىبە - كەچمىش ئىزلىرى بىلەن بۈگۈن تۇغۇلغان ۋە ئەتە يارىلىدىغان يېڭىدىن - يېڭى پىكىر، خىيال، ئارمان، ئىجادچانلىق ۋە ئىرادە ساھەللىرىنى كۆكەرتىپ، ھەر كىشىنىڭ ئەس - ياد ۋە خاتىرىلىرى بىلەن ئۆزلۈك ھەم تەبىئىي خاراكتېرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، ئىزلاپ - تۈزلەيدۇ...

ياخشى بىر كىتاب ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى، ئەزگۈلۈكنى، ئەرك - ھۆرلۈكنى، مۇھەببەت ۋە چىنلىقنى كۈيلەپ، ئاۋۇندۇرىدۇ، ياخشىلارنى يۈكسەككە ئىنتىلدۈرىدۇ؛ غۇۋا، گىرىمسەن كۆرۈنگەن كۆز يېتەرىگنى بىراقلا يېڭىلاپ، چاراقلاپ

تۇرغان ياشناق - نۇر دۇنياسىغا ئايلاندۇردۇ. سېنى ياخشىراق ياشاشقا ئۈندەيدۇ - ئۆگىتىدۇ.

پەقەت ۋە پەقەت مۇھەببەت بىلەن يېزىلغان، پىكىرلىرى كۆركەم ئارمانلاردىن، سۆزلىرى قايناق يۈرەكتىن تۇغۇلغان ياخشى كىتابلارلا شۇنداق شەرەپنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ... ئەلۋەتتە!

ئەزگۈ سائەتلەرنىڭ بىرىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئاتاق قۇچقان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاخبارات ساھەسىدە ئالاھىدە نامى ۋە ئورنى بار، كۆزى روشەن، سەزگۈلىرى ئويغاق، ئۇيغۇسى چېچەن، ئويلىرى چوڭقۇر، تالماس ۋە قابىل مۇخبىر ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ «تارىمدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن - ھۈسەن» تېمىسىدىكى «مەڭگۈلۈك تاللاش» ۋە «بىتەلەي قىزنىڭ بەختى» ناملىق ئىككى كىتابىنى ئوقۇش تەلىيىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ كىتابلاردىكى تاگسۇق تۇيغۇ ۋە ئەزگۈ پىكىرلەرنىڭ كۆڭلۈمدە ئويغاتقان دەبدەبىلىرى تېخى بېسىقماي، كۆڭۈلدە ياندۇرغان قىزىقلىقنىڭ تاۋى تېخى كەتمەي تۇرۇپلا، ھەسەل ھەرىسى كەبى ئىشچان ۋە ھوسۇللۇق مۇخبىرنىڭ، چاپچىپ تۇرغان تۇلپار يەڭلىغ تالماس ۋە تىنىمسىز ئىزدەنگۈچىنىڭ يەنە بىر ئەمگىكى «زەپەر ناخشىسى» ناملىق كىتابىنىڭ كوررېكتور نۇسخىسىنى قىزىقىش ھەم سۆيۈنۈش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم.

بۇ كىتابلاردا تارىخى تاغدەك قەدىمىي، گۈزەل باغدەك كۆركەم، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاپىرىدە بولۇپ بەرق ئۇرغان خاسىيەتلىك ۋە باي ۋىلايەتلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ئاقسۇ زېمىنىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر كىشىلىرى — دېھقانلار، كاسىپلار، كارخانىچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، يېزا - كەنت ئاقساقاللىرى، ياشلار - ياشانغانلار، ئەرلەر، ئاياللار تۇرمۇشىنىڭ رەڭگارەڭ سۈرەت، كۆرۈنۈشلىرى، نام - ئاتاقسىز، ئاددىي - ساددا، سەممىي ۋە ئەمگەكچان، ئىشچان، تىرىشچان، كۆتۈرەڭگۈ شچان ۋە چىدامىلىق تۇرمۇش قۇرغۇچىلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى، خۇي - پەيل، يۈرۈش - تۇرۇش، خۇلق - مىجەز، مۇئامىلە - مايىللىقلىرى، ھاياتىي مۇناسىۋەت ۋە ھاياتىي ئىنتىلىشلىرى، ئىستەك - ئارمانلىرى، قايغۇ - خۇشاللىقلىرى، يېڭىچە تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىيچىلىق يوللىرىدا تۆلىگەن بەدەللىرى، يوقاتقان ۋە ئېرىشكەنلىرى ۋە يەنە ۋەھاكازالىرى توغرىسىدا بەزىدە كۈلۈپ، بەزىدە ھەسرەتلىنىپ، بەزىدە تېگىرقاپ ۋە بەزىدە ئۈلۈغ - كىچىك تىنىپ ۋەزمىن ئاھاڭدا

ھېكايە قىلىپتۇ... ئۇلار كۆلۈشنى بىلىدىغان، يىغلاشنى بىلىدىغان قېنى ۋە جېنى بار تىرىك ئادەملەر... ئۇلار سېنىڭ ئەتراپىڭدا، كۆز ئالدىڭدا ۋە ياكى ئۆيۈڭنىڭ ئالدى ياكى ئارقىسىدا، ئۇلار سېنىڭ ئاتاڭ، سېنىڭ ئاناڭ ۋە ياكى ئەش - ئاداشلىرىڭ، ئاكا - ئۇكا، قېرىنداشلىرىڭ ۋە ياكى ئۆزۈڭ...

ئۇلار قەيسەرلىك بىلەن، چىدام - غەيرەت بىلەن، ئەقىل - پاراسەت بىلەن، چىرايلىق ئىستەكلەر بىلەن ياشاۋاتىدۇ، قان - تەر ئاققۇزۇۋاتىدۇ، تۇرمۇشنى قايتىدىن قۇرۇۋاتىدۇ، تۇرمۇشنى قايتىدىن يارىتىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرى ئۇتۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى، تىرىشىش ۋە تىرمىششلىرى نەتىجىلىك، لېكىن ئۇلارنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرىمۇ بەك چوڭ، بەزىدە ئېرىشكەنلىرى بەك ئاز، بەكمۇ ئاز... بەكمۇ ئەرزىمەس، ھەتتا بەزىدە بەكمۇ ئېچىنىشلىق...!!!

ئەمما ئۇلار زارلىمايدۇ، يىقىلغان يېرىدە دەس تۇرۇشنى بىلىدۇ، ئۇنىمەي قالسا قايتا تېرىيدۇ، قۇرۇپ كەتسە قايتا كۆكەرتىدۇ، يوقىتىپ قويسا قايتا ئىزدەيدۇ، قايتا يارىتىدۇ، نىشانلىغان دۆڭگە قايتا يامىشىدۇ!

چۈنكى ھايات ئۇلارغا شۇنداق ئۆگەتكەن، تىرىكچىلىك ئۇلارنى قىستايدۇ، نوقۇيدۇ، زورلايدۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىشى كېرەك، ئۇلار ياخشىراق ياشاش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، تېخىمۇ ياخشىراق قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە شۇ قىلغانلىرىغا لايىق بىر جاۋابنى نىشانلايدۇ. ئۇلار ئۆز تەقدىرىگە ئىشىنىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىشەنگەنلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ... مانا شۇنىڭ ئۆزى ئۈمىد! مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئېتىقاد! مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى سۇنماس ۋە قايرىلماس ئىرادە...!!! ئاخباراتنىڭ جېنى چىنلىق. چىن تۇرمۇش شېئىر مىسرالىرىدەك ئۇنچىلىك نەپىس ۋە چىرايلىق ئەمەس، چىن تۇرمۇش ھېكايە - نەسرلەر قۇرلىرىدەك ئۇنچە ياسىداق ۋە پارقىراق ئەمەس. چىن تۇرمۇشتىن گۈپۈلدەپ تۇرىدىغىنى قاڭسىق تەر، تەمسىز توپا، بەزىدە كەمدىن - كەم ئېرىشىدىغان قىسقىغىنە كۈلكە ۋە بەزىدە بولسا تۇزلۇق ۋە ئاچچىق كۆز يېشىنىڭ ھىدى ھەمدە ئېغىر، قۇرغاق ۋە شەپقەتسىزلىك بىلەن شاراقلاپ تۇرىدىغان سان ھەم ساناقلار...!!! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاخبارات ئەسەرلىرى شېئىردەك ئۇنچە لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك، ھېكايە - نەسرلەردەك ئۇنچە لەۋەن ھەم شېرىن - سۇخەن بولمايدۇ، ئەكسىچە، كىشىگە سىدام، قۇرغاق، قوپال ۋە زېرىكەرلىك تۇيغۇ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى ئەنە شۇ سىدام، بېزەكسىز، بىرلا

تەرتىپ، ئوخشاش رىتىمدا بىرلا تۈس، بىرلا سىياقتا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان قىبىلىپ ئىچىدىكى ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىنى، ئاددىي، دەبدەبىسىز، شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز ھەمدە تولا ئاڭلاپ قۇلاق ياداپ كەتكەن كونا ناخشىدەك، كۈندە بىر خىل تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئاددىي ۋە چىن تۇرمۇشنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ ـ دە؟! بىراق شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تۇرمۇشقا گويا ئانىسىنى سۆيگەندەك ئوتلۇق تۇيغۇ ۋە مۇھەببەت بىلەن ئەقىدە باغلىغان، تۇرمۇشقا ساداقەتمەن، ئەقلى ئويغاق جاۋابكار مۇخبىر ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ ئاخبارات مەزمۇنىدىكى ئۈچ كىتابى بىزگە قالتىس قىزىق شېئىرىي ھۇزۇر ۋە بەكمۇ چىرايلىق نەسرنىڭ لەززىتىنى ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا بىز بۇ كىتابلارنى «ياخشى كىتاب» دەپ ھەم ئۇنىڭغا ئاپىرىن، بارىكاللا ئېيتىساق ئارتۇق كەتمەيدۇ ۋە ئەخلاقىي نۇقتىدىن شۇنداق قىلىشقا تامامەن ھەقلىقمىز! «ياخشى كىتاب» دېگەن مانا شۇنداق بولىدۇ، قۇرغاق ۋە زېرىكەرلىك ئاخبارات تېمىسى بىلەن بىزنى شېئىر ياكى نەسر ئوقۇغاندەك ھۇزۇرلاندۇرۇپ ئاپىرىن ئېيتقۇزغىنى؛ ئاشۇ ئۈچ كىتابنى مانا مۇشۇنداق ئوقۇشچانلىق ۋە جەلپكارلىققا ئىگە قىلغىنى — پەقەت مۇھەببەت ۋە ساداقەت. بايانچىنىڭ تۇرمۇشقا، ئاددىي شەھەر ـ بازار ۋە سەھرا كىشىلىرىگە بولغان مۇھەببىتى! ئۇنىڭ تۇرمۇشقا، ئەتراپىدىكى ئاددىي ئادەملەرگە بولغان پاكىز ساداقىتى! ئابدۇسالام ئابلىز بىزگە ئاشۇلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى. بىر مول داستىخاننىڭ نېمىتى مۇشۇنچىلىك بولار! بىر ياخشى كىتابنىڭ لەززىتى ۋە قۇدرىتى مۇشۇنچىلىك بولار!

بىز ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە يەنە نېمىنى تەلەپ قىلىشىمىز مۇمكىن ئىنساب بىلەن ئېيتقاندا؟!...

2010 ـ يىل 3 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# نۇرلاندى قەلەمدە كۇسەن ئوبرازى

## 1

كۇسەندە سەنئەتنىڭ بۇلىقى يۇرتتا،
قاينايتتى ئەزەلدىن مۇقام ـ ناۋالار.
بۇگۇنكى بەختىيار، گۈزەل كۇسەندە،
تېخىمۇ كۆپەيدى شائىر ئوغلانلار.

كۇسەن ئەزەلدىن «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن قەدىمي يۇرت. دەرۋەقە بۇ يۇرتتىن ئايتىللا ئەلا، رابىيە مۇھەممەت، دىلنار ئابدۇللا، نىياسەم ئابدۇراخمان، ئۆمەر سايىم، ئابدۇرېھىم ئوسمان قاتارلىق شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىغا تونۇلغان داڭلىق سەنئەتكارلار چىققان. كۇسەن ئۇسسۇلى، كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۇ يۇرتتا بىر ئۆمۈر خەلق سەنئىتىنى سۆيگەن، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان مەرھۇم خەلق سەنئەتكارى ئابدۇرىزاق قادىر، ئەل ئارىسىدا دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئالقىشقا ئېرىشۋاتقان چىمەن بازارلىق مېيىپ ياش دېھقان ئابلىكىم روزى، كۇچانىڭ پىيادىلەر كوچىسىدا دۇكان ئېچىپ جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقان تەمبۇر، دۇتارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ، خېرىدارلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىتىرىتىۋاتقان سودىگەر ئايال ھۆرنىسا، ئۇچىئۆستەڭلىك ئەما سەنئەتكار ئىسكەندەر قاتارلىقلار كۇچا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ سەنئەت سۆيەر جۇشقۇن، قىزغىن روھىي دۇنياسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنداق سەنئەتكارلارنى كۇچانىڭ ھەممە يېرىدىن، ھەممە ساھەسىدىن تاپقىلى بولىدۇ (ئېگىلىنىشچە، نۆۋەتتە ناھىيە 600 دىن ئارتۇق خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقىپتۇ). كۇسەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئەلنەغمە ـ مۇقام سەن-

ئەت ئۆمىكى، بېھشباغ يېزىلىق ئەلنەغمە سەنئەت ئەترىتى قاتارلىق سەنئەت تەشكىلاتلىرى كوچا خەلق سەنئىتىنىڭ بايرىقى، شاھىتى، بولىقى ۋە گۇۋاھ-چىسى. بۇ ئۆمەكلەر خەلق ئارىسىدىكى سەنئەت بايلىقىنى قېزىپ، رەتلەپ، بې-يىتىپ، ئۇنى يەنە خەلققە تەقدىم قىلىدۇ... مەڭگۈ ئۈزۈلمەس كۆيلەرنى ياڭرى-تىدۇ. كىشىلەر قەلبىگە سەنئەت ئۇرۇقى چاچىدۇ. يېڭى نوتىلارنى بايقايدۇ، پەرۋىش قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۇنى باراقسان دەرەخكە، ئەل ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان سەنئەت ئەسىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. مانا بۇ كوچانىڭ قەدىم-دىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سەنئەت ئەنئەنىسى، كوچا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن سەنئەت ئەقىدىسى، پارتىيە، ھۆكۈمەت-نىڭ خەلق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۇتقان كەسكىن پوزىتسىيەسى...

## 2

كوچادا بىرنەچچە ئاي خىزمەت قىلىش داۋامىدا، مەن كوچانىڭ پەقەت «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»، «ئۆرۈك ماكانى»، «نېفىت ماكانى» بولۇپلا قال-ماي، يەنە ئەدەبىيات ماكانى، مەدەنىيەت ماكانى، ئەدىبلەر ماكانى ئىكەنلىكىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم. كوچادا يازغۇچى، شائىرلار ھەققەتەن كۆپ ئى-كەن. نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، ئاخ-بارات، تەشۋىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەيران قالدىم. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا كوچانىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، ئاخبارات، تەشۋىقات ئىشلىرى خۇددى كوچا خەلق سەنئىتىدەكلا تېز، ئەتراپلىق تەرەققىي قىپتۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، مەبلەغ جەھەتتىن ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشىپتۇ. «ئام-مۇۋى كۇلۇب»، «مارجان بۇلاق»، «كوسەن مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆز تالانتىنى نامايان قى-لىشىغا سورۇن ھازىرلاپ بېرىلىپتۇ. ناھىيەدە تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە مەركىزى قۇرۇلۇپتۇ. رادىيو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگرام-مىلىرى رەڭدارلىشىپ، پروگراما ئاڭلىتىش، كۆرسىتىش ۋاقتى ئۇزارتىلىپتۇ. پروگراممىلار ئاممىغا، تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇلۇپتۇ. ناھى-

يەدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شائىر، يازغۇچىلار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار پات ـ پات بىر يەرگە جەم بولۇپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدىكەن، ئۆزئارا پىكىر، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. ياشلىق باھارى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنى كۇچانىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، «يىللار ئىزناسى» ناملىق كىتابى بىلەن ئۆزىنىڭ بەدىئىي دىتى ۋە يوشۇرۇن تالانتىنى ئاشكارىلىغان ئەخمەت تۆمۈر ئاكا، كۇچانىڭ مائارىپ بېغىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، لىرىك شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب تېزىغا سىڭىپ كىرگەن، «ساپا مائارىپمۇ ياكى خاتا مائارىپمۇ» ناملىق كىتابى، «قادىر باقى ۋە بىر كەنت ھەققىدە ھېكايە» ناملىق تەرجىمە كىتابى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆپ قىرلىق قەلەم ساھىبى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان ئەخمەت كېبىر، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن، «كۇچا مائارىپچىلىرى»، «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى»، «كۇچا خەلق ناخشىلىرى» قاتارلىق كىتابلىرى بىلەن رايون ئىچى ـ سىرتىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان ئەھەد داۋۇت قاتارلىقلار بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، كۇچادىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ باشلامچىسى، سەركىسى، تەشكىلاتچىسى ۋە ئىلھامچىسىغا ئايلىنىپتۇ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت بىلەن ئەدىب، قەلەمكەش، سەنئەتكارلار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك، ئەلچىلىك رول ئويناپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ تەشكىللەپ، كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە كۇچالىق قەلەمكەشلەرنىڭ ئەجرىدىن دەستە ـ دەستە گۈللەر ئاپىرىدە بوپتۇ. «مارجان بۇلاق» مەجمۇئەسى، «ئۆرۈك ماكانى — كۇچا»، «لىن جىلۇ ھەققىدە ھېكايىلەر» (نىياز مەخمۇت) قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، يازغۇچى پاتەم نەسىرنىڭ «ئۆگەن يېشى» ناملىق رومانى، كۆزگە كۆرۈنگەن مائارىپچى، شائىر قۇربان داۋۇت شاھىدىنىڭ «روھ ئارىلى»، «مۇھەببەت ئارىلى»، شېئىرىيەت سېپىدە توختاۋسىز ئىزدىنىۋاتقان ياش ئېزىز نامانىنىڭ «سۆيگۈ رىۋايىتى»، مول ھوسۇللۇق ياش يازغۇچى ئابلىكىم ئەبەيدۇللانىڭ «جەننەت چۆشى» ناملىق شېئىر، ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «كۇسەن مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (تۆت قىسىم، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، «كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتى» (ئۈچ قىسىم، ئۇيغۇرچە، خەنـ

زۇچە)، «قەدىمىي كۇسەن دۆلىتى» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك كىتابلار نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلىپتۇ. كۇچادا ئىشلەۋاتقان خەنزۇ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ نەشىر قىلىنغان كىتابلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. پەقەت ئۇيغۇر قەلەمكەشلەرنىڭ ھازىرغىچە نەشىردىن چىققان كىتابلىرىنىڭ سانىلا 30 تىن ئاشىدىكەن. بۇ ھالەت ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى كۇچا تارىخىدا ئۆلچەملىك نەشرىياتلاردا نەشىر قىلىنغان كىتاب بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەرگەن. كۇچا قەلەمكەشلىرىنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىش ئىستىلى، توختىماي يۇقىرى ئۆرلەش روھى كۇچا-نىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئوبرازنى نۇرلاندۇرۇش رولىنى ئوينىغان. كۇچانىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ گۈزەل باھارى، يېڭى مەنزىلى، ئالتۇن پەسلى، يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. بۇ كۇچادا تۇغۇلۇپ ئۇرۇمچىدە ئىشلەۋاتقان توختى ئايۇپ، مۇھەممەت شاۋدۇن، ئابلىكىم سابىر قاتارلىق داڭلىق يازغۇچى، شائىرلار؛ قۇربان مامۇت، ئەركىن نۇر، قاھار نىياز قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ژۇرنالىستلار-نىڭ تۆھپىسىدىن كېيىنكى يەنە بىر تۆھپە ۋە مۆجىزە. كۇچادا ھازىر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يازغۇچى، شائىرلاردىن باشقا، يەنە نىياز ئىمىندەك ئۆتكۈر پىكىرلىك «پەيلاسوپ» لار، قەھرىمان تۆمۈر، ئابدۇللا مۇھەممىدى ئەرتەن، ئەخمەت مۇھەممەت، مۇھەممەت ئەخمەتتەك ھارماس ئەدەبىيات ئاشنالىرى؛ رۇقىيە ئابدۇللا، پاتىگۈل نىيازدەك تىرىشچان قەلەمكەش ۋە ژۇرنالىستلار؛ قېيۇم قادىردەك شىنجاڭغا تونۇلغان داڭلىق فوتوگرافلار؛ ئابلىمىت ئەبەيدۇللا، ئەنۋەر داۋۇت، راخماندەك ئايىغى چاققان، قەلىمى تېز، شىجائەتلىك مۇخبىرلار بار ئىكەن. ھازىرغىچە 18 سان نەشر قىلىنغان «كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىۋېتىپتۇ. ژۇرنالنىڭ «سەلكىن»، «ئۆگەن چاچقۇلىرى»، «ئەدىبلەر چايخانىسى»، «ئەينەك»، «تېرەك تۈۋىدىكى پاراڭلار»، «كۆۋرۈك» قاتارلىق سەھىپىلىرىگە بېرىلگەن ئەسەرلەر ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن، كىشىگە ئېستېتىك زوق ۋە ئىلھام ئاتا قىلىدىكەن. كۈنىگە 18 يېرىم سائەت ئاڭلىتىش بېرىپ كېلىۋاتقان كۇچا خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ «ئارام شادلىقى»، «ئەخلاق گۈلىستانى»، «سەنئەت شادلىقى»، «سەنئەت ۋە مۇلازىمەت»، «گۈلدەستە»، «مەرىپەت گۈلزارى»، «ئاياللار دۇنياسى» قاتارلىق 11 خىل پى-

روگىرامىمىسى بىر - بىرىدىن سەرخىل ئىكەن. كۇچادىكىلەر ئاساسەن كۇچا خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پىروگىراممىلىرىنى ئاڭلايدىكەن. ئاڭلىغاندىمۇ ياقتۇ-رۇپ ئاڭلايدىكەن. بۇ رادىيو ئىستانسىسى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدا «كەسىپ ئىستىلى قىزىق لىنىيەسى» پىروگىراممىسىنى تەسىس قىلغان-كەن. ئۇلار يەنە 30 قىسمىدىن ئارتۇق رادىيو دىرامىسى ئىشلەپ چىقىپتۇ. پىـ-روگىراما مەزمۇنى ياكى دىكتورنىڭ ئاۋازى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇنى شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پىروگىراممىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش تەس ئىكەن.

2007 - يىلى قۇرۇلغان كۇچا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە مەركىزى هازىرغىچە «جۇڭگو هۆرمەت قاراۋۇللىرى»، «چىن ئەقد-ده»، «قانغا بويالغان غەربىي خۇنەن»، «لىن جىلۇ كۇچادا»، «ئاقسۇنىڭ نې-نى» قاتارلىق 200 قىسمىدىن ئارتۇق كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجى-مە قىلىپ چىقىپتۇ. بۇ فىلىملەرنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسى-سىدا قويۇلۇپتۇ. بۇلاردىن باشقا «كۈسەندە نورۇز»، «كۇچا مەشرىپى»، «تۆھ-پىكارلارغا سالام»، «تارىم دەرياسىنىڭ ساداسى»... قاتارلىق تارىخىي ۋە بەدى-ئىي فىلىملەر ئىشلىنىپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىپتۇ. «كۈسەن نۇرى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق داستان ئاپتونوم رايون-دىكى سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يۇقىرى باهاسىغا ئېرىشىپتۇ...

## 3

كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يازغۇچى ئەھەد داۋۇت يېقىندا زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: يېڭى ئەسىر كىرگەندىن بۇيان كۇچانىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات، تەشۋىقات، مەدە-نىيەت ئىشلىرى ھەقىقەتەن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق يازغۇچى، شائىرلار، سەنئەتكارلار، مۇخبىرلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. 2005 - يىل 7 - ئايدا يازغۇچىلار جەمئىيىتى، رەسساملار جەمئىيىتى، مۇزى-كانتلار جەمئىيىتى، ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى، خەلق سەنئەتكارلىرى جەمئىيە-تى، فوتوگرافلار جەمئىيىتى، خەتتاتلار جەمئىيىتى قاتارلىق يەتتە جەمئىيەتتىن

تەركىب تاپقان ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن 500 دىن ئارتۇق كىشى يۇقىرىقى يەتتە جەمئىيەتكە ئەزا بولۇپ كىردى. بۇلار ھازىر ھەرقايسى سەپلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، كوچانى تەشۋىق قىلىش، كوچانى تونۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينى ماقتا. بىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ «يېزا مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ سەيناسى»، «كوسەندە نورۇز»، «كوچادا مەشرەپ»، «مەدەنىيەت بوستانى» (تۆت قىسىم) قاتارلىق فىلىملەرنى ئىشلەپ چىقتۇق. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى داڭلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن كوچا خەلق ناخشىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدۇق ھەم «كوچا خەلق ناخشىلىرى» نىڭ ئىككى قىسىملىق قاپلىق DVD پىلاستىنكىسىنى نەشر قىلدۇردۇق. بۇ ئارقىلىق كوسەن مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە يېڭى سەھىپە ئاچتۇق.

ئەھەد داۋۇت مۇنداق دېدى: 1978 ـ يىلى كوچادا بىرلا مەدەنىيەت ـ سەنئەت سارىيى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر سەنئەت ئۆمىكى، ئىككىلا كىنوخانا بار ئىدى. ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىشلىرى ئاق ھالەتتە ئىدى. بەدىئىي فىلىم ئىشلەشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتلىرى، كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيى، كىشلەرنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور يوق ئىدى. رادىيو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسمۇ تېخى قۇرۇلمىغانىدى. 2007 ـ يىلىغا كەلگەندە سەنئەت ئۆمىكىدىن ئىككىسى قۇرۇلۇپ، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى يول ئېچىلدى. ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتى، ئاممىۋى كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى، رادىيو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كېڭەيتىلىپ، شارائىتلىرى ياخشىلاندى. ھازىر ئاممىۋى كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب سانى 970 مىڭ پارچىغا، ناھىيە بويىچە رادىيونىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيەنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 98% كە يەتتى. يازغۇچى، شائىرلار، مۇخبىرلار خۇددىي يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك تېز كۆپەيدى. بىز بۇ سەرخىل قوشۇننىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا تايىنىپ، كوسەن مەدەنىيىتىنى نۇرلاندۇرۇش، ئۇنى جاھانغا تونۇتۇش جەھەتتە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىمىز.

ئەھەد داۋۇتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قەلبىم باشقىچە ھاياجانغا تولدى. كۇچانىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، ئەدەبىيات، ئاخبارات خىزمىتىدىكى يارقىن نۇقتىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. مەن ئىشلىگەن «ئۆرۈكزار» مەھەللىسىدىكى گۈزەل، ئازادە مۇھىت، مول مەنىۋى خىزمەت شارائىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. «ئۆرۈكزار» مەھەللىسى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى تىپىك مەھەللە بولۇپ، ئۇ كۇچادىكى كەنت، مەھەللىلەرنىڭ ئۈلگىسى بولالايدۇ. مەھەللىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا 1000 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ـ ژۇرنال، مەدەنىي پائالىيەت ئۆيىدە دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، داپ، ئاككوردىيون قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلار، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى، شاھمات قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى بار ئىدى. ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەخمەت كېبىرنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ناھىيە بويىچە 14 يېزا ـ بازاردا ئۆلچەملىك مەدەنىيەت پونكىتى، 219 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى، شەھەر رايونىدىكى 30 نەچچە مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىدا كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى قۇرۇلۇپ، نۇرغۇن كىتاب ـ ژۇرنال، تېلېۋىزور، VCD ئاپپاراتى، چالغۇ ئەسۋاب سەپلەنگەن. يېزا ـ كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ياخشىلانغان. بۇ ھالەت سەنئەتخۇمار كۇچا خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەشنالىقىنى قاندۇرسا، كۇچا قەلەمكەشلىرىنىڭ شائىرانە زوقىنى قوزغىغان، قەلىمگە ئىلھام، بەرىكەت ئاتا قىلغان، روھىنى ئۇرغۇتقان. نەتىجىدە يۇقىرىقىدەك نادىر ئەسەرلەر، سەرخىل كىتابلار، ئېسىل نەمۇنىلەر، كۆپ قاتلاملىق نەتىجىلەر، تىللاردا داستان بولغۇدەك شانۇ ـ شەۋكەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ مەنزىرىدىن مەن قايىللىق، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈم ۋە مۇنۇلارنى يازدىم:

تەر ـ مېھنەت باشلايدۇ كىشىنى تۆرگە،
ئەجرىدىن نۇرلىنار ھايات جۇلاسى.
ئوت يۈرەك يازغۇچى، شائىرلار بولغاچ،
جانلاندى قەلەمدە كۇسەن دۇنياسى.

2009 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىر، كۇچا

# مايتاغ تەسىراتلىرى

## (ئەدەبىي خاتىرە)

### مۇقەددىمە

تۈنۈگۈن قاغجىراپ ياتقان بۇ چۆلگە،
ئىپارلار ئاڭقىغان چىمەن تىزىلدى.
پەرىشتە قولىدا رەسسامنىڭ گويا،
بىر پارچە قەغەزگە جەننەت سىزىلدى.

مانا بۇ هازىرقى مايتاغنىڭ جانلىق تەسۋىرى. مەرھۇم ئادىل زۇنۇنىنىڭ «مايتاغ ناخشىسى» ناملىق كىتابىنىكى بۇ شېئىرى كۆڭلۈمدىكى تەسىراتقا ۋەكىللىك قىلالىتتى. چۈنكى مېنىڭ نەزەرىمدىكى مايتاغ بىر پارچە چۆللۈك، ماي پۇراپ تۇرىدىغان ھەم تونۇردەك قىزىپ كېتىدىغان خىلۋەت، تاغلىق يۇرت ئىدى. ئەمما كۆز ئالدىمدىكى مايتاغ بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە ساپ ھاۋالىق، ئېگىز بىنالىق، يېشىل كىمخاپلىق گۈزەل شەھەر ئىدى. مەن بۇ نېفىت شەھىرىنىڭ رەت - رەت ئاسفالت يوللىرىغا، يول ياقىسىدىكى باراقسان دەل - دەرەخلەرگە، ئازادە، چىرايلىق مۇھىتىغا، رەتلىك بىنالىرىغا، كۆزنى چاقنىتىدىغان نېفىت قۇدۇقلىرىغا، زۇمرەتتەك كۆك ئاسمىنىغا قاراپ ھەيران قالدىم. ئازادە مۇھىت، ساپ ھاۋا، رەڭگارەڭ گۈللەر، چىملىق، يىراق - يىراق ئارىلىق قالدۇرۇپ سېلىنغان كۆركەم ئىمارەتلەر بۈگۈنكى مايتاغنى ھەقىقەتەن جەلپكار تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. مەن مايتاغنىڭ بۇ جەلپكار جىلۋىسىگە قىزىقىپ قالدىم. بەلكىم مايتاغنى تۈنجى قېتىم كۆرگەن ھەر قانداق كىشى مۇشۇنداق تەسىراتقا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. كەسىپدىشىم تۇرغۇن ئىبراھىممۇ «مايتاغ بولىدىكەن، بۇ

يەردىكى يېشىللىق، ئازادىچىلىك، پاكىزلىق مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى» دېدى.

## بىرىنچى تەسىرات

بىزنىڭ مايتاغنى كۆرۈش، زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىمىزگە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ يىلدا بىر قېتىم چاقىرىدىغان تەكلىپلىك مۇخبىرلار يىغىنى سەۋەب بولدى. بۇ يىغىن ھەر يىلى ئوخشاشمىغان جايلاردا ئېچىلاتتى. بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر ئىختىيارىي مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جۇرئەت كامىل ئۈرۈمچىدە ماڭا بۇ يىلقى يىغىننىڭ مايتاغدا ئېچىلىدىغانلىقىنى دېگەندە، مەندە ئانچە قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا بولمىغانىدى. كۆڭلۈمدە پەقەت كۆرمىگەن جاينى كۆرۈپ باقىدىغان بوپتۇق، دەپلا ئويلىغان ئىدىم. مايتاغنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ تۇيغۇمنىڭ تولىمۇ خاتالىقىنى ھېس قىلدىم. 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بىز تىزىمغا ئالدۇرىدىغان كۈن ئىدى. مەن ئونسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى شادگۈل ھوسەن بىلەن ئۈرۈمچىدىن كەچ سائەت 5:00 تىن ئاشقاندا يولغا چىققاندۇق، مايتاغقا كەلگەندە سائەت 9:00 بولاي دەپ قالغانىدى. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مايتاغنىڭ كوچىلىرى چىراغ نۇرىدا كۈندۈزدەك يورۇپ تۇراتتى. كوچا ياقىسىدىكى مەنزىرە چىراغلىرى، ئاسمان ـ پەلەك بىنا ئۈستىدىكى رەڭگارەڭ چىراغلار خۇددى يۇلتۇزدەك جىمىرلايتتى. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالغان جاي بىز تىزىمغا ئالدۇرىدىغان «مەرىپەت مەيخانىسى» غا يېقىن يەردە ئىكەن. شۇنداقتىمۇ، «بىلمىگەن جاينىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى كۆپ» بولۇپ قالمىسۇن، دەپ تاكسىغا ئولتۇردۇق. بىز مېھمانخانىغا كىرگەندە شىنجاڭ گېزىتخانىسى بىلەن مايتاغ گېزىتخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى زالدا ئىكەن. بىز ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، مايتاغ گېزىتخانىسىدىكى ئوبۇلقاسىم قادىر كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «بىز سىلەردىن بەك ئەنسىرىدۇق، ھەر ھالدا ساق ـ سالامەت يېتىپ كەپسىلەر، ئالدى بىلەن ياتاققا ئورۇنلىشىۋېلىڭلار، ئاندىن تاماق يەيلى» دېدى ۋە بىزنى لىفت بىلەن ياتاقلىرىمىزغا باشلاپ چىقتى. مېنى تۇرغۇن ئىبراھىم بىلەن بىر ياتاققا ئو-

رۇنلاشتۇرغانىكەن. بىز خۇددى بىرنەچچە ئاي كۆرۈشمىگەن قەدىناسلاردەك قۇچاقلىشىپ كەتتۇق. مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ئاڭلىغان قوشنا ياتاقتىكى نىياز ساتتار، ئابلىمىت ئەبەيدۇللا، پەرھات مىجىت، ئابلىز غوجامنىياز، مۇھەممەت سېيىتنىياز، نۇردۇن ئابدۇسەمەت، ئەبەيدۇللا مۇھەممەتنىيازلار تۇشمۇتۇشتىن كىرىپ كېلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ، بەزىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇم. بىر سەپ، بىر خىل پىكىر، بىر خىل مىجەزدىكى كىشىلەر كۆرۈشكەندە تولىمۇ مېھرىبان، سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى، خۇشال كۈلكىسى، كۆيۈمچانلىقى ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، هاردۇقنى چىقىرىۋېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرسى مېنى تەخسىدىكى ئۈزۈمگە، بىرسى شاپتۇلغا، يەنە بىرسى سوغۇق ئىچىملىككە تەكلىپ قىلدى. تۇرغۇن ئىبراھىم ماڭا پىۋا تەڭلەپ تۇرۇپ: «سالامەت كۆرۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈن خوشە» دېدى. پىۋىنى ئەمدىلا ئىچىپ تۇرۇشىمىزغا ياتاقتىكى تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. «بار، ئابدۇسالام بار» دېدى نىياز ساتتار تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ. كۆڭلۈمدە «ئەمدىلا كەلگەن تۇرسام، ماڭا كىممۇ تېلېفون ئۇرغاندۇ» دەپ ئويلىدىم ۋە دەرھال بېرىپ تېلېفوننى ئالدىم. تېلېفوننى ئوبۇلقاسىم قادىر ئۇرغان بولۇپ، ئۇ پەسكە چۈشۈپ تاماق يېيىشىمنى ئېيتتى. مەن يولدا كەلگەچ ئۇنى - بۇنى يەپ قورسىقىمنى تويغۇزۇۋالغانىدىم، شۇڭا ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم. لېكىن ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كەچ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن جۇرئەت كاملىنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىپ تەنقىدلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتىم. ئاخىرى ئامالسىز پەسكە چۈشتۇم. زالدا مەن ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچىدىكى بىر قېتىملىق ئاخباراتچىلىق كۇرسىدا بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم شاۋكەت داۋۇت تۇراتتى. ئۇ كېلىشكەن، چاقچاقچى بالا ئىدى. «سېنى مايتاغقا كېلىدىكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم، تېزىملىكتىكى ئىسمىڭنىمۇ كۆرگەن، هازىرغىچە كەلمىگەندىكىن ئېزىپ باشقا يەرگە كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىكەنمەن» دېدى ئۇ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەچ. ئۇلار مېنى بىز چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ تاماقخانىسىغا باشلىدى. ئارقامدىن شادگۈل بىلەن قارامان گېزىتخانىسىدىكى رەيھان ئەخمەت كىرىپ كەلدى. ئۇلار تاماق تىزىملىكنى قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىمىغىنىمىزغا قارىماي بىر نەچچە خىل

قورۇما ۋە تاماق بۇيرۇتتى. بىز تاماق يېگەچ كەسىپ ۋە مايتاغ توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق. «مايتاغ ياخشى جاي، بۇ قېتىم يىغىننى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ياخشى قىپتۇ. چوقۇم رازى بولۇپ قايتىسىلەر، گېزىتخانا، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى يولداشلارنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز. ياتاقتىكى تېلېفونلار ھەقسىز، كومپيۇتېرمۇ ھەقسىز. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرامسىلەر، تورغا چىقامسىلەر بىر پۈتۈك ھەق تۆلىمەيسىلەر، مايتاغ خەلقى سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. قانداق ئىش بولسا، بىزگە تارتىنماي دەڭلار». ئوبۇلقاسىم قادىر، شاۋكەت داۋۇت، مايتاغ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى ئوسمانلار بىزگە شۇنداق دېدى. ئۇلار يەنە: «مايتاغ ھازىر خېلىلا تەرەققىي قىلدى. باش چۆكۈرۈپ ئىشلىسەكلا پۇل بار، قىممىتىمىز بار. 70 مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 28% ئەتراپىدا، لېكىن ھەرقايسى مىللەتلەر بەك ئىناق، ئۆم ئۆتىمىز» دېدى. ئۇلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھى، سەمىمىي پوزىتسىيەسى، ئوچۇق ـ يورۇق خاراكتېرى، مېھماندوست مىجەزى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

## ئىككىنچى تەسىرات

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئەتىگەندە يىغىن باشلاندى. «مەرىپەت مەيخانىسى» نىڭ ئىككىنچى قەۋەتىدىكى يۇقىرى ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن لايىھەلەنگەن يىغىن زالىدا چىراغلار چاقناپ تۇراتتى. چىرايلىق بېزەلگەن، رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن ئورالغان رەئىس سەھنىسىدە شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى قۇربان ياسىن، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئىسمائىل مۇھەممەت، مايتاغ زاۋۇت رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مۇھەممەت ئېلى، مايتاغ زاۋۇت رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرەم، مايتاغ رايونلۇق پارتكوم، مەمۇرىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پولات مۇھەممەت، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل سىدىق، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر ئىختىيارىي مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جۈرئەت كامىللار ئولتۇردى. مۇھەممەت ئېلى ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ، بىزگە

مايتاغنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

مايتاغ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب گىرۋىكىگە، قەدىمىي «يىپەك يولى» نىڭ تۇگۇنىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 253 كىلومېتىر كېلىدىكەن. ئۈرۈمچى - كۇيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىكەن. يەر كۆلىمى 448 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىكەن. مايتاغدا تۇنجى نېفىت قۇدۇقى 1936 - يىلى بايقالغان، 1937 - يىلى تۇنجى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن بۇيان مايتاغنىڭ نېفىت - خىمىيە ئىشلىرى ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشكە باشلاپتۇ ھەم 70 يىللىق بوران - چاپقۇنىنى باشتىن كەچۈرۈپتۇ. 1995 - يىل 8 - ئايدا 140 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن زاۋۇتى قۇرۇلۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى نېفىت ئايرىشنىلا تۇۋرۇك كەسىپ قىلغان ھالىتى نېفىت ئايرىش ۋە خىمىيە سانائىتىنى بىر گەۋدە قىلىش ھالىتىگە ئۆزگىرىپتۇ. نۆۋەتتە مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 6 مىليون توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە 220 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن. يەتتە چوڭ تۈردىكى 240 خىل نېفىت مەھسۇلاتى، 21 تۈردىكى 350 خىل خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىقتىدارى بىلەن ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم نېفىت - خىمىيە بازىسىغا ئايلىنىپتۇ. ھازىر يىللىق سېتىش كىرىمى 21 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىكەن. 2006 - يىلى مايتاغ رايونىنىڭ يەرلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 323 مىليون يۈەنگە، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 21 مىليارد 237 مىليون يۈەنگە يېتىپتۇ. 2005 - يىلى مايتاغنىڭ 10 مىليون توننىلىق نېفىت ئايرىش، 1 مىليون 200 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىنىپتۇ. مايتاغ نېفىت - خىمىيە شىركىتى نۆۋەتتە جۇڭگودىكى 500 كۈچلۈك كارخانا ئىچىدە 83 - ئورۇندا تۇرىدىكەن.

تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەلبىمىز ھاياجانغا تولدى. بىزدە مايتاغقا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولدى. مايتاغ خەلقىنىڭ باتۇر، ئىشچان، ئەمگەكچان روھىنى ھېس قىلىپ يەتكەندەك بولدۇق.

چۈشلۈك تاماقنى «نەۋايى» رېستورانىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. جۈرئەت كامىل بىزگە سائەت 11:00 دە مېھمانخانا ئالدىغا يىغىلىشنى ئۇقتۇرغان ئىكەن.

تۇرغۇن ئىبراھىم بىلەن ئىككىمىز سەل كېچىكىپرەك پەسكە چۈشسەك ئۇلار كېتىپ قاپتۇ. جۇرئەت كامىل تېلېفوندا بىزگە رېستوراننىڭ ئورنىنى دەپ بەردى. بىراق بىزنىڭ مايتاغ كوچىسىغا تۇنجى قەدەم بېسىشىمىز بولغاچقا رېستوراننى تاپالمىدۇق. يولدا سورىغۇدەك ئادەممۇ ئۇچرىمىدى. ئاندا - ساندا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئاپتوموبىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا خۇددى مايتاغلىقلار بىر يەرگە كۆچۈپ كەتكەندەك، ئازادە كوچىلاردا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بىز خېلىلا تەمتىرەپ يۈرۈپ ئاخىرى رېستوراننى تاپتۇق. مەن ئوبۇلقاسىم قادىر، شاۋكەت داۋۇتلارنىڭ ئاخشام دېگەن «70 مىڭ نوپۇس ئىچىدە 50 مىڭغا يېقىن ئادەم زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. بىكار ئادەمنى كوچىلاردا ئاسانلىقچە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالدىم. كۆز ئالدىمدا شائخەي، خاڭجۇ، ئۈرۈمچىدىكى سانجاق - سانجاق ئادەملەر، يانمۇيان سېلىنغان ئېگىز بىنالار، قۇيۇندەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئاپتوموبىللار، ئاقسۇدىكى كۈنبويى قارتا، بىليارت ئوينايدىغان، كۈندۈزلىرىمۇ ھاراق ئىچىپ، كوچىلاردا دەلدەڭشىپ يۈرىدىغان بىر قىسىم ئادەملەر كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا تازىلىق ئىشچىلىرى كۈندۈزىمۇ تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. بىراق مايتاغدا كۈندۈزىمۇ تازىلىق ئىشچىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. ئادەم ئاز بولغاچقىمۇ ياكى كىشىلىرى بەك مەدەنىي، ئاڭلىق بولغاچقىمۇ، كوچىلار ئەينەكتەك پاكىز ئىكەن. مەيىن شامال يۈزىمىزگە، ساپ ھاۋا دىمىقىمىزغا ئۇرۇلسا، يېشىل مۇھىت ئادەمنى راھەتلەندۈرەتتى. «ياشىۋالغۇدەك شەھەر ئىكەن. نېمىدېگەن ئازادە، نېمىدېگەن پاكىز، نېمىدېگەن ئارامبەخش» دېيىشتى قەشقەر، خوتەن، غۇلجىدىن كەلگەن كەسپداشلارمۇ ھاياجىنىنى باسالماي. دەرۋەقە، ھازىر مايتاغدا شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 42.78% كە يېتىدىكەن. «باغ ئىچىدە شەھەر، شەھەر ئىچىدە باغ بولۇش، تۆت پەسىل يېشىل بولۇش، ئۈچ پەسىلدە گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان بولۇش» نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئېشىپتۇ. پۈتۈن رايوننىڭ تېلېفون بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 100% كە، يانفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 62.8% كە، ئائىلىلەردە كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 56% كە، تور ئىشلىتىش نىسبىتى 14.6% كە، سۇ سۈپىتى، سۈيۈقلاندۇرۇلغان گاز بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى، چىقىرىندىلارنى لاياقەتلىك قويۇپ بېرىش نىسبىتى

100% كە يېتىدىكەن. نۇرغۇن ئائىلىلەردە پىكاپ بار ئىكەن. مائارىپ، سەھىيە، مەدەنىيەت خىزمىتى، رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىدىكى يۈكسىلىشلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىكەن. «مايتاغ نېفىت - خىمىيە گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ناسىرجان مۇھەممەت ماڭا: «مەن 1990 - يىلى بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە مايتاغدا ئېگىز بىنادىن پەقەت بىرسىلا بار ئىدى. باشقا يەر چۆل، چاتقاللىق ئىدى. شۇ چاغدا مەن بۇ يەرگە قانداقمۇ كۆنەرمەن، قانداقمۇ خىزمەت قىلارمەن، دەپ مەيۈسلەنگەنىدىم. ئون نەچچە يىلدا مايتاغ مۇشۇ هالەتكە كەلدى. هازىر بۇ يەر بىزنىڭ ئىككىنچى يۇرتىمىز بولۇپ قالدى» دېگەن ئىدى. كۆرۈش، ئاڭلاش ئارقىلىق شۇنداق تەسىراتقا كەلدىمكى، مايتاغنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا پارتىيە، هۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدىن باشقا، نەچچە ئەۋلاد مايتاغ خەلقىنىڭ مايتاغنى سۆيۈش روهى، بارلىقىنى نېفىتلىككە ئاتاش روهى، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش روهى، زېهىن - قۇۋۋىتى ۋە يۈرەك قېنى سىڭگەن. مايتاغنىڭ يولباشچىلىرى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرغان، شەهەر پىلانلاشتا يىراقنى كۆزلىگەن، ئىلمىي، ئاقىلانە بولغان. «مايتاغ ناخشىسى» دىكى مۇنۇ شېئىر يادىمغا كەلدى:

يۈز ئاچتى مۆجىزە چۆللەر باغرىدا،
يالتىراپ نۇر چاچتى مانا بۇ گۆهەر.
تاشلارغا تۆكۈلگەن مۇهەببەت گۈللەپ،
بوپ قاپتۇ ئاخىرى گۈزەل بىر شەهەر.

## ئۈچىنچى تەسىرات

مايتاغ ئىختىساسلىقلار مەركەزلەشكەن جاي ئىكەن. بىر قېتىمدا 10 مىڭ كىشىلىك پولۇ ئېتىپ كىشىلەرنى هەيران قالدۇرغان ئاشپەز دىلمۇرات ئابدۇكېرىم مايتاغلىق ئىكەن. يېقىن ئارىلىقدا بىز مايتاغ نېفىت - خىمىيە زاۋۇتىنىڭ 10 مىليون توننىلىق نېفىت ئايرىش، 1 مىليون 200 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن قۇرۇلۇشى ئورنى، گىلتاغ باغرىدىكى 1 - قۇدۇق خارابىسى، قازاقىستان نېفىتە-

نىڭ يېتىپ كېلىش بېكىتى ۋە كۆيتۈن شەھىرى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مەزگىلدە مايتاغدا زاۋۇتلارنى «ئۈچ يىلدا بىر رېمونت قىلىش» خىزمىتى باشلانغان بولۇپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، ئېتىلېن زاۋۇتى، تېرمو ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئومۇميۈزلۈك ئىش توختىتىپ، چوڭ رېمونت قىلىنىش ھالىتىگە ئۆتكەن ئىكەن. گەرچە بىز زاۋۇت، سېخلارغا كىرمىگەن بولساقمۇ، مايتاغ زاۋۇت رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل سىدىق توختىماي سۆزلەپ بىزنى قانائەتلىنەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. مەن 1 - قۇدۇق خارابىسى ئالدىدا «نېفىت ئايرىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى، بېنزىن، كىرسىن، دىزېلىن، ئاپتول قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ قانداق ئايرىلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. ئىسمائىل سىدىق، ناسىرجان مۇھەممەتلەر بۇ جەھەتتە مۇتەخەسسىسكە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شەھەر مەركىزىدىن خېلىلا يىراققا ماكانلاشتۇرۇلغان زاۋۇت رايونى ۋە يول بويىدىكى پولات جازا بىلەن قوپۇرۇلغان ئېگىز بىنالار كىشىگە نېفىت - خىمىيە سانائىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى تەرەققىياتىنى ھېس قىلدۇراتتى. ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدىغان 10 مىليون توننىلىق نېفىت ئايرىش قۇرۇلۇشى، 1 مىليون 200 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن قۇرۇلۇشىغا 30 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، باجدىن كېيىنكى مالىيە ئېچكى كىرىمى 12.5% كە يېتىدىكەن. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن يىللىق سېتىش كىرىمى 40 مىليارد يۈەندىن، يىللىق پايدا بېجى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىكەن. يىلدا 5 مىليون 470 مىڭ توننا سۈپەتلىك يېقىلغۇ ماي، 2 مىليون 740 مىڭ توننا پولى ئولىفېن، كاۋچۇك، خىمىيەلىك ئارىلىق ماددا ۋە ئورگانىك خام ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرالايدىكەن. قۇرۇلۇش نېفىت ئايرىش، خىمىيە سانائىتى ۋە ئاممىۋى قۇرۇلۇش بۆلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپقان ئىكەن. مەن ھەيران قالدىم. كۆڭلۈمدە مايتاغ ئىختىساسلىقلارنىڭ كۆچىدىن تولۇق پايدىلىنىپتۇ، ئۇ ھەقىقەتەن جۇڭگو نېفىت - خىمىيە سانائىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن، دەپ ئويلىدىم. يەنە «ھازىر ئاقسۇمۇ يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى تېزلىتىۋاتىدۇ، ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش، خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشتە يىلمۇ يىل يېڭى نەتىجە يارىتىۋاتىدۇ، سا-

نائەتتە كۆچلۈك ۋىلايەت بولۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ھەر تەرەپنىڭ كۆچىنى تەڭ قوزغىسىلا چوقۇم مايتاغدەك تېز تەرەققىي قىلغىلى بولىدىكەن» دېگەنلەرنىمۇ خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

مايتاغدا ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپلا قالماي، ئاخبارات، ئىجادىيەت ئىشلىرىمۇ تېز تەرەققىي قىپتۇ. «مايتاغ نېفىت ـ خىمىيە گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى ھەپتىسىگە بىر سان، خەنزۇچىسى ئىككى سان چىقىدىكەن. ناسىرجان مۇھەممەت باش مۇھەررىرلىكىدىكى ئۇيغۇرچە «مايتاغ نېفىت ـ خىمىيە گېزىتى» دە كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى گۈلباھار سىدىق ۋە ئوبۇلقاسىم قادىر، شاۋكەت داۋۇت، مۇختار مۇسا قاتارلىق بىر تۈركۈم يېتىلىۋاتقان مۇھەررىر، مۇخبىر، شائىرلار بار ئىكەن. يىلدا بىر سان چىقىدىغان «مايتاغ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى مايتاغ خەلقىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ياش قەلەمكەشلەرنى بايقاش، يېتىشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋېتىپتۇ. مايتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپى، «مايتاغ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئادىل غوجالىم ھېكايە، پوۋېستلىرى بىلەنلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ خۇش چاقچاقلىقى، جۇشقۇن، تېتىكلىكى بىلەن مايتاغلىقلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ باش بولۇپ تۈزگەن «مايتاغ ناخشىسى» ناملىق كىتابتا مايتاغدىكى قەلەمكەشلەرنىڭ بەدىئىي دىتى ۋە تالانتىنى ئەتراپلىق ھېس قىلغىلى بولىدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مايتاغدىكى شائىر، يازغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى نەشر قىلىنىپتۇ. قولۇمدىكى «مايتاغ ناخشىسى»، «زامان ئاخىرىنىڭ ئاياللىرى»، «مايتاغ چېچەكلىرى» قاتارلىق كىتابلار مانا بۇنىڭ شاھىتى.

مايتاغ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىمۇ بەختىيار مۇھەممەت، ئوسمانجان زايىت، نىجاد قادىر، روشەنگۈل مۇھەممەتكە ئوخشاش يۇقىرى ساپالىق ئىلىم ئەھلىلىرى قوشۇنى بار ئىكەن. ئۇلار بارلىقىنى بۇ نېفىت شەھىرىدىكى خەلقنىڭ رەڭگارەڭ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىدىن بەھرىلىنىشىگە سەرپ قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ مايتاغنى تونۇشتۇرۇپ ئىشلىگەن مەخسۇس فىلمى بىزنى دەسلىپىدىلا گۈزەل مايتاغ دۇنياسىغا باشلاپ كىرگەن ئىدى.

بىز ئۈچىنچى كۈنى يەنە مايتاغدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئارىشاڭ — «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ساناتورىيەسى» گە بېرىپ بىر ئاخشام قو-

نۇپ قالدۇق. قارىغاي، ئوت - چۆپلەر بىلەن ئورالغان ئېگىز تاغلار، ئۇ يەر، بۇ يەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان چېدىر ئۆيلەر بۇ ئارام ئېلىش، داۋالاش ئورنىنى سىرلىق تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغان ئىدى. تىك ئېدىرلار، جىلغىلار، چاتقاللار بۇ خىلۋەت ماكاندا ئۆزگىچە ساياھەت مەنزىرىسى شەكىللەندۇرگەن ئىدى. يەر يۈزىدىن خېلىلا ئېگىز يەرگە جايلاشقان بۇ ساناتورىيەنىڭ ئۈستىگە چىققۇچە ئادەم خېلىلا ھاسىرايتتى. ياتاق، ئاشخانىلار تاغ ئۈستىگە سېلىنغان ئىكەن. چەت، يىراق بولغىنىغا قارىماي، بۇ يەرنىڭ ياتاق، تاماق شارائىتى خېلىلا ياخشى ئىكەن. بىز چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئىختىيارىي پائالىيەت قىلدۇق. كەچتە ساناتورىيەنىڭ ئاشخانىسىدا زىياپەتكە قاتناشتۇق. زىياپەت زالى ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، بۈگۈن بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى، گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھۇزۇر ئالغان سورۇن ئەھلىنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە شادلىق، تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئىسمائىل مۇھەممەت، ئۇيغۇر ئىختىيارىي مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جۈرئەت كامىل، گېزىت چىقىرىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىلھام ئىمىن، مۇخبىر ئۆركەش جاپپارلار سورۇننىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. مايتاغ تەرەپتىن ئىسمائىل سىدىق، زەپەر، ئادىل غوجالىم، ناسىرجان مۇھەممەت قاتارلىق رەھبەرلەر ھەم ئوبۇلقاسىم قادىر، شاۋكەت داۋۇت، ئوسمانجان قاتارلىق مۇھەررىر - مۇخبىرلار ھەرقايسى ئۈستەللەرگە بۆلۈنۈپ مۇلازىمەت قىلدى. ئىسمائىل سىدىق قەدەھ سۆزى قىلىپ: «ياخشى كۈتەلمەي قالدۇق، ھەرقايسىلىرىنى كۆپ ماڭغۇزۇپ چارچىتىپ قويدۇق. بۇ يەرنىڭ شارائىتى ئانچە ياخشى ئەمەس، بۈگۈنمۇ نەچچە كۈندىكىدەك قىزغىن ئويناپ سورۇننى قىزىتىۋېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. كۆپچىلىك چاۋاك چالدۇق ھەم «رەھمەت» دېگىنىمىزچە رومكىلارنى بوشاتتۇق. «ئېلىڭلار، تارتىنماي ئېلىڭلار» دېگەن گەپ پات - پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شىرە قورۇمىلار بىلەن توشۇپ كەتتى. نېمىدېگەن ئېسىل مۇلازىمەت، نېمىدېگەن ئېسىل مۇئامىلە، مەن كۆڭلۈمدە «بۈگۈن جۈمە، ئەتە شەنبە، تۆت كۈندىن بۇيان ئۇلار بىزدىن بىردەممۇ ئايرىلمىدى. بىزگە ھەقىقەتەن ياخشى خىزمەت قىلدى. ئۇلارنىڭمۇ ئىشخانىسىدا، ئائىلىسىدە ئىشى بار بولغىيتتى. لېكىن، ھەممىنى تاشلاپ بىزگە

ھەمراھ بولۇۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ كۆڭلى نېمىدېگەن ياخشى» دەپ ئويلاپ قالدىم. دەرۋەقە، بىز مايتاغ دىيارىغا قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ ئۇلار بىزگە ھەمراھ بولدى. مۇھەممەت ئېلى، ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرىم قاتارلىق مايتاغنىڭ سەركىلىرى ھەر ئاخشىمى تاماقتا بىز بىلەن بىرگە بولدى. مانا بۇگۈنمۇ ئىسمائىل سىدىق، ئادىل غوجالىم، ناسىرجان مۇھەممەتلەر چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي يەنە بىز ئۈچۈن ساھىبخانا بولماقتا. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 30 نەچچە تەكلىپلىك مۇخبىر بۇ خىل روھتىن تەسىرلەنمەي تۇرالمىدى. شۇڭا ئۇلار بەس ـ بەستە لەتىپە، يۇمۇر سۆزلىدى، ناخشا ئېيتتى. خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان بىر قىسىم تەكلىپلىك مۇخبىرلار مايتاغدىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئاتاپ يازغان شېئىر ـ قوشاقلىرىنى ئوقۇدى. سورۇن تولىمۇ قىزىپ كەتتى. تاغ باغرى لەرزىگە كەلدى. سورۇن ئەھلىنىڭ قەلبى لەرزىگە كەلدى. مەن شۇنداق تەسىراتقا كەلدىم: ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان يۇرتتا ئادەملەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى، كۆكسى ـ قارنى كەڭ بولىدىكەن. مايتاغلىقلار مايتاغنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرىدىكەن. مايتاغقا كەلگەن مېھماننى خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن مېھماندەك رازى قىلىپ ياندۇرۇشقا تىرىشىدىكەن. ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆم، ئىتتىپاق ئىكەن. مەسئۇلىيەتچان، ئىلمىي ئىكەن. بۇنى ئۆزىنىڭ ئىشىنىمۇ قىلىشقا كۆڭۈلشمەيدىغان، ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن ئەسلا كارى بولمايدىغان ئايرىم ئادەملەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. ئويلاپ باقسام، بۇ ئاڭدىكى، ساپادىكى مەسىلە ئىكەن. جەمئىيەتتە سىرتتىن مېھمان كەلسە «نېمە كارىم» دەيدىغان، ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس، ئەمما مايتاغلىقلار «نېمە كارىم» دېگەن گەپنى ئەسلا دېمەيدىكەن، ئۆزىنى چەتكە ئالمايدىكەن. چوڭىدىن كىچىككىچە، رەھبەردىن پۇقراغىچە سىرتتىن كەلگەنلەردە ئىمكانقەدەر ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا تىرىشىدىكەن. مانا بۇ مايتاغلىقلارنىڭ روھىي دۇنياسى، ئۆزگىچە خىسلىتى، ئادەمگەرچىلىك پەلسەپىسى ئىكەن.

## خاتىمە

مايتاغدىن قايتىپ كەلگىنىمگە بىر ئايچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، قەلبىمدىكى

خاتىرىلەر تېخىچە ئۆچۈپ كەتمىدى. مايتاغنىڭ ئۆزگىچە كارخانا مەدەنىيىتى، ئۆزگىچە تۇرمۇش مۇھىتى، ئۆزگىچە تەرەققىيات مەنزىرىسى، بولۇپمۇ زۇمرەت ئېقىندەك مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان مايتاغ روھى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. كۆڭلۈم مايتاغدا، مايتاغدىكى ئاشۇ ئاق كۆڭۈل دوستلار ئارىسىدا قالغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم. ئەگەر «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بۇ قېتىم يىغىننى مايتاغدا ئاچمىغان بولسا، بەلكىم ئۆمرۈمدە مايتاغقا بېرىش پۇرسىتىنىڭ چىقىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە، بۇ ئىشنى بىۋاسىتە ئالاقىلىشىپ بىزگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن مۇخبىرىمىز جۈرئەت كاملىغا رەھمەت ئېيتقۇم، باشقىلارغىمۇ مايتاغقا بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار، دېگۈم كېلىۋاتىدۇ.

كۆڭلۈمدە تۇرار پارلاپ،
گۈزەل مايتاغنىڭ جىلۋىسى.
«مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن،
قالدى يۈرەكنىڭ پارىسى»

2007 - يىل، 10 - سىنتەبىر، ئاقسۇ

# نۇرلانغان ھايات

(ئەدەبىي ئاخبارات)

**باشقىلارنىڭ دىلىنى يورۇتۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ دىلىنى نۇرلاندۇر.**

**— رومېن روللان**

ئابدۇرېشىت ئىمىن كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. يۈرىكى خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن تېپچەكلەيتتى. بىر ئوت ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىنىمسىز كۆيدۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ تاڭنىڭ بالدۇرراق ئېتىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتمەكتە، ئۆزىنىڭ 41 يىللىق سەنئەت ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشنى كىشىلەرگە تەنتەنە بىلەن جاكارلاشقا ئالدىرىماقتا ئىدى. دەرۋەقە، تاڭ ئاتسىلا، مەكتەپ تارىخىدا شانلىق بىر سەھىپە ئېچىلاتتى. سەنئەت گۈلزارلىقىدىكى بىر خۇش پۇراق گۈل كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ھاردۇقى چىقاتتى، ئارزۇ - ئارمانلىرى چېچەك ئاچاتتى...

مانا تاڭمۇ ئاتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز قىردى. يېڭىدىن تىكتۈرگەن قارا رەڭلىك كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى كىيىپ، مەكتەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ كەڭ، چوڭ، گۆشلۈك يۈزىدە خۇشاللىق تەبەسسۇمى ئەكس ئېتەتتى. قارا قوي كۆزىدە ئۈمىد ئۇچقۇنى جىلۋە قىلاتتى. ئۇ مەكتەپ قورۇسىنى ئايلىنىپ چىقتى. يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن زامانىۋى ئوقۇتۇش بىناسىغا قارىغانسېرى، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. قەلب دېڭىزى بارغانچە كۈۋەجىدى.

دەرۋەقە، بۈگۈن بۇ مەكتەپكە نىسبەتەن قۇتلۇق كۈن ئىدى. مەكتەپنىڭ

زامانىۋى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ پۈتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەردە داغدۇ-غىلىق لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. ۋىلايەتنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ھەرقايسى ئىدارە ـ ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى زاتلار بۈگۈن بۇ يەرگە جەم بولاتتى. شۇڭا، مەكتەپ ئەتىگەندىلا قايناق بايرام تۈسىگە كىردى. ھەممە ئادەم چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئەمدىلا پۈتكەن زامانىۋى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ھەممەيلەن رەھبەرلەرنىڭ بالدۇرراق كېلىشىنى، مۇراسىمنىڭ تېزرەك باشلىنىشىنى تەقەززا-لىق بىلەن كۈتتى...

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن ئاشقاندا، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىي ياردەمچىسى گۇمەن يىڭكۈي مۇراسىمنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ چاغدا داقا ـ دۇمباقلار چېلىنىپ، پوجاڭزىلار ئېتىلدى، رەڭگارەڭ شارلار ھاۋا بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىلدى. قولىدا گۈل تۇتقان ئۇسسۇلچى قىزلار بىنا پەشتىقىدا ئۇسسۇلغا چۈشتى. شوخ، يېقىملىق تەنتەنە ساداسى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر قەلبى جاراڭلىق مېلودىيە كۈيىدىن لەرزىگە كەلدى...

مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرېشىت ئىمىن ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلدى. بۇنداق كاتتا، داغدۇغىلىق مۇراسىمنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىنى كۆرۈش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلاندى. ئۇ ھاياجىنىنى تەستە بېسىۋېلىپ قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە سۆزگە چىقتى. ئۇ ئالدى بىلەن مەكتەپنىڭ شانلىق، ئەگرى ـ توقاي مۇساپىسىنى تونۇشتۇردى. ئارقىدىن ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە ھەر ساھەدىن كەلگەن مېھمانلار ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار تەييارلىغان نەپىس، لىرىك، لەرزان سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆردى. ۋالىي ئۆمەرجان مىرزا-ئەخمەت، مۇئاۋىن ۋالىي گاۋ لىيېچىڭ قاتارلىقلار ئابدۇرېشىت ئىمىننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «سىلەر ھەقىقەتەن قالتىس ئىش قىلدىڭلار، سىلەرنىڭ جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش، ئۆز كۈچىڭلارغا تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىڭلارنى مەدھىيەلەشكە، قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. سىلەرگە رەھمەت، سىلەرگە رەھمەت» دېدى. بۇ چاغدا ئابدۇرېشىت ئىمىن ھاياجىنىنى زادىلا باسالماي قالدى. ئۇ رەھبەرلەرنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا كەلدى

ۋە قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئۇھ، بۈگۈن هاردۇقۇم چىقتى، ئاخىر هاردۇقۇم چىقتى. كۆپچىلىك سىلەرمۇ كۆپ جاپا چەكتىڭلار» دېدى.

مانا بۇ داڭلىق ئارتىس، قابىل يېتەكچى، ئاقسۇ سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرېشىت ئىمىنىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى. ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان ئېتىقادى، رەھبەرلىك سەنئىتى، يۇمۇرىستىك مىجەزى، خۇش چاقچاق خاراكتېرى، كۆپ قىرلىق تالانتى، ئىزدىنىش ئىستىلى ئۆزىنىڭ كىشىلىك هاياتىنى، بولۇپمۇ سەنئەت هاياتىنى نۇرلاندۇردى. يېڭى، گۈزەل مەنالارغا ئىگە قىلدى.

ئابدۇرېشىت ئىمىن نامرات يۇرت كەلپىندە تۇغۇلۇپ - ئۆسكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئوقۇتقۇچى، ئاپىسى ئائىلىدە ئىدى. ئۇ ئىلگىرىكى ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: مەن ئۆسۈپ يېتىلگەن قۇملۇق كەنتى ئەل - نەغمە، مەشرەپلىرى كېچە - كۈندۈز قاينايدىغان جاي ئىدى. يىگىت - قىزلىرى شوخ، ئۇسسۇلخۇمار بولغاچقا، ھەر كۈنى كەچتە ئۆي - ئۆيلەرگە يىغىلىپ مەشرەپ ئوينايتتى. مەھەللىمىزدە ئۇستا سازەندىلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن پەتتار ئېزىز ئىسكىرىپكىنى ناهايىتى مۇڭلۇق چالاتتى. خەلق قىزىقچىلىرى، ئۇسسۇل ماهىرلىرى، ناخشىچىلار يىغىلىپ مەشرەپ قىلسا، مەن تويماي قارايتتىم، كېيىنچە چوڭلارنىڭ ماڭا كۆزى چۈشكەن چېغى، ھە دېسە مېنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قوياتتى. مەن ھېچ تارتىنماستىن شوخ ھەرىكەتلىرىم بىلەن ئۇسسۇل ئوينايتتىم، سورۇن ئەھلى هاڭ - تاڭ بولۇپ مېنى ماختىشاتتى. مېنى ئوتتۇرىدىن چۈشكىلى قويمايتتى. بەلكىم مېنىڭ ھېچنىمىدىن تارتىنمايدىغان روھىم شۇ چاغدا يېتىلگەن بولسا كېرەك...

مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا شوخلۇقىم بىلەن ساۋاقداشلار ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقتىم. بۇ هالەتنى كۆرگەن سىنىپ مۇدىرى ئاۋۇت يولداش ماڭا تېخىمۇ ئىلهام بېرىپ سۆز تېكىستى يېزىپ بېرەتتى. مەن ئۇنى يادلىۋېلىپ، مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان چوڭ پائالىيەتلەردە ئورۇنلايتتىم. ئۇستازلىرىم، ساۋاقداشلىرىم ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتەتتى. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن يېڭىلىققا، ئىلىم - مەرىپەتكە ئىنتىلگەن بولغاچقا، ئۆيدە، مەكتەپتە ھەمدە يولدا كېتىۋېتىپمۇ بىر نەرسىلەرنى دەپ ماڭاتتىم. ئارتىس

بولۇشنى ئويلايتتىم. 1954 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇر مەكتەپنىڭ سىفەن سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردىم. بۇ مېنىڭ سەنئەت ھاياتىمنىڭ باشلىنىشىغا، راۋاجلىنىشىغا ئۇل تېشى بولدى. مەن ھە دېگەندە ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەن-تەربىيە پائالىيەتلىرىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتىم. ئۇستازلىرىم ئىلھام بېرىپ روھىمنى ئۆستۈرۈپ تۇردى. ئۇستازىم مىجىت ساۋۇت سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلى-كى بىلەن مېنىڭ ئالاھىدىلىكىمنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا كۆپ ئىزدەندى، ماڭا يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشىم ۋە ئىرادەم تېخىمۇ كۈچەيدى. دەل مۇشۇ چاغدا ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسىنى تەييارلىدى. مەن ئوپېرانى ئويناشقا قاتنىشىشقا تاللاندىم. مەن بۇ ئەسەردە ناھايىتى ياخشى رول ئالغاچقا، تالانتىمنى بايقىغان ئاتاقلىق مائارىپچى ۋە ئەدىب ئابدۇللا ئەيسا مېنى مەكتەپتىن يۇلۇپ چىقىرىپ، سەنئەت ئۆمىكىگە ئارتىسلىققا تاللىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مېنىڭ ئارتىسلىق ھاياتىم باشلاندى...

ئارتىس جەمئىيەتنىڭ گۈلى، ئۇ ئۆزىدىكى خۇش پۇراق، جەزبىدار ئوبراز ئارقىلىق تەبەسسۇم قىلىپ، كەڭ جەمئىيەتنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئابدۇرېشىت ئە-مىن سەنئەت ئۆمىكىگە خىزمەتكە چۈشكەنلىكىدىن چەكسىز پەخىرلەندى. قەلبى ھاياجانغا تولدى. تومۇرىدىكى قىزىق قان دولقۇنلاپ ئاقتى. چۈنكى، ئۇنىڭ با-لىلىق چاغلىرىدىكى كۆڭلىگە پۈككەن غايىسى ئەمەلگە ئاشقانىدى.

ئۇ ئىشنى نەدىن باشلاشنى ئوبدان بىلەتتى. پەقەت ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقمىسىلا، قىيىنچىلىقنى يەڭسىلا، جاپالىق مەشىقنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇر-سىلا ياخشى ئارتىس بولغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇ بۇ تەلەپتىن زادىلا قورقمىدى. چۈنكى، ئۇ كۆپ چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرگەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا نەچچە قېتىم كەلپىندىن ئاقسۇغا پىيادە كېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغانىدى. شۇڭا، ئۇ رېپېتىتسىيە زالى-غا كىرگەندە ھېچ نەرسىدىن قورقمىدى. بىراق، مەشىق رەسمىي باشلانغاندا ئۇستىخانلىرى ئۆگە ـ ئۆگىلىرىدىن ئاجراپ كەتكەندەك ئاغرىپ كېتەتتى. ئۇ ھالىدىن كەتتى، چېكە تومۇرلىرى زىڭىلداپ، بېشى قايدى، ھالسىرىدى. لې-كىن، ئۇ ۋايسىمىدى. ئابدۇرېشىت ئىمىننىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پېشقەدەم

ئارتىسلار ئۇنىڭ چىداملىقلىقىغا قايىل بولۇپ، ئىدىتلىق مەشىق قىلىشنى ئۇنىڭ-غا ئۆگەتتى. ئۇ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى يېتىلدۈرۈپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كۆپ خىل ماھارەتنى ئىگىلىدى. شۇنداق قىلىپ، بالا ئارتىس ئابدۇ-رېشىت ئىمىن ئاستا - ئاستا ئاقسۇ سەھنىلىرىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ «ل . مۇتەللىپ» دىرامىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سەھنىلەشتۈرۈلۈشىگە كۆپ كۈچ چىقاردى. «يۈرىكىمىز بېيجىڭغا تەلپۈنىدۇ» دېگەن سەھنە ئەسىرىنى يازدى ھەم ئۇنىڭغا ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلدى. بىراق، مۇشۇنداق پەيتتە جۇدۇنلۇق، ئاپەتلىك يىللار باشلاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قارا بورىنى بىلەن بۇ ياش نوتىغمۇ ئۇششۇك تېگىپ، يېزىغا پالاندى. 1976 - يىلى جۇدۇنلۇق تەبىئەت ئاستا - ئاستا ئىللىشقا باشلىدى. ئەدەبىيات، سەنئەتنىڭ باھار پەسلى يېتىپ كېلىپ، قەلبلەر شادلىققا تولدى. ئابدۇرېشىت ئىمىن بۇ يېڭى، بەختىيار تۇرمۇشنى بالدۇرراق ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئويلاپ، كۆپ تەرەپتىن ئىزدەندى. ئاخىرى خەلقىمىزگە چوڭ تېپتىكى مۇزىكىلىق ئوپېرا «تارىم دولقۇنلىرى» نى تەقدىم قىلدى. «فېڭ يوپۇرمىقى قىزارغاندا»، «تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان»، «ۋېيخۇشەننى پەم بىلەن ئېلىش»، «شەرق شاملى باھارنى ئېلىپ كەلدى» قاتارلىق دىرامىلارغا رېژىسسورلۇق قىلدى. «تارىم دولقۇنلىرى» ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكتە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ كۈنلەردە ئابدۇرېشىت ئىمىن پۈتۈن زېھنىنى ئىجادىيەتكە قارىتىپ، «ماخوچى بىلەن ئامبارچى»، «گۈگۈشى قىزى گۈلزارغا»، «بىزنىڭ ياخشى داdۇيجاڭ»، «سىز گېزىت كۆرەمسىز»، «دوستلۇق گۈلى»، «ئۆرلە ئاقسۇ»، «تارىم شادلىقى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئۇنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولدى، 1978 - يىلى ئۇنى پارتىيەگە قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۆمەك مەسئۇللۇقىغا تەيىنلىدى. ئۇنىڭ قەلبى يېڭى ئىستەك، ئۈمىدكە تولدى.

ئابدۇرېشىت ئىمىن ئارتىسلارغا يۇقىرى تەلەپ قويدى. ئارتىسلار قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر ساھەدىكى ئىقتىدارلىق ئارتىسلارنى ئۆمەككە يۆتكەپ كەلدى. ئۇ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، «گۈلنىسا»، «غۇنچەم»، «ئەل قىساسى»، «تەگرىتاغ ئوغلى» قاتارلىق دىرامىلارنى ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، سەنئەت سۆيەر خەلق بى-

لەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ دىراملار ئىچىدە «ئەل قىساسى»، «مۆلجەر تاغ بورانلىرى»، «تەڭرىتاغ ئوغلى» تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكىدە نەچچە مەيدان ئوينىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قەلب تارىنى تىترەتتى، سەنئەت ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى. ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نامىنى چىقاردى.

ئابدۇرېشىت ئىمىن كېچە - كۈندۈز ئۆگەندى. گەرچە ئۇ سەنئەت مەكتىپى ياكى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىدە سىستېمىلىق تەربىيەلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىپ، كۆپ قىرلىق ماھارەت يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ تالانتى يەنە شىنجاڭنىڭ كىنوچىلىق ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ 1983 - يىلى تەڭرىتاغ كىنو ئىستۇدىيەسى ئىشلىگەن «چېگرا يېزىدا مۇھەببەت» فىلىمدە رول ئالغاندىن كېيىن «سىرلىق كارۋان»، «ساھىبجامالنىڭ ئۆلۈمى»، «مەلىكە ئامانىساخان» ناملىق كىنولاردا ئارقا - ئارقىدىن مۇھىم روللارنى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى شۆھرىتى ئۇلغايدى.

1988 - يىلى ئابدۇرېشىت ئىمىن كۇچا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ ياپونىيەگە ئويۇن قويۇشقا باردى. ئۇ سەپەر ئۈستىدە خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازدى: «مەن بىر ئاددىي ئادەم، پارتىيە، خەلق مېنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى، ماڭا شان - شەرەپ ئاتا قىلدى. مەن چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن، مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە پارتىيە، خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمەن. سەنئەتكە بولغان سادا-قىتىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىمەن»...

ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەقىقەتەن كۈچىنىپ ئىشلىدى. ئارتىسلارنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ سەنئەت مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ماڭغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتتى. ئۆمەكنىڭ ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ، ئويۇن قويۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

1989 - يىلى ئۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاقسۇ مەدەنىيەت - سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان ئورۇندا قىيىنچىلىق زور، بېسىم چوڭ بولىدۇ. ئۇ مەكتەپنىڭ ۋەيرانە ھالىتىنى كۆرۈپ كۆپ ئەپسۇسلىنىپ كەتمىدى. مەكتەپنىڭ

يىراق مەنزىلىگە نەزەر تاشلىدى. تىرىشسا، ئىزدەنسە بۇ ھالەتنى چوقۇم ئۆز-گەرتىشكە بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

ئەينى چاغدا مەكتەپ ئورنى بىر توپىلىق بولۇپ، شامال چىقسىلا ئەتراپنى چاڭ - توزان قاپلايتتى. چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۆمۈچۈك تورلىرى ئىچىدە قالغان ئىدى. ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئازگاللار خۇددى گۆر ئېغىزىدەك ئېچىلىپ قالغان ئىدى. مەكتەپ ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى سېلىۋالغان تۆت قاتار كېسەك ئۆيلەردىن باشقا ئۆي يوق ئىدى. ئابدۇرېشىت ئىمىن ئوقۇتقۇچى، ئو-قۇغۇچىلارنى باشلاپ، ئازگاللارنى تىندۇردى، يوللارنى تۈزلىدى. 1992 - يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق ئۆيلىرى تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپكە سۇ تەمىنلەپ بېرىۋاتقان قوشنا ئىدارىمۇ سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاش-لىدى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ تېخىمۇ ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئابدۇرېشىت ئىمىن ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە ئارقا - ئارقىدىن دوكلات يازدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قوشنا ئورۇن — ۋىلايەتلىك ما-لىيە مەكتەپتىن ياتاق، سىنىپ ئارىيەت ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى شۇ يەرگە كۆ-چۈرۈپ ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇردى. بىراق، مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغاچقا، يۇقىرىدىن مەكتەپكە پۇل بۇيرۇپ بېرىلمىدى. سۇ بىلەن تەمىنلەش شىركىتىمۇ سۇنى ھەل قىلىپ بەرمىدى. ھەتتا ئۇ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئابدۇرې-شىت ئىمىن ئاخىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن، جەمئىيەت بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھەر ساھەنى مەكتەپكە پۇل ئىئانە قىلىشقا مۇراجىئەت قىلدى. ئاخىرى 10 مىڭ يۈەن، 5000 يۈەن، 1000 يۈەن، 100 يۈەن، 50 يۈەن... دىن پۇل يىغىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بانكىدىن 100 مىڭ يۈەن قەرز مەبلىغى ھەل قىلدى. ئۇ بۇ پۇل بىلەن ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى سېلىشنى پىلانلىدى. بىراق، ئۇ ئويلىنىپ قالدى: «توختا، مەكتەپ ئورنى ئاران 25 مو كېلىدۇ. كەلگۈسىدە بۇ كىچىكلىك قىلىپ قالىدۇ، ئۇنى چوقۇم كېڭەيتىش كېرەك». شۇنداق قىلىپ، ئۇ يۇقىرىغا كۆپ قېتىم دوكلات يېزىپ، مەكتەپ ئەتراپىدىن يەنە 15 مو يەر ھەل قىلىپ، ئومۇمىي كۆلەمنى 40 موغا يەتكۈزدى...

كۈننىڭ كۈنگە، ئاينىڭ ئايغا، يىلنىڭ يىلغا ئۇلىنىشى بىلەن مەكتەپتە يېڭى

مەنزىرە، يېڭى تەرەققىيات، يېڭى قىياپەت بارلىققا كەلدى. ئابدۇرېشىت ئىمىن 11 يىل تىرىشىپ، مەكتەپنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سەنئەت گۈلزارلىقىدىكى خۇش پۇراق گۈلگە ئايلاندۇردى. 1992 - يىلى 1700 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى، 1993 - يىلى 1800 كۋادرات مېتىرلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتاق بىناسى، پار قازان ئۆيى، 1994 - يىلى 300 كۋادرات مېتىرلىق تۆت رېپېتىتسىيەخانا، 1995 - يىلى 200 كۋادرات مېتىرلىق مۇزىكا ئوقۇتۇش ئۆيى، 1996 - يىلى يۇيۇنۇشلەشكەن ھاجەتخانا سالدۇردى. 1997 - يىلى مەكتەپ قورۇسى ۋە يوللارنى ئاسفالتلاشتۇردى. 1999 - يىلى 4770 كۋادرات مېتىرلىق ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى ھەم 1800 كۋادرات مېتىرلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتاق بىناسى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىدى. 2000 - يىلى مەكتەپكە 22 دانە كومپيۇتېر سەپلىدى. قىرائەتخانا، كۇتۇپخانىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزدى. ئۇ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ، ياراملىق ئىزباسار يېتىشتۈرۈپ، مەكتەپنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق سەنئەت قەسرىگە ئايلاندۇردى. بۇ مەكتەپتە تەربىيەلەنگەن زور بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭ ھەم مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە نەتىجىگە ئېرىشتى. مەكتەپ ئورۇنلىغان «كۈسەنگە مۇھەببەت»، «ئالتۇن شوتا»، «ئوت» پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە زور تەسىر قوزغىدى. «مەدەنىيەت گېزىتى»، «نۇر گېزىتى» مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىنى مەخسۇس تەشۋىق قىلدى. چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ئۇسسۇل «دولان چېچەكلىرى» نى ئوينىشقا قاتناشقانلارنىڭ %90 ى مۇشۇ مەكتەپتە تەربىيەلىنىپ چىقتى.

1999 - يىلى ئابدۇرېشىت ئىمىن «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىدە مېھماننىڭ رولىنى ئېلىپ، تاماشىبىنلارنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇردى. ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەمتىمىن ھوشۇر ئۇنىڭغا «مەن سىزنىڭ رول ئېلىش قابىلىيىتىڭىزگە ھەيران قالدىم. سىز ئەسەرگە قايتا جان كىرگۈزۈپ، كىشىلەرگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر بەردىڭىز» دېدى.

2000 - يىلى 6 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن

رەئىسى مەمتىمىن زاكىرلار بۇ مەكتەپكە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى. تۆمۈر داۋامەت ئابدۇرېشىت ئىمىنغا: «مەن بۇ مەكتەپنىڭ نامىنى كۆپ ئاڭلىدىم. بۈگۈن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ ھەقىقەتەن خۇشال بولدۇم، مەكتەپ ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن، سىلەر كۆپ تىرىشىپسىلەر، تېخىمۇ تىرىشىڭلار» دېدى.

ئابدۇرېشىت ئىمىن خۇش چاقچاق ئادەم، 42 يىللىق سەنئەت ھاياتى ئۇنىڭغا گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سەنئەت مېنىڭ ھاياتىم، سەنئەت مېنىڭ روھىم، ھاياتىمنى سەنئەت ئارقىلىق نۇرلاندۇرۇش مېنىڭ ئاداققى نىشانىم. ئەگەر كىشىلەرنىڭ ئابدۇرېشىت ئىمىن سەنئەت ساھەسىدە يامان ئەمەس ئىش قىلدى، دېگەن باھاسىنى ئاڭلىسام ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق...

2001 ـ يىل نويابىر، ئاقسۇ

ئابدۇسالام توختى بىلەن بىرلىشىپ يازغان

# «قىرلىق ئىستاكان» ۋە «مېھمان» ئوبرازى

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قىرلىق ئىستاكان» ناملىق ھېكايىسىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن «قىرلىق ئىستاكان» ناملىق فىلىم يېقىندا كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«قىرلىق ئىستاكان» دا تۆت نەپەر ئۇيغۇر ياشنىڭ بىر قېتىملىق دوستلار ئولتۇرۇشىدا بىر «مېھمان» نىڭ ھاراق ئىچىش كارامىتىگە قارىغۇلارچە قىزىقىپ، ھاراقنى كۆپ ئىچىۋېلىپ، ھەرخىل قىسمەتلەرگە يولۇققانلىقى، بولۇپمۇ بۇلاردىن ئىككىسى ھاراقتىن زەھەرلىنىپ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ۋەقەلىك ئىنتايىن قىزىقارلىق، جانلىق، كومېدىيەلىك، يۇمۇرىستىك ھالدا تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئارقىلىق شەھەر - يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سەمىمىي، چوڭقۇر دوستلۇق رىشتى، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست مىجەزى سۈرەتلەپ بېرىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ «ساراڭ» لىقنى پۇلغا سېتىۋېلىشتەك قارام، نادان، ساددا مىجەز - خۇلقى، ئۆز تەقدىرى بىلەن ئوينىشىشتەك خەتەرلىك روھىي ھالىتى قامچىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ نادانلىقتىن، قاراملىقتىن قول ئۈزۈپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئاتلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى كۈچلۈك مۇراجىئەت قىلىنغان.

«قىرلىق ئىستاكان» دىكى بېشىغا شىلەپە كىيىۋالغان، گەۋدىسى يوغان بىر شاپ بۇرۇت ئادەم بىر ئاخشىمى بىر مەھەللىگە تونۇشىنى ئىزدەپ كېلىدۇ. بىراق، ئۇ ئىزدىگەن ئادەم ئۆيدە يوق بولغاچقا، قوشنا ئۆيدىكىلەردىن سوراپ باققۇسى كېلىدۇ. بۇ چاغدا قوشنا ئۆيدىكى بىر ئايال ئېرى رەجەپ توپاقنى چاقىرىپ، بىر «مېھمان» نىڭ بىرسىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. دەل شۇ پەيتتە رەجەپ توپاقنىڭ ئۆيىدە دوستلار ئولتۇرۇشى بولۇۋاتاتتى. ئاق كۆڭۈل،

مېھماندوست رەجەپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، بۇ ناتونۇش «مېھمان» نى ئۆيگە باشلاپ كىرىدۇ. بۇ «يېڭى مېھمان» نىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھاراق ئىچىش قايتىدىن باشلىنىپ كېتىدۇ. ھەممەيلەن ئۆز نۆۋىتىدىكى ھاراقنى ئىچىدۇ. بىراق، يېڭى مېھمان كىچىك رومكىدا ھاراق ئىچەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ساھىبخانىدىن مۇمكىن بولسا چوڭراق ئىستاكاندىن بىرنى ئەكىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ساھىبخانا دەرھال يوغان قىرلىق ئىستاكاننى ئەكىرىپ، ئۇنىڭغا ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تولدۇرۇپ ھاراق قۇيىدۇ. بۇ «مېھمان» ھەر قېتىم شاپ بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ، ھاراقنى خۇددى سۇ ئىچكەندەك كەيىنى ـ كەينىدىن غۇرتىلدىتىپ ئىچىۋېتىدۇ. ھاراقتىن كېيىن بىر يۇتۇم چايمۇ ئىچمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاراقنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قېلىش جەريانى، شوپۇرلۇق ھاياتى، گۈزەل رۇس قىزى بىلەن تونۇشۇش، مۇھەببەتلىشىش، ئائىلە قۇرۇش جەريانىدىكى گۈزەل، شېرىن ئەسلىملىرى، شۇنداقلا ئايالىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئازابلىق سېغىنىش ھېسسىياتىنى سۆزلەپ بېرىپ، سورۇندىكىلەرنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا چۆمدۈرۈۋېتىدۇ. تۆت نەپەر دوست بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى قىزىقىش، ئىخلاس بىلەن ئاڭلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ھېچكىم سۇندۇرالمىغان سۆڭەكنى قولى بىلەن چوكىنى سۇندۇرغاندەك سۇندۇرۇۋەتكەنلىكى، بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى تىرنىقى بىلەن ئىتتىرىپ ئېچىۋەتكەنلىكى، ئۈچ ئىستاكان ئاق ھاراق (تەخمىنەن بىر كىلوگىرام) نى ئىچىپمۇ ھېچنېمە بولمىغانلىقىدەك كارامىتىگە ھەيران قالىدۇ. ئۇنىڭ كەمتەر، خۇشخۇي، چىقىشقاق مىجەزى ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

ئۇ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، سورۇندىكى تۆت نەپەر دوست بۇ «مېھمان» نىڭ بايىقى كارامەتلىرىنى بەس ـ بەس بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ «ھۈنەر» لىرىنى دوراشقا باشلايدۇ ھەمدە ھاراقنى قىرلىق ئىستاكانغا تولدۇرۇپ قۇيۇپ ئىچىشىدۇ. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر مەست بولۇشۇپ، خۇددى ساراڭ ئادەملەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. تۆتى بىر كېچىدە تۆت خىل قىسمەتكە يولۇقۇپ، ھاراقنى كۆپ ئىچكەنىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەرنى ساراسىمىگە سېلىۋېتىدۇ. ئابدۇل تېرە بىلەن تۇرسۇن تېكە مۇشۇ سەۋەبتىن

سارالڭ بولۇپ قالىدۇ. رەجەپ توپاق تالڭ سەھەردە ھويلىدا تەرەت ئېلىۋاتقان دادىسىنى تونۇيالماي، ئۇنى قۇسۇۋاتقان بىرەر دوستىغا ئوخشىتىدۇ ۋە «ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۈرۈپ قۇسۇۋېرەمسەن، ھەي لاتا» دەپ تىللىغىنىچە ئارقا تەرەپتىن كېلىپ ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىدۇ. ئۇ بۇنىڭ ئۆزىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، خاتا ئىش قىلىپ قويغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنىدۇ ۋە ئارقىسىغا داجىپ كېتىدۇ. دادىسى ئوغلىدىن قاتتىق رەنجىگىنىچە ئۇنىڭ بۇ خىل ھايۋاندەك قىلىقى ئۈچۈن كايىپ كېتىدۇ، ئۇنى تىللايدۇ. تۆت دوستىنىڭ قىرلىق ئىستاكاندا ھاراق ئىچىشىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئىشلار ھېكايە بولۇپ تارقىلىپ، كىشىلەر ئارىسىغا يۇر كېتىدۇ...

«قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىنىڭ ۋەقەلىكى مۇشۇ خىل سۇژېت ئاساسىدا راۋاجلىنىپ، كۆپ قاتلاملىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى، ئىدىيەسى، مىجەز - خۇلقى، جەبىر - جاپاسى، ئۇلارنىڭ ئەگرى - توقاي كەچۈرمىشلىرى، كومېدىيەلىك خاراكتېرى يورۇتۇپ بېرىلگەن. «مېھمان» نىڭ قىرلىق ئىستاكاندا ھاراق ئىچىشى بىلەن «قىرلىق ئىستاكان» دىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، قىزىقتۇرىدىغان، ئويلاندۇرىدىغان بۇ كومېدىيەلىك، مۇرەككەپ ۋەقەلىك بارلىققا كېلىدۇ. «مېھمان» نىڭ كەمتەر، خۇش چىراي مىجەزى، كىچىك، تەمبەل، قاملاشقان بەستى، ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ - قۇدرىتى، قىزىقارلىق، رېئال، يۇمۇرلۇق سۆزلىرى، ھاراق ئىچىش كارامىتى، يېنىك، تەبىئىي ھەرىكىتى تاماشىبىنلار قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل ئوبرازدىن رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنسان تەبىئىتى ۋە تەقدىر ھەققىدە ئىختىيارسىز ئويغا چۆكىدۇ. مۇرەككەپ، قايناق تۇرمۇش ئېقىمىدىكى رەڭگارەڭ ھادىسىلەر، ياشاش يولىدىكى ئەگرى - توقاي مۇساپىلەر، كىشىلىك دۇنيادىكى خىلمۇ خىل زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. كىشىلەر بۇ «مېھمان» نى تۆت ياشنىڭ تەلۋىلەرچە ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبچىسى، دەپ قارايدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ 60 ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ياشلار بىلەن ئولتۇرۇپ، ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا قىرلىق ئىستاكاندا ھاراق ئىچكىنىگە لەنەت ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ گىرادۇسى توشقان

ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتەك مويسىپىتلارغا خاس خاراكتېرىگە بىلىنەر ـ بىـ لىنمەس ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ قېرىغىنىنى تۇيماي ھاراق ئىـ چىپ كوچىلاردا دەلدەڭشىپ يۈرگىنىگە نەپرەتلىنىدۇ. بىراق، ئايالسىز، تەنھا ياشاۋاتقان بۇ «مېھمان» نىڭ قايغۇسىغا، دەرد ـ ئەلىمىگە، ھاراق ئىچىش ئار- قىلىق گۈزەل ئۆتمۈش قالدۇرۇپ كەتكەن ئازابلىق ئىشلارنى ئۇنتۇشقا تىرىـ شىۋاتقانلىقىغا قاراپ ھېسداشلىق قىلغۇسى كېلىدۇ. دېمەك، سۈژىتى مەركەز- لىك، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، كومېدىيەلىك، ئوبرازلىق، روشەن بۇ فىلىمدىكى ھاراقكەش «مېھمان» نىڭ ئوبرازى پۈتۈن فىلىمدە تۈرتكىلىك، ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. ئۇ فىلىمنىڭ بەدىئىي قىممىتى، زوقلاندۇرۇش كۈچى، تەسىرچانلىقى- نى ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئوبراز. چۈنكى، بۇ ئوبراز بولمىسا، قىرلىق ئىستاكاندا ھاراق ئىچىشمۇ، «قىرلىق ئىستاكان» دىكى بۇنداق قىزىق ۋەقەلىكمۇ بولمىغان بولاتتى.

«مېھمان» ئوبرازى «قىرلىق ئىستاكان» دىكى مۇھىم تىپ، شۇنداقلا شەـ ھەر ـ يېزىلاردىكى ھاراققا خۇمار بولۇپ قالغان بىر قىسىم ئۇيغۇر كىشىلىرىـ مىزنىڭ تىپىك ۋەكىلى. فىلىمنى كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ «مېھمان» نىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالغان بۇ ئارتىسنى تونۇسا كېرەك. بەزىلەر ئۇ- نىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا ئاندا ـ ساندا پەيدا بولۇپ قالىدىغان سىيما- سىنى چېلىقتۇرغان بولىسىمۇ، بۇ كۆپ ئىقتىدارلىق، تالانتلىق كىشىنىڭ زادى كىملىكىنى ئېنىق بىلمەيدۇ ھەم بىلىشكە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى دېيىشىدۇ.

بۇ كىشى 39 يىللىق ھاياتىنى سەنئەت گۈلزارلىقىدا ئۆتكۈزگەن، ئاپتونوم رايونىمىز، جۈملىدىن ئاقسۇ رايونىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن قان ـ تەر تۆكۈپ، مول ئەمگەك مېۋىسى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىشىگە، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان پېشقەدەم ئارتىس ئابدۇرېشىت ئىمىن. ئۇ ھازىر ئاقسۇ مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرى.

ئابدۇرېشىت ئىمىن 1960 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئورۇنلاشقاندا ئورۇق، سەبىي بالا ئىدى. ئاردىن 39 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىرەر كەسپىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان ياكى بىرەر كۇرستىمۇ تەربىيەلەنمىگەن ئابدۇرېشىت ئىمىن تەبىئىي تالانتى ھەم

تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، ئاقسۇنىڭ سەنئەت بېغىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، چېچەكلەپ مېۋە بەردى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ، كۆز چاناقلىرى ئەتراپىدا قورۇقلار پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باسقان ئۇزۇن مۇساپىدىن ئۆچمەس ئىزلار قالدى. 70 ـ يىللاردا ئاقسۇدا سەھنىلەشتۈرۈلگەن ل. مۇتەللىپنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن «تەڭرىتاغ ئوغلى» ئوپېراسىدا ئۇ گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ تۆەنجاڭى جاۋ خەنچىڭنىڭ رولىنى ئېلىپ، ئاقسۇ ۋە شىنجاڭ دائىرىسىدىكى تاماشىبىنلار ئارىسىدا ياخشى تەسىر پەيدا قىلغانىدى. 1983 ـ يىلى تەڭرىتاغ كىنو ئىستۇدىيەسى ئىشلىگەن «يېزىغا مۇھەببەت» ناملىق كىنودا دادۈيجاڭنىڭ رولىنى، 1984 ـ يىلى ئىشلەنگەن «ساھىبجامالنىڭ ئۆلۈمى» دە يەكەن خانىدانلىقىنىڭ خاقانى يۇنۇس بەگنىڭ رولىنى ئېلىپ، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان تاماشىبىنلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. 1996 ـ يىلى تەڭرىتاغ كىنو ئىستۇدىيەسى بىلەن تيەنجىن كىنو ئىستۇدىيەسى بىرلىشىپ ئىشلىگەن «مەلىكە ئامانىساخان» ناملىق كىنو ھەم كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىدە ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى. ئەل ئارىسىدا تونۇلدى.

80 ـ يىللاردا ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكى دىراما ۋە ئوپېرا سەنئىتى ماھارىتى جەھەتتە پۈتۈن شىنجاڭدا شۆھرەت قازاندى. بۇ مەزگىلدە «مۆلجەرتاغ بورانلىرى»، «قىساس»، «ئاجايىپ توي»، «تارىم دولقۇنلىرى»، «تەڭرىتاغ ئوغلى»، «گۈلنىسا»، «غۇنچەم» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئويۇنالدى. بۇ مەزگىلدە ئۆمەك باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇرېشىت ئىمىن بۇ ئويۇنلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىنىشىغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك ھەم رېژىسسورلۇق قىلدى.

1996 ـ يىلى ئىشلەنگەن «تارىم شادلىقى»، «ئاقسۇ بەزمىسى» نىڭ باش رىياسەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ پىشىپ ـ يېتىلگەن كۆپ قىرلىق تالانتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

ئابدۇرېشىت ئىمىن 39 يىللىق سەنئەت ھاياتىدا نۇرغۇن نوتىلارنى پەرۋىش قىلىپ، نۇرغۇن كۆچەتلەرنىڭ مېۋىگە كىرىشىگە ئەجىر سىڭدۈردى. ھازىر شىنجاڭ بويىچە نام چىقارغان ئايتىللا ئەلا، تىلمان قادىر، ئەمەتجان ئىمىن،

مەۋلان، زاھىر، ئەخەت ئەلا، مىھرىگۈل قاتارلىقلار ئۇ تەربىيەلىگەن شاگىرتلار-نىڭ ۋەكىلىدۇر. ئۇ مەدەنىيەت - سەنئەت مەكتىپىگە كەلگەن 10 يىلدا 1400 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ لاياقەتلىك تەربىيەلىنىپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. مەكتەپ قىياپىتىنى ياخشىلىدى، كۆزنى چاقناتقۇدەك سەرخىل، رەڭدار، مول نەتىجىلەرنى ياراتتى. گۈزەل، خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇردى.

بۇ يىل 57 ياشقا كىرەي دەپ قالغان ئابدۇرېشىت ئىمىن يۇقىرىقى نەتىجە-لىرىدىن پەخىرلىنىپلا قالماي، سەنئەت ئىشقىدا سايراش، سەنئەت ئۇچۇن يا-شاش ئىشەنچى بىلەن گۈزەل كەلگۈسىگە تېخىمۇ زور ئۈمىد بىلەن قارايدى-كەن.

1999 - يىل، ئىيۇن، ئاقسۇ

**«مۇھەببەت ناخشىسى»، «كونا ــ يېڭى ئىشلار»، «مېداليون»، «گۈزەللىك يۇلتۇزى»، «ئالتۇن يەردە قالمايدۇ» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى ۋە نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن يازغۇچى ئېزىز ساۋۇت پېنسىيەگە چىققان 10 يىلدىن بۇيان يەنە نۇرغۇن ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى يارىتىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سوۋغا قىلدى. ئۇ 40 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويماي، ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا خۇش پۇراق چېچىپ تۇردى.**

# يول بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئاينىيدۇ

يازغۇچى بولماق تەس، يەنە كېلىپ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياج كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ھەم ھۆرمىتىگە ئېرىشكۈدەك يازغۇچى بولۇش تېخىمۇ تەس. 1943 ـ يىلى ئاقسۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان ئېزىز ساۋۇت ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىپ قالغان، 1958 ـ يىلى قەشقەردە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە مەتبۇئاتلاردا ئەسەر ئېلان قىلدۇرغان ئىدى. مانا ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ باش چۆكۈرۈپ ئىزدىنىپ، ھارماي يېزىپ، كىشىلىك دۇنيادا يولنىڭ بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئاينىيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى ھەم مول ھوسۇللۇق، كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى بولۇپ قالدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «مۇھەببەت ناخشىسى»، «كونا ـ يېڭى ئىشلار»، «گۈزەللىك يۇلتۇزى»، «ئالتۇن يەردە قالمايدۇ»، «گاچا قىزنىڭ قەلبى»، «مېداليون» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى، «ئەمىر تۆمۈر كوراگان ھەققىدە قىسسە»، «مەسنەۋى ۋە خارابات»، «دىۋان قارى» قاتارلىق تەرجىمە كىتابلىرى نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (7 ـ قىسىم)، «ئۇيغۇر

خەلق قوشاقلىرى» (7 ـ قىسىم)، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» (7 ـ قىسىم) نى تولپلاپ نەشر قىلدۇردى. ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى نەشر قىلدۇر غان «ئاقسۇ خەلق چۆچەكلىرى»، «ئاقسۇ خەلق قوشاقلىرى ـ مەسەللىرى» نى ئىشلەشكە قاتناشتى.

ئىبرىز ساۋۇت مۇنداق دەيدۇ: قەلەم ھەققى بىلەن تۇرمۇش قامدىغىلى بولمايدۇ. ئەينى يىللاردا، بولۇپمۇ ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىمدە، قىيىنچىلىقىم ناھايىتى ئېغىر ئىدى، قەلەم ھەققى تۆۋەن ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ مەن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش قىزغىنلىقىمنى ئازراقمۇ سۇسلاشتۇرۇپ قويمىدىم. بەلكى، داڭلىق يازغۇچى بولۇشتەك ئۇلۇغۋار ئارزۇنى قەلبىمگە پۈكۈپ، ھارماي ئىزدەندىم، ئۆگەندىم، يازدىم. يازغانلىرى يازغۇم كەلدى، ئىشلىگەنسېرى غەيرىتىم ئاشتى. ئەپسۇسكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمغا سوغۇق سۇ سەپتى. مەن 13 يىل قەلەمنى تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇم. 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلدى. مەن يېڭى ھاياتقا ئېرىشىپ، تېخىمۇ زور ئىلھام بىلەن قەلەمنى قايتىدىن قولۇمغا ئېلىپ، ئىجادىيەت مۇساپەمنى يەنە باشلىۋەتتىم. كېيىنكى چاغلاردا، زېھنىمنى ئاساسەن ھېكايە، پوۋېست، پىروزا ئىجادىيىتىگە كۆپرەك سەرپ قىلدىم. ھازىرغىچە 150 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، توققۇز پوۋېست يېزىپ ئېلان قىلدۇردۇم. بەزى ئەسەرلىرىم كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. كېيىن شەخسىي توپلاملىرىم ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى ۋە ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى تەسىر قوزغىدى. مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، يېزىقچىلىق ئېغىر ئەمگەك، ئۇ ئادەمنى چارچىتىۋېتىدۇ. يازغۇچىدا قاتتىق چىدام، غەيرەت، قىزغىنلىق، ئىلھام، ئىرادە بولمىسا ھېچ نەرسىنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

قىزغىنلىق، چىدام، ئىرادە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى. يازغۇچى ئىبرىز ساۋۇت شۇنچە ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا بۇ خىل روھتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇردى. ئۆگىنىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. تۇرمۇشنى، تەبىئەتنى كۆزەتتى، پىكىر يۈرگۈزدى. تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولدى. ھەر قاتلامدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجىنى تەتقىق قىلدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى

ئامىنىنىڭ ياقتۇرۇشىغا، سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى. 1977 ـ يىلى ئۇ- نىڭ «نۇرغا مەدھىيە» ناملىق نەسرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە) دە ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن «مۇھەببەت ناخشىسى»، «ھەسەل سېتىۋېلىش»، «تۇنجى سەپەر»، «تاۋۇس ئەللەيىن»، «گاچا قىزنىڭ قەلبى»، «ياق، ئۇ پاك قىز»، «سەھرالىق قىز» قاتارلىق ھېكايە ۋە چۆچەكلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ۋىلايەت، ئاپ- تونوم رايون ۋە مەركەزدە چىقىدىغان نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، خەنزۇ ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈلدى ھەم ياخشى ئىنكاس قوزغىدى. ئۇنىڭ بەزى ھېكايە، شېئىرلىرى مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتە نەشر قىلىنغان «سا- ما»، «سېغىنىش»، «سەھەر»، «توي تەنتەنىسى»، «تۆھپە»، «سوۋغات»، «يې- شىل ۋادا»، «ھايات بەيگىسىدە» قاتارلىق خەنزۇچە توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى.

ئېزىز ساۋۇتنىڭ «ئارزۇ بوستانى» دېگەن كىتابىدا يەنە نۇرغۇن شېئىرلىرى بار. «ھاياتلىق يولى»، «مويدىن تۇەنجاڭ»، «ساداقەت» ناملىق پوۋېستلىرى «تارىم»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا نامايان بولدى.

يازغۇچى ئېزىز ساۋۇت ئەدەبىي ئىجادىيەت داۋامىدا، يەنە كىلاسسىك ئە- سەرلەر ئىلمىي تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ھازىرغىچە «خاراباتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا»، «تارىخىي ئەمىنىيە ۋە موللا مۇسا سايرامى توغرى- سىدا»، «شاھنامە ۋە فىردەۋسى»، «شاھنامە»، «ئابدۇللا مەخدۇم»، «ئايۇپ سامساق قوشاقلىرى توغرىسىدا»، «مەلىكە ئامانىساخان توغرىسىدا»، «شائىر نىمشېھىتنىڭ رەسىمنى كۆرۈپ» قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلدۇردى.

ئىجادىيەت ئادەمنى تاۋلايدۇ، مۇۋەپپەقىيەت ئادەمنى ھۆرمەت سۆيگۈسى ھەم شەرەپ مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىدۇ. يازغۇچى ئېزىز ساۋۇت كۆرۈنەرلىك نەتىجە- لىرىگە ئاساسەن، 1979 ـ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆ- بىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. 1982 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى بولدى. 1980 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى شىن-

جاڭ شۆبىسىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلاندى ھەم ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان تۈرلۈك يىغىن ۋە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. «چولپان» ژۇرنىلى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «تارىم» ژۇرنىلى، «ئاقسۇ گېزىتى» ئېزىز ساۋۇتنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنى مەخسۇس تونۇشتۇردى. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى بىر قىسىم يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ماقالە ئېلان قىلىپ، ئېزىز ساۋۇتنىڭ بەزى ئەسەرلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئاتاقلىق ئوبزورچى مەھەممەت پولات ئېزىز ساۋۇتنى «ئۆزگىچە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۇسلۇب ياراتقان يازغۇچى» دەپ ماختىدى ۋە ئۇنىڭ «ئوغۇت تەقسىم قىلىدىغان چاغدا»، «پىداكارلىق»، «چاقماقجان»، «ئىستىقبال» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، «تۇرمۇش ئاساسى پىششىق، تۇرمۇش چىنلىقى قويۇق، ئوبرازلىق، مۇكەممەل ئەسەر» دەپ تەرىپلىدى. ئۇنىڭ «كاككۇك گۈلىنى ئەسلەپ» ناملىق ئەسىرى 1981 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر 30 يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «قوشنىلار» ناملىق ھېكايىسى «شىنجاڭ گېزىتى» تەرىپىدىن 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2003 ـ يىلى «ئايشەمخان» ناملىق راست ئىشلار خاتىرىسى «ئەخمەتجان ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. «ئۆتكەن ئىش كەتكەن ئىش»، «غالجىر بۇقا ۋە شىرىپ تەلۋە»، «ۋاپادار ئىت» قاتارلىق ئەسەرلىرى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. «تاڭغا ئىنتىلىش» ناملىق ھېكايىسى «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «شاھنامە ۋە فىردەۋسى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## ھاياتىنىڭ قىممىتى ھەرىكەتتە

يازغۇچى، ژۇرنالىست ئېزىز ساۋۇت كۆرۈش سېزىمى ئاجىزلاپ كېتىش سەۋەبىدىن، بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن پېنسىيىگە چىققان. بىراق، بۇ 10 يىلدا ئۇ بىكار ياتمىدى، قەلىمىنى تاشلىمىدى. ئىجادىيەتكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ھەر قاي-

سى مەتبۇئاتلاردا يەنە 38 پارچە ھېكايە ئېلان قىلدۇردى.

ئۇ ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا بىر قەدەر بوشلۇق، دەپ قارىلىپ كەلگەن «راست ئىشلار خاتىرىسى» ژانىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا ئىزدىنىپ، ئۆزى كۆرگەن، ئاڭلىغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، ۋەقەلەرنى يېزىپ، «تەڭرىتاغ»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «كىروران»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى ۋە جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، «راست ئىشلار» سەھىپىسىنىڭ رويابقا چىقىشىغا تۆرتكە بولدى. ھازىر ئۇ تارىخىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى، ھايۋاناتلار تۇرمۇشى... قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان ئۈچ توملۇق «راست ئىشلار خاتىرىسى» نى نەشرگە تەييارلىدى (بۇنىڭ كۆپىنچىسى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى).

يازغۇچى ئېزىز ساۋۇت ئۆزۈندىن بېرى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» غا قىزىقىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ جەنۇبتىكى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ 1945 ـ يىلى ئاقسۇدا گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى ۋە شۇ يىللاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى توغرىسىدا «راست ئىشلار خاتىرىسى» يېزىشنى نىيەت قىلدى ھەم بۇ ئارزۇ يولىدا توختىماي ئىزدىنىپ، ھازىرغا قەدەر 100 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت يىغدى، نۇرغۇن ئادەملەرنى زىيارەت قىلدى ۋە يىغقان ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ، تارىخنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتى. نۆۋەتتە، ئۇ ئۈچ توملۇق «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەنۇبىي شىنجاڭ يۆنىلىش پارتىزانلىرىنىڭ ئاقسۇدىكى پائالىيەت رايونىنىڭ ئەسلىملىك خاتىرىسى» ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە. ئۇ يەنە تارىخىي تېمىدىكى «كازاكلار ئاقسۇدا»، «باسىت قارى»، «سۇلتا ئابدۇرېشىتخاننىڭ 12 ـ ئەۋلادى»، «ما جۇڭيىڭغا ئەسكەر بولۇش» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.

بىز بۇ مول ھوسۇللۇق يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت، تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمىز.

## ئېزىز ساۋۇت ۋە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى

ئېزىز ساۋۇتنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى بىلەن «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەرەققىياتى بىر ـ بىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. 1980 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى بىلەن خوشلىشىپ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» غا يۆت-

كەلگەن. دەسلەپتە ئۇ بۇ ژۇرنالدا يالغۇز ئىشلىدى. خىراجەت قىس، شارائىت ناچار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ژۇرنال ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان بولغاچقا، ژۇرنال چىقىرىش، تارقىتىش جەھەتتە ئاز بولمىغان قىيىنچىلىققا يولۇقتى. ئۇ ئۆزىگە يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ژۇرنال باشقۇرۇش سەۋىيەسى، تەھرىرلىك سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ژۇرنالنىڭ ئاممىۋى ئارىسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى. ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى، ئاممىبابلىقى ۋە ساغلاملىقىغا ئەھمىيەت بەردى. ياش ئاپتورلارنى بايقاش، تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ژۇرنال باشقۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىگە ئايلاندۇردى. ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن ژۇرنال چىقىرىش خىزمىتىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، بىرى ئارقىلىق بىرىنى ئىلگىرى سۈردى، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى تولۇقلىدى ۋە كۈچەيتتى. تەھرىرلىك داۋامىدا، ئۆز ئەسەرلىرىگە ئىشلىتىشنى ئويلاپ يۈرگەن ياخشى پىكىر، ياخشى ئوخشىتىشلارنى باشقىلارنىڭ ئەسىرىگە ئىشلەتتى. ئاپتورلار بىلەن قىزغىن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۇلارنى ژۇرنالنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئەسەر يېزىشقا تەشكىللىدى. جايلار بىلەن ئالاقە باغلاش، مۇشتەرى توپلاش، ئېلان چىقىرىش، يىغىن ئېچىش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش قاتارلىق قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيدىغان ئىشلارنىمۇ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى. نۇرغۇن چاغلاردا كېچىلەپ ئىشلىدى. نادىر ئەسەر، سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى ژۇرنالدا كۆپلەپ ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ژۇرنالنىڭ تىراژىنى 2000 دىن 4000 غا يەتكۈزدى. ئادەتتىكى شېئىر، ھېكايىنىلا ئېلان قىلىشتىن، داستان، سېكىل، پوۋېست، رومان، تەرجىمە رومان، كىنو سىنارىيەسى، تېلېۋىزىيە سىنارىيەسى، باللار ئەدەبىياتى، يەرلىك تەزكىرە تەتقىقاتى، خەنزۇ ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدىن تەرجىمىلەر، ناخشا تېكىستلىرى، ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت قاتارلىق كۆپ خىل ژانىر، كۆپ خىل مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا تەرەققىي قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ژۇرنالنىڭ بازىرى چىقىپ، تىراژى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 5000 پارچىگە يەتتى. ژۇرنالنىڭ ئاپتورلار قوشۇنىمۇ يىلمۇ يىل زورايدى. ئەسەرلەرنىڭ سان - سۈپىتىدە ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن ياش ھەۋەسكارلار ژۇرنالدىن ئىبارەت

بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆز تالانتىنى نامايان قىلدى. ئېزىز ساۋۇت رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ژۇرنالنى ئەسلىدىكى 80 بەتتىن 112 بەتكە ئۆزگەرتتى ھەم سەھىپىلەرنى كۆپلەپ ئېچىپ، ئاقسۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى. كېيىنچە ئاپتونوم رايون بۇ ژۇرنالنى ئاشكارا تارقىتىشقا رۇخسەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ژۇرنالنىڭ تارقىلىش دائىرىسى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىلدى. ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ھېكايە، شېئىرلار «تارىم» ژۇرنىلىغا كۆچۈرۈپ بېسىلدى. ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلەرگە قارىتا 16 پارچە ئوبزور يېزىلىپ، ئەسەر ۋە ژۇرنالغا يۇقىرى باھا بېرىلدى.

ئېزىز ساۋۇت «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك سالاھىيىتى بىلەن كىلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. تەھرىر بۆلۈمىدىكى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئاقسۇدىن چىققان سەككىز نەپەر كىلاسسىك شائىر، ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى قېزىپ چىقتى ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ۋاقتىدا يۈز كۆرۈشتۈردى.

ئېزىز ساۋۇت خىراجەت قىسىلىشىپ، ژۇرنال توختاپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، رەھبەرلىك ۋە كەڭ ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ژۇرنالنىڭ نورمال نەشر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا سادىق بولدى. يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ھەرخىل ئۇسلۇب ۋە ئېقىم خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلدى ھەم ئاپتورلارنى يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇنىڭ مەدەت ۋە ئىلھام بېرىشى بىلەن ئابباس مونىياز، زاھىر ئابدۇراخمان، جېلىل خېلىل، مۇقارىپ يەھيا، باھارگۈل ساۋۇت قاتارلىق ياش يازغۇچى، شائىرلار يېتىشىپ چىقتى. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ژۇرناللار ئىچىدە نوپۇزى، تەسىرى بار ژۇرنالغا ئايلاندى.

2005 - يىل سېنتەبىر، ئاقسۇ

**ھەممە ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا، بىراق بەزىدە كىچىككىنە بىر ئىش، ھەتتا بىر ئېغىز سۆزمۇ بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. ئاتاقلىق پېداگوگ، دىراماتورگ ئىمىن راشىدىنىنىڭ بىر ئېغىز گېپى ئابباس مونىيازنىڭ ھېكايىچىلىقنى تاللىشىغا سەۋەب بولمىغان بولسا، بەلكى ئۇ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ قىلىپ بېقىپ ھېچ نەرسىنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغان بولاتتى. چىدام، غەيرەت ئاخىرى ئۇنى ئۆزى ئويلىغان پەللىگە ئېلىپ چىقتى.**

# ئابباس مونىيازنىڭ يازغۇچى بولۇشى

بىر كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن توختىماي ئىزدىنىشكە، جاپالىق قان - تەر ئاققۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئابباس مونىياز دەل شۇنداق قىلدى. ئۇ چىدام، غەيرەتنى ئۆزىگە دوست تۇتۇپ، يازغۇچى بولۇشتەك ئۇلۇغ ئارزۇ يولىدا بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلىدى ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىيات گۈلزارلىقىغا خۇش پۇراق گۈللەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنغان «رازى بولغىن رازىيە»، «ئازماس ئېزىتقۇلار»، «خاراباتى»، «ئاخىرقى ئوۋ» قاتارلىق كىتابلىرى ئابباس مونىيازنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى تالانتى ۋە قەيسەر روھىنى نامايان قىلىپ بەردى. ئۇ ھازىر ئاردمىزدىكى مول ھوسۇللۇق، ئىستېداتلىق ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئابباس مونىياز مۇنداق دەيدۇ: ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىم ئىچىدە ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكىنى ۋە مېنى ئەڭ كۆپ شان - شەرەپكە ئېرىشتۈرگىنى «ئاخىرقى ئوۋ» رومانىم بىلەن «كۆيلەر كۆزى» ناملىق پوۋېستىم بولدى. مۇشۇ ئىككى پارچە ئەسەرنى مەركەز قىلغان 12 پارچە ئەسىرىم «ئالتۇن توي مۇكاپاتى»، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ «بەش بىر قۇرۇلۇش» بويىچە «مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

يازغۇچى بولۇش يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك، دېڭىزدىن ئالتۇن سۈز-

گەندەك ئىش. ئۇنداقتا ئابباس مونىياز قانداق قىلىپ يازغۇچى بولالىدى؟ قانداق سەۋەب، قانداق كۈچ ئۇنى بۇ ساھەگە باشلاپ كىردى؟

بۇ ھەقتە ئابباس مونىياز مۇنداق دەيدۇ: مەن بالىلىقىمدىن باشلاپلا ناھايىتى خىيالچان ئىدىم. ئۆيىمىز مەھەللىنىڭ چېتىدە ئىدى. مەن ئوغۇللارنىڭ چوڭى بولغانلىقىم ئۈچۈن ھەمىشە ئۆيدە يالغۇز قېلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. ئىنىمنى ئاپام ئېتىزغا ئېلىپ كېتەتتى. مەكتەپتىن كەلگەن چاغدا ئىشىك دائىم قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. مەن ئۆيگە كىرىپ يالغۇز ئوينايتتىم، ئاشقا تەييارلىق قىلاتتىم، ئوتۇن تېرەتتىم، سۇ ئەكېلەتتىم، ھويلا - ئارامنى بېسىقتۇراتتىم. كۆپ ھاللاردا ئاپام، دادام يېرىم كېچىدە قايتىپ كېلەتتى. مەن شۇلار قايتىپ كەلگۈچە جىن چىراغنى يورۇتۇپ قويۇپ قورقۇنچ ئىچىدە ئولتۇراتتىم. تۈرلۈك قورقۇنچلۇق خىياللار مېنى ۋەھىمىگە سالاتتى. جىن، ئالۋاستى... كاللامغا كىرىۋېلىپ، ئارامىمنى قويمايتتى. يەنە بىردىنلا جىن، ئالۋاستىدىن قورقمايدىغان قانداقتۇر بىر پالۋان كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. مۇشۇنداق غايىۋانە قەھرىمانىنى ئويلىغانچە قورقۇنچىم بېسىقاتتى. بەزىدە يولۇچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى، قويلارنىڭ مەرەشلىرىنى، پادىچىلارنىڭ چۇقانلىرىنى، ئۆستەڭ سۈيىنىڭ شىلدىرلاشلىرىنى... ئاڭلاپ ئولتۇراتتىم ھەم مۇشۇ ئاۋازلارنىڭ توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. شۇندىلا كۆڭلۈم ئارام تاپاتتى. قورقۇنچىم بېسىقاتتى... يالغۇزلۇق مېنى تۈرلۈك خىياللارغا ئەسىر قىلاتتى. قەلبىمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئەدەبىيات ئىستىكى يېتىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاچ ئەدەبىياتقا بولغان قىزغىنلىقىمنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى ئىكەنلىكى ئۆزۈمگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئايان بولدى. ئەدەبىيات دەرسىدە ئالاھىدە ياخشى بولغاندىن باشقا، ئۆزۈمچە بەزى تەقلىدىي ئەسەرلەرنىمۇ يازغان ئىدىم. تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا «غۇنچەم» دىرامىسىغا تەقلىد قىلىپ «نۇرنىسا» دېگەن دىرامىنى، «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» ۋە «ماغدۇر كەتكەندە» دېگەن فىلىم ۋە ھېكايىگە تەقلىد قىلىپ چىن ۋەقە ئاساس قىلىنغان «ئانام» ناملىق ھېكايىنى يېزىپ چىقتىم. بىر قىسىم شېئىرلارنىمۇ يازدىم. دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىم مېنى ماختاپ تۇراتتى. ساۋاقداشلىرىم «ئىجادىيەت توپلىمى» ئاتالغان دەپتىرىمنى بەس - بەستە كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بىكار ۋاراقلىرىغا «كەلگۈسىدىكى

يازغۇچى دوستۇمغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن»... دېگەندەك بېغىشلىمىلارنى يې-
زىشاتتى. مۇشۇ قىزغىنلىق ئاساسىدا، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىششتا تەبى-
ئىي ھالدىلا ئىجتىمائىي پەن ۋە ئەدەبىيات كەسپىنى تاللىدىم.

ئالىي مەكتەپ ھاياتىم مېنى ئەدەبىياتقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. نۇر مۇھەم-
مەت توختى، ئابدۇللا سۇلايمان، مامۇت زايىت قاتارلىق داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ
ئەتراپىمدا بولۇشى ئەدەبىياتقا بولغان قىزغىنلىقىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردىمۇ بىر قىسىم مەشىق ئەسەرلەرنى يازدىم.
«ھەسرەت» ناملىق ھېكايەم ساۋاقداشلىرىم قولدىن ـ قولغا ئېلىپ، كۆچۈرۈپ
ئوقۇيدىغان مۇھەببەت ھېكايىسى بولۇپ قالدى. ساۋاقداشلىرىم مېنى «كەلگۈ-
سىدىكى يازغۇچى» دېيىشتى.

1985 ـ يىلى «بۇرچ» ناملىق تۇنجى ھېكايەم ئاشكارا مەتبۇئات ھېسابلىنى-
دىغان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى (بۇنىڭدىن ئاۋۋال مەكتەپ
گېزىتىدە خېلى كۆپ ھېكايە، ئوچېرىكلىرىم ئېلان قىلىنغانىدى). «بۇرچ» نام-
لىق تۇنجى ھېكايەم ئېلان قىلىنغان شۇ چاغدا ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. خۇشلۇ-
قۇمدىن ھەتتا بىرقانچە كېچە ئۇيقۇممۇ كەلمىدى. ئۆزۈمنى ئەدەبىياتتىن ئىبارەت
بۇ ئۇزاق يولنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقاندەك، ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ دەرۋازى-
سى ماڭا ئۇلۇغ ئوچۇقتەك بىلىندى... شۇ ۋاقىتتىكى ھاياجىنىمنى، ساۋاقداش،
ئۇستازلىرىمنىڭ ماختاشلىرىنى مەڭگۇ ئۇنتۇيالمايمەن.

تۇنجى ھېكايەم ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتىن ئېتىبارەن، ئۆزۈمدە ھەقىقىي بىر
ئەدەبىي «خېمىرتۇرۇچ» بارلىقىنى ھېس قىلدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا، خوتەن
پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا ئىمىن راشىدىن ئىسىملىك بىر پېشقەدەم پېدا-
گوگ ۋە شائىر بار ئىدى. ئۇ كىشى ماڭا: «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن قى-
زىقىشنىڭ دائىرىسىنى تارايتىش لازىم» دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆزنى ھەدىيە
قىلغان ئىدى. شۇ سۆزنىڭ تەسىرىدىنمىكىن ياكى ئۆزۈمنىڭ قىزىقىشىدىنمى-
كىن، تەبىئىي ھالدىلا ھېكايە ژانىرىنى تاللاپ قالدىم ۋە بۈگۈنگىچە مۇشۇ
ژانىرنىڭ پېشگە مەھكەم ئېسىلىپ كېلىۋاتىمەن.

ئىرىشىپ ـ ئىرمىشىپ يۈرۈپ، بۈگۈنگە قەدەر تۆت پارچە ئەدەبىي توپلام
ۋە بىر پارچە ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا ئائىت كىتاب نەشر قىلدۇرۇپتىمەن. يەنە

بىر پارچە توپلام نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

## ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقنىمۇ، ئىجادىيەتنىمۇ تاشلىمىدى

ئابباس مونىياز تۇركىقان 1966 - يىلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئېگەرچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1986 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. ئۇ هازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئوقۇتقۇچىلىق جاپالىق كەسىپ. ئۇنىڭ جاپالىق بولۇشى مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىر بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى قېلىپلاشقان تەكرار ئەمگەكنىڭ، پىلانسىز ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ يەلكىسىدە چۆرگىلەپ يۈرگەنلىكىدە. ئەدەبىي ئىجادىيەت زور دەرىجىدە ئەركىن تەپەككۇرنى، چەكلىمىسىز خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشنى، قىسقىسى، ئەركىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئابباس مونىياز مۇنداق دېدى: خىزمىتىم بىلەن ئىجادىيىتىم كەسكىن توقۇنۇشتى. خىزمەت ماڭا نان بېرىدىغان مەسئۇلىيەت، ئىجادىيەت ئۆزۈمنى ئىپادىلەيدىغان، ئۆزۈم قىزىقىدىغان ۋىجدانىي مەجبۇرىيەت. مەن بۇ ئىككىسىدىن ئالدى بىلەن خىزمەتنى ئويلىدىم، ئاندىن ئىجادىيەت قىلىشنى نىيەت قىلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، خىزمەت بىلەن ئىجادىيەت ۋاقتىنىڭ چەك - چېگراسىنى ئايرىۋەتتىم. نورمال ئىش ۋاقتىدا ئىجادىيەت ھەققىدە ئويلىمايدىغان، ئارام ئېلىشتا خىزمەتنىڭ خىيالىنى قىلمايدىغان، ئەكسىچە ئىجادىيەت قىلىدىغان بىر خىل تەرتىپنى بېكىتىپ چىقتىم. مەن «ھېكايە يازىدىغان ناچار ئوقۇتقۇچى»، «دەرس ئۆتۈشكە يارىمايدىغان يازغۇچى» دېگەن ئاتاقلارنى ئاڭلاشنى خالىمايتتىم. شۇڭا، خىزمەتنىمۇ بېرىلىپ ئىشلىدىم، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈشكە كۆپ ئەھمىيەت بەردىم. ھەر يىلى ئىككىدىن ئوقۇغۇچىنى نۇقتىلىق يېتەكلىدىم.

ئابباس مونىياز خىزمەتنى ھەقىقەتەن تىرىشىپ ئىشلىدى. ئۆز مەسئۇلىيىتى-

نى تولۇق ئادا قىلىپ كەلدى. مەكتەپ بويىچە كۆپ قېتىم ئۈلگىلىك ئوقۇتقۇچى، ئۈلگىلىك ئوچۇق دەرس ئۆتۈپ، ناھايىتى ياخشى باھالارغا ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە ئىككى قېتىم، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قېتىم ئۈلگىلىك ئوچۇق دەرس ئۆتۈپ، «ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى»، «ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگىلىك ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇتقۇچىسى» قاتارلىق شان - شەرەپلەرگە ئېرىشتى. مەكتەپ بويىچە كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر ئىككىنچى دەرسخانا يېتەكچىسى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. 2002 - يىلى «ئالىي ئوقۇتقۇچى» لىق ئۇنۋانى ئالدى، 2004 - يىلى «تايانچ ئوقۇتقۇچى» لىق ئۇرنىغا ئېرىشتى ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا ئائىت بىر پارچە كىتاب نەشر قىلدۇردى.

## «ئاخىرقى ئوۋ» ئاخىرقى ئەسەر ئەمەس

ئاببا مونىياز مۇنداق دېدى: «ئاخىرقى ئوۋ» مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەسىرىم، شۇنداقلا جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان، رادىيولاردا ئاڭلىتىلغان، كۆپ مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ دەسلەپكى دېتالى ئۇستاز يازغۇچى ئېزىز ساۋۇت ئاكا بىلەن بولغان كۆپ قېتىملىق سۆھبىتىمىزدىن تۇغۇلغانىدى. ئېزىز ئاكىنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشىغا ئائىت چۈشەنچىسى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، باللىق خاتىرەمدە قالغان ۋە سۇسلىشىپ كەتكەن ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ھەققىدىكى چۈشەنچەمنى نەق مۇشۇ ئاكىمىزنىڭ سۆھبىتى تولۇقلىدى. باللىقىمدا ئۆزۈم كۆرگەن ئوۋچىلار كۆز ئالدىمدا قايتا جانلاندى. يەنە شۇ باللىقىمدا كۆرگەن نورۇز، بەزمە - مەشرەپ، بەيگە - مۇسابىقىلەر... ئوۋچىلار ھەققىدىكى چۈشەنچەمنى يەنىمۇ بېيىتتى. ئاخىرى بېرىپ، ئوۋچىلىق ۋە سەھرا تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان بۇ ئەسەرنى مەن 1999 - ، 2000 - يىللاردا يېزىپ تاماملىدىم. بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتىم: تالىپ بىلەن چولپاندىن ئىبارەت ئىككى پېرسوناژنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى، ئوۋچى خاراكتېرىدىكى ئىپادىلەنگەن مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك روھىي جەريانلار ئارقىلىق، ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتى، ئادەملەر بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى، بۇ ئىككى كۈچنىڭ بىر -

بىرىنى جازالىشى... قاتارلىقلارنى يورۇتماقچى ئىدىم. ئەسەر ئېلان قىلىنىپلا نا-ھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىدى. بۇ ئەسەر «تارىم ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» ۋە «ئالتۇن توي مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. رادىيودا ئاڭلىتىلغاندىن كېيىن، بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرى تېخىمۇ زور بولدى. تونۇلۇك باھا ۋە پىكىرلەرگە قاراپ، يېزىش مۇددىئايىمغا يېتىپتىمەن، دەپ ئويلىدىم. مەن مېنى تونۇلۇك ئۇ-چۇر، مەسلىھەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرغان ئۇستاز، ھۆرمەتلىك ئېزىز سا-ۋۇت ئاكىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن!

ھازىر قولۇمدا يېزىۋاتقان مەخسۇس ئەسەر يوق. شارائىت يار بەرسە، بىر پارچە ماقالىلەر توپلىمى ۋە بىر پارچە ھېكايىلەر توپلىمى چىقىرىش ئويۇم بار. بۇنىڭ نەتىجىسى، كېيىنكى ئىمكانىيەتلەرگە باغلىق... ھازىر مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ۋاقىت.

خىزمەتتىن باشقا، تونۇلۇك ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، توي - تۆكۈن، چاي، دوستلار ئۇچرىشىشى... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاقىت كېتىدۇ. بەزىدە بەك چارچاپ كېتىمەن. تېخى يېقىندىلا ئېچكى موگۇغۇلغا بېرىپ كەلدىم. ۋاقىت تېز ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، ماڭا ئىلھام بېرىۋاتقان خەلقىم ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ سۆيەتلىك مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى سوۋغا قىلىشقا تىرىشىمەن.

2005 - يىل نويابىر، ئاقسۇ

# شېئىرىيەتتىن باشلانغان قەدەم

بەزىلەرچە پۇل خۇدادىن كەم ئەمەسكەن،
پۇلسىز كىشى مۇردا ئىكەن، جان ئەمەسكەن.
مەنچە پۇلدا قەدىر - قىممەت ئۆلچىگەنىنىڭ،
تومۇرىدا ئاققىنى لاي، قان ئەمەسكەن.

تۇخۇم بەرمەس توخۇ تىنماي ژۇكۇلدايدۇ،
يەرنى تىلغاپ ھېچ توختىماي سوكۇلدايدۇ.
قىرمىمىزغا كېرەك ئەمەس تىرىكتاپلار،
چۈنكى ئۇلار ئىسكىلاتنى قۇرۇقدايدۇ.

مانا بۇ شائىر ئىبراھىم ئىزاقىنىڭ ئەل ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن، پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرگە تويۇنغان رۇبائىيلىرىنىڭ بىر قىسمى. ھازىرغىچە ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئۆتكۈر پىكىرلىك شېئىردىن 250 نەچچە پارچە ئېلان قىلدى. بىر تۈركۈم شېئىرلىرى «غۇنچە»، «سۆيگۈ»، «توي تەنتەنىسى»، «مەيىن سابا» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. 1985 - يىلى ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللانىڭ پارلاق ھاياتىغا بېغىشلاپ يازغان «قەشقەر قۇياشى» ناملىق 5000 مىسرالىق يىرىك داستانى رويابقا چىقتى. بۇ داستانىنىڭ 8 - بابى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نىڭ 1986 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنىشى بىلەن تەڭ، جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىدى. 2006 - يىلى ئۇ «كۆكۈل كۈيلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تەييارلىدى.

1950 - يىل 6 - ئايدا كەلپىن ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەن ئىبراھىم ئىزاقى

ياش چاغلىرىدا نۇرغۇن ئەگىر ـ توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە 12 يىل يېزىغا چۈشۈپ قايتا تەربىيە ئالدى. ئۇنىڭ باشقىلاردەك سېھىرلىك چۆچەك، رىۋايەت سۆزلەپ بېرىدىغان بوۋىسى ياكى مومىسى يوق ئىدى. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ياخشى ئوقۇغان ئىبراھىم ئىزاقى رېئاللىق توقمىقىنىڭ روھىيەت دۇمبىقىغا ئۈزلۈكسىز سوقۇلۇشىدىن پەيدا بولغان ئەكس سادانىڭ تۈرتكىسىدە ئەدەبىياتقا قىزىقىپ قالدى ھەم قولىغا قەلەم ئېلىپ قەلبىدىكى يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ئازابلىرى، شادلىقىنى يېزىشقا باشلىدى. ئۇنىڭمۇ باشقىلاردەك ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغۇسى، ئىلىم ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغۇسى بار ئىدى. بىراق، بۇ ئىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. ھاياتقا بولغان چەكسىز مۇھەببەت، تەبىئەتكە بولغان قايناق سۆيگۈ، كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىش تۇيغۇسى مەرىپەت قىزغىنلىقى بىلەن بىرلىشىپ ئۇنىڭ غۇبارسىز قەلبىدە ئىزگۈ غايىلەرنى پەيدا قىلاتتى. بىلىم بۇلىقى ھېسابلىنىدىغان كىتاب ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداشى ئىدى. بولۇپمۇ، تىلى پاساھەتلىك، مەزمۇنى چوڭقۇر، خاھىشى روشەن كىتابلار ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببىتىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتتى. نەۋايى، مەشرەپ، زەلىلىي قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ گۈزەل، تاتلىق غەزەللىرى، تېيىپجان ئېلىيوف، نىمشېھىت، ئەھمەد زىيائى قاتارلىق بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلىرى ئۇنى ھۇزۇرلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇ ياخشى شېئىرلارنى خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋالاتتى. بېيىت ـ قوشاقلارنى يادلايتتى. كېيىنچە ئۇ ئىجادىيلىقتىن خالىي بىر قىسىم تەقلىدىي شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت ھاياتى ئۈچۈن روھىنى تاۋلاش، قەلىمىنى پىشۇرۇش مەزگىلى بولدى. بىراق ياخشى كۈن ئۇزاققا بارمىدى. قايتا تەربىيە ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە كەلگەندە ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قەلىمىدىن ئايرىلىپ قالدى. مەنىۋى جەھەتتىن نامراتلىشىپ، خۇددى بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئوخشاپ قالدى. تېخىمۇ يامىنى ئۇ «سېھىق زىيالىي» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، كۈرەش ـ پىپەنىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. بىراق ئۇ ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىدىن، ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەسىدىن، گۈزەل تاڭغا بولغان ئۈمىدىدىن ۋاز كەچمىدى. چوڭ بولغاندا داڭلىق

ئەدىب بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئىرادىسىدىن قىلچىمۇ تەۋرىنىپ قالمىدى. 1978 ـ يىلى قارا بوران تارقاپ، ئۇ زارىقىپ كۈتكەن گۈزەل تاڭ ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ هاياتلىق باهارىنىڭ يېڭى مەنزىلى باشلاندى. 1978 ـ يىلى ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇنىڭ قەلبى هاياجانغا تولدى. يۈرىكىدىكى ئەدەبىيات ئارمىنى قايتىدىن كۆچەيدى. 1980 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۇ ئىجادىيەت هاياتىنى رەسمىي باشلىدى هەم شېئىرىيەتنى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى قىلىپ تاللىۋالدى. ئۇ چوڭقۇر پىكىرلىك غەزەل، رۇبائىيلارنى كۆپلەپ يېزىپ، ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈندى. ئۆزىنىڭ بەدىئىي دىتى ۋە تالانتىنى پەيدىنپەي ئاشكارىلاپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى.

بىلىم ئىبراهىم ئىزاقىنىڭ تەپەككۇرىنى ئاچتى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ 1983 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىندى. 1986 ـ يىلى مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىغا ئالمىشىپ، تىل ـ يېزىق خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. هازىرغىچە شۇ ئورۇندا خىزمەت قىلماقتا.

ئەدەبىيات يولى ئۇزاق يول. بۇ يولدا مېڭىشنى ئويلىغان كىشى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى تۇتۇپ كۆرۈشى، ساپا سالمىقىنى دەڭسەپ بېقىشى، ئۆزىنىڭ قولىدىن قانداق ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈشى كېرەك. بولمىسا، بىكار مېهنەت چېكىپ هايات ئېتىزى ئاق قالىدۇ. ئىبراهىم ئىزاقى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يۈرىكىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىققا، كونكرېت ئېيتقاندا، ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ ئىلمىنىڭ ئىچىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە، يەنى ئەدەبىي ئوبزورچىلىققا بەكرەك سوقىدىغانلىقىنى هېس قىلدى هەم بۇ يولدا ئېرىنمەي، زېرىكمەي ئىزدەندى.

ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىلمىنىڭ مۇهىم تەركىبىي قىسمى. ئىبراهىم ئىزاقىنىڭ بۇ ساهەنى تاللىۋېلىشىغا ئۇنىڭ كۈچلۈك خاراكتېرى ۋە ئەدەبىياتنىڭ هازىرقى ئەهۋالى سەۋەب بولغان. ئۇنىڭدا نېمىنى ئويلىغان بولسا شۇنى دەيدىغان، بىر ئىشقا تۇتۇش قىلسا شۇنى باشقا ئېلىپ چىقمىغۇچە

بولدى قىلمايدىغان مىجەز بار. يەنە بىر جەھەتتىن، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىدىكى مەسىلىلەر ئۇنى ئوبزورچىلىق كوچىـ سىغا كىرىشكە ئۈندىگەن. بىراق ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئۆمۈرلۈك مۇھەببەت قىـ لىپ تاللىغان ھەرقانداق كىشى ھوقۇق، ئىمتىياز ۋە نام ـ مەنپەئەتتىن ۋاز كېـ چىشى، مول، ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ئەدەبىي تەنقىدچى مۇتەپپەككۇر بولۇشى، كىشىنى قايىل قىلغۇدەك تەتقىقات سەنئىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئىبراھىم ئىزاقى مانا مۇشۇ يولدا ئىزدەندى. مۇشۇ نىشان ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇ ئۆز خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئەدەـ بىياتقا دائىر بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىدى. غەرب پەلسەپىسىنى، ئىسلام پەلسەپىـ سىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئېنگېلسنىڭ «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تولۇق ئۆزلەشتۈردى. كېچە ـ كېچىلەپ كىـ تاب كۆردى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئەزەلدىنلا ئاجىز ساھە بولۇپ، ئەـ دەبىي ئىجادىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتاتتى. نەزەرىيە تەتقىقاتىدىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەش يوق ئىدى. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەرۋەقە بىر ئەۋلاد قابىل تەتقىقاتچى، ئوبزورچىلارغا موھتاج ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، نەزەرىيە ساھەسىدە ھەل قىلىنماي تاشلىنىپ قالغان بىر قىسىم ئەدەبىيات مەـ سىلىلىرى ۋە ئەدەبىيات ھادىسىلىرى بار ئىدى. بۇلار ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە تېخى «ئېچىلمىغان بوز» لارنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتـ تى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن، ئىبراھىم ئىزاقى قەلەم تۇلپارىنى ئەدەبىي ئوبزورـ چىلىق ۋادىسىدا چاپتۇرۇشقا باشلىدى.

مېۋە ئەجىردىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ «ياخشى يېزىلغان ئۈچ غەزەل» ناملىق تۇنجى ئوبزورى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نىڭ 1980 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىدى. ئىبراھىم ئىزاقى بارا ـ بارا ئىلـ مىيلىكى كۈچلۈك، تەتقىقات خاراكتېرى روشەن ماقالە ـ ئوبزورلارنى يېزىشقا كىرىشتى. دىققىتىنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىـ ۋەتلىك ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ۋە نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈردى. ھەممىگە ئايانكى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىكىـ دە «گۇڭگا شېئىر» دېگەن بىر «يېڭى شېئىرىيەت» ئېقىمى پەيدا بولۇپ، ئەنئەـ

نىۋى شېئىرىيىتىمىزگە خىرىس قىلدى. جەمئىيەتتە نۇرغۇن بەس - مۇنازىرە قوزغالدى. ئىبراھىم ئىزاقى كۆچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلاندى ھەم قولىغا قەلەم ئېلىپ «شېئىر ۋە بەزى ‹شېئىر› لار توغ- رىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالە يېزىپ، ئاتالمىش «يېڭى شېئىرىيەت» نىڭ ماھ- ىيىتىنى ئىلمىي يوسۇندا ئېچىپ تاشلىدى. بۇ ماقالە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغاندا، جەمئىيەتتە كۆچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. ئەدەبىي جامائەتچىلىك ئىچىدىكى غۇلغۇلا نەچچە ئاي داۋاملاشتى. «تارىم» ژۇرنىلى شۇ يىللىق سانلىرىدا «ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا» ناملىق مەخ- سۇس سەھىپە ئېچىپ، «گۇڭگا شېئىر» لار ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان پىكىر ۋە قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماقالە - ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. بۇ مەزگىل- دە ئەدەبىي تەتقىدچىلىك ساھەسىدە ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن قىزغىن مۇنازىرە، يېڭى، جانلىق كەيپىيات بارلىققا كەلدى. ئەمما «گۇڭگا شېئىر» لار ۋاقىتنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. خەلق بۇ خىل شېئىرنى قوبۇل قىل- مىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «گۇڭگا شېئىر» لار گېزىت - ژۇرناللاردا كۆزگە چېلىقماس بولۇپ كەتتى. ئىبراھىم ئىزاقى «گۇڭگا شېئىر» لار ھەققىد- ىكى بەس - مۇنازىرە داۋامىدا ئۆز پىكرىدە قەتئىي چىڭ تۇردى. نۇرغۇن قارشىلىقلارغا، ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرىدى. ئاخىرىدا ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ ئۆزى تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھاياجانلاندى، ھاردۇقى چىققاندەك يەڭگىللەپ قالدى. ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يارىتالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ كۆچەيدى، ئەقىدىسى چىڭىدى، يۈرىكى تېخىمۇ كۆچ- لۈك سوقۇشقا باشلىدى.

رېئالىزملىق روھ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپلا ھەربىر ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە شەكىللەنگەن. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي روھىمۇ ئەسلىدە رېئالىزم روھى. ئەمما، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش دولقۇنى كۆچەيگەنسېر- ى غەرب ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم ئەدەبىي ئېقىملار، جۈملىدىن غەرب مۇدېر- نىزم ئەدەبىيات ئېقىملىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا كۆرۈلگەن بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىش نە- زەرىيە ساھەسىدە خېلى كۆپ داۋالغۇش پەيدا قىلدى. نەزەرىيە ساھەسىدىكى-

لەرنىڭ قەلبىدە ئەنئەنىۋى ئەدەبىي ئېقىم بولغان رېئالىزمغا سەل قارايدىغان خا-
ھىش كۆرۈلدى. ئىبراھىم ئىزاقى بارلىق ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ گۈل تاجى بولغان
رېئالىزمنىڭ نوپۇزىنى قوغداش ۋە رېئالىزمنىڭ نەزەرىيەۋى ئالاھىدىلىكىنى قاي-
تا نامايان قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدى ھەم قولىغا
قەلەم ئېلىپ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 9 - سانىدا ئۆتكۈر پىكىر-
لىك ماقالىسى — «يېڭى رېئالىزم خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلدى. ماقالىدە يېڭى
ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ توغرا، ئەڭ داغدام يولى رېئالىزم يولى
ئىكەنلىكى، پەقەت يېڭى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ
بارغاندىلا غەلىبە قىلغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پىكىر ۋە ئىدىيە ئالغا سۈ-
رۈلگەن. ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە زور تەسىر پەيدا قىلدى.
كەڭ ئوقۇرمەنلەر، بولۇپمۇ ئەدەبىيات، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر ئىبراھىم ئىزا-
قىنىڭ تالانتىغا قايىل بولدى. «ئاقسۇ گېزىتى» مەخسۇس مۇشۇ ماقالە توغرى-
سىدا ئىبراھىم ئىزاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەم سۆھبەت خاتىرىسىنى
گېزىتتە ئېلان قىلدى. 2006 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مە-
دەنىيەت بوستانى» پىروگراممىسى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ھەققىدە
سۆھبەت ئۇيۇشتۇرغاندا ئىبراھىم ئىزاقىنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىكى ساھەسىدىكى «10 مۇنەۋۋەر ئوبزورچى» قاتارىدا ئالاھىدە تىلغا
ئالدى.

بىرەر ئەدىب بىر ئۆمۈر ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بىرەر ئەسە-
رى ھەققىدە ياكى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ھاياتى ھەققىدە بىرەر ئىنكاس ئاڭلىمىسا،
ئۇ ئەدىب ئۆزىنى مەغلۇبىيەتچى قەلەمكەش دەپ ھېسابلىسا بولىدۇ. مۇشۇ نۇق-
تىدىن ئېيتقاندا، ئىبراھىم ئىزاقى ئەدەبىي ئوبزورچىلىق گۈلشەنىدە غەلىبە قازان-
غۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ماقالە - ئوبزورلىرى ھەققىدە
ئوخشاش بولمىغان قاراشتىكى 12 پارچە ئوبزور ئېلان قىلىندى. ئۇ مۇشۇ سا-
ھەدىكى «قىزىق نۇقتىلىق شەخس» نىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدۇ، تەپەككۇر ئىشلىگەنسېرى پەرۋاز قىلىدۇ. ئىبرا-
ھىم ئىزاقى 20 نەچچە يىل جەريانىدا 100 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە - ئوبزور
يازدى. بۇنىڭدىن 50 پارچىسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ ئۆزى

يېزىپ چىققان ماقالە ـ ئوبزورلىرىنى رەتلەپ «ھايات ۋە ئەدەبىيات»، «سەھەردىكى سۆھبەتلەر»، «ئاروز ئىلمى توغرىسىدا» قاتارلىق توپلاملارنى تۈزدى. يەنە پەلسەپۋى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مېۋىسى، ئىجتىمائىي بىلىملىرىنىڭ جۇغلانمىسى بولغان «ئالەم ۋە ئادەم» (پەلسەپۋى ئەسەر)، «كېپەك ئالتۇن» (ئەقىل دۇردانىلىرى)، «ئۇيغۇر ئەينىكى» (ئەدەبىي خاتىرىلەر) قاتارلىق كىتابلارنى يازدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئەدەبىياتقا دائىر ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى يىغىپ، مەزمۇنى بويىچە رەتلەپ «بەدىئىي تەپەككۇر جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابنى تۈزدى. بىراق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن بۇ ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرالمىدى.

توغرا بېسىلغان قەدەمدىن گۈل ئۈنىدۇ. ئىبراھىم ئىزاقى ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا قەدەمنى توغرا بېسىشقا، توغرا يولدا مېڭىشقا، تەجرىبە يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بەردى. ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئىزچىل تۈردە ئىلمىي بولۇش، ئوبيېكتىپ بولۇش، كونكرېت بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۆزىگە خاس تەنقىد ئىپىكى، تەنقىد تەپەككۇرى، تەنقىد مېتودى ۋە ئۇسلۇبى شەكىللەندۇردى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە پەقەت ئۆزىگىلا ئوخشاش، لېكىن ھەرگىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاپ قالماسلىقنى گەۋدىلەندۇردى. ئۆزىنىڭ خاسلىقى ۋە تەبىئىتى بويىچە يېزىقچىلىق قىلدى. ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئاقسۇدا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر شائىر بىر كۈنى ئىبراھىم ئىزاقىنى ئىزدەپ كېلىپ «سىز بېلىنىسكىي، مەن پۇشكىن، بېلىنىسكىي بار تۇرۇقلۇق پۇشكىن كۆمۈلۈپ قالسا بولمايدۇ، مېنى چاقنىتىپ ئەلگە تونۇتۇڭ» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىبراھىم ئىزاقى كەسكىن رەۋىشتە: «سىز پۇشكىن بولسىڭىز بولۇۋېرىڭ، لېكىن مېنىڭ بېلىنىسكىي بولغۇم يوق، مەن ئۈچۈن ئۆز تەبىئىتىمنى ساقلاپ ياشاش ئەڭ چوڭ بەختتۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى «شائىر» قىزىرىپ ـ تاتىرىپ كېتىپ قالىدۇ.

بىر ئەدىبنى ئەلگە تونۇتىدىغىنى شۇ ئەدىبنىڭ تۆھپىسى، تەسىرى ۋە پەزىلىتىدۇر. ئىبراھىم ئىزاقى ئىزچىل كەمتەر، كىچىك پېئىل، پەزىلەتلىك بولۇشنى ئۆزىنىڭ ياشاش مىزانى قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈرەك قېنى سىڭگەن شېئىر، ئوبزورلىرى ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى نۇرلاندۇردى، ئۇنىڭغا شەرەپ ۋە ھۆر-

مەت ئاتا قىلدى. 1992 ـ يىلى ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى «جۇڭگو خەلق ئىچىدىكى مەشھۇر زاتلار ئىسىملىكى» گە كىرگۈزۈلدى. يېقىندا ئۇنىڭ بىر قىسىم ماقالە ـ ئوبزورلىرى ۋە تەرجىمىھالى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن تاللانما» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلدى. نۆۋەتتە ئىبراھىم ئىزاقى «ئەدەبىياتنىڭ قىياپىتى ۋە ماھىيىتى» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. يۈرىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىشقىدا تىنىمسىز سوقماقتا.

2007 ـ يىل 11 ـ ئاۋغۇست، مايتاغ

**كىشىلەر سالى ئىبراھىمغا «خالىس» دەپ «لەقەم» قويىدى. خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ «خالىس» كىشى زادى نېمە ئىشلارنى قىلدى؟**

# خالىس تۆھپىكار

كىلاسسىك شائىرىمىز زەلىلىي ھاياتىدا باشقىلارغا سالام خەت يېزىپ بېرىپ نام چىقارغان ئىكەن. پېشقەدەم شائىر، جەمئىيەت ئەربابى سالى ئىبراھىم دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىش، ئۇلارغا ئىلتىماس، ئەرزنامە يېزىپ بېرىش، رەھبەرلىك بىلەن ئاما ئوتتۇرىسىدا «كۆۋرۈك» لۈك رول ئويناش بەدىلىگە ھۆرمەت تاپتى. ئادەتتە ئۇنىڭ ئۆيىدە ھەر كۈنى بىر - ئىككى ھاجەتمەننى ئۇچرىتىش تەس ئەمەس. بۇ خالىس تۆھپىكار گەرچە ئەمەلدار بولمىسىمۇ، ھاجەتمەنلەر ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلىپ كەلدى. دەردمەنلەرنىڭ دەردىنى ئېرىنمەي، زېرىكمەي، تېرىكمەي ئاڭلاپ، ئۇنى رەھبەرلىككە يەتكۈزدى. ئۇ مۇڭداشقاق، چىقىشقاق، كەمتەر كىشى بولغاچقا، دەردمەنلەر ئۇنىڭغا كۆڭۈل سۆزلىرىنى تارتىنماي بايان قىلالايدىغان ھالەتكە يەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا «خالىس» دەپ «لەقەم» قويۇپ قويىدى. يېشى 70 كە يېقىنلىشىپ قالغان سالى ئىبراھىم مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا ئاز دېگەندىمۇ 200 گە يېقىن ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىدىن چىقتى. نەچچە ئون ئادەمنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى. ئۇ بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ «ئەمگەك ھەققى» ئېلىپ باقمىدى. بەلكى، كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقالىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى خۇشال ھېسابلىدى. ئۇ يەنە 2002 - يىلدىن ئېتىبارەن «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «كىرووران»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ كەلپىندىكى خالىس ۋاكالەتچىسى بولۇپ كەلدى ھەمدە 3298 پارچە ژۇرنالنى ھەقدارلىرىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەردى، ھەتتا قاتنىشى قولايسىز بولغان تاغلىق رايونلارغىمۇ بىر ئامال قىلىپ يەتكۈزۈپ بەردى. سالى ئىبراھىم-

نىڭ بۇ ئىشنى بەزىلەر ئەخمەقلىق دەپ قارىدى. بىراق، ئۇ ئۆزى «مەن بۇ ئىشنى ئۆزۈم خالاپ قىلدىم، بۇ خالىسانە ئىشىمدىن قىلچە ئۆكۈنمەيمەن» دې- دى. ئۇ ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئىكەن.

سالى ئىبراھىم ئۇزۇن يىللىق خىزمەت، ئىجادىيەت مۇساپىسى داۋامىدا، نۇرغۇن ياش كۆچەتلەرنى خالىس يېتىشتۈرۈپ چىقتى. 1980 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە ئۇ «كەلپىن ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى چىقارغان مەزگىلدە ياش ھەۋەسكارلارنى ژۇرنال ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىز- غىنلىقىغا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. ناھىيەدە ئۇيۇشتۇرۇلغان تۇرلۇك ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئاكتىپ تەشكىللىگۈچىسى بولۇپ قالدى. كەلپىننىڭ ئاممۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈش، كىچىكلىكتىن زورايتىش، ئاجىزلىقتىن كۈچەيتىش خىزمىتىگە زور تۆھپە قوشتى. كەلپىندىكى بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن «تاغ بۇلاقلىرى» ناملىق توپلامنى نەشر قىلدۇردى. خەلق ئارىسىدىكى چۆچەك، قوشاقلارنى كەڭ تور- دە توپلىدى. يەنە خەلق قىزىقچىسى مەرھۇم ئىبراھىم سايىتنىڭ خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەن لەتىپە، يۇمۇرلىرىدىن 200 پارچىغا يېقىنىنى توپلاپ ۋە رەت- لەپ چىقتى. ئۇنىڭ بەزىلىرىنى «ئاقسۇ گېزىتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلدۇردى ھەم بىر كىتاب تۈزۈپ نەشرگە تاپشۇردى. ئۇ قىلىۋاتقان بۇ خالىسا- نە ئىشلار ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى، ھۆرمىتى ۋە ئىناۋىتى- نى ئاشۇردى.

يېقىندا سالى ئىبراھىم ئاقسۇدا مۇخبىرىمىز بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ يېقىندا مۇ- ناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن كۆرۈشۈپ، كەلپىندە بىر ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇ- ھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ- نىڭ سۆزلىرىدىن ئومۇمىيلىقنى ئويلايدىغان، باشقىلارنىڭلا غېمىنى يەيدىغان، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان گۈزەل پەزىلىتىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.

## بىر ئۆمۈر ياش تۇرغان قەلب

ئاتاغلىق ئوبزورچى قاۋسىلقان قامجان 1984 - يىلى ئېلان قىلغان «تارىم

بويىدا ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەر» ناملىق ئوبزورىدا سالى ئىبراھىمنىڭ «ۋەتەنگە مۇھەببەت» ناملىق شېئىرىغا يۇقىرى باھا بەرگەن ھەم مۇنۇ مىسرالارنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان:

ساڭا شەيدا دىلىم دەشتى ئۇچۇن كەۋسەر سۈيى بولۇپ،
گويا دەريا كەبى دولقۇن بولۇپ يامراپ ئاقارىمسەن.
«ۋەتەن» دېسەم تىلىم تاتلىق بولۇر ھەسەل يېگەندىنمۇ،
يۈرەكىمگە ھۇزۇر بەخش ئېتەر، بېھى، ئانارىمسەن.
ئېگەرھەر چاغ نەزىم پۈتسە ئۆزۈڭسەن بىباھا مەزمۇن،
نەزىرىمدە باغ ياسار بولسا زەپەردەس ئۆز چىنارىمسەن،
سېنى قوغدايدىغان ياۋدىن، باھادىر جەڭچى ئوغلۇڭمەن،
ھاياتىم جەۋھىرى، پەخرى، يۈرەكىم، كۆز قاراغىمسەن.

ئۇ ئوبزورىدا: «بۇ شېئىرىدا ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىش، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىجادىي ئىزدىنىش، جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرۈش نەتىجىسىدە يۈكسەك ھاياتىي كۈچكە تولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغىرىلغان كەۋسەر سۈيىدەك بۇلاق بولۇپ ئاققان لىرىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن» دەپ يازغان.

شائىر، ئەدەبىي تەنقىدچى ئابلىز ھەسەن سالى ئىبراھىمنىڭ «ئۈمىد تۇيغۇسى» ناملىق شېئىرىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. 1982 ـ يىلى سالى ئىبراھىمنىڭ «قەلب غۇرۇرى» ناملىق شېئىرى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى» غا، 2002 ـ يىلى «بىر تەخسە كەشكە» ناملىق ساتىراسى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2004 ـ يىلى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان چىقىرىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سالى ئىبراھىم بۇ ژۇرنالنىڭ «تۆھپىكار ئاپتورى» بولۇپ تەقدىرلەندى. بۇ يىل 4 ـ ئايدا باينغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «كىروران» ژۇرنىلى ژۇرنالنىڭ 100 سان نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن

سالى ئىبراھىمغا «تۆھپىكار ئاپتور مۇكاپاتى» بەردى.

1999 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان سالى ئىبراھىم ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ- تونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇ- چىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەكلىپلىك مۇ- ھەررىرى، «كىروران» ژۇرنىلىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مەسلىھەتچىسى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 12 خىل ئەدەبىي ژۇرنال، ئون خىل گېزىت، سەككىز خىل كوللېكتىپ توپلامدا 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىندى.

سالى ئىبراھىم 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيەسىنىڭ گەزلىك يې- زىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى شۇ دەۋردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەلنەغمىچى ئىدى. ئاتىسى ئېيتىپ بەرگەن قوشاق، چۆچەكلەر ئۇنىڭ يۇمران قەلبىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، سالى ئىبراھىم باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغان، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى بولۇپ قالغان ھەم ئەدەبىي ئىجاد- يەتكە قىزىقىپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەكتەپ گېزىتىدە ئېلان قىلىنىپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئەينى يىللاردا ئاتاقلىق شا- ئىر تېيىپجان ئېلىيوف سالى ئىبراھىمنىڭ بەدىئىي دىتىغا يۇقىرى باھا بەرگەن ھەم ئۇنى داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرغان. بىراق، 1954 ـ يىللىقتا ئوقۇۋاتقان سالى ئىبراھىمنىڭ تەقدىرىدە تۇيۇقسىز بۇرۇلۇش بولغان. ئەينى چاغدىكى ئىشنى ئەسلىگەندە سالى ئىبراھىم ئۆكۈنۈش ئىچىدە مۇنداق دەيدۇ: شۇ زاماندا يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش چاقى- رىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كەنتتە مەھەللىنى ئاساس قىلىپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى قۇرۇلىدىغان بولغان. رايونلۇق پارتكوم مېنى شۇ كوپىراتىپقا بوغالتىرلىق قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا بىر ئايلىق كۇرسقا ئەۋەتمەكچى بولدى. بىراق، مەكتەپ بۇ ئىشقا قوشۇلمىدى. چۈنكى، مەن مەك- تەپ بويىچە ئەلاچى ئوقۇغۇچى ئىدىم. ئۆزۈمنىڭمۇ يۇقىرىلاپ ئوقۇغۇم بار ئى- دى. ئەپسۇسكى، شۇ ۋاقىتتىكى سىياسەت، مۇھىت ۋە ئائىلە قىيىنچىلىقى مېنى ئوقۇشتىن توختاپ بوغالتىر بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. لېكىن، مەن شېئىر يې- زىشنى توختاتمىدىم. «ۋەتىنىم» ناملىق تۇنجى شېئىرىم «جەنۇبىي تيانشان گې-

زىتى» نىڭ 1955 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنىشى ئانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكىنىمنى ھازىرغىچە ئۇنتۇمايمەن. شۇنىڭدىن كېيىن قەلبىم ئىجادىيەتكە باغلىنىپ قالدى. كېيىنچە «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن شېئىرلىرىم ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. مەن كېيىن ئاشلىق ئىدارىسىگە كادىر بولۇپ ئورۇنلاشتىم. بىراق، ياخشى كۈن ئۇزاققا بارمىدى. 1958 ـ يىلى قانات يايدۇرۇلغان ئوڭچىلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىنتىپاق تەشكىلىدىن چىقىرىلىپ، خىزمەتتىن ھەيدەلدىم. مەتبۇئات ھوقۇقۇم ئېلىپ تاشلاندى. 1979 ـ يىلى خىزمىتىم ئەسلىگە كەلگۈچە بولغان 21 يىل جەريانىدا نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنى تارتتىم. مەدەنىيەت يۇرتىغا ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن قەلبىمنى روھلاندۇرۇپ قەلەمنى يېڭىباشتىن قولغا ئالدىم. يازدىم، يازدىم، يەنە يازدىم...

سالى ئىبراھىم خالىس «ئىككىمىز» ناملىق شېئىرىدا ھەسەتخورلارنى مۇنداق قامچىلايدۇ:

سەن ياشايسەن ھەسەت ئىچىدە،
ياخشىلارغا يامانلىق تىلەپ.
مەن ياشايمەن جىمى خەلقىمگە،
بەخت، نۇسرەت، ئامانلىق تىلەپ.

ساختا كۈلكە جىلۋە قىپ تۇرغان،
تووۋا! دەيمەن چېھرىڭگە قاراپ.
زادى قانداق ئادەملىكىڭنى،
قېنى باققىن ئۆزۈڭدىن سوراپ.

ئۇنىڭ «بىر ‹ئاداش› قا» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يېزىلغان:

ياخشىلارغا ئوكياندەك دىلدا كەڭرى ھۆرمىتىم،

خۇشامەتچى پەسلەرگە يانار تاغدەك نەپرىتىم،
خەلقىم ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن، ھەربىر شادلىق ـ ھەسرىتىم،
رازىلىقى خەلقىمنىڭ مېنىڭ شانۇشەۋكىتىم،
ئوخشمايمەن شۇگىلاشقا ئېتىقادسىز «ئاداش» قا.

بىز شائىرنىڭ قەلبىنىڭ داۋاملىق ياشىرىپ تۇرۇشىنى، ئىجادىيىتىنىڭ تېخىمۇ مول مېۋە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2006 ـ يىل 8 ـ سېنتەبىر

# باھاردىن باشلانغان ناخشا

باھار — كۆكلەم پەسلى. باھار — يىلنىڭ بېشى. باھار — بەخت ۋە بەرىكەتنىڭ، گۈزەللىك ۋە ياشلىقنىڭ سىمۋولى. باھار ياخشى باشلانسا، پۈتۈن بىر يىل بەرىكەتكە تولىدۇ، يەر - زېمىن جانلىنىدۇ. ئادەملەر مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمىدۇ، يەنە بىر قايناق ھايات پەيزىنى سۈرىدۇ. شۇڭا كىشىلەر باھارغا ئامراق. ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى قەدىرلىگەن، ياشلىقتىكى تۇنجى قەدىمىنى توغرا باسالىغان ئادەممۇ ھاياتىنى يېڭى مەنە ۋە مول ھوسۇل خۇشاللىقىغا ئىگە قىلالايدۇ. 14 يېشىدا سەنئەت سېپىگە كىرگەن ئابدۇۋەلى راخمان نەچچە ئون باھارنى ئېزدىنىش، تەر تۆكۈش، كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىشقا سەرپ قىلدى. 40 نەچچە يىللىق سەنئەت ھاياتى ئۇنى پىشقان سەنئەت يېتەكچىسىگە، ماھىر رولچىغا، كۆزگە كۆرۈنگەن ساتىرىك شائىر ۋە ئەدىبكە ئايلاندۇردى. تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ «قۇشقاچلار»ناملىق ساتىراسىدىكى مۇنۇ كۇپلېتلارغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

يانفونلىرى تىن ئالماي سايرايدىغان «قۇشقاچلار»،
تانسا نەدە، مەي نەدە، قوغلايدىغان «قۇشقاچلار».
ئەرنى كۆرسە غىلجىڭلاپ نازلايدىغان «قۇشقاچلار»،
ئاخشاملىرى ھەممىشە دانلايدىغان «قۇشقاچلار».

بولۇپ بېرەر تەپ تارتماي ئولتۇرۇشنىڭ رەڭلىرى،
تېخى شالاق ئەر بىلەن ئىچىپ كەتكەن مەيلىرى.
ئەپتى شەھۋەت پۇرايدۇ، بەك تېتىقسىز گەپلىرى،
بولۇپ خەققە ئويۇنچۇق نايناقلىغان «قۇشقاچلار».

ئۇنىڭ «خالىي» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ياشايمەن بىر ئۆمۈر يالغاندىن خالىي،
زاڭلارنى بۇلبۇل دەپ ماختاشتىن خالىي.
ياخشىغا تۆھمەتلەر چاپلاشتىن خالىي،
ئۆزگىگە ئاداۋەت ساقلاشتىن خالىي.

دوستلارغا تەقدىمدۇر مۇڭلۇق كۈي - سازىم،
ئەل - يۇرتقا قىلىمەن ئېگىلىپ تازىم.
چۈنكى مەن خەلقىمگە ئاددىي مۇلازىم،
رىشتىمنى نەپلەرگە باغلاشتىن خالىي.

«سازچىمەن» ناملىق شېئىرىدا ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئەل - ئاۋامغا لەرزان مۇڭ، ھۇزۇر بەرگەن سازچىمەن،
كۈيگە تەشنا دىللارغا زوق ئەيلىگەن سازچىمەن.
قاناتلىنىپ ئىلھامىم، خۇشاللىنىپ ھاياتىم،
ياشا ۋەتەن، خەلقىم دەپ كۈي كۈيلىگەن سازچىمەن.

كىمگە نېسىپ بۇ ھۈنەر، قوللىرىدىن گۈل ئۈنەر،
قىسقا ھايات پەيزىنى شۇنداق سۈرگەن سازچىمەن.
سازنى دوستقا شوخ قىلىپ، دۈشمىنىمگە ئوق قىلىپ،
ياشاپ مەزمۇت بىر ئۆمۈر، سەنئەت سۆيگەن سازچىمەن.

ئىجادىيەت ئېغىر ئەمگەك. ئۇ سەنئەتكاردىن مىختەك قادىلىپ ئولتۇرالايدىغان چىدام - غەيرەتنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىلار رېستورانلاردا قىزىپ ئويناۋاتقاندا، كېچىسى شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغاندا، ئىجادىيەتچى شىرە ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئەسەر يازىدۇ. دېرىزە روجەكلىرىدىن ئايغا قاراپ تەپەككۇر يۈرگۈ-

زىدۇ، ئىختىرا قىلىدۇ. ۋۇجۇدىدا ئويغانغان ئىلھام دولدۇلغا مىنىپ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى قېزىپ چىقىدۇ. ئابدۇۋەلى راخمانمۇ ئىجادىيەت، سەنئەت ھاياتىدا ئىزچىل مۇشۇنداق ئادەتنى يېتىلدۇردى. ئۇ تالاي شېرىن ئۇيقۇدىن، قايناق بەزمىدىن ۋاز كېچىپ، سەنئەتكارغا خاس جۈرئەت بىلەن ئىجادىيەت ئىشقىدا ئوت بولۇپ ياندى. خۇشاللىقنى ئىجادىيەت دېڭىزىدىن ئىزدىدى. شېئىر بىلەن مۇزىكىنى، تۇرمۇش بىلەن ئەسەرنى، ھەۋەس بىلەن كەسپنى، ئىجادىيەت بىلەن رەھبەرلىك خىزمىتىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش، ھەممىسگە تەڭ ئېتىبار بېرىش نىشانىدا چىڭ تۇردى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر گە ماھىر، كۆپكە قادىر سەنئەتكار بولۇپ ئاتالدى. ناخشا تېكىستى، مۇزىكا، ئېپىزوت، پۇبلىتسىتكىلىق ماقالە، ساتىرىك شېئىر ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يارقىن نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

ئابدۇۋەلى راخمان 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنى كەلپىن ناھىيەسىنىڭ گەزلىك يېزا قالما كەنتىدە كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۆزلۈكىدىن ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان. مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، 1964 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئابدۇۋەلى ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. 1968 ـ يىلى سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇ يېزىغا چۈشۈرۈلۈپ، يېزىلىق كىنو ئەترىتى، تەشۋىقات ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان. كېيىن ئوقۇتقۇچى بولغان. 1975 ـ يىلى ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى ئەسلىگە كەلگەندە، ئۇ ئۆمەك مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەنگەن. 1990 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى، يېزا باشلىقى، ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 2002 ـ يىل 6 ـ ئايدا مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيەگە چىقىپ كەتكەن. نەچچە ئون يىلدا ئۇ نەدىلا خىزمەت ئىشلىسۇن، ئۆزى قىزغىن سۆيىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەتنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. ئۇ كەلپىن بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسى، گەزلىك يېزىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە يېزا تۇرمۇشىنى پىششىق ئۆگەندى. يېزا تۇرمۇشىدىن ئىجادىيىتىگە دېتال ئىزدىدى. بۇ جەرياندا بىر تۈركۈم يېزا تۇرمۇشى قويۇق نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. مەدەنىيەت سېپىدە ئىشلىگەن مەزگىلدە بىر تەرەپتىن رەھبەرلىك خىزمىتى بىر

لەن شۇغۇللىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇزىكانت ھەم ئىجادىيەتچى بولۇپ، نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ياراتتى. 500 پارچىدىن ئارتۇق ئېپىزوت، ئېتۇت، ناخشا، ئېيتىشىش، لەپەر، سۆز ئويۇنىنى يېزىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە «تۆھپىكارنىڭ نامى ئۆچمەيدۇ» ناملىق ناخشا تېكىستى مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ناخشا ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «ساۋاتسىزنىڭ سالام خېتى»، «تويدىن كېيىن»، «ئەخلاق كويى»، «كەمتەر بول»، «كەلپىن چاپىنىسى»، «يېڭى يېزىغا مۇبارەك»، «رازىيە»، «سۆيدۈم»، «كۆڭلىدە باھار»، «كەلپىن ئۆرۈكى»، «مېيىپلار رېستورانى»، «يانفون»... قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ قېتىملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرەكلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، رادىيودا ئاڭلىتىلدى، تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ VCD پىلاستىنكىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. سۆزى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىجاد قىلغان «كەلپىن ئۆرۈكى» ناملىق ناخشا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شۇ يىللىق «ئون بىر يۈرۈش نۇقتا قۇرۇلۇشى» پائالىيىتى بويىچە بىر ياخشى ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، داۋاملىق ئوقۇلىدىغان ناخشا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. ھازىرغىچە ئابدۇۋەلى راخماننىڭ 50 پارچىدىن ئارتۇق پۇبلىتسىستىكىلىق ماقالىسى، 350 پارچىدىن ئارتۇق ساتىرىك شېئىرى ھەر دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. ئابدۇۋەلى راخمان ھەر دەرىجىلىك تارماقلار تەرىپىدىن 25 قېتىمچە تەقدىرلەندى.

ساتىرىك شېئىر ـــ كىشىلەردىكى ناچار ئادەتلەرنى، جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەتلەرنى قامچىلايدىغان شېئىرىي ژانىر. ئابدۇۋەلى راخمان ئاما بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىش، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش داۋامىدا جەمئىيەتتىكى، كىشىلەر ئارىسىدىكى نۇرغۇن ناچار ئىللەتلەرنى كۆرۈپ يەتتى، ھېس قىلدى. ئۇنى قامچىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا ساتىرىك شېئىر يېزىشنى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ بوسۇش نۇقتىسى ۋە قىزىق نۇقتىسى سۈپىتىدە تۇتتى. ئۇ بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېدى: «ئەدەبىيات قانداقتۇر ماختاش بىلەنلا بولۇپ كەتسە، تۇرمۇشتا ناچار ئادەتلەر، كىشىلەر ئارىسىدا ناچار ئىللەتلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى ئەدەبىياتنىڭ كۆز قاراڭغۇلۇقى بىلەن تاشلى-

نىپ قالىدۇ. شۇڭا مەن ئۆز ئىقتىدارىمغا ماس ھالدا ساتىرادىن پايدىلىنىپ ئۆ-زۈمچە بىر نەرسە دېيىشكە تىرىشىپ باقتىم». ئۇ «قاندىكى ئىشكەن» نامىلىق ساتىراسىدا ئەمەلگە ئامراق، ئەمەل ئۈچۈن ھەممە ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان كىشىلەرگە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

بىر ئۆمۈرلۈك ئازاب سالدى ئەمەل خۇمارى،
تەمە قىلسام نېسىپ بولماي بولدۇم بىچارى.
تولا قاتراپ ئەمدى كەتتى پۇتىنىڭ مادارى،
بولۇپ قالدىم ھەسەتخورنىڭ شۇڭا «ئىلغار» ى،
بويۇم يەتمەي ئۆزۈملەرگە ئېغىز پۈرۈشكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

… …

سەنئەتكار ۋە ئىجادىيەتچىنىڭ تۆھپىسىنى خەلق باھالايدۇ.«خوتەن پېدا-گوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2005 - يىللىق 1 - سانىدا «ھەققانىينىڭ ھەقىقىي شېئىرلىرى» ناملىق ئوبزور ئېلان قىلىنىپ، ئابدۇۋەلى راخماننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىلدى. «شىنجاڭ مائارىپى»، «كى-روران» قاتارلىق ژۇرناللاردىمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئوبزورلار ئېلان قىلىن-دى. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئاقسۇدا نەشر قىلىنغان «تاغ بۇلاقلىرى»، «تارىم ناۋاسى»، «تارىم دولقۇنلىرى» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ نەشر قىلدۇرغان «ئەقىدەم شۇ» ناملىق VCD پىلاستىن-كىسى بىلەن ئۇنىڭغۇ لېنتىسى جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

ئابدۇۋەلى راخمان ياشلىق باھارىدىن باشلاپ ۋاقتىنى قەدىرلەپ، خەلققە نۇرغۇن ئېسىل ناخشىلارنى، سەرخىل ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلدى. باھارنى، ياشلىقنى مەدھىيەلىدى، دەۋرنى كۈيلىدى. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى توختىتىپ قويمىدى. كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرى تەرىپىدىن ئىجادىيەت يېتەكچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ ئۆز كارامە-تىنى نامايان قىلدى. يەكەن، ئاقسۇ، ئونسۇ، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىكى سەنئەتخۇمار كىشىلەرگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ

سەنئەت كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات ئېلىشى ئۇچۇن ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. بولۇپمۇ ئونسۇ ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدە تەكلىپ بىلەن ئىشلەۋاتقان بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئۇ نۇرغۇن نادىر نومۇرلارنى ئىجاد قىلىپ ئونسۇ خەلقىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئابدۇۋەلى 2002 ـ يىلى كەلپىنىدىكى تونۇلمىغان چولپانلارنى ئاساس قىلىپ، «ئوت يۈرەكلەر ئانسامبىلى» قۇرۇپ چىقتى ھەم ھەرقايسى جايلاردا 100 نەچچە مەيدان ئويۇن قويۇپ ئالقىشلاندى. ئەڭ مۇھىمى، جەمئىيەتتە كۆمۈلۈك ياتقان سەنئەت نوتىلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە شوتا بولۇپ بەردى. بۇ ئانسامبىلدا ئىشلىگەن بىر قىسىم دېھقان پەرزەنتلىرى كەسپىي سەنئەت مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۆزىنىڭمۇ ئىككى پەرزەنتىنى سەنئەت ساھەسىگە باشلاپ كىردى.

باھاردىن باشلانغان ناخشا تا ھازىرغىچە ئۈزۈلۈپ قالمىدى، بەلكى ئۇ ئابدۇۋەلى راخماننىڭ توختاۋسىز ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن تېخىمۇ يېقىملىق كۈي تارقاتتى. 2005 ـ، 2006 ـ يىلى ئۇ «مۇھىم ۋەزىپە»، «يۈزسىزلىك»، «كەسپىي ئائىلە» قاتارلىق ئالتە پارچە ھېكايە يېزىپ ئېلان قىلدۇردى. 2007 ـ يىلى «ئاقسۇ گېزىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيەدىكى 20 پارچىگە يېقىن ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇردى. ئۇنىڭ «شەنبەمنى بەر، يەكشەنبەمنى بەر»، «رەڭلىك سورۇن» قاتارلىق شېئىرلىرى جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى ھەم ئابدۇۋەلى راخماننىڭ بەدىئىي دىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلىپ بەردى. ئۇ يېقىندا 200 پارچىغا يېقىن ساتىرىك شېئىرى كىرگۈزۈلگەن «رەڭلىك سورۇن» ناملىق ساتىرالار توپلىمى بىلەن «چىلان ماجىراسى» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇچراشقاندا تەزىم يوق، قېنى ئەدەپ ـ ئەسسالام،
ئەجداد مىراس قالدۇرغان ھۆرمەت ـ ئىززەت ئېھتىرام.
«يىراقتىكى تۇغقاندىن ياخشى ھامان يان قوشنام»،
دېگەن ھېكمەت كار قىلماس بىنادىكى قوشنىلار.

2008 ـ يىل 8 ـ مارت، ئاقسۇ

# تۇلپاردەك چاپقان دولان ئوغلى

سۆيگۈ گويا ھىدلىق گۈلسىمان،
ئەگىپ يۈرەر يۈرەكلەر ئارا.
تەلپۈنۈشتە ھىجران يامغۇرى،
تولۇنئاينى قىلماقتا يارا.

... ...

بۇ خەلق ئوقۇتقۇچىسى ھۇسەنجان نامانىنىڭ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «كۆز يېشىڭدا چاقنار مۇھەببەت» ناملىق شېئىرىدىكى مۇھەببەت نەزمىسى. مەن ئۇنىڭ يەنە شۇ سان ژۇرنالدىكى «ئەسلىمەمدە قىزىلگۈل تۇرقۇڭ»، «بىرلا كۈلۈپ كەتتىڭ ئوت بېقىپ»، «يۈرىكىڭنى تىڭشاپ باق نىگار» ناملىق بىر يۈرۈش مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم ھەم ئۇنىڭ چىن سۆيگۈ، سەمىمىي ھېسسىيات، ئۆتكۈر پىكىرگە تولغان بۇ شېئىرلىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.

يۈرەك دېگەن شۇنداق مۆجىزە،
سۆيگۈ ئۈچۈن بېرىدۇ سادا.
ئەجەبلەنمە ھەر بىر تىنىقتا،
ئاڭلىنىدۇ كۆكۈللۈك ناۋا.

... ...

مەن ھۇسەنجان نامانىنىڭ شېئىرلىرى، ھېكايىلىرى ۋە پەلسەپۋى پىكىر بىلەن تونۇلغان ماقالىلىرىنى خېلى كۆپ ئوقۇغان. ئۇنىڭ «كىروران» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «پۇشكىن ئاققان مۇھەببەت دەرياسى»، «سىممېترىك شېئىرلاردىكى يوشۇرۇن سىرلار» قاتارلىق بىر قىسىم ماقالىلىرىدىن ئۇنىڭ روھى، بەدىئىي دىتى ھەم قەلەم قۇۋۋىتىگە خېلىلا قايىل بولۇپ قالغانىدىم. ئۇ ئو-

قۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر جاپالىق خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلىدى. ئىجادىيەت ئىشقىدا كۆيۈپ - ياندى. ئىجادىيەت دۇنياسى بۇ ئاشىقنىڭ سۆيگۈ، ئەقىدىسىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى ئۆز قويىنىغا ئالدى ھەم ئۇنىڭغا تېپىلغۇسىز ئىجادىيەت ئىلھامى ۋە سۇلماس قانات ئاتا قىلدى. ئۇ كىشىلەرگە ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدىن يازغۇچى، شائىر، ئالىم يېتىشىپ چىقىپلا قالماي، يەنە ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىچىدىنمۇ يازغۇچى، شائىر چىقىدىغانلىقىنى، تىرىشچان، تەلەپچان ئادەملەرنىڭ قولىدىن نى - نى ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى.

دەرۋەقە، ۋاقىت ئىشچانلارغا بۇيۈكلۈك يولى ھازىرلاپ بېرىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسىنى گۈل - چېچەككە ئورايدۇ. ھۆسەنجان نامان ئوقۇتقۇچىلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ئازكەم 30 يىل مابەينىدە ۋاقىتنى قەدىرلەپ، يۈرەك قېنى، ياشلىق باھارى ۋە زېھىن - قۇۋۋىتىنى ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ جاپالىق ھەم شەرەپلىك خىزمەتكە بېغىشلىدى. سانسىزلىغان قەلبلەرگە مەرىپەت ئۇرۇقى چاچتى. مىللەت، جەمئىيەت، دۆلەت ئۈچۈن تۈركۈم - تۈركۈم ئىزباسار يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، تىنىمسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنى، قەلب بېغىنى بىلىم كەۋسىرى بىلەن سۇغاردى. ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن يېزىقچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مەكتەپتە تەلەپچان ئۇستاز، جەمئىيەتتە مول ھوسۇللۇق قەلەمكەش، ئائىلىدە كۆيۈمچان دادا، سورۇنلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكار بولۇپ قالدى. 1985 - يىلىدىن كېيىن ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ماتېماتىكا، فىزىكا، تىل - ئەدەبىيات، پەلسەپە، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، مائارىپ نەزەرىيەسى ۋە جەمئىيەت مەسىلىلىرىگە دائىر 58 پارچە ماقالە، دولان مەدەنىيىتىگە دائىر 16 پارچە ئىلمىي ماقالە، 33 پارچە ھېكايە، 176 پارچە شېئىر، ئىككى پارچە داستان ئېلان قىلدۇردى. ئۇ يەنە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى شەكىللىرى ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ، بىر قىسىم «ئوبرازلىق شېئىر»، «سىممېترىك شېئىر»، «جاۋاب شېئىر»، «زەنجىرسىمان شېئىر» لارنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيەت ساھەسىدە بەلگىلىك

تەسىر قوزغىدى. ئۇ ماتېماتىكا ئىلمىدىكى تەڭ ئايرىملىق سانلار قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ، 17 مىسرالىق سىممېترىك شېئىردىن 288 پارچە شېئىر ھاسىل قىلىش ئۇستىدە ئىزدىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇنىڭ بۇ ئىزدىنىش روھى دەۋرىمىزدىكى شائىرلارنى ھەيران قالدۇردى.

ھۇسەنجان نامان 1960 ـ يىل 8 ـ ئايدا دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ بۆلىقى — ئاۋات ناھىيەسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1979 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىدا خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1982 ـ يىلى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئوقۇشنى تاماملاپ، شۇ يىلى 11 ـ ئايغىچە يېڭىئېرىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 11 ـ ئايدا ئاۋات ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەلگەن. ھازىرغىچە مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى، يازغۇچى، شائىرلارمۇ ئوخشاشلا ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ھۇسەنجان نامان بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەن كۈندىن باشلاپ، بۇ ئىككى خىل كەسىپكە تەڭلا رىشتە باغلىدى. ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلسا راھەتلىنىپ كېتىدۇ، ئېغىر ئىشمۇ يەڭگىل تۇيۇلىدۇ. ھۇسەنجان نامان ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن سۆيدى. تەشكىل تاپشۇرغان ھەرقانداق ئىشنى جان ـ دىلى بىلەن ئورۇنلىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىدا مول بىلىم بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە، بىلىم قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىشكە ئېتىبار بەردى. كۈندۈزى دەرس ئۆتسە، ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە ئۆگىنىش قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇدى، خاتىرە يازدى. جەمئىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزدى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ھېسسىياتلىرىنى شېئىرىي شەكىلدە ئىزھار قىلىشنى مەشىق قىلدى. تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئۇ 1985 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى (تولۇق كۇرس) نى پۈتكۈزدى. 1988 ـ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردى.

ئوقۇتقۇچى — بۈيۈك ئادەم، ئۇ دەۋرنىڭ دانىشمىنى، زاماننىڭ پەخرى، ئادىمىيلىك كوچىسىدىكى مەڭگۈلۈك ماياك. ياشلىق — گۈزەللىككە، ئارزۇ - ئىستەككە، ئىشەنچ ۋە ئىنتىلىشكە تولغان ئالتۇن پەسىل، شۇنداقلا ئىستىقبالنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. ھۆسەنجان نامان ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى، گۈزەل ياشلىق باھارىنى مۇشۇنداق يۈكسەكلىكتە تونۇپ تونۇدى. شۇڭا پۇرسەتنى تۇتۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلىدى. ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولدى. 29 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا 18 يىل ئىزچىل سىنىپ مۇدىرى بولۇپ، خەنزۇ تىلىدىن باشقا بارلىق پەنلەردىن دەرس ئۆتتى. دەرسىنىڭ ئۆزلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئەڭ ئالىي نىشان قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ خىزمىتى تېز كۆزگە كۆرۈندى. 2001 - يىل 9 - ئايدا ئۇ مەسئۇل بولغان سىنىپتىكى 37 ئوقۇغۇچىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرس كەسىپلىرىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ ئۇدا تۆت قارار سىنىپ مۇدىرى بولۇش جەريانىدا كۆپ قېتىم مەكتەپ بويىچە «ئىلغار سىنىپ مۇدىرى» بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇ تەربىيەلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى مەكتەپ بويىچە ئۇدا بىرنەچچە يىل ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. تەشكىل ھۆسەنجان نامانغا ئۈمىد بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولدى. شۇڭا ئۇنى 1991 - يىلى مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىرلىقىغا، 2000 - يىلى ئىلمىي مۇدىرلىققا، 2005 - يىلى مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈردى ۋە ئۇنىڭغا بىر قاتار شان - شەرەپلەرنى بەردى. ئۇ رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ بىرىنچى سەپتىن، دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلمىدى. يۇقىرى يىللىقلارغا ھەپتىسىگە ئون نەچچە سائەت دەرس ئۆتۈپ كەلدى. ئۇ مەكتەپ مۇدىرىغا ياردەملىشىپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش، تەلىم - تەربىيە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە باش چۆكۈرۈپ ئىزدەندى. كۆپ ھاللاردا يۈكنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا ئىلمىي تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ۋاقىتنى ھەرگىز زايە قىلمىغۇتمىدى. شېئىر، ھېكايە يازدى. يەنە ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا دائىر ماقالە يازدى. 2001 - يىلى ئۇنىڭ «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئىلمىي مۇدىرلىقى»

ناملىق كىتابى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ يېقىندا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى رەتلەپ ئۈچ كىتاب تەييارلاپ نەشرگە سۇندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «تۇغۇلغان ئادەم ئۆلىدۇ، بىلگىنىكى سۆزى يادىكار قالىدۇ. ياخشى سۆزۈڭنى سۆزلە، ئۆزۈڭ ئۆلمەيسەن» دېگەن ئىدى. جاڭ شىئېر: «ھاياتنىڭ شان - شەرىپى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتە بولماستىن، بەلكى مەنىلىك ياشاشتا، ھاياتنىڭ گۈزەللىكى شانۇشاۋكەت ۋە دۆلەتمەنلىكتىن بەھرە ئېلىشتا بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىجاد قىلىشتا» دېگەن. يەنە چىڭغىز ئايتماتوفمۇ: «ياشاشنىڭ مەقسەت روھىي جەھەتتىن تاكامۇللۇققا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر» دېگەن ئىدى. ھۈسەنجان نامان ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى ۋە رەھبەرلىك خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋال ئاستىدا تەپەككۇر خىياللىرىنى قاناتلاندۇرۇپ، شېئىر، ھېكايە يېزىقچىلىقىدا ئۆزىگە خاس يول تاپتى ۋە بۇ يولدا توختىماي ماڭدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۈرەك شەكلىدە يازغان «ئوبرازلىق شېئىر» لىرى، «سىممېترىك شېئىر» لىرى، «جاۋاب شېئىر» لىرى، «زەنجىر سىمان شېئىر» لىرى ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز تاكامۇللىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، شېئىرىيەتنىڭ يېڭى پەللىسىگە قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كەلگۈسىگە يادىكار بولغۇدەك، دولانلىقلار پەخىرلەنگۈدەك ئىزلارنى قالدۇرۇپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇ دولانلىقلارغا، دولان ئوغلىغا خاس شىجائەت بىلەن ئۆز خەلقىگە خۇش پۇراق گۈللەرنى تەقدىم قىلدى. دولان مۇقام - مەشرەپلىرى بىلەن ماس قەدەمدە كۈي تارقاتتى. «ئۇلۇغ سەنئەت ھەرقاچان نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ». ھۈسەنجان نامان خىزمەت، ئىجادىيەت داۋامىدا نۇرغۇن مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشلارنى، ئەگرى - توقاي دەقىقىلەرنى، ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى باشتىن كەچۈردى. بەزىدە ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالدى. لېكىن ئۇ «شائىرلىق ئەڭ ئازابلىق شادلىق، ئوقۇتقۇچىلىق ئەڭ كۆڭۈللۈك خىزمەت» دېگەن ئىدىيەدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى ھەم ھەر ۋاقىت ئۆزىنى كەمتەر، قىزغىن، سەمىمىي تۇتتى. خىزمەتتە، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، مۇلايىم، كىچىك پېئىل بولدى. ئۇ «بۈگۈنكى ئەمگەك — كېلەچەكتىكى بەخت - سائادەت» دەپ قارىدى. شۇڭا تۈنجى قەدەم-

نى پۇختا بېسىپ، ئىجاد، ئىختىرا قىلىشتىن توختىمىدى. يىللار ئۇنى ھۆرمەت- كە، شەرەپكە سازاۋەر باغۋەنگە، مول ھوسۇللۇق قەلەمكەشكە، بىر گە ماھىر، كۆپكە قادىر سازەندىگە، تەلەپچان، تەدبىرلىك مەكتەپ رەھبىرىگە ئايلاندۇر- دى. ئۇ تۇلپاردەك چېپىپ ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى نۇرلاندۇردى. ئۇ ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇ- چىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

سېغىنىشتا سېنى ئەسلىسەم،
ئەسلىمەمدە قىزىلگۈل تۇرقۇڭ.
مەيىن شامال سۆيسە يۈزۈمنى،
نازاكەتلىك تۈيغۇمدا خۇلقۇڭ.
... ...
ئىشەنمىسەڭ بوپتۇ گېپىمگە،
يۈرىكىمدىن سوراپ باق جانان.
يۈرەك دېگەن سۆيگۈ ئەلچىسى،
ئۇنتۇلمايدۇ ئاشىقى ھامان.

مەن دولان ئوغلى ھۆسەنجان نامانىڭ خىزمىتىگە ئۇتۇق، ئەدەبىي ئىجادى- يىتىگە يەنىمۇ بەرىكەت تىلەيمەن!

(«ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 2008 ـ يىللىق 8 ـ ئاپرېل ساندا ئېلان قىلىنغان)

# ئۇلارسىز تۇتاشمىدى دىل رىشتىسى

مەن ھەر قېتىم ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىناسىغا كىرگىنىمدە تەرجىمە بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى دائىم چېلىقتۇرۇپ تۇراتتىم. تەرجىمانلىقنىڭ ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، لېكىن ئىچىمدە: بۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىغۇ، ئۇلار بۇ ئىشنى قىلماي نېمە قىلىدۇ، دەپلا ئويلايتتىم. ھەتتا چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا تارقىتىلىدىغان قېلىن - قېلىن خىزمەت دوكلاتلىرى، قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدىغان ھۆججەت - ماتېرىياللارنىڭ ئۇيغۇرچىسىنىڭمۇ خەنزۇچىسى بىلەن تەڭلا تەييار بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپمۇ ئانچە ھەيران قالمايتتىم. بىراق، يېقىندىن بۇيان ئارقا - ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان بىرمۇنچە كىتابلار، تېلېۋىزوردا قويۇلغان بىرمۇنچە تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرى ۋە كىنولارنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز تەرجىمانلارنى ئويلاپ قالدىم. كىتاب ۋە تېلېۋىزوردا يېزىلغان ئىسىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرجىمە بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ ئىسمى ئىدى. بۇ ئىسىملار كۆز ئالدىمدا تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ ماڭا داۋاملىق چېلىقىپ تۇرىدىغان ھېلىقى ئالدىراش مەنزىرىسىنى، شىرە ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان ئاشۇ جاپاكەش كىشىلەرنىڭ يارقىن سىيماسىنى قايتا گەۋدىلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن قەلبىمدە قەلبلەر رىشتىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى بۇ «كۆۋرۈك» لەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى جەريانىنى زىيارەت قىلىش ئىستىكى قوزغالدى.

تەرجىمە بۆلۈمى ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان چوڭ بىر ئېغىزلىق ئىشخانىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدا يا بىرەر دانە كىرېسلو، يا ۋالىلداپ تۇرىدىغان بىرەر دانە تۆمۈر ئورۇندۇق يوق ئىدى. تولىمۇ زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىزغۇچ شىرەلەر ئۈستىدە قەغەز پارچىلىرى دۆۋە - دۆۋە تىزىپ قويۇلغانىدى. غەرب تەرەپكە جايلاشقان ئۈچ يۈرۈش قوش قاناتلىق دېرىزىدىن شولا تاشلاپ تۇر-

غان قۇياش نۇرى ئىشخانىنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. تەرجىمانلار بىردەم بىر نىمىلەرنى يازاتتى، بىردەم لۇغەت ئاختۇراتتى، بىردەم بىر نىمىلەرنى ئويلايتتى - دە، يېزىشنى باشلايتتى. ئىشخانىغا كىرىپ - چىقىپ تۇرغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىسمۇ، دىققەتنى بۇزۇپ تاشلايدىغان خىلمۇ خىل پاراڭلار توختىماي بولۇنۇپ تۇرسىمۇ، تەرجىمانلار خۇددى تىمتاسلىق ئىچىگە غەرق بولغاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيتتى.

— بۇ بىزنىڭ نورمال خىزمىتىمىز، ئەگەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاچقان چوڭ - چوڭ يىغىنلار مەزگىلىدە كۆرسىڭىز كېچىلىرىمۇ مۇشۇنداق ئىشلەيمىز. تاماق، ئۇيقۇ دېگەندىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ، — دېدى تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دولقۇن مەسئۇم ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ.

— تېخى يېقىندىلا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىر رەھبىرىنىڭ ئەتىسى سۆزلەيدىغان سۆز تېكىستى چۈشتە تەييار بولدى. ئۇنى شۇ كۈنى تەرجىمە قىلىپ بېسىپ تەييار قىلمىسا بولمايتتى. شۇڭا، بۇ ۋەزىپىنى ئوسمان بىلەن ئىككىمىز ئۈستىمىزگە ئالدۇق. ئەتىگەن ئۆيدە ناشتا قىلىپ چىققان بويىچە كېچە سائەت 10 غىچە ئىشلىدۇق.

دولقۇننىڭ سۆزى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئېيتىلاتتى. ئۇنىڭ ۋەزنى ئېغىر، ئەمما جاراڭلىق گەپلىرى، يىغىنچاق قامىتىگە ماسلاشقان تاقىر بېشى، ئۆزىنى توختاتقان پىسخىك ھالىتى ئۇنىڭ تەرجىمە كەسپىگە خېلىلا پىشقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان 12 يىل جەريانىدا قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، بارلىقىنى تەرجىمە خىزمىتىگە بېغىشلاپ، كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىپتۇ. 12 يىل جەريانىدا بىر سائەتمۇ شەخسىي رۇخسەت سوراپ باقماپتۇ، ھەتتا بالىلىرى ئاغرىپ قالغاندىمۇ دوختۇرخانىغا بارغۇدەك ۋاقىت چىقىرالماپتۇ. ئۇ ئۆتكەن يىلى 3 - ئايدا تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكىلەرنى ياخشى تەشكىللەپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، پارتكوم ئىشخانىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئاچقان تۈرلۈك يىغىنلارنىڭ ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش، ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ كاماندىروپكىسىغا ھەمراھ بولۇش، ئورگان ئاساسىي قاتلام

پارتكومى ۋە ئىشخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يىغىنلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىپتۇ. 1993 - يىلى تەرجىمە بۆلۈمىدىكىلەر چىققان 300 كۈن (ئادەم / قېتىم) كامانىدىروپكا ئىچىدە دولقۇننىڭ 140 كۈن (قېتىم) نى ئىگىلەيدىكەن.

ئوسمان قۇربان تەرجىمە بۆلۈمى بويىچە ئەڭ پېشقەدەم تەرجىمان، 20 يىل جەريانىدا ئۇنىڭ كۆز قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ، نېرۋىسى ئاغرىيدىغان، كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇ شىرە يېنىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئاۋاتنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسىدىكى بىرنەچچە تۇغقىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇ بىرەرسىگىمۇ ئۆلگۈرۈپ بارالمىدى. ئۇنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا تەرجىمە قىلغان «بېيىش يولى» قاتارلىق تېخنىكا ساۋاتلىرى، ئەدەبىي ئاخباراتلىرى «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى.

باتۇر جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يۇرتى ئاقسۇدىن ئايرىلىپ، خوتەندە توققۇز يىل خىزمەت قىپتۇ. ئۆتكەن يىل ئۇ بۇ بۆلۈمگە يۆتكىلىپ كېلىپ، تۇنجى روزا ھېيتنى ئاتا - ئانىسى بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىر رەھبىرى بىلەن كۇچاغا بېرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئون نەچچە يىل تەشنا بولۇپ تۇرغان ئاتا - ئانا بىلەن ھېيت - بايرامدا بىللە بولۇش ئارزۇسى يەنە كۆپۈككە ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ 31 ياشقا كىرگىچىلىك تەنھا ئۆتۈشىگە نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟

— تەرجىمە بۆلۈمى ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن تەڭلا قۇرۇلغان. ئارىدا نەچچە نۆۋەت رەھبەرلىك ئالماشتى، نەچچە نۆۋەت تەرجىمان ئالماشتى. لېكىن، تەرجىمە بۆلۈمى ئۆزىنىڭ رەھبەرلەرگە مۇلازىمەت قىلىش، ئىككى مىللەتنىڭ قەلب رىشتىسىنى تۇتاشتۇرۇش قىزغىنلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى، ئۈن - تىنسىز ئىشلىدى، — دەپ سۆز باشلىدى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خەن جاۋيى.

— تەرجىمانلىق كەسپچانلىقى، سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك خىزمەت. ۋىلايەت ئاچقان كۆپىنچە يىغىنلار شەنبە كۈنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ، دۈ-

شەنبە كۈنى باشلانغاچقا، يەكشەنبە كۈنلىرى تەرجىمانلار بىردەم بىكار بولالماي-دۇ. ئادەم ئاز بولسىمۇ ئۇلار ۋايىسماي ئىشلىدى، كۆپ ئىشلىگەنگە ھەق تەلەپ قىلمىدى، كېچىسى ئىشلىگەنگە قارىتا بىر تىيىنمۇ قوشۇمچە پۇل ئالمىدى. ھا-زىرغىچىلىك بىرەرسىمۇ دۆلەت بەلگىلىگەن يىلدا بىر قېتىم دەم ئېلىش پۇرسى-تىگە ئىگە بولمىدى.

خەن جاۋيى سالماق سۆزلەيتتى. ئۇ خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان بولسىمۇ، 26 يىل تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ئۇيغۇر تىلىنى خۇددى ئۇيغۇرلاردەك سۆزلەيتتى. ئۇ تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى شانلىق مۇۋەپپە-قىيەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

— 1987 - يىلدىن بۇيان تەرجىمە بۆلۈمى ئۇدا ئىلغارلىقنى قولدىن بەر-مىدى. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەنگەندىن كېيىن، ھەر يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى تەرد-پىدىن، پارتكوم ئىشخانىسى تەرىپىدىن «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى. 1993 - يىلى «مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ ۋىلايەت تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. بىر نەچچە شەخسمۇ ئۇدا ئىشخانا ھەم ئورگان تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى.

خەن جاۋيى بىلەن دولقۇن مەسۇمىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، تەرجىمە بۆلۈمىدىكى بەش ئادەم ياش، بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتە پارتكوم ئورگىنى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇلار 1992 - يىلى 1 مىليون خەتلىك، 1993 - يىلى 900 مىڭ خەتلىك تەرجىمىنى سۈپەتلىك ئورۇنلىغان-دىن سىرت، ئۆتكەن يىلى ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك كۈسەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ 200 مىڭ خەتلىك تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قى-لىپ چىقىپتۇ. «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ قاتناش تەزكىرىسى»، «پارتىيە ياچېيكىسى-نىڭ خىزمەت قوللانمىسى»، «پارتىيەگە كىرگۈچىلەر ئۈچۈن ئوقۇشلۇق» قا-تارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ باستۇرۇپتۇ. ئۇلار تەرجىمە قىلغان «ۋاقىت-سىز ساقىغان يۇلتۇز»، «سەھرالىق ئايال ناخشىچى»، «ھايات - ماماتلىق گىردابىدا»، «شاھىت»، «غەربتىكى چەۋەندازلار» قاتارلىق تېلېۋىزىيە فىلمى

ۋە كىنولار تېلېۋىزورلاردا كۆرسىتىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ.

خەن جاۋيى پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا تەرجىمانلىقنىڭ بىرىنچى سېپىدىن ئايرىلماي، پارتكوم شۇجىسى بىلەن بىرقانچە قېتىم تۆۋەنگە بېرىپتۇ. ئۇنىڭ دولقۇن بىلەن بىرلىشىپ يازغان «پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ھۆججەت - ئالاقىلىرىنىڭ تەرجىمە ئۇسۇلى ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە سانلىرىغا بېسىلغاندىن كېيىن كەسىپداشلار ئارىسىدا ياخشى باھاغا ئېرىشىپتۇ، شۇنداقلا ئۇ «شىنجاڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە تەتقىقاتى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلۈپتۇ.

خەۋەر تېپىشىمچە، تەرجىمە بۆلۈمى يەنە ھەر يىلى بىرقانچە ئون پارچە ئەرز، خەت - چەكلەرنى تەرجىمە قىلىپ بېرىپ، رەھبەرلىك بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

1994 - يىل يانۋار، ئاقسۇ

# «قەلب كۆۋرۈكى» نىڭ قىممەتلىك ئىشلىرى

تەرجىمان قەلبلەر بىلەن قەلبلەرنى تۇتاشتۇرغۇچى كۆۋرۈك. ئوسمانجان مۇھەممەت 20 نەچچە يىلدىن بۇيان مانا مۇشۇنداق قەلبلەر بىلەن قەلبلەرنى تۇتاشتۇرغۇچى كۆۋرۈك بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ، ئۇ ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىگە چوڭقۇر رىشتە باغلاپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن مول، سەرخىل مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلدى. ئۇ «قانۇن لوگىكىسى»، «ئافرىقا چۆچەكلىرى»، «ئىبرىنى ئۆلگىلى قويمىغان ئايال»، «لىۋىيە ھېكايىلىرى»، «ئاپپارات كۆزىدىكى دۇنيا»، «چارەك ئەر»، «ئاسىي روھ» قاتارلىق ئون نەچچە كىتابنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى، يەنە بىرنەچچە كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى تاماملاپ نەشرگە تاپشۇردى.

مۇۋەپپەقىيەت يولىدىكى ئىزدىنىش ھامان مېۋە بېرىدۇ. بۇنى ئوسمانجان مۇھەممەتنىڭ ئەمەلىيىتى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. ئۇ توختىماي تىرىشىپ، ئاخىرى مول ھوسۇللۇق ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئوسمانجان مۇھەممەت ئاخۇنباي 1963 - يىل 6 - ئايدا كەلپىندە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە زاۋۇتىدا ئىشلىگەن. كېيىن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىگە ئالمىشىپ كېلىپ تەرجىمان بولغان. 1993 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. كېيىن ئائىلە مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن يەنە ئىلگىرىكى ئورنى — ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىگە ئالمىشىپ كەلگەن ھەم تەرجىمان، بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. 2004 - يىلى ئوسمانجان خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى قارمىقىدىكى «مۇنبەر» ژۇرنىلىدا مۇ-

ھەرررلىك قىلغان. بىر يىلدىن كېيىن ئائىلە مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە ئاقسۇغا ئالمىشىپ كېلىپ ئەسلىدىكى ئورنىغا ئىشقا چۈشكەن.

گەرچە ئۇ بىرنەچچە قېتىم يۆتكىلىپ، يەنە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، خىزمەتتىكى قىزغىنلىقى، ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرىغا بولغان ساداقىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويمىدى. بۇ جەھەتتە ئوسمانجان مۇنداق دەيدۇ: مەن دەرۋەقە بىرنەچچە قېتىم ئۆرۈمچىگە يۆتكىلىپ، يەنە قايتىپ كەلدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن كەسپىمنى، خىزمەت ئورنۇمنى سۆيىمەن. مەتبۇئات، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. مۇشۇ ۋەجدىن يۆتكەلدىم. لېكىن، ئائىلە مۇناسىۋىتىمنى ياخشى ھەل قىلالمىدىم. بەزىلەر: «ئۆرۈمچىنىڭ يولى سەن ئۈچۈن قوغۇنلۇقنىڭ يولى بولۇپ قالدى، خالىساڭ يۆتكىلىپ، خالىساڭ قايتىپ كېلەلەيدىكەنسەن، دۇنيادا سەندەكمۇ ئەخمەق ئادەم بارمۇ» دەپ تاپا - تەنە قىلىشتى. مەن بۇنى توغرا چۈشەندىم. لېكىن، باشقىلارنىڭمۇ مېنى توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەن جاپاكەش ئايالىمغا، رەھبەرلىرىمگە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئوسمانجان مۇھەممەت ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدە ھەقىقەتەن ئىلگىرىلىدى. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، چوڭ ھەجىملىك كىتابتىن 20 دىن كۆپرەكنى تەرجىمە قىلىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان «ئېرىنى ئۆلگىلى قويمىغان ئايال»، «ئاپپارات كۆزىدىكى دۇنيا»، «قانۇن لوگىكىسى»، «ئاسىي روھ» قاتارلىق كىتابلار كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ كىتاب تەرجىمە قىلغاندىن سىرت، يەنە 400 پارچىغا يېقىن ھېكايە، نەسر، چۆچەك تەرجىمە قىلىپ، «تارىم» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۆرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «ئاقسۇ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. ئېغىز تەرجىمىسىدىن تاشقىرى، ھەر يىلى مالىيە خىزمىتىگە ئائىت نۇرغۇن ھۆججەت، دوكلات تەرجىمە قىلدى. مالىيە - باج خىزمىتىگە ئائىت 1 مىليون خەتلىك ئىككى كىتابنى تەرجىمە قىلىپ، كەسپداشلىرى ۋە رەھبەرلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئۇسمانجان مۇھەممەت 20 نەچچە يىلدىن بۇيان توختىماي ئۆگەندى، تەرجىمە قىلدى، تىل بايلىقىنى بېيىتتى. باشقىلار تاماكىغا، هاراققا پۇل خەجلىسە، ئۇ كىتابقا پۇل خەجلىدى. باشقىلار كەچلىك ۋاقتىنى ئويۇن - تاماشىغا سەرپ قىلسا، ئۇ ئىشلەشكە ئادەتلەندى. ئۇ ئەدەبىي تەرجىمىدىن سىرت، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. هازىرغىچە ئۇنىڭ «ئاقسۇ گېزىتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا «ئوغرى»، «لىپاپىنىڭ كۆچى»، «ساداقەت» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە هېكايىسى ئېلان قىلىندى.

ئۇ يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى ھەم ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىم ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ هاۋالىسىگە ئاساسەن، مەزكۇر ئۆمەك ئورۇنلىغان «نەسىردىن ئەپەندى»، «دولان چېچەكلىرى» ناملىق ئىككى ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئوپېرانى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، خەنزۇ كىتابخانلارنىڭمۇ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئاقسۇ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەنزۇ تىلىدىن دەرس ئۆتتى.

هازىرغىچە ئۇسمانجان مۇھەممەتنىڭ ئون نەچچە تەرجىمە كىتابى نەشر قىلىندى. 2000 - يىلدىن كېيىن ئۇسمانجان مۇھەممەت ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، يەنە «يىغلاڭغۇ ئايال»، «قانۇن دەرۋازىسى ئالدىدا»، «ئەرەب هېكايىلىرى»، «تېرە پوتۇك»، «ۋىكتورىيە خېنىم»، «ئاكا - ئۇكا كارامازوپلار»، «سىز خىزمىتىڭىزنى سۆيەمسىز»، «كەسپكە هۆرمەت قىلىڭ» قاتارلىق چوڭ هەجىملىك كىتابلارنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن نەشرگە تاپشۇردى.

ئۇسمانجان مۇھەممەت مۇنداق دېدى: مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا بىر كىتاب بەندىسى ئىدىم. مەيلى يازغۇچىلىرىمىز يازغان ياكى تەرجىمانلىرىمىز ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان كىتاب بولسۇن، تاپالىساملا قالدۇرماي ئوقۇيتتۇم. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە «سۇ بويىدا» رومانى يېڭى يېزىقتا نەشر قىلىندى. مەن ئۇ رومانىنى ئاز دېگەندىمۇ ئون نەچچە قېتىم ئوقۇدۇم. ئۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغانلارغا كۆپ ئاپىرىن ئېيتتىم. مەندە شۇ چاغدىلا

مۇبادا ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلىسەم خەنزۇ تىلىدا ئوقۇپ، يارامل‍ىق ئەدەبىي تەرجىمان بولىمەن، دېگەن بىر ئوي پەيدا بولدى. تەلىيىمگە يارىشا 1979 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىگە قوبۇل قىلىندىم. تىرىشىپ ئۆگىنىپ خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئىگىلىۋالدىم. مەن ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ئۆرنەكلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ رەڭدار گۈللىرىنى سۇنۇش ئۈچۈن، ئەدەبىي تەرجىمە كوچىسىغا كىردىم. بۇ كوچىدا بىر ئۆمۈر مېڭىشنى نىيەت قىلدىم. مەن ئەدەبىيات، ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتى زىنھار يېقىنلاشمايدىغان بىر ئىقتىسادىي تارماقتا خىزمەت قىلسامۇ، يەنىلا ئەدەبىي تەرجىمىنى ئۆزۈمگە يار تۇتتۇم. ھەرقانچە ئالدىراش بولسامۇ بۇ ئىستەكتىن ۋاز كەچمىدىم. بەزى ئادەملەر ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۇقمايدۇ، ئەمما مەن ۋاقىتنى تەڭشەشكە تولىمۇ ماھىر. ۋاقىت مېنى ئالدىغا سىلىۋالسىمۇ، مەن ۋاقىتنى ئەپچىللىك بىلەن ئوغرىلىۋالىمەن ـ دە، شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىمنى قىلىۋالىمەن. ئەدەبىي تەرجىمىگە قىزىقىپ قېلىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەب، دېدى ئوسمانجان بۇ سەپكە كىرىپ قېلىش جەريانىنى تىلغا ئېلىپ: مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزىدىغان يىلى ئابدۇراخمان ئەبەي بىلەن يەنئەن يولىدىكى بىر ساتىراشخانىدا تونۇشۇپ قالدىم. شۇ چاغدا ئابدۇراخمان ئەبەي ئاكا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلەيدىكەن. كېيىن مەن تەرجىمە قىلغان بىر ھېكايىنى كۆرسىتىۋېدىم، ئۇ جاناب: ئۇكام، سەن مۇشۇ يولدا توختىماي تىرىشىپ ئۆگەن، مەيلى ئۇرۇمچىدە قال ياكى ئاساسىي قاتلامغا كەت، ئەدەبىي تەرجىمىنى ھەرگىز تاشلىما. سەن تىرىشىدىغانلا بولساڭ، ئۈچ ـ تۆت يىلدا ياخشى ئەدەبىي تەرجىمان بولىدىكەنسەن، دەپ رىغبەتلەندۈردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋە ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئۈرۈمچى ۋە ئاساسىي قاتلاملاردا خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلاردا غېنىزات غەيۇرانى، مەرھۇم ئابدۇللا تالىپ، مەرھۇم خۇدۇيۇمبەردى سېلىم، ئوسمانجان ساۋۇت، راخمان مامۇت، بەختىيار سايىتوف، ئىسلامجان شېرىپ قاتارلىق يازغۇچى، شائىر، ئەدەبىي تەرجىمانلار بىلەن نۇرغۇن قېتىم ھەمسۆھبەتتە بولدۇم. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىكرى ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىش

روھى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، ئىلھاملاندۇردى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن راخمان مامۇت، ئىسلامجان شېرىپ ئاكىلار بىلەن بىرگە خىزمەت ئىشلىدىم. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى، بېرىلىپ ئىشلەش روھى، غايىسى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

ئوسمانجان مۇنداق دېدى: «خوراز» دېگەن يۇمۇرىستىك تەرجىمە ھېكايەم 1989 - يىلى «دۇنيا ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىندى. 1994 - يىلى «قانۇن لوگىكىسى» دېگەن كىتابنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلدىم، كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 5000 تىراژدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇ دەرسلىك بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى قانۇن مەكتەپلىرىدە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى ۋە ئىنتايىن ياخشى باھاغا ئېرىشتى. مەن ھازىرغىچە «قانۇن لوگىكىسى»، «ئافرىقا چۆچەكلىرى»، «ئېرىنى ئۆلگىلى قويمىغان ئايال»، «خۇدالىق ئالەم»، «لىۋىيە ھېكايىلىرى»، «ئاسىي روھ»، «چارەك ئەر»، «باتۇر شاھ جاڭغىر»، «بۈيۈك قەھرىمان بىئوۋۇف»، «ماغاپغاراتا»، «ئاپپارات كۆزىدىكى دۇنيا»، «سېتىۋېلىشنى تېزگىنلەش بىلىملىرى» دېگەن كىتابلارنى تەرجىمە قىلدىم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «بىر ئايال»، «مۇھەببەت ۋە ھەققانىيەت» دېگەن كىتابقا بىر تەرجىمە ھېكايەم، بىر تەرجىمە پوۋېستىم كىرگۈزۈلدى. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. مەن بۇنىڭدىن باشقا يەنە گېزىت - ژۇرناللاردا ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسىرى بولۇپ جەمئىي 500 نەچچە پارچە ھېكايە، پوۋېست، نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇردۇم. يەنە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئون نەچچە پارچە نادىر ئەسىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، خەنزۇچە نەشر قىلدۇردۇم.

ئۇ ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتى جەھەتتىكى تەسىراتىنى مۇنداق شەرھلىدى: ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىم ئىچىدە ئەڭ كۆپ تارقىتىلغىنى «قانۇن لوگىكىسى»، «ئاسىي روھ»، «چارەك ئەر»، «ئافرىقا چۆچەكلىرى»، «خۇدالىق ئالەم» بولدى. بۇ كىتابلارنىڭ ھەر بىرى 5000 نۇسخىدىن تارقىتىلدى. ئەڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىنغان تەرجىمە ئەسىرىم «قانۇن لوگىكىسى»، «ئاسىي روھ» بولدى. چۈنكى، لوگىكا ناھايىتى نازۇك پەن بولغاچقا، لوگىكا بىلىملىرى

ئىنتايىن پۇختا بولمىسا، لوگىكا كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش بەك مۈشكۈل بولىدۇ. مېنىڭ لوگىكا ئاساسىم پۇختا بولسىمۇ، «قانۇن لوگىكىسى» نى تەرجىمە قىلىشتا خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىم. ئەمما، كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى ۋايىغا يەتكۈزگەچكە، ئوقۇغان ئادەم ئۇ كىتابنى تەرجىمە ئەمەس، ئوسمانجان يېزىپ چىقىپتۇ، دېگەن تۇيغۇغا كېلىدۇ. ئەمدى «ئاسىي روھ» قا كەلسەك، ئۇ دۇنياغا مەشھۇر نەسرچى، شائىر، يازغۇچى، رەسسام، سىمۋولىزمچىلارنىڭ پېشۋاسى، مۇزىكانت، پەيلاسوپ ھەزرىتى جىبرانىنىڭ شۆھرەتلىك ئەسىرى. «ئاسىي روھ» پىروزا دېيىلگەن بولسىمۇ، توپلامدىكى ھېكايىلەرنىڭ نەسرىي شېئىر ياكى ھېكايە ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ. توپلامدىكى ئەسەرلەرنى ھېكايە دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، نەسرىي شېئىر دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەسەردىكى نازۇك ھېسسىيات، ئەزگۈ تۇيغۇنى ئۇيغۇر تىلىدا جانلىق ئىپادىلەش ناھايىتى تەس ئىدى. تەرجىماندا خۇددى جىبراندىكىدەك لىرىك تۇيغۇ بولمىسا، ئەسەر تەرجىمىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايتتى. مەن ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىنى ئەنە شۇ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈردۇم ۋە ئۇ ئەسەرنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلدىم. يەنە «خۇدالىق ئالەم»، «چارەك ئەر»، «لىۋىيە ھېكايىلىرى» نىڭ تىل سەنئىتىگىمۇ يۇقىرى باھالار بېرىلدى. دۇنياۋى شۆھرەتلىك يازغۇچى ئوگ ماندىنونىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تېرە پۈتۈك» نى تەرجىمە قىلدىم. ھازىر بۇ ئەسەر «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» دە ئۇلاپ بېرىلىۋاتىدۇ.

ئوسمانجان ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: مەن ھاياتنى سۆيىمەن، ۋاقىتنى قەدىرلەيمەن، ئەدەبىي تەرجىمىدە ھەرگىز قانائەت ھاسىل قىلمايمەن. ئۆمۈر بويى ئۆگىنىمەن. مەن نۇرغۇن دۇنياۋى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن تاللاپ قويدۇم. مەن ئۇ كىتابلارنى بىر - بىرلەپ تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرىمەن ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا تىرىشىمەن.

2006 - يىل ماي، ئاقسۇ

# «پىخسىق» نىڭ نەتىجىسى

ئادەتتە، كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار تاماكا چەكمەيدىغان، ھاراق ئىچمەيدىغان،

باشقىلار بىلەن ئانچە بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان ئادەملەرنى «پىخسىق» دې-يىشىدۇ. بۇ گەپنىڭ مەلۇم داۋلىسى بار دېيىلگەندىمۇ، لېكىن بۇنى تامامەن توغرا دېگىلى بولمايدۇ. تاماكىغا، هاراققا خۇمار ئادەملەر ئۇنىڭغا قانچىلىك پۇل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا قىلچە ئاغرىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭغا خۇمار-دە. لېكىن، ئاشۇ تاماكا، هاراققا خۇمارى يوق ئادەملەرنىڭ باشقا بىر نەرسىگە خۇمارى بارلىقىنى كىم چۈشىنىدۇ؟

ئوسمانجان مۇھەممەتنى «پىخسىق» دېگۈچىلەرنىڭ تولىسى ئۇنىڭ ئاقسۆ-دىكى دوستلىرى، تەڭتۇشلىرى، يۇرتداشلىرىدىن بەزىلەر ئۇنى چاقچاق قىلىپ «پىخسىق» دېيىشىدۇ. دەرۋەقە ئوسمانجانمۇ هاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ، لېكىن مۇھىم بېرىش - كېلىشلەردىن قالمايدۇ، مۇھىم مېھمان چاقىرىشتىنمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالمايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بەزى ئىش - ھەرىكەتلىرى باشقىلارغا غەلىتە تۇيۇلسا كېرەك. قاچانلا قارىسا ئۇنىڭ قولىدىن كىتاب چۈشمەيدۇ. ئۇ-نىڭ بۇ تەرىپى خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئوخشايدۇ. ئۆيى بى-لەن ئىدارىسى ئارىلىقىدىكى بىر كىلومېتىرچە يولنى ھەر كۈنى ئۇ زېرىكمەي تۆت قېتىم پىيادە مېڭىپ تۈگىتىدۇ. يولدا كېتىۋېتىپمۇ كىتاب ئوقۇيدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ كىنوخانىغىمۇ كىتاب ئېلىپ كىرگەنلىكىنى، كىنو باشلىنىشتىن ئىلگىرى، شۇنداقلا كىنو تۇيۇقسىز ئۆچۈپ قالغان چاغلاردىمۇ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن. ئولتۇرۇشلاردىمۇ ئۇ كىتابتىكى سۆزلەرنى كۆپ قىلى-دۇ. لېكىن، ئۇزاق يىللاردىن بېرى كىتاب ئۇنىڭ جېنى، ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ھېچكىم ھېس قىلمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇ باشقىلار هاراق، تاماكىغا خەجلىگەن پۇلنى كىتاب سېتىۋېلىشقا، باشقىلار ئويۇن - تاماشىغا سەرپ قىلغان ۋاقىتنى ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشكە سەرپ قىلدى. باشقىلار چۆچۈ-قەتلىشىپ تاماشا قىلغان، بەزمە تۈزۈپ كۆڭۈل ئاچقان كېچىلەردە ئۇ يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلدى ياكى يوتقاندا يېتىپ تۇرۇپ يەنە كىتاب ئوقۇدى. ئۇنىڭ مەخسۇس سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بىر ئېغىز-لىق قىرائەتخانىسى نەچچە مىڭ يۈەنلىك كىتابلار بىلەن توشۇپ كەتتى. بەزى-دە ئۇ ئۆيقۇ ۋە تاماقلارنىمۇ ئۇنتۇدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى ئە-زەلدىن 52 كىلوگىرامدىن ئېشىپ باقمىدى. ئۇ ھەر ئايدا ئاز دېگەندە 100 يۈەن

ئەتراپىدا چىقىم قىلىپ كىتاب سېتىۋالدى.

1991 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇ كىتابخانىدىن 110 يۈەنگە بىر نەچچە ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە كىتابلارنى سېتىۋالغانىدى. ئەتىسىلا ئۇ «قىسقىچە برىتانىيە قامۇسى» دېگەن يەنە بىر يېڭى كىتاب كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال كىتابخانىغا باردى. بۇ كىتابنىڭ باھاسى 150 يۈەن ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا نەدە ئۇنچىۋالا جىق پۇل بولسۇن، ئۇ كىتابنى ئاۋايلاپ ۋاراقلاپ كۆردى، ئۇنىڭغا تويماي قارايتتى. ئۇنىڭ كىتابنى ئالماي زادى چىقىپ كەتكىسى كەلمىدى. ئاخىرى ئۇ خىزمەت كىنىشكىسىنى «گۆرۈ» گە قويۇپ كىتابنى نېسىگە سېتىۋالدى. ئۆيگە قايتىپ بېرىپ پۇلنىڭ گېپىنى قىلغاندا، ئۇنىڭ ئايالى «ساڭا كىتاب بولسىلا بولامدۇ، كىتابنى مۇنداق ئالىۋەرسەڭ ئىككى بالا ۋە ئۆينى كىم باقىدۇ؟» دەپ كايىپ كەتتى. بۇ راست ـ تە، كىتاب ئۈچۈن ئۇ بۇنچىۋىلا كۆپ پۇل خەجلىگىلى تۇرسا ئۇنىڭ ئايالى ھېلىمۇ چىداپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ ھاراق، تاماكىغا ئۆگىنىپ قالماپتىكەن، بولمىسا بۇ كىتاب خۇمارى قانداق قىلاركىن! مۇشۇنداق بىر ئادەمنى «پىخسىق» دېسە كىمنىڭكىمۇ تىلى كۆيمەيدۇ؟!

ھۆرمەتلىك مۇشتەرى، ئوسمانجان مۇھەممەت كىتاب بەندىسى. ئۇ ھەم سېتىۋالدى، ھەم ئۆگىنىدۇ، شۇنداقلا سېتىۋالغىنىنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇيدۇ، ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭىدۇ. بۇ ئادەت ئۇنىڭ كىچىك چېغىدىن تارتىپ باشلانغان. ئۇ كەلپىن ناھىيەسىنىڭ يۇرچى يېزىسىدىكى يۇرچى باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ھەر يەكشەنبە كۈنى ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، دادىسى خەجلەش ئۈچۈن بەرگەن پۇلغا كىتاب سېتىۋالاتتى ھەم كىرسىن چىرىغىنىڭ نۇرىدا تۈن نىسپىگىچە كىتاب ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى ئىسقا توشۇپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇ كىتابخانىدا نۇرغۇن يېڭى كىتابلار بارلىقىنى كۆرۈپ تۇرالماي كەتتى. شۇ زامان ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ساندۇقتىن بەش يۈەن ئوغرىلاپ كېلىپ خېلى كۆپ كىتابلارنى سېتىۋالدى. ئۇنىڭ دادىسى تۆمۈرچى بولغاچقا، بۇ ھۈنەرنى ئۇمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئۆزلەشتۈرۈۋالغانىدى. بىر كۈنى ئۇ بىر قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە «نەۋايى» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۇ كىتابنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىككە تاقا قېقىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كىتابنى قولغا چۈشۈردى... ئوسمانجان

نىڭ ئارزۇ يولىدىكى تىرىشچانلىقى ئاخىرى بىكارغا كەتمىدى. ئۇ 1979 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىلى كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. بۇ ئۇنىڭ مۇقەددەس ئارزۇسى ئىدى. ئۇ بۇ قوينى كەڭ مەرىپەت باغچىسىدا تېخىمۇ بېرىلىپ ئۆگەندى. ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى خەنزۇ تىلى بىلەن تىل ـ ئەدەبىياتنى ياخشى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى. ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى بىلەن خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىنى سېلىشتۇرۇپ ھەزىم قىلدى. ئۇ خەنزۇچە ماقال ـ تەمسىللەرنى، ئىدىيوملارنى يادلىۋالاتتى. شۇڭا، ساۋاقداشلىرى ئۇنى «ماقال ـ تەمسىللەر پادىشاھى» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا كىرىشتى. نۇرغۇن مەشھۇر رومانلارنىڭ ئۇيغۇرچىسى بىلەن خەنزۇچىسىنىڭ تەرجىمىسىنى سېلىشتۇردى. تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئوسمانجاننىڭ چاڭقاپ كەتكەن دىلىنى مەرىپەت كەۋسىرى بىلەن قاندۇردى. 1983 ـ يىلى ئۇ ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا تەرجىمانلىققا تەقسىم قىلىندى. بىر يىلدىن كېيىن ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ، ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسىغا ئورۇنلىشىپ تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئوسمانجان مۇھەممەت بۇ يېڭى كەسپىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، تەرجىمانلىق خىزمىتىگە تېزلا ماسلىشىپ كەتتى ھەمدە تەشكىلنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىدى. كۆندە قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيدىغان يىغىنلار، ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنىڭ تەرجىمىسىنى ۋاقتىدا، سۈپەتلىك پۈتكۈزدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. تەرجىمە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ ماڭدى. ھەر يىلى مالىيە ـ باج سا- ھەسىگە ئائىت تەخمىنەن 1 مىليون خەتلىك تۈرلۈك ھۆججەت ـ ماتېرىيالنى تەرجىمە قىلىپ قولدىن چىقاردى. ئوسمانجان مۇھەممەت ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەزەرىيەۋى بىلىمنى تېخىمۇ بېيىتىپ، يېزىقچىلىق ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كىچىك چېغىدىلا قان ـ قېنىغا سىڭىشىپ كەتكەن يازغۇچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان بولۇش ئىستىكى ئۇنىڭ يۈرىكىدە تىنىمسىز يالقۇنجايتتى. ئۇلۇغۋار ئارزۇ ئۇنى ئالغا ئۈندەيتتى، ئۇ قولىغا قەلەم ئالدى. ئۇنىڭ تۇنجى ھەجۋىي ھېكايىسى — «بىر يې-

رىم كۆن كېچىكىپ قاپسىز» 1987 - يىلى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە مەلۇم تەسىر پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان، ئۇنىڭ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «ئاقسۇ گېزىتى» دە جەمئىي 15 پارچە ھېكايىسى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى.

1986 - يىلى ئۇ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «شېئىر» ناملىق نەسىر «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مۇھەررىر - تەرجىمانلار ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى «دۇنيا ئەدەبىياتى» دا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۇ 80 نەچچە پارچە ھېكايە، نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات تەرجىمە قىلىپ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دائىرىسىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇردى. مالىيە - باج ساھەسىگە ئائىت 1 مىليون خەتلىك ئىككى كىتابنى تەرجىمە قىلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىرى نەشر قىلىنىپ بولدى. «قانۇن لوگىكىسى» دېگەن 240 مىڭ خەتلىك كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى ئاياغلاشتۇرۇپ نەشرگە تاپشۇردى.

ئوسمانجان مۇھەممەت خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئۇ تەرجىمە قىلغان «ياق، ئۇ پاك قىز»، «بومۇ تۇرمۇش»، «گاچا قىز» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ئەسەر «مىللەتلەر يازغۇچىلىرى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنىپ، خەنزۇ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ ئەدەبىي تەرجىمە نەزەرىيەسىگە ئائىت بەزى ئىزدىنىشلەر بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. بۇ يىل 32 ياشقا كىرگەن ئوسمانجان ئۆزىنىڭ بىلىمىنى موللاشتۇرۇپ، يېزىقچىلىق ۋە ئەدەبىي تەرجىمە سەۋىيەسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ھازىر پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنمەكتە.

1994 - يىل، ئاقسۇ

**سەنئەت بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلات، روھىي ئوزۇق. ئارتىسلار بولسا شۇ مەنىۋى مەھسۇلات بىلەن روھىي ئوزۇقنى ئىنسان قەلبىگە يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەر، ئىنسانلارغا گۈزەللىك، شادلىق، ھاياجان بەخش ئەتكۈچىلەردۇر. بىراق، ھەرقانداق داڭلىق ئۇسسۇلچى، ناخشىچى، سازەندە ئۇستازسىز نام چىقارغان ئەمەس، شۇڭا داڭلىق ئارتىسلارنىڭ ئۇستازلىرى پەردە ئارقىسىدىكى تۆھپىكارلاردۇر...**

# سەنئەت گۈلشەنىدە 30 يىل

دەرسنى خەنزۇ تىلىدا ناھايىتى راۋان سۆزلەۋاتقان ئاسىيە خانىمنىڭ كىچىكىدىنلا ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇغانلىقىغا كىشىنىڭ تازا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ئۇسسۇلنىڭ ھەرىكەت قائىدىلىرىنى خەنزۇچە ھەم ئۇيغۇرچە (ئاساسەن خەنزۇچە) چۈشەندۈرگەچ ئۆزى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ بېرىۋاتاتتى. ئوقۇغۇچىلار ئىشلىگەن ھەرىكەتنىڭ ھەربىر ئىنچىكە ھالقىلىرىدىكى كىچىككىنە سەۋەنلىكمۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. تەلەپتىن ئازراقلا چەتلەپ كەتسە، ھەرىكەتنى توغرا ئىشلىگەنگە قەدەر قايتا ـ قايتا مەشىق قىلدۇرۇپ، شۇ ھەرىكەتنى ئۆزى تەڭ ئىشلەۋاتقان بۇ تەلەپچان خانىم ئەسلىي سۆزلىنىپ بولغان، قايتا پىششىقلايدىغان دەرسنى (بۇ دەرس قايتا مەشىق دەرسى ئىدى) مۇشۇنداق سۆزلىسە، تۇنجى قېتىملىق دەرسنى قانچىلىك جاپادا سۆزلەيدىغاندۇ، شۇنچە قاتتىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇ چارچىمامدىكىنە؟ دەرۋەقە، ئاسىيە خانىم دەرسكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشكەن ئىدى. شۇ تاپتا پۈتۈن كائىنات ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇسسۇل مەشىق زالىغا ئايلىنىپ كەتكەندەكلا ئىدى.

دەرس ئاخىرلاشتى، قاتتىق مەشىقتىن ئوقۇغۇچىلارمۇ، ئاسىيە خانىممۇ چارچىغان ئىدى. بىراق، بۇ ئۇسسۇل پەرۋانىسىنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق ئەمەس، بەلكى جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى.

— ھەربىر سائەتلىك دەرسنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۆزلىسەم ئۆزۈمنى ناھايىتى

روھلۇق، خۇشال ھېس قىلىمەن، ئەكسىچە بولسا ئازابلىنىپ، قولۇم ئىشقا بار-مايدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئاسىيە خانىم ھەممە دەرسنى مۇشۇنداق سۆزلەمدۇ؟ دېگەن سوئالغا ئو-قۇغۇچىلار:

— شۇنداق، يېڭى بىر ھەرىكەتنى ئۆگەتكەندە، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، ئۆتكەن يىلى ئاسىيە مۇئەللىم بېيجىڭغا يىغىنغا كېتىپ، ئورنىغا باشقا بىر مۇئەللىم دەرسكە كىرگەن، شۇ چاغدا ئاسىيە مۇئەللىمنىڭ قەدرىگە يەتتۇق، چۈنكى بەزى ئوقۇتقۇچىلار ھەرىكەتنى بىرلا قېتىم كۆرسىتىپ بېرىپ، بىزنىمۇ بىرلا قېتىم ئىشلىتىپ بولدى قىلىدىكەن. ئاقىۋەتتە ھەرىكەتنى خاتا ئۆگىنىۋالى-دىكەنمىز، زىيان يەنە ئۆزىمىزگە بولىدىكەن، — دېيىشتى.

— دەرسنى خەنزۇ تىلىدا بەك راۋان سۆزلەيدىكەنسىز، مۇشۇ جەھەتتە قى-يىنچىلىق بولغانمۇ؟ — دەپ سورىدۇق ئاسىيە خانىمدىن.

— قىينالمامدىغان، مەن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا 12 يېشىمدىلا بار-غان، ئۇ ۋاقىتتا خەنزۇ تىلىدىن ھېچ نەرسە بىلمەيتتىم، مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەن-لىرىنى چۈشىنەلمەي بەك قىينالدىم، كېچە - كېچىلەپ ئۆگىنىپ، ئوقۇشۇم پۈتكىچە ئادەتتىكى ھېكايىلەرنى سۆزلىيەلىگۈدەك بولدۇم. 1976 - يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە خىزمەتكە چۈشتۈم. ئۆمەكتە توققۇز يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، 1985 - يىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - سەن-ئەت مەكتىپىگە يۆتكەلدىم. گەرچە تۇرمۇشتىكى سۆزلەرنى قىلىشتا قىينالمىسا-مۇ، كەسپىي ئاتالغۇلاردا، ئادەم بەدىنىدىكى ھەربىر مۇسكۇل، بوغۇملارنىڭ ئا-تالغۇسىنى سۆزلەشتە يەنە قىينالدىم. لېكىن، بىلمەيمەن، دەپ ئولتۇرۇش ئادەم-گە نىسبەتەن نومۇس، شۇڭا كەسپىي ئاتالغۇلارنى، ئاناتومىيە ئاتالغۇلىرىنى بىر باشتىن ئۆگەندىم. ئۆزۈمگە ئۆزۈم سۆزلەپ مەشىق قىلىپ ئاخىرى خەنزۇ با-لىلارغىمۇ قىينالماي دەرس سۆزلەيدىغان سەۋىيەگە يەتتىم. ئادەمدە ئىرادىلا بولسا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدىكەن، — دېدى ئۇ.

ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى سەھنىگە كۆپ چىقمايدۇ، بىراق باشقىلارنىڭ سەھ-نىگە چىقىشىغا شوتا بولۇپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، ئاسىيە خانىممۇ ھازىر سەھنىگە كۆپ چىقمايدۇ، بىراق ھەر قېتىم ئۆزى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار-

نىڭ سەھنىگە چىققىنىنى كۆرگەندە يۈرەكلىرى ئويناپ، قەلبى ئىختىيارسىز سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇ بۇ ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىش يولىدا تارتقان جاپالىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ ـ دە، خۇددى ئۇزاق يول يۈرۈپ ئاخىرى مەنزىلگە يەتكەن يولۇچىدەك شادلىنىشقا باشلايدۇ. بىر قېتىم «ئاقسۇ باھارى» سەنئەت كۆرىكىدە «قارا كۆز» ناملىق ئۇسسۇلنى ئوينىغان گۈلگىنە ياسىن بىلەن «ئايدىن سورايمەن» ناملىق ئۇسسۇلنى ئوينىغان ئايگۈل نىيازلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ئالاھىدە ئارتىس» ۋە «مۇنەۋۋەر ئارتىس» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلى ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپات ئېلىۋاتقان كۆرۈنۈشنى كۆرگەندە، ئاسىيە خانىم ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزى بىۋاسىتە يېتىشتۈرگەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرىپى ئۈچۈن خېلى ئۇزۇنغىچە ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، قوي كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى، نۇرغۇن چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللاردا باش رول ئېلىپ سەھنىدە ئوينىغان چاغلىرىنى، مىڭلىغان قەلبلەرنى لەرزىگە سېلىپ كاتتا شەرەپلەرگە ئېرىشكەن مىنۇتلىرىنى ئەسكە ئالدى. دەرۋەقە، ئۇ 1976 ـ يىلى باش كۈزدە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنغان ئىدى. 16 ياشلىق ئاسىيە خانىم چىرايلىق ھەم ئەقىللىق بولغاچقا، كەسپداشلىرى ئىچىدە تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى ھەم ئۇزاق ئۆتمەي ئۆمەكنىڭ ئاساسلىق ئۇسسۇلچىسى بولۇپ قالدى. 1980 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يالغۇز كىشىلىك، قوش كىشىلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ئۇ ئوينىغان «ئايدىڭ كېچە» ناملىق ئۇسسۇل «مۇنەۋۋەر ئورۇنلاش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كەسپىي ئۆمەكلەرنىڭ سەنئەت كۆرىكىدە ئۇ «باھار تەنتەنىسى»، «ئايدىڭ كېچە» ناملىق ئۇسسۇللارنى ئويناپ، «مۇنەۋۋەر ئۇسسۇلچى» بولۇپ تەقدىرلەنگەن ئىدى. ھازىر ئۇ ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى، پەردە ئارقىسىدىكى ئۇسسۇلچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسىنىڭ شەرىپىدىن، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىدىن پەخىرلەنمەكتە...

ئاسىيە خانىم سەنئەت مەكتەپكە كەلگەندە، مەكتەپتە ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى يوق دېيەرلىك ئىدى، ئۇسسۇل مەكتەپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كەسپى ئىدى. مەك-

تەپكە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ 80% ى ئۇسسۇل كەسپىگە قوبۇل قىلىناتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئاساسىي ماھارەت دەرسى، بالېت دەرسىدىن تارتىپ نەزەرىيە دەرسىگىچە ئۇ دەرسكە ئۆزى كىرىشكە توغرا كەلدى. ئۇسسۇل دەرسى ئىجادىيەت ئاساسىدىكى پەن بولغاچقا، ئۇ خاس دەرس ئۆتۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، توختىماي ئىزدىنىپ، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتكۈزگەندە ئۇ مەكتەپ رەھبەرلىرىگە تەكلىپ بېرىپ، كەسپتە بىرقەدەر ياخشىلىرىنى تاللاپ مەكتەپكە ئېلىپ قالدى. مۇنبەرگە يېڭىلا قەدەم باسقان بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش تەجرىبىسى بولمىغاچقا، ئۇلارنى يېتەكلەش تەبىئىيلا ئاسىيە خانىمنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. ئاسىيە خانىم ئۇلارغا دەرس تەييارلىقنى قانداق تۈزۈش، ئوقۇتۇش مېتودىنى قانداق ياخشىلاش ھەققىدە ئۆز تەجرىبىسىنى ئۆگەتتى. يېڭى ئوقۇتقۇچىلار ئاسىيە خانىمنىڭ ياردىمى ۋە ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، مۇنبەر ھاياتىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى بېسىشتا بەك قىيىنىلىپ كەتمىدى. تەلەپچان ئۇستازدىن يارامىلىق شاگىرت يېتىشىپ چىقىدۇ. يارامىلىق شاگىرت يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن سەنئەت مەكتەپكە چوقۇم سەنئەتكە دىتى، قىزىقىشى، قابىلىيىتى بار نوتىلارنى تاللاپ قوبۇل قىلىش كېرەك. بىراق، بۇ مەكتەپتە «ئارقا ئىشىك»، «مۇناسىۋەت تورى» ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ قالغان ئوقۇغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق سەنئەت ئېلېمېنتى يوق «نوتا» لارنى تەربىيەلەشتىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايتتى. ئاسىيە خانىم بۇنداق ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. ھوقۇقىغا ياكى پۇلىغا تايىنىپ باللىرىنى بۇ مەكتەپكە كىرگۈزمەكچى بولغان ئاتا - ئانىلار ئاسىيە خانىمغا «سېخىيلىق» بىلەن «قىزىل بولاق»، ئالتۇن جابدۇقلارنى بەرمەكچى، ئۇنى زىياپەتلەرگە تەكلىپ قىلماقچى بولۇشتى. بىراق، ئاسىيە خانىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا «قىزىل بولاق» ياكى زىياپەت شىرەسىگە ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىنىڭ ھەقىقىي قابىلىيىتىگە، بەدەن ساپاسىغا، قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلدى. ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن، ئاسىيە خانىم يۈز خاتىرە، مۇناسىۋەت دېگەنلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھەقىقىي پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرگەچكە، ئۇ قوبۇل قىلغان

ئوقۇغۇچىلاردىن «بىراك مال» چىقىپ قالمىدى.

باشقا ھەرقانداق پەننىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل تۈزۈلگەن ئوقۇتۇش پىروگراممىسى بولىدۇ. بىراق، ئۇسسۇل كەسپىنىڭ سىستېمىلىق، بىرلىككە كەلگەن ئوقۇتۇش پىروگراممىسى يوق بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ئۆز تەجرىبىسىگە تايىنىپ، بالىلارنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ھەرىكەتلەرنى تەييارلاپ دەرس سۆزلەيتتى. بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئاسىيە خانىم قاتتىق ئىزدەندى، نۇرغۇن ھېيت - بايرام، ئارام ئېلىش كۈنلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە 1991 - يىلى تۇنجى قەدەمدە مىللىي قىز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن «ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل ئوقۇتۇش پىروگراممىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇنداق ئوقۇتۇش پىروگراممىسى تېخى سەنئەت ئىنستىتۇتىدىمۇ تۈزۈلمىگەچكە، بۇ مەكتەپنىڭ پىروفېسسورلىرىمۇ ئاسىيە خانىم تۈزگەن ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. چۈنكى، بىرنەچچە ئادەم بىرلىشىپ نەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندە ئاران تۈزگىلى بولىدىغان بۇنداق پىروگراممىنى بىر ئادەم يالغۇز، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەي تۈرۈپ تۈزۈپ چىقىشىنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكى ئۇلارغا ئايان ئىدى. بۇ پىروگراممىنى 2001 - يىلىغىچە قوللانغاندىن كېيىن، 2001 - يىل 2 - ئايدا ئاسىيە خانىم تەجرىبىلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەلەشتۈرۈپ، ئەسلىدىكى ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى بېيىتىش ئاساسىدا يەنە بىر قېتىم ئۇسسۇل ئوقۇتۇش پىروگراممىسى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىروگراممىنى 2004 - يىلىغىچە قوللانغاندىن كېيىن، ئەسلىي پىروگراممىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئاساسىدا، سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسىغا ئاساسەن، 2005 - يىلى 3 - قېتىم تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئىزدىنىشتىن بىر كۈنمۇ توختاپ قالمايدىغان بۇ ئىجادكار باغۋەنگە ئۆتكەن يىل 12 - ئايدا بەش يىللىق تۈزۈمدىكى ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇسسۇل ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. بۇ مەكتەپ 2005 - يىلىدىن باشلاپ ئۇسسۇل كەسپىگە ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇلارغا ئايرىم تۈزۈلگەن ئوقۇتۇش پىروگراممىسى يوق ئىدى. ۋەزىپىنىڭ سالمىقى ئېغىر، بىراق ۋاقىت ئىنتايىن قىس. ئەسلىدىكى ئۈچ يىللىق ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى

قايتىدىن ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن ساپاسى، بەدەن قۇۋۋىتى، ھەرىكىتى، دەرىجىسىگە ماس كېلىدىغان ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا بىرىلگەن ۋاقىت بىر ھەپتىگىمۇ يەتمەيتتى. ئاسىيە خانىم بىرنەچچە كۈن ئۇيقۇنى تەرك ئېتىپ، بارلىق ئىشلارنى تاشلاپ قويۇپ، ئاخىرى ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ۋاقىت يېتىشمىدى دېيىشىمۇ بولاتتى، بىراق بۇنداق دېيىش، ۋەزىپىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاپ بولالماسلىق ئاسىيە خانىمغا يات بولغاچقا، ئۇ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى.

ئاسىيە خانىم بۇ مەكتەپنىڭ ئۇسسۇل ئوقۇتۇش كافېدراسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغان 15 يىلدىن بۇيان، ئوقۇتقۇچىلارغا دەرس تەقسىملەش، دەرس سېتكىسى ئىشلەش، يىللىق پىلان تۈزۈش، ھەر چارشەنبە ئېچىلىدىغان يىغىندا بىر ھەپتىلىك خىزمەتنى خۇلاسىلەشتىن ئىبارەت قېتىممۇ باش تارتىپ باقمىدى. تۆت قارار سىنىپ مەسئۇلى بولۇپ، مەۋلان نىياز قاتارلىق يارامىلىق ئۇسسۇلچىلارنى، ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

— ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ سۆيۈنىدىغان ئىشىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدۇق ئۇنىڭدىن.

— مەن گەرچە پەۋقۇلئاددە چوڭ ئىشلارنى قىلالمىغان بولساممۇ، 22 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلىدىم. ئوقۇغۇچىلىرىمدىن شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە، مۇقام ئانسامبىلىدا ئىشلەۋاتقانلار خېلى كۆپ. ئوقۇغۇچۇم گۈلزار بېيجىڭ شەرق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە خىزمەت قىلىدۇ، مەن مۇشۇ ھاياتىمدا شۇنداق يارامىلىق ئادەملەرنى تەربىيەلەپ چىققانلىقىمدىن سۆيۈنىمەن. گەرچە ئۆزۈمنىڭ پەقەت بىرلا پەرزەنتىم بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتتە مېنىڭ باللىرىم ناھايىتى كۆپ. ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ئۆز پەرزەنتىمگە ئوخشاش، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

دۇنيادا كىشىلىك ھاياتىنىڭ قىممىتىنى مال ـ دۇنياسى، بايلىقى بىلەن ئۆلچەيدىغان، مال ـ دۇنياغا ئىنتىلىپ كەتسىمۇ باشقىلارغا ئازراقمۇ نەپ بېرەلمەيدىغان كىشىلەر ئاز ئەمەس، بىراق ئاسىيە خانىم ھاياتىنىڭ قىممىتىنى تىنىمسىز ئەمگىكىدىن، ئىجادىيەت باغلىرىدىن ئىزدىدى.

ئۇ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن شام بولۇپياندى، بىرەر ئوقۇغۇچىسىنىڭ تۇر-

مۇشتا قىينىلىپ قالغانلىقىنى بىلسىلا، قولىدىن كېلىدىغان ياردىمىنى ئايىمىدى، گەرچە مائاشى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇلارغا كىيىم ھەم پۇللىرىنى بېرىپ، خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. ساجىگىزا مىللىي مەيداندىن ئوقۇشقا كەلگەن بىر قىزنىڭ دادىسى يوق، ئاپىسى ئائىلە ئايالى بولغاچقا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينىلىپ، ئوقۇشتىن چېكىنمەكچى بولدى. بۇنى بىلگەن ئاسىيە خانىم دەرھال ئۆزى باش بولۇپ ئىئانە توپلاپ، بۇ قىزنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش راسخوتىنى ھەل قىلدى. كېيىنكى يىلى مەكتەپ رەھبەرلىرىگە ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ، ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرگۈزۈۋەتتى. ھەر ئايدا ئۇ قىزغا ئۆز يېنىدىن پۇل بەردى. بۇ قىز ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ھازىر ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم ئورۇندا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ قىزنىڭ ئاپىسى قىزى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزىغا سىڭدۈرگەن ئەجرىگە رەھمەت ئېيتىپ تەشەككۇرنامە يېزىلغان بىر لەۋھەنى ئاسىيە خانىمغا تەقدىم قىلدى. بۇ ئانا ئۆز قولى بىلەن يازغان تۆۋەندىكى قۇرلار بىزنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈردى: «... سىز قىزىم مۇنەۋۋەرنىڭ سىنىپ مۇدىرى بولۇش جەريانىدا نۇرغۇن يۈرەك قېنىڭىزنى سەرپ قىلدىڭىز، ئۆز پەرزەنتىڭىز ئورنىدا پۇل، كىيىم - كېچەك ياردەم قىلدىڭىز، ھەتتا مەن قىزىمنى يوقلىغىلى بارغاندا كىرا ھەققىمنى بەرگەندىن سىرت، قىشلىق كىيىملىرىمنىمۇ ئېلىپ بەردىڭىز. سىزنىڭ بۇ شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھىڭىزغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.»

ئۇنىڭ بۇنداق ياخشى ئىشلىرى نۇرغۇن، بىراق ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۇن - تىنسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەندە، بالىسى قىزىپ ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا، ئۇنىڭغا قارايدىغانغا ئادەم يوق بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ ئۆكۈنگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان، بىراق كەسپىگە بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت ناھايىتى تېزلا ئۇنى بۇ خىياللىرىدىن ياندۇراتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەم تەربىيەلەش بىرخىل شەرەپلىك ئىش. ئۇنىڭ خىزمەتكە بولغان ئەستايىدىللىقى، تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتمىدى. ئۇ ھەر يىلى دىگۇدەك مەكتەپ بويىچە ئىلغار خىزمەتچى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، 1994 - يىلى ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ تەقدىرلەندى. 2006 - يىلى

ئۇنىڭ ئۇچۇن يەنە بىر شەرەپلىك يىل بولدى. چۈنكى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «شاپتۇل لوڭقىدىسى» ئۇسسۇل مۇسابىقىسىگە بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ قاتناشتۇرۇلۇپ، شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلدى. بۇ مۇسابىقە ھەر 10 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، قاتناشتۇرۇلىدىغان نومۇرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ئاسىيە خانىم ئۆزۈن يىللىق تەجرىبىسى ئاساسىدا ئىزدىنىپ، «دولان ئۇسسۇلى» (ئومۇملاشقان ھەرىكەت بىرىكمىسى) ئىشلەپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆگەتتى. كەسىپكە مەسئۇل مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى ئوقۇتقۇچى ئاساس، ئىككى ئوقۇتقۇچى قوشۇمچە بولۇپ 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە ئوقۇغۇچىلارنى مەشىق قىلدۇردى. بۇ جەرياندا ئاسىيە خانىم ھەرىكەتلەرنى قانچە قېتىم ئىشلىگىنىنى ئۆزىمۇ ساناپ بېرەلمەيدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، بالنىتسىدا يېتىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ھەرىكەتچان يۈرەك قوزغاتقۇچنى ئېسىۋېلىپ يۈرۈپ مەشىقنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ «ئۇيغۇر دولان ئۇسسۇلىنىڭ مەنبەسى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ چىقتى. جاپانىڭ تېگى ئالتۇن. بۇ ئۇسسۇل مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن كوللېكتىپ «ئەلا ئورۇنلاش مۇكاپاتى» غا، ئاسىيە مۇئەللىم شەخسىي «باغۋەن مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ، مەكتەپ، جۈملىدىن ئاقسۇغا زور شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى.

ئاسىيە خانىم 2001 ـ يىل 10 ـ ئايدا سۈرەتكە ئېلىنغان «كېچىكىپ ئېچىلغان گۈل» فىلىمدە ئانىنىڭ رولىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى يەنە بىر تالانتىنى نامايان قىلدى. جەمئىيەتتە بەزىلەر ئۇسسۇلچى ياكى ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، دەپ قارايدۇ. گەرچە بۇ خىل قاراش خاتا بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئۇسسۇلچىلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. ئاسىيە خانىم دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە مول ھوسۇللۇق ئوقۇتقۇچى، دېگەن نامغا لايىق ئىش قىلدى. ئۇنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان «سەنئەتنىڭ چېقىنى ۋە روھىيەت ساماسى»، «سەنئەتكاردىكى چوغ ۋە سەنئەتنىڭ زىمىستانى» ناملىق ماقالىلىرى جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ئاسىيە خانىم ماقالىسىدە ھازىرقى زامان ئۇسسۇل

تەتقىقاتىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلغار، يېڭىچە پىكىرلىرى بى-
لەن كەسپداشلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. يەنە ھازىر جەمئىيىتى-
مىزدىكى بىر قىسىم ياشلار ئىچىدە ئەۋج ئېلىۋاتقان دىسكوخانا ۋە تورخانىلاردىن
ئۆزىنى تارتالماسلىقتەك مىللەتنىڭ كېلەچىكىگە تەھدىت بولۇۋاتقان بىر قىسىم
ناچار ئىللەتلەرنى يېزىپ، روھىيىتىمىزنى تازىلاشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ھەق-
قىدە بىزگە سىگنال بەردى.

ئۇنىڭ خىزمەتكە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېغىشلىشى، ئۇزاق يىللىق جاپالىق
مەشىق ئاخىر ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە زور تەسىر يەتكۈزدى. 2001 ـ يىلى ئىك-
كىلا تىزى ئېزىلىپ كەتكەنلىكتىن، تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت قارىمىقىدىكى دوخ-
تۇرخانىدا ئوپېراتسىيە قىلىندى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئەمدى بۇ كەسىپ بىلەن
شۇغۇللانسا سولياۋ تىز سېلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن
كۆپ چىقىم تارتقانىنىڭ ئۈستىگە، سۈنئىي تىزنىڭ ئۇنىڭ مېڭىشىغا پەقەت 15
يىللا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەسپىدىن ۋاز
كەچمىدى. خىزمەتنى تېخىمۇ جان پىدالىق بىلەن ئىشلىدى. 2003 ـ يىلى 6
ـ ئايدا ئۇنىڭغا مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئارقىدا قالغان، ھەتتا ئۆلۈم ھادىسىسى
كۆرۈلۈشكە ئاز قالغان، ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا «قالاق» لىق قالپى-
قىنى كىيگەن بىر سىنىپ تۇتقۇزۇلدى. ئۇ پۈتۈن زېھنىنى، ۋاقتىنى ئوقۇغۇچى-
لىرىغا قاراتتى. كېچىسى ئۇخلىغاندىن باشقا ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدە باللار بىلەن
بىرگە بولۇپ، ئىككى ھەپتىنىڭ ئىچىدىلا سىنىپنى مەكتەپ بويىچە تۆتىنچى
ئورۇنغا ئۆتكۈزدى. باللار بىلەن قايتا ـ قايتا سۆھبەتلىشىپ، تەربىيە قىلىش
نەتىجىسىدە، دىسكوخانا، تورخانىلارغا ئۆگىنىپ قالغان ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىشلار-
دىن قول ئۈزدى. مەكتەپتىن قوغلىنىش ئالدىدا تۇرغان، باشقىلارنىڭ نەزىرى-
دىكى تۈزەلمەيدىغان «ئەگرى تاياق» لارمۇ ئوڭشالدى. ئاخىرى بۇ سىنىپتىكى
ھەممە ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى غەلبىلىك تاماملاپ ئوقۇش پۈتكۈزدى. ئۇسسۇل
كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئادەتتە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا بۇ مەكتەپ-
كە كېلىدىغان بولغاچقا، دەسلەپكى يىللىرى مەكتەپكە كۆنەلمەيدىغان، مەشىقنىڭ
قىيىنلىقىغا چىدىماي ئوقۇشتىن ۋاز كېچىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاسى-
يە خانىم باللارغا ئۆز ئاپىسىدەك كۆيۈنۈپ، روھىي جەھەتتىن تەسەللى بې-

رىپ، مەكتەپ ھاياتىغا ماسلىشىشقا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلدى.

ئۇنىڭ جاڭ يۈبەن ئىسىملىك ئوقۇغۇچىسى بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ئاسىيە خانىم بىزگە خۇددى ئاپىمىزدەكلا كۆيۈنىدۇ. ھەرقانداق گېپىمىز بولسا تارتىنـ ماي دېيەلەيمىز. مەشىقتە بىزگە قاتتىق تەلەپ قويغىنى بىلەن، دەرستىن چۈشـ كەندە بىزگە بەك مېھرىبان، ئۇ ھەممە ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ. داۋاملىق سىنىپتا قىيىنچىلىقى بارلار بولسا دەڭلار، مەن ياردەم قىلىمەن دەيدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇتقۇچى.

ئۇ دەرسكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇش پۈتكۈزگىچە ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىساق، دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن. مېنىڭچە بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇكاپات، بۇنىڭدىن ئارتۇق شەرەپ بولمىسا كېرەك. چۈنكى، بىر مەكتەپتە ھەممە ئوقۇغۇچى دەرسىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئارمىنىنى يەيدىغان ئوقۇتقۇچى ساناقلىقلا بولىدۇ. مۇشۇ نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئوـ قۇتقۇچىنىڭ قانچىلىك تەر ئاققۇزىدىغانلىقى، قانچىلىك زېھنىي قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىدىغانلىقى پەقەت شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىگە ئايان. ئۇسسۇل ئۆمرى قىسقا كەسىپلەرنىڭ بىرى، بۇ كەسىپنى 30 يىل داۋاملاشتۇرۇش دېمەككە ئاـ سان، ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن مۇشكۇل بىر ئىش. بۇنى پەقەت ئاسىيە خانىمغا ئوخشاش كەسىپكە بارلىقىنى بېغىشلىغان، پەرۋانە بولۇپ كۆيەلىگەن ئادەملا داۋاملاشتۇرالايدۇ. جەمئىيىتىمىزدە ئەگەر ھەممە ئوقۇتقۇچى ئاسىيە خانىمدەك مەسئۇلىيەتچان بولسا، ئۆز كەسپىنى ئۇنىڭدەك سۆيەلىسە، ئۇ چاغدا بىزنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار، مەدەنىي مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىمىزدا گەپ يوق ئىدى. ياشىسۇن 30 يىل، ياشىسۇن سەنئەت گۈلشەنىدىكى 30 يىل...

2007 ـ يىل 1 ـ مارت، ئاقسۇ
(راھىلە ئابدۇراخمان بىلەن بىرلىشىپ يازغان)

**«باي بولساڭ بولدۇ»، «ساۋاتسىزغا سالام»، «تارازىنى توغرا تۇتۇڭ»، «مۇئەللىم مەدھىيەلەشكە مۇناسىپ مەرتىۋىدۇر»، «قانۇننى قەتئىي قوغدايلى»، «خېلىل خاڭجاڭنىڭ خىسلىتى» قاتارلىق دەۋر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ھازىر جاۋاب سۆز ئويۇنلىرى بىلەن 80 - يىللاردا بىر مەھەل غۇلغۇلا قوزغاپ، ئەل قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بوشلۇق — «سۆز ئويۇنى»، «سۆز سەنئىتى»، «سانائىل ھەرپ» نىڭ تۇنجى ئىجادچىسى، يۇمۇرىستىك مىجەزى بىلەن ئەلگە تونۇلغان يازغۇچى، پېشقەدەم سەنئەتكار غۇلام يۇسۇپ (تارازا) 2004 - يىل 12 - ئايدا سەھنە ھاياتىدىن چېكىندى. بىراق، ئۇ ئىجادىيەتنى توختاتمىدى. سالامەتلىكى ياخشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئىجادىي ئەسەرلىرىنى بىرنەچچە توپلام قىلىپ رەتلەپ چىقتى. «ئېزىتقۇ يۇرت مېرى» ناملىق ئۈچ قىسىملىق 1200 مىسرالىق لىرىك داستان شەكلىدىكى تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلمىنى يېزىپ پۈتكۈزدى.**

# «كۆلكە ئوغلى» نىڭ سەھنە ھاياتى

كۆزگە كۆرۈنگەن كۆلكە ئارتىسى غۇلام يۈسۈپ 1964 - يىلى سەنئەت ھاياتىنى باشلىغان. شۇنىڭدىن بۇيانقى 41 يىلدا ئۇ تەدرىجىي پىشىپ يېتىلىپ، كۆپ خىل ئىقتىدار ھازىرلاپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش يولىدا ھارماي ئىزدەندى ۋە مول نەتىجىلەرنى يارىتىپ، تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم. غۇلام يۈسۈپنىڭ سەنئەتكار بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ بالىلىق چېغىدىلا مەلۇم بولغانىدى. 1946 - يىل 1 - ئايدا كەلپىن ناھىيەسىنىڭ يۇرچى يېزىسىدا تۇغۇلغان غۇلام يۈسۈپ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىدىلا شېئىر، قوشاق يازاتتى، رەسىم سىزاتتى. ئادەملەرنى، قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىنى دورايتتى. كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە قىزىقچىلىق قىلاتتى. 1958 - يىلى ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، ئۇنىڭ ئەدەبى-

ياتقا، سەنئەتكە بولغان قىزىقىشى يەنىمۇ كۈچەيدى. ئۇ تېيىپجان ئېلىيوف، لۇ-شۈن، گوركى قاتارلىق داڭلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇدى. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى — «مۇئەللىم» شۇ چاغدىكى مەكتەپ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىگە غايىۋى بىر ئوت كى-رىۋالدى. قەلبى ئارتىس بولۇش ئىستىكىدە ياندى. ئۇ بىر تەرەپتىن دەرس ئو-قۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ بىر قىسىم شې-ئىر، ساتىرالىرى جەمئىيەتكە كەڭ تارالدى. 1964 ـ يىلى ئۇ كەلپىن ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ۋە ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە ئۆمەككە قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەنىگە تولغان يالقۇنلۇق سەھ-نە ھاياتى باشلاندى.

غۇلام يۈسۈپ مۇنداق دەيدۇ: مەن سەنئەت ئۆمىكىدە قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان چېغىمدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ «ھۇجۇمى» غا ئۇچرى-دىم. سەۋەبسىزلا يېزىغا ھەيدەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا باشلانغان سەھنە ھاياتىم ئۈزۈلۈپ قالدى، بىراق چۈشكۈنلەشمىدىم، بەلكى ئۈمىد بىلەن ياشى-دىم. 1971 ـ يىلى بىز يېزىدا قۇرۇلغان تەشۋىقات ئەترىتىنى يېتەكلەپ، يىرىك سەھنە ئەسەرلىرىم ۋە باشقۇرۇش سەنئىتىم ئارقىلىق بۇ ئەترەتنى روناق تاپ-قۇزدۇم. 1975 ـ يىلى ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى ئەسلىگە كەلدى. مەن سەھنە ھاياتىمنى قايتا باشلىدىم. ئىجادىيەتكە بولغان قىزغىنلىق قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئورۇن ئالغان بولغاچقا، بېرىلىپ ئىشلىدىم. 1981 ـ يىلى مەن تۇنجى بولۇپ «ئۈجمە سايىسى» ناملىق رادىيو دىرامىسىنى ئۆزگەرتىپ سەھنى-لەشتۈردۈم ۋە ئۇنىڭغا رېژىسسورلۇق قىلىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈش-تۈرۈپ ياخشى باھاغا ئېرىشتىم. مەن بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئې-رىشىش ئۈچۈن، يېڭى ژانىر — «سۆز ئويۇنى» نى روياپقا چىقىرىشنى قەلبىمگە پۈكتۈم ۋە بۇ يولدا ئىزدىنىپ «باي بولساڭ بولىدۇ»، «ساۋاتسىزغا سالام»، «تارازىنى توغرا تۇتۇڭ»، «مۇئەللىم مەدھىيەلەشكە مۇناسىپ مەرتىۋىدۇر»، «قانۇننى قەتئىي قوغدايلى» قاتارلىق 18 پارچە سۆز ئويۇنىنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېزىپ چىقتىم ۋە ئۇنى سەھنىلەردە ئورۇنلاپ ئاممىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئې-رىشتىم. بۇ سۆز ئويۇنلىرىم 1982 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى

تەرىپىدىن لېنتىغا ئېلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا ئاڭلىتىلدى. مەن بۇ نەتىجە ئاساسىدا مەغرۇرلانماي تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئىشلىدىم ھەم يېڭى - يېڭى سۆز ئويۇنلىرىنى يازدىم. «ئاقسۇ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «مىراس»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دا «تىرىك مۈردا»، «قاتىل كىم؟»، «نىقاب ئىچىدىكى مۇھەببەت»، «ئارزۇلۇق بالا» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى دىرامىلارنى ئېلان قىلدىم. ئۇنىڭ بەزىلىرى سەھنىدە ئوينالدى. 1982 - يىلى يازغۇچى ئىسلام سادىقنىڭ «ئۆزۈلگەن بارماق» ناملىق ھېكايىسىنى ئۆزگەرتىپ مۇزىكىلىق دىراما — «ئۆزۈلگەن بارماق» نى يېزىپ سەھنىلەشتۈردۈم، رېژىسسورلۇقىنى ئۈزۈم قىلدىم، ئاساسلىق رولنى ئۆزۈم ئالدىم. بۇ ئەسەرمۇ تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى، يەنە ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دىراما كۆرىكىدە «نادىر ئەسەر» بولۇپ باھالاندى. 1988 - يىلى مەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق «كۈلكە چولپانلىرى» سەنئەت كېچىلىكىگە قاتنىشىپ، ئۈرۈمچى خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئىگە بولدۇم. 1990 - يىلدىن كېيىن ئېتۇت، ئېپىزوت قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. مەن خەلقنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ كۆپلىگەن لەتىپە، قوشاقلارنى يىغىپ توپلىدىم ۋە ئۆگەندىم. ھەتتا ھاجەتكە بارسامۇ يانچۇقۇمدىن خاتىرە، قەلەم ئۈزمەي، قەيەردە قىزىق گەپ ئاڭلىسام شۇ يەردە يازدىم. ئاخىرىدا، خەلق ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، قىزىقىپ كۆرىدىغان «غىزا ھەققىدە لەتىپە»، «يۇمۇرلۇق ھۆججەت»، «ۋالاقتەككەن»، «دوزاخ گۇندىسى»، «پۇشايمان»، «ئۈچ ئەخمەقنىڭ سەرگۈزەشتىسى»، «شەيتاننىڭ 2 - قۇرۇلتىيى»، «مۇكاپات تالىشىش»، «قاتار چاي»، «بۇ قانداق رېتسېپ»، «يېتىملارنىڭ كۆز يېشى»، «سوۋغات» قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ئېتۇت، ئېپىزوت، كۇلدۇرگە يېزىپ چىقتىم. بۇلاردىن بىر قىسمى ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 2002 - يىلى تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن دېھقان سەنئەتكارلارنى تەربىيەلەش، يېتەكلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدۇم ۋە بىر مەيدان ئويۇنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، 7 - ئايدا ئۇنى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دېھقان - چارۋىچىلار سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇپ، 1 - دەرىجىلىك تەشكىللەش ۋە ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتۈر-

دۇم. بولۇپمۇ كۆرەكتە مەن يېزىپ رېژىسسورلۇقىنى قىلغان «پۇشايمان» ناملىق كۆلدۇرگە يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. مەن ھازىر دېھقان، چارۋىچىلارنى يېتەكلەپ، يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆرەككە جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.

يىللار غۇلام يۇسۇپنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلىدى ۋە پىشقەدەم سەنئەتكارغا ئايلاندۇردى. بىراق، ھەددىدىن زىيادە چارچاش تۇپەيلىدىن، ئۇ بەل ئومۇرتقىسى ئۆسۈش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى ھەمدە 2002 - يىل 10 - ئايدا چوڭ ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، سالامەتلىكى يار بەرمەي، 2004 - يىل 12 - ئايدا پېنسىيەگە چىقتى.

پىشقەدەم سەنئەتكار، مول ھوسۇللۇق قەلەم ساھىبى غۇلام يۇسۇپ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، يەنە كۈنلىرىنى ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى، ھەرگىزمۇ ئىجادىيەتنى توختىتىپ قويمىدى. ئوغلى پەرھات غۇلام بىلەن بىرلىشىپ «كونا مەھەللە» ناملىق 1300 مىسرالىق لىرىك داستاننى قايتا ئىشلەپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئوغلىنىمۇ ياخشى بىر قەلەم ساھىبى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئوغلىغا قانداق يېزىش، قانداق ئادەم بولۇش يوللىرىنى ئۆگەتتى. ئۇ ئوغلىغا ئۆمۈر تارىخىنى سۆزلەپ كېلىپ، تەرلىرىنى سۈرتكەچ ئارقىسىغا قارىغىنىدا، بىردىنلا كۆز ئالدىغا يىراقتا قالغان بىپايان دالىلار، ئۆزىگە سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇرغان بېلى مۈكچەيگەن چوڭ تېرەك، ئۆزىگە شېئىرىي ئىلھام ئاتا قىلغان كۈمۈشتەك پاقىراپ توختىماي ئېقىپ تۇرغان دەريا سۇلىرى، تار كوچىلار، ھەر تەرەپكە تۇتاشقان چىغىر يوللار، تاقىر سايلار كەلدى. شۇنچىۋالا مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىگە ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. 41 يىللىق سەھنە ھاياتىدا ئۇ تالاي جاپالارغا، نۇرغۇن شادلىقلارغا شېرىك بولدى. تاقىر تاشلىق سايلار ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ چەمىنى ئېلىپ قالدى. ئۇ باسقان ھەربىر ئۆتەڭ، قۇملۇقلاردا ئۇ ياغقان گۈلخانىنىڭ ئىسسىق كۈللىرى قالدى. قانچىلىغان دەردمەنلەر، ناتىقلار، ئاشىقلار، پەلۋانلار، ئوغرى - قاراقچىلار بىلەن ئۇچراشتى... ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

ئۇ ئۆمرىدە يەنە نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر، داڭلىق شەخسلەر، چولپانلار بىلەنمۇ ئۇچراشتى، ئۇلار بىلەن دوستلاشتى. سانسىزلىغان كىشىنى كۈلدۈردى. شۇڭا ئۇ «كۈلكە ئوغلى» بولۇشقا، تەرىپلەشكە، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە مۇنا-

سىپ. ئادەم ھامان قېرىيدۇ، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنتۇلىدۇ. بەزى كەچۈرمىشلەر ھەتتا ئۆز ئىگىسىنىڭ قەلبىدە سىر بولۇپ، لەھەتكە بىرگە كېتىدۇ. ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان «سۆز ئويۇنلىرى» نى، «سانائىل ھەرپ» لىك شېئىرىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇردى. يېقىندا «سانائىل ھەرپلەر»، «كۆلكىمىزنى كۆلەيلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، ئېتۇت، ئېپىزوت، سۆز ئويۇنلار توپلىمى ھەمدە «سەپەرنامە» ناملىق داستانلار توپلىمىنى قايتا رەتلەپ نەشرگە تەييارلىدى.

جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىغان، كەلپىن ناھىيەسىدە 1964 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 40 يىلدىن كېيىنكى ئۇچرىشىش پائالىيىتىنى تەشكىللەش ۋە «ئەسسالام ئانا يۇرت، تەشەككۈر ئۇستاز» ناملىق تېلېۋىزىيە ئاخباراتىنى ئىشلەش، رېژىسسورلۇق قىلىش داۋامىدا ئۇ يەنە بىر قېتىم تالانتىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئانا يۇرتى كەلپىنگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى ۋە ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى مۇجەسسەملەنگەن «ئېزىنتقۇ يۇرت مېھرى» ناملىق ئۈچ قىسملىق 1200 مىسرالىق نەزم شەكلىدىكى بەدىئىي فىلىمنى يېزىپ چىقتى. ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، فىلىمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش توغرىسىدىكى دوكلات ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ كۆچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. فىلىم يېقىندا سۈرەتكە ئېلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئۇ ھازىر ئىلگىرى يازغان «قاتىل كىم»، «نىقاب ئىچىدىكى مۇھەببەت»، «يېتىملار كۆز يېشى» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى كىنو سېنارىيەسىگە ئۆزگەرتىش ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.

غۇلام يۈسۈپ مۇنداق دېدى: مەن بىكار يۈرۈشنى خالىمىدىم. بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندىم. تازا چارچىغان ۋاقىتلىرىمدا بېغىمغا كىرىپ كۆكتاتلىرىمنى پەرۋىش قىلدىم، كۆچەتلەرنىڭ شېخىنى چاتىدىم. يەڭگىل ئەمگەك قىلدىم. ئۆز ـ ئۆزۈمگە ۋەزىپە يۈكلەپ، سەككىز سائەتلىك خىزمەت تۈزۈمى بويىچە ھەممە ئىشنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇردۇم. ئىلگىرىكى يېزىپ ئۈلگۈرەلمىگەن، يېرىم يولدا توختاپ قالغان سەھنە ئەسەرلىرىم، شېئىر، قوشاق، داستانلىرىمنى رەتلەپ قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقتىم. مېنىڭ يەنە نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم بار. بەش

يىل، ھەتتا ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئارتىس» رومانىمنى يېزىپ تاماملاشنى ئويلاۋاتىمەن. سالامەتلىكىم يار بەرگەن ئاساستا ئىشلەيمەن.

بىز غۇلام يۇسۇپنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا تىلەكداشمىز. بىز كىتابقا ئۇنىڭ «ساۋاتسىزلارغا سالام» ناملىق سۆز ئويۇنىنى كىرگۈزدۇق.

2005 - يىل مايدا يېزىلدى

2007 - يىل ئىيۇلدا قايتا ئۆزگەرتىلدى

# ساۋاتسىزلارغا سالام

(سۆز ئويۇنى)

غۇلام يۇسۇپ

سەتەڭلەرنىڭ سەتىڭى، سوپىلارنىڭ سوپىسى، سىياقى سامانسۇرنىڭ ساغرىسىدەك، ساپاسى ساتتاركامنىڭ ساتمىسىدەك، سۆلتى سالىيئاكامنىڭ سۆرىسىدەك، ساۋاتسىز سۆلەتۋاز سوپى سىڭلىم سۇپىيەمگە سالام.

ساجىڭزىنىڭ سەۋزىسىنى سەككىز سوتكا ساقلاپ ساقساقتىنا ساتقان، ساقساقىنىڭ سامىسىقىنى سارغايتىپ، سەرەمدا ساتقان، ساۋاتسىز سودىگەر سىڭلىم ساجىدەمگە سالام.

سىرلىق ساندۇقتىنا سائەت، ساپاق، سوپۇن، سۈزگۈچ، سەرەڭگە، ساراپان - ساپلىتكا سەرەمجانلىرىنى سۇپەتلىك ساقلاپ، سورۇن، ساياھەتلەردە سۇرەن سېلىپ سۆلتىنى ساتقان، سورۇن سۇپەت ساۋاتسىز سەپدىشىم سەلىمەمگە سالام.

سەندۇڭ، سەنشى، سىچۇەن، سۇيدۇڭ، سانجى، ساۋەن، سەيخۇ، سايىۋاغ، سايرام، ساجىڭزا، سايئىبرىق، ساقساق سەھرالىرىدا ساۋاتسىزلىقتىن ساقلىنىشنى، سېلىشتۇرۇش سەييارە سېپىدىكى سالاپەتلىك سەپدىشىڭلار سەدىرىدىن ساتتاردىن.

سەپداشلىرىم، سنگىللىرىم، سىلەرگە سالغان سالىمىمنى «س» دىن سۈپەتـلەپ، سالامەتلىكنگلارنى سورىماقچىمەن. سالامەتمۇسىلەر؟

سەپداشلىرىم، سالامدىن سۇگرە سۈپەتلىك سېسىق سۆزلۈرۈمنى سەمىگـلەرگە سالايكى: سىلەرنىڭ ساۋاتسىزلىقنگلارغا سېرىلىۋاتىمەن. سوتسىيالىزمغا سىلجىشتا سىلەردەك ساۋاتسىزلار سان - سۈپەتلىك سانالمايسىلەر، ساۋاتسىزلىق سەلبىي سەۋەنلىك، سۈكۈتتە ساۋاتسىزلىقتىن ساقلانمىساڭلار سۆرۈلۈپ - سۆرۈلۈپ سۈپۈرۈندى ساندۇقىغا سېلىنىسىلەر، سەمگلەردە ساقلاڭلاركى: ساۋاتسىزلىقتىن سوتسيالىزمغا سىلجىش سامادىكى سانىڭ ساغرىسىغا سەكرەي سانجىشتۇر. سانسىزلىغان ساۋاتلىقلار سانسىزلىغان ساۋاتسىزلارنى ساۋاتسىزلىقتىن ساقلىنىشقا سىلجىتىۋاتسا، سىلەرمۇ سەل سەگەكلىشىپ ساۋاتسىزلىقتىن ساقلانمىساڭلار سۈپىتىڭلارنى ساقلىيالمايسىزلەر. سەپداشلىرىم سىلەرگە سالغان سالىمىمدا ساۋاتسىزلىق سالاھىيىتىڭلارنى سەل سۆكۈپ سالدىم. سەۋرى سۈپەتلىك سالىمىمنى سەمگلەردە سەمىمىي ساقلاپ، سورۇنلاردا، سۆلىتىڭلارنى ساتماي، سۈكۈتتە ساۋاتسىزلىقتىن ساقلىنىڭلار. سەرلەۋھىلىك سالام سالغۇچى سەۋرلىك ساۋاقدىشىڭلار سەدىردىن ساتتار.

سېنتەبىرنىڭ سەككىزى سەھەرنىڭ سائىتى ساككىزدىن سەككىز سېكۇنت سىلجىغاندا.

# تارىم بۇلبۇللىرى

## تارىم ئوغلىغا گۈلدەستە

(ئاخبارات ئوچېرىكى)

2007 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كەچ. چىرايلىق بېزەلگەن ئاقسۇ مەدەنىيەت - سەنئەت مەركىزى خۇددى بايرام كۈنلىرىدىكىدەك جانلىنىپ كەتكەنىدى. ئارقا - ئارقىدىن زالغا كىرىۋاتقان خانىملار، ئەپەندىلەرنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە ئىپتىخارلىق نۇرلىرى بالقىپ تۇراتتى. بۈگۈن بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىغىنى ۋىلايەتنىڭ كاتتا يىغىنى ياكى بىرەر كەسپىي سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى بولماستىن، بەلكى بىر شەخسنىڭ يالغۇز كىشىلىك ناخشا كېچىلىكى ئىدى. رەڭگارەڭ گۈل ۋە يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان چىراغلار تەپتىدىن جەزبدار تۈسكە كىرگەن زال كىشىگە باھار قوياشىدەك ئىللىق تۇيغۇ بېغىشلايتتى. ئىككى قەۋەتلىك لايىھەلەنگەن ياي شەكىللىك بۇ زالدىكى مىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك ئورۇننىڭ بىرەرسىمۇ بوش قالمىغان ئىدى. «بۈگۈن بۇ كېچىلىك قانداقراق بولار، ھىممەت ناخشىنى قانداق ئېيتار، ئۇ جىددىيلىشىپ كېتەرمۇ؟...» ھىممەتنىڭ ئايالى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرى، كەسىپداشلىرى ئاشۇنداق ئەندىشىلىك خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. كۆپچىلىك بۇ كېچىلىكنىڭ باشلىنىشىغا تەقەززا بولغىنىچە پات - پات سائىتىگە قاراپ قويۇشاتتى...

ئۈرۈمچى ۋاقتى كەچ سائەت 7 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە سەھنىگە تارتىلغان ئوتقاشتەك قىزىل دۇخاۋا پەردە ئېچىلدى. بۇنىڭ بىلەن چوڭ سەھنە، سەھنە

تېمىغا ئورنىتىلغان يوغان دېكراتسيە، دېكراتسيە ئوتتۇرىسىدىكى «تارىم ئوغلى — ھىمىت كەنجى ناخشا كېچىلىكى» دېگەن خەت ۋە ھىمىت كەنجىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى كىشلەر كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئارقىدىنلا بىر قىز، بىر ئوغۇل رىياسەتچى سەھنىگە چىقىپ سۆزىنى باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك خانىملار، ئەپەندىلەر، ياخشىمۇسىلەر؟ كەچلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن! تارىم ئوغلى — ھىمىت كەنجى ناخشا كېچىلىكى ھازىر باشلاندى!

ئۇلارنىڭ ئۇرغۇلۇق، يېقىملىق ئاۋازى زالنى لەرزىگە سالدى. زالدا قىزغىن ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى.

— ئاقسۇ تارىم ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچىسى ھىمىت كەنجى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان توختىماي ئىزدىنىپ، ئۆزى چوڭقۇر رىشتە باغلىغان ناخشىچىلىق ساھەسىدە ئۇزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى ھەم بەلگىلىك نەتىجىلەرنى يارىتىپ كەسىپداشلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن بۇلبۇلدەك سايراپ كىشلەرگە مەنىۋى زوق ئاتا قىلىپ كەلدى. ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا، ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسى بولغان بۇگۈنكى بۇ ناخشا كېچىلىكىنى تەييارلىدى. بىز تارىم ئوغلى ھىمىت كەنجىنىڭ بۇ تىرىشچانلىقىغا باركاللا ئېيتىمىز ھەم كېچىلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

زالدا يەنە چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى. رىياسەتچىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن تەڭ، سەھنىدە ئۇچىسىغا دولان مۇقامچىلىرىغا خاس يوللۇق ئۇزۇن چاپان، بېشىغا گۈللۈك بادام دوپپا، پۇتىغا مەسە كىيگەن ئېگىز بويلۇق تارىم ئوغلى — ھىمىت كەنجى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى شۇنداق جۇشقۇن، تېتىك بولۇپ، ھودۇقۇش، جىددىيلىشىشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە قويغىنىچە تاماشىبىنلارغا ئېگىلىپ سالام بەردى - دە، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئۆز كېچىلىكىنىڭ تۇنجى ناخشىسى «مۇقاملار» نى باشلىۋەتتى.

سازلارنىڭ ئەسلىي گۈل تاجى مۇقاملار،
دىللارنىڭ باھارى ھەم يازى مۇقاملار.

ۋىسال شەربىتىگە تويماستىن ئۆتكەن،
قىزلارنىڭ مەپتۇنكارى نازى مۇقاملار.

... ...

ھىمىتنىڭ ئاۋازى زالدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. ناخشىدىكى يېقىملىق كۈي -
ناۋا كىشىگە مۇقامنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ
بەرسە، رىتىملىق مېلودىيە، يەڭگىل، نەپىس ھەرىكەت، سۈزۈك ئاۋاز تاماشى-
بىنلارغا ھىمىتنىڭ ناخشا ئېيتىش جەھەتتىكى تالانتىنى ھېس قىلدۇراتتى.
ناخشا تۈگىگىچىلىك زالدا كۆپ قېتىم چاۋاك ساداسى ياڭرىدى. ھاياجىنىنى
باسالمىغان نۇرغۇن تاماشىبىن ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ ھىمىتقا گۈل
تەقدىم قىلدى ھەم ئۇنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى. بۇ خىل تەسىرلىك مەنزى-
رە ھىمىتنىڭ قەلبىنى تىترەتتى. شۇ تاپتا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆ-
تەلمەي يېزىغا قايتقان چاغدىكى ئازابلىرى، ناخشىچى بولۇش يولىدىكى ئىزدى-
نىشلىرى، ئىچكى ئۆلكە ۋە چەت ئەل سەھنىلىرىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلار، مۇشۇ
كېچىلىكنى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئىقتىسادىي ھەم روھىي جەھەتتىن
قوللىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئۇمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى.

ھىمىت كەنجى 1964 - يىلى باي ناھىيەسىنىڭ قىزىل يېزىسىدا دېھقان ئا-
ئىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتا ۋە ئاكىسىنىڭ ناخشا - مۇزىكا جەھەتتىكى تالانتى ئۇ-
نىڭ كۆڭلىدە كىچىككىدىنلا ناخشىچى بولۇش ئىستىكىنى پەيدا قىلغانىدى. شۇ-
ڭا ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا بوش ۋاقىتلاردا ناخشا مەشىق
قىلدى. ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن ئىمتىھان ئارقىلىق باي ناھىيەلىك
سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت
مەكتىپىنىڭ ناخشا كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ناخشىچى بولۇش ئار-
زۇسىغا يەتتى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن باي ناھىيەسىگە قايتىپ كېلىپ،
ناھىيەلىك ئۆمەكتە ناخشىچى بولدى. بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم ۋىلايەت، ئاپتو-
نوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا كۆرەكلىرىدە ئۆز تالانتىنى نامايان قى-
لىپ، تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. 1996 - يىلى مەركىزىي خەلق رادىيو
ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 7 -
قېتىملىق ناخشا ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا

ئېرىشتى. 1997 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى سەھنىلەردە پەرۋاز قىلىشقا، تونۇلۇشقا باشلىدى. 1998 ـ يىلى «شىنجاڭ يېڭى ئادەم، يېڭى ئەسىر ناخشا مۇسابىقىسى» دا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تارىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ جۇڭگو سەنئەت بايرىمىدا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىرى «دولان چېچەكلىرى» بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە توققۇز تۈرلۈك كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق تىياتىرى «نەسىردىن ئەپەندى» نىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. 2004 ـ يىلى ئۆمەكتىكىلەر بىلەن ئۇمانىغا بېرىپ ئېلىمىزگە ۋاكالىتەن ئويۇن قويۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ كەسپىي جەھەتتىن ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى مېيىپ ئارتىسلار ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار سەنئەت كۆرىكىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. ئۇ ھازىر ئۆمەكنىڭ كەسپىي ناخشىچىسى ھەم ناخشا ئەترىتىنىڭ كەسپىي يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە ئىدى.

بۈگۈن تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشى ھەم مەدىتى ھىمىت كەنجىگە زور ئىلھام ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىدى. شۇڭا ئۇ نومۇر تىزىملىكىدىكى ناخشىلارنى بىر ـ بىرىدىن ياڭراق، تەسىرلىك ئېيتتى. ئۇ ئىجاد قىلغان «نەدە سەن ئانام» ناملىق ناخشىنىڭ مۇڭى ۋە ئانىغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى ھەربىر تاماشىبىنغا ئۆز ئانىسىنى ئەسلەتتى. بەزىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆز يېشى قىلدى.

ھەسرەت تولدى قەلبىمگە، كۆزلىرىمدە ياش،
ئۇزاتتىم مەن چىدىماي قايغۇ ئىچىدە.
ئارمان قالدى يۈرەكتە خوش دېيەلمىدىم،
كەتتىڭ بۈگۈن جان ئانام لەھەت ئىچىدە.

... ...

ھىمىتنىڭ كۆزلىرى نەملەشتى. ئېيتقانسېرى ئۇ ناخشىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۈزۈلدۈرمەي نەپەس مەشقى قىلغاچقا، ناخشىدىكى ئۇرغۇ، ئاھاڭ

ئۇنىڭ دولقۇنلۇق ئاۋازى، قايناق ھېسسىياتى ئارقىلىق خۇددى بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىدەك ۋايىغا يېتىپ چىقاتتى. كونا ناخشىلارغىمۇ جان كىرىپ، كىشىگە خۇددى يېڭى ناخشىدەك زوق، ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئۇنىڭ شۇنچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ناخشىچىلىرىدىن ئابدۇرېھىم ئەھمىدى، ئىمىنجان يۈسۈپ، ئۆمەرجان ئالىم، خەنزۇ ناخشا چولپىنى جاڭ داۋېي، ئىتالىيەنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ناخشا چولپىنى پاۋا روتتى قاتارلىقلارغا چوقۇنۇشى، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى دوراپ ئېيتىش، تەتقىق قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى، ئۆزبېكىستانلىق ناخشا ئۇستازى خېلىلجاندىن ئالغان تەلىملىرى مانا بۈگۈن ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆز خەلقىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتۈرمەكتە. ئەنئەنىۋى ناخشىلار بىلەن زامانىۋى ناخشىلار، ئۇيغۇر ئاھاڭلىرى بىلەن چەت ئەل ئاھاڭلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۇنى يېڭى ناخشا چولپىنىغا ئايلاندۇرماقتا... ئۇ «ئىشەندىڭمۇ نىگارىم» ناملىق ناخشىنى ئېيتىپ تاماشىبىنلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە سالدى. زال ئىچى ئالقىش ساداسىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. ياش تاماشىبىنلار قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈشتى.

قارا سۈركەپ قارا دېسە يۈزۈمنى،
ئىشەندىڭمۇ، يىغلىدىڭمۇ نىگارىم.
كۆيۈۋاتسام ئۆزۈڭ سالغان ئوتلاردا،
ئۇۋال بولدى دېمىدىڭمۇ نىگارىم.

... ...

دەستە - دەستە گۈللەر ھىمىتنىڭ قۇچىقىغا پاتماي قالدى. ئۇنىڭ ئايالى، كەسىپداشلىرى سەھنىگە چىقىپ ھىمىتنى قۇچاقلىدى ھەم ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئامەت ۋە بەخت تىلەشتى. گۈزەل تىلەكلەر، ئۈمىدلىك كۆزلەر، ماختاش - ئالقىشلار ھىمىتنىڭ ۋۇجۇدىغا قانات، قەلبىگە يالقۇنلۇق ئوت سالدى. مۇشۇ دەقىقىدە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا «ناخشىلىرىڭ بەك كونا ئىكەن، كىچىكلىك ئۆتكۈزۈش ئاسان ئىش ئەمەس، ئوبدانىراق ئويلانغىن. خەق ساڭا بىكاردىن - بىكارغا پۇل بېرەمتى» دېگەنلەرنىڭ سوغۇق تەلەتى كەلدى. يەنە «قىلچە ئىككىلەنمەڭ، نى-

يىتتىڭىزدىن يانماڭ، مانا بىز قوللايمىز» دېگەن ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ سىيـ-ماسى پەيدا بولدى. دەرۋەقە، ھىممەت كېچىلىكنى ئۆتكۈزۈش - ئۆتكۈزمەسلىك مەسىلىسىدە ئىككىلىنىپ قالغاندا، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى، ئاقسۇ شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى، تېلېگراف شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە بىر قىسىم سەنئەت سۆيەر تىجارەتچىلەر ئۇنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىدى. تارىم ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى كەسپىي جەـ-ھەتتىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەنە بەزىلەر روھىي جەھەتتىن مەدەت بەرگەن ئىدى. بۇلارنى ئويلاپ ھىممەت روھلىنىپ كەتتى ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشا دېگىنىگە يەنە غەرق بولدى.

ئىتالىيەنىڭ «سانتا نوچىيا»، رۇسىيەنىڭ «ئۈچ ھارۋا» ناملىق ناخشىسى ھىممەت جېنىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرىدىغان نادىر ناخشىلار ئىدى. شۇڭا ئۇ پىيانىنو بىلەن ئورۇنلىنىدىغان بۇ ئىككى ناخشىنى خۇددى شۇ ناخشىچىلار ئېيتقاندەك ئوخشىتىپ ئېيتتى. ناخشا تاماشىبىنلارغا گۈزەل، يېڭى تۇيغۇ ئاتا قىلدى. يەنە چاۋاك، يەنە شۇ دەستە - دەستە گۈل...

ئىككى سائەتكە يېقىن داۋام قىلغان ناخشا كېچىلىكى ئاياغلاشتى. بىراق تاـ-رىم ئوغلىنىڭ سەھنىدىكى سىيماسى، دولقۇنلۇق ئاۋازى خېلى ئۇزاققىچە تاماـ-شىبىنلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى.

2007 - يىل 5 - ئۆكتەبىر، ئاقسۇ

# مۇقام ياڭرايدۇ بۇ جايدا

(زىيارەت خاتىرىسى)

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى.
جانىڭغا جانچى ھەر بىرساداسى،
ئالەمدە يوقتۇر ئۇنىڭ باھاسى.

مانا بۇ مۇقامنىڭ تەرىپى. مانا بۇ ئاقسۇ شەھىرىدىكى مۇقام مەدەنىيەت - سەنئەت مەركىزىدە كۈندە ياڭراپ تۇرىدىغان مۇقام ناخشىسى. كۆڭۈللەرنى شادلاندۇرىدىغان، روھلاندۇرىدىغان، ئادەمگە جاسارەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان ياڭراق مېلودىيە. مەن سىزگە تونۇشتۇرماقچى بولغان بۇ ئورۇن ئاقسۇدىكى بىردىنبىر چەكمە چالغۇ، سوقما چالغۇ، كامانچىلىق چالغۇ، بارمانچىلىق چالغۇ، بەللىك چالغۇ ۋە گۈزەل سەنئەت ھەم سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساش بويىچە ئادەم تەربىيەلەيدىغان ئورۇن. بەلكىم سىزمۇ بۇ يەرگە خۇددى ماڭا ئوخشاش قىزىقىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر كەسپىدىشىم خەلچەم قادىر دېمىگەن بولسا، مەنمۇ سىزدەك ھازىرغىچە ئاقسۇدا مۇنداق بىر كۆلەملەشكەن مۇقام مەدەنىيەت - سەنئەت تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ بارلىقىنى ئۇقماي يۈرۈۋېرەر-كەنمەن. دۆلەت بايرىمىنىڭ ئالدىنقى كۈنى مەن خەلچەم قادىرنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاقسۇ شەھىرى ۋاڭسەن كوچىسىدىكى خۇڭچياۋ ئولتۇراق رايونىغا جايلاشقان بۇ تەربىيەلەش مەركىزىگە كەلدىم. ئىشىكتىن كىرىشىمگە تامغا رەتلىك ئېسىپ قويۇلغان ساتار، دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، غېجەك، داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلار كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۆيدە يەنە پىيانىنو، ئېلېكترونلۇق پىيانىنو، گىتار، ئىسكرىپكا قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. باشقا ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا - مۇزىكا ئاۋازى ماڭا بىرەر كەسپىي سەنئەت ئۆمىكىنىڭ رېپېتىتسىيە زالىغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بەردى.

— يەر ئاستىدىكى ئۆيلەرمۇ بىزگە قارايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەردە ناخشا - مۇزىكا مەشىق قىلىدۇ، مۇقام ئېيتىدۇ، — دېدى ئورۇق، ئاق چىراي كەلگەن بىر بالا ناخشا - مۇزىكا ئاۋازى چىقىۋاتقان تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. بۇ بالىنىڭ ئىسمى ئەكبەرجان بولۇپ، مۇشۇ مەركەزنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ئىكەن.

— بۇ ئورۇننى 2005 - يىلى يىل ئاخىرىدا ئاچقان. دەسلەپتە بۇ يەرنىڭ كۆلىمى 180 كىۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇ چاغدا قولىمىزمۇ قىسقىراق ئىدى. ھازىر مۇشۇ ھالەتكە يەتتۇق. ئوقۇغۇچىلىرىمىز كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ.

ئەكبەرجان ئەھۋال تونۇشتۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا ئىشىكتىن بىر قىز كىرىپ كەلدى.

— بۇ مېنىڭ ئاچام بولىدۇ. بۇ يەرنى ئاچام ئىككىمىز بىرلىشىپ ئاچتۇق. ئاچام سەنئەت كەسپىدە ئوقۇغان. بۇ ئورۇننىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىگە پۈتۈنلەي ئاچام رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ غۇنچە بوي، خۇش چىراي ئۇ خېنىمنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ.

ئۇ خېنىمنىڭ ئىسمى گۈلچىمەن بولۇپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئېگەرچى يېزىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن. 1994 - يىلى ئاقسۇ پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ سەنئەت كەسپىنى پۈتكۈزۈپتىكەن. ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى ئۇنى خېلىلا سۇزمەن، پىشقان خانىمغا ئايلاندۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەپ بەردى.

— ھازىر جەمئىيەتتە گىتار، ئېلېكترونلۇق پىيانىنو بىلەن ئۆلۈك ناخشا ئېيتىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. مۇقام ئېيتىدىغانلار ئازلاپ كەتتى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بىزنىڭ مۇقاملىرىمىزنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا كىملەر يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؟ مەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ب د ت تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدۇم. مۇشۇ ئىش ماڭا تەسىر قىلدى. مۇشۇنىڭ ئىلھامى بىلەن مەن مۇشۇنداق بىر مۇقام تەربىيەلەش مەركىزىنى ئېچىش نىيىتىگە كەلدىم ھەم ئىنىم بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. ئىنىممۇ سەنئەتخۇمار بولغاچقا بۇ ئىشقا تېزلا قوشۇلدى ۋە خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئەكبەرجان ئەسلىي ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن شەھەرلىك ج خ قاتناش ساقچى ئەترىتىدە قاتناش ساقچىسى بولغانىكەن. كىچىكىدىنلا ناخشا - مۇزىكىغا ھېرىسمەن ئىكەن. ئۇ بۇ تەربىيەلەش مەركىزىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۆز خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپتۇ.

— يەنە بىر جەھەتتىن، — دېدى گۈلچىمەن بۇ مەركەزنى ئېچىشقا سەۋەب بولغان ئامىللار ئۈستىدە توختىلىپ، — مەن مەكتەپتە ئۆز كەسپىم بىلەن شۇغۇللىنالمىدىم. سەنئەت كەسپىدە ئوقۇپ تۇرۇقلۇق باشقا پەنلەردىن دەرس ئۆتۈپ كەلدىم. بۇ ئىشمۇ ماڭا ھار كەلدى. ئەگەر مەكتەپ رەھبەرلىكى مېنى

سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى قىلغان بولسا، بەلكىم مەن بۇ مەركەزنى ئېچىش نىيىتىگە كەلمەس ئىدىم. ھازىر ئويلىسام ئەينى چاغدا توغرا قېپتىكەنمەن. تۇرۇپ مەكتەپ رەھبەرلىكىگە رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ.

بىز گۈلچېمەننىڭ بۇ يۈرەك سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتتۇق. توغرا، بەزىدە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ، ئۈمىد ئىچىدىن ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولىدۇ. بەزىدە توغرا بولمىغان دەپ قارالغان ئىشتىن ئويلىمىغان مۆجىزىلەر يۈز بېرىپ قالىدۇ.

بىز يەنە گۈلچېمەننىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدۇق:

— دەسلەپتە 27 مىڭ يۈەن تەييارلاپ بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالدۇق، بىر دانە ساتار سېتىۋالدۇق. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق «مۇقام» ماركىسىنى ئالدۇق. دېكىراتسىيە ياساتتۇق، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەققىدە تېلېۋىزوردا ئېلان بەردۇق، شەھەر ۋە يېزا - بازارلاردا تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقاتتۇق. بىر ئايدىن كېيىن 60 ئوقۇغۇچى كەلدى. بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشى، ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىدۇق ھەم جەمئىيەتتىن بەش نەپەر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلدۇق. ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيەلەش پىلانىنى تۈزۈپ، ناخشا - مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تىرىشىپ قاندۇردۇق. بىزدە ھازىر 40 ياشلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ، ئون ياشلىق بالىلارمۇ بار. ئاقسۇ شەھىرىدىن باشقا ئونسۇ، ئاۋات، شايار، توقسۇ، ئۈچتۇرپاننىڭ يېزا - بازارلىرىدىن كېلىپ ئوقۇۋاتقانلارمۇ خېلىلا كۆپ. بۇلار بۇ يەردە يېتىپ ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ياتاق، تاماق مەسىلىسىنى بىز ئۆزىمىز ھەل قىلىپ بەردۇق. ھازىر بىرلا ۋاقىتتا 60 ئوقۇغۇچىنىڭ ياتاق، تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلالايمىز. شارائىتىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. تەربىيەلەش مەركىزىمىزنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 700 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. چالغۇ ئەسۋابلىرىمىزمۇ تولۇق. ھازىرغىچە 500 دىن ئارتۇقراق ئوقۇغۇچى بۇ يەردە تەربىيەلىنىپ چىقتى. رېستوران ۋە يېزىلاردىكى توي - تۆكۈنلەرنىڭ ناخشا - مۇزىكىسىنى ئاساسەن بىزدە تەربىيەلىنىپ چىققانلار ئورۇنلاۋاتىدۇ. يەنە بەزى ئىدارە - ئورگانلارمۇ تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە بىزدىن ئادەم تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىۋاتىدۇ.

بىز گۈلچىمەننىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاچ ئوقۇتۇش، مەشىق ئۆيلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ھەممە ئۆيدە خىلمۇ خىل چالغۇ ئەسۋابلار بار ئىكەن.

— بۇ نېمە كىيىملەر؟ — دەپ سورىدۇق بىز مەخسۇس لايىھەلەنگەن بىر دۆۋە سەھنە كىيىملىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا. گۈلچىمەن دەرھال ئىنكاس قايتۇردى:

— بەزىدە ئۆزىمىز ئىشلىتىمىز، بەزىدە ئىجارىگە بېرىمىز. بۇ يىل يازدا ئەسىر مەيدانىدا دوكلات ئويۇنى قويدۇق. 80 بالا ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ، شەھەر خەلقىگە 14 ئېسىل نومۇر تەقدىم قىلدى. دوكلات ئويۇنى ئارقىلىق مەركىزىمىزنىڭ نامى چىقتى، بىلمىگەنلەر بۇ يەرنى بىلىۋالدى. بۇ بىر جانلىق تەشۋىقات بولدى. ھازىر ناخشا - مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى، مۇقام ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ، ئىشلىرىمىز بەرىكەت تېپىۋاتىدۇ.

ئىگىلىشىمچە، گۈلچىمەن بىلەن ئەكبەرجان ھازىرغىچە بۇ مەركەزگە 60 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ بوپتۇ، بىر پىكاپ سېتىۋاپتۇ، يەنە بىر «مۇقام» باللار يەسلىسى ئېچىپتۇ.

— پەقەت تەشۋىقاتقىلا 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ بولدۇق. قانداقلا بولمىسۇن، تەشۋىقات بىكار كەتمىدى، ئەمگىكىمىز بىكار كەتمىدى، — دېدى ئەكبەر قولىدىكى گىتارنى سىلاپ تۇرۇپ.

— مەن ئۆزۈم ئوقۇغۇچىلارغا گىتار چېلىشنى ئۆگىتىمەن. ھازىر خېلى كۆپ گىتارچىلار يېتىشىپ چىقتى. دۇتار، تەمبۇر، راۋاب چېلىشنى ئۆگەنگەنلەر تېخىمۇ كۆپ. ناخشىچىلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مەركىزىمىزدە مۇقام كۈيى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ، گۈلچىمەن ئوقۇغۇچىلارنى بىر يەرگە يىغىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ يەردە دائىملىق تەربىيەلىنىۋاتقان ئون نەچچە بالا دەرھال زالغا يىغىلدى.

— باللارنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ باقامسىلەر، قېنى، مۇراتجان، ئوسمانجان مۇخبىر ئاكاڭلارغا بىرەر پەدە دۇتار چېلىپ بەرمەمسىلەر، — دېدى گۈلچىمەن بىر نەچچە باللىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ.

مۇراتجان شۇ ھامان دۇتار چېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قول ھەرىكىتى

شۇنداق ئەركىن ئىدىكى، خۇددى پېشقەدەم دۇتار ئۇستىسىدەك دۇتارغا جان كىرگۈزۈۋەتتى. ئارقىدىن ناخشا ئېيتتى. ئۆي ئىچى قىزىپ كەتتى. ئارقىدىن ئوسمانجان ئىسىملىك بىر بالا ھېسامىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ لەتىپە ئوقۇپ بەردى. ئەخمەتجان ئىسىملىك يەنە بىر بالا ئېلېكترونلۇق پىيانىنو چېلىپ بەردى. بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى يېزا - مەيدانلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ، مۇشۇ يەردە يېتىپ ئوقۇيدىكەن. يېڭى كەلگەندە ھېچ نەرسە بىلمەيدىكەندۇق. بىر نەچچە ئايدا مۇشۇ سەۋىيەگە يېتىپتۇ.

— مەن ئېگەرچى يېزىسىنىڭ گۈلباغ دېگەن يېرىدىن. بۇ يەرگە ئىككى ئايلىق گىتار چېلىشنى ئۆگەنگىلى كەلگەن. ھازىر خېلى ئۇستا بولۇپ قالدىم. ئارزۇيۇمغا يەتتىم، — بۇۋەخلەچەم ئىسىملىك زىلۋا بوي بىر قىز شۇنداق دېدى. ھازىر بۇ مەركەزدە سەنئەتنىڭ ھەممە تۈرى تېپىلىدىكەن. مۇقام ۋارىسلىرى بۇ جايدا ئوقۇش ئارقىلىق ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلەيدىكەن.

— مىرزات ئىسىملىك ئون ياشلىق بىر بالا شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى بۇ يەردە دۇتار چېلىشنى ئۆگەندى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈل- گەن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تېلېۋىزوردا ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. ئۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىزدىن كۆپ مىننەتدار بول- دى. بىزمۇ ھاردۇقىمىز چىققاندەك خۇشال بولۇشۇپ كەتتۇق، — بۇ گەپنى دېگەندە گۈلچىمەن بىلەن ئەكبەرجاننىڭ چىرايىدا پەخىرلىنىش، كۆزلىرىدە ئۈ- مىد نۇرلىرى جىلۋە قىلدى.

گۈلچىمەن بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋام قىلدى:

— بىزنىڭ بۇ يەر سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ تۈرلۈك كەسىپلىرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سەنئەت كەسىپلىرى ۋە سەنئەت مەكتەپلىرىگە ئىمتىھان بېرىدى- غان ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۈچەپ تەربىيەلىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. جەمئىيەتنى سەھنە مۇزىكىلىرى، ئىجادىي مۇزىكىلار، MTV مۇزىكىلىرىنى ئاككوردلاشتۇ- رۇش، ئۇدار قاچىلاش ۋە سەنئەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

— ئادەم ئىزدەنسىلا چوقۇم كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەلەيدىكەن. ھازىر نۇرغۇن يېزا - بازارلار بىزنى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. توي، چاي ئىگىلىرى نومۇر تەلەپ

قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئارال ئوتتۇرا مەكتىپىمۇ بىزنى ئىككى قېتىم تەكلىپ قىلىپ بولدى. كۈندىن ـ كۈنگە ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتىمىز.

گۈلچېمەن توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىدىن سەنئەتكە، مۇقامغا بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت ھىدى پۇراپ تۇراتتى.

— بىز كىچىك چاغلاردا دادام دۇتار چالاتتى، ئاپام ناخشا ئېيتاتتى. بەلكىم شۇلارنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بىز ئون بالىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك سەنئەت ئىشقى بار. ئەكبەرجان بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى. مەنمۇ، ئەكبەرجانمۇ كىچىكىمىزدىنلا ناخشا ئېيتىشنى، مۇزىكا چېلىشنى ياخشى كۆرەتتۇق. مەن ئۇدا ئالتە قېتىم ئاقسۇ شەھەرلىك دېھقان، چارۋىچىلار سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ مۇكاپاتلاندىم. گەرچە، مەكتەپتە ئۆز كەسپىم بىلەن شۇغۇللىنالمىساممۇ، سەنئەتكە بولغان ھەۋەسىمدىن ۋاز كېچەلمىدىم. ئاخىرى ئىزدىنىپ ئاقسۇدا ھېچكىم قىلمىغان بۇ ئىشنى قىلدىم، ئارزۇيۇمغا يەتتىم.

بىزنىڭ يەنە بىر مۇزىكا ئېچىش پىلانىمىز بار، — دېدى گۈلچېمەن خانىم بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

— مۇقام ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مىراسلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ نۇرلىنىدۇ، قىممىتىنى تاپىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مىراسلىرى، ئاسارەتىقىلىرى، ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى يىغىپ، بىر مۇزىي ئېچىشنى ئويلىشىۋاتىمىز. مۇشۇنداق قىلساق بۇ مەركىزىمىز تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ، تېخىمۇ كۆپ كىشى بۇ يەرگە ئۆگىنىدۇ، مۇقام كۈيى مەڭگۈ ئۆزۈلمەيدۇ.

زىيارىتىم ئاخىرلاشتى. بىراق قەلبىمدىكى ھاياجان خېلى ئۇزاققىچە بېسىلمىدى. بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ غەيرىتىگە، روھىغا چىن دىلىمدىن ئاپىرىن ئوقۇدۇم. مۇقام كۈيى، مۇقام ۋارىسلىرى بۇ زېمىندا مەڭگۈ ئۆزۈلمەيدىغان بوپتۇ. توغرا، مۇقام كۈيى ئۆزۈلمىسۇن.

2007 ـ يىل 8 ـ ئۆكتەبىر، ئاقسۇ

# ئۆزۈلمەس كۈي، جاراڭلىق ئاۋاز

ناخشا — كۆڭۈل ساداسى، ناخشا — مۇھەببەت ئاۋازى، ناخشا — ھايات

نىداسى، ناخشا ــ گۈزەللىك ئاشناسى، ناخشا ــ تەنىنىڭ داۋاسى، ناخشا ــ كۆڭۈل ئەلچىسى، ناخشا ــ باھار ۋالىسى، ناخشا ــ تاڭنىڭ ساباسى. چۈنكى ناخشا ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىققان يالقۇن، ئېگىز تاغدىكى سۈزۈك بۇلاق سۈيى. ئۇ يۈرەكتە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئارزۇ - ئىستەكنى، مۇھەببەت ۋە ھەسرەتنى، شادلىق ۋە ئازابنى، گۈزەللىك ۋە نەپرەتنى ئىپادىلەيدۇ. تاڭ سەھەردىكى قۇشلارنىڭ، باغلاردىكى بۇلبۇللىنىڭ ئاۋازىنى ئەسكە سالىدۇ. ئادەملەر ئېغىزىدا دېيەلمىگەن، ھەرىكىتىدە قىلالمىغان پىنھان سۆز ھەم سىرنى ناخشا ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كۆڭۈللەرگە زوق - ھۇزۇر ۋە ئىبرەت بېغىشلايدۇ. ناخشا ئادەمنى جاسارەتلىك، شىجائەتلىك، چىدام - غەيرەتلىك، ئىرادىلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ، بەختكە، كەلگۈسىگە، گۈزەللىككە ئىنتىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ناخشا ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەستۇر. ناخشا ھايات ئەينىكى ۋە ھېسسىيات بۇلىقىدۇر. ناخشىچى تەربىيەچى ھەم كۆي پەرىشتىسىدۇر. ئەگەر بىر ناخشىچى سەھنە ياكى چوڭراق سورۇندا بىرەر ناخشىنى تەمتىرىمەي ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالىسا، ئۇ بىر كېچىدىلا چولپانغا، ناخشا مەستانىلىرىنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. مەن تۆۋەندە سىزگە تونۇشتۇرماقچى بولغان ناخشىچىمۇ دەل ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى، يېقىملىق كۈي - نەغمىسى بىلەن كىشىلەرگە تونۇلغان، ناخشا كۆكىدە 30 نەچچە يىل پەرۋاز قىلغان داڭلىق ناخشىچى. ئۇ بولسىمۇ ئاقسۇ تارىم ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ پېشقەدەم ناخشىچىسى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك ئارتىس غېنى رامان.

يۇرتۇمسەن گۈزەل ئاقسۇ،
سۇلماس خۇش پۇراق گۈلسەن.
كۆردۇم گۈل جامالىڭنى،
بەختىڭدە ئېنىق روشەن.

«ئاقسۇ كېچىسى» ناملىق بۇ ناخشا ئەينى يىللاردا غېنى رامانىنىڭ ياڭراق، شوخ، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ناخشاخۇمار خەلقنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن، غېنى رامانى شان - شەرەپ تەختىگە ئېلىپ چىققان ھەم ئۇنى چولپانلار دۇنياسىغا باشلاپ كىرگەنىدى. دەرۋەقە، بۇ ناخشا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى

قاتارلىق بىر نەچچە ئورۇن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق ناخشا ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن غېنى رامانىنىڭ ئاۋازى رادىيو دولقۇنلىرى ئارقىلىق ئەتراپقا تارالغانىدى. يېڭى ئەسىر كىرىشتىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن غېنى رامان شىنجاڭ خەلقى بىلىدىغان ياراملىق ناخشىچى بولۇپ تونۇلدى. تېلېۋىزور ئېكرانىدا، مۇسابىقە سەھنىلىرىدە، ھەر خىل ئولتۇرۇشلاردا ئۇنىڭ سىماسى پات ـ پات كۆزگە چېلىقىدىغان، ئاۋازى قۇلاققا كىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. 2004 ـ يىلى ئۇ ئىتالىيە، شۋېيتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى. چەت ئەلدىكى كۆنلىرىنى ئەسلىگەندە غېنى رامانىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىز بۇ ئىككى دۆلەتتە 67 كۈن تۇردۇق. مەن بەك خۇش بولدۇم، ھاياجانلاندىم. نەزەر دائىرەمم كېڭەيدى. بولۇپمۇ چەت ئەل سەنئەتكارلىرى سەنئەتنىڭ تەبىئىيلىكىگە بەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن، سۈنئىيلىكنى قەتئىي ياقتۇرمايدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ بۇ تەرىپىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. سەنئەتكار چوقۇم خەلققە ھەقىقىي ماھارىتى ئارقىلىق ھوزۇر بېغىشلىشى كېرەك. مەن قوبۇل قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، خەلقىمىز ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشى ناخشىلارنى تەقدىم قىلىشقا تىرىشىمەن. ئۇ يەنە: مەندەك ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ چەت، ئەڭ نامرات يېرىدە چوڭ بولغان بىر ئاددىي سەنئەتكارنىڭ چەت ئەل سەھنىلىرىدە ئويۇن قويۇشى كىچىك ئىش ئەمەس. بۇ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدىن بولدى. مەن ھاياتىمدىكى بۇ كۈنلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، دېدى.

ناخشىچى بولۇش ئاسان، لېكىن خەلق ياقتۇرىدىغان، ئېتىراپ قىلىدىغان ناخشىچى بولۇش ئاسان ئەمەس. بۇنىڭغا تەبىئىي تالانت، مۇھىت ۋە شەرت ـ شارائىتتىن باشقا، يەنە جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش، توختىماي ئۆگىنىش، مەشىق قىلىش روھى كېرەك. ئۇنداقتا غېنى رامان قايسى خىل ئامىل گەۋدىلىك؟ مېنىڭچە، غېنى رامان ئىككىلا خىل ئامىل تەڭ مەۋجۇت.

ئۇ يانىمۇ تاغ، بۇ يانىمۇ تاغ،
ئارالنىڭ تاغى.
شامال كەلسە يەلپۈنەمدۇ،
يارىمنىڭ چاچى.
... ...

بۇ، غېنى رامانىنىڭ ئاتىسى رامان بوجاڭ ئېيتقان ناخشا. غېنى كىچىك چاغ-لىرىدا ئاتىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئاتىسىنىڭ يۇرت ـ مەھەللىلەردە، ئېتىز باشلىرىدا ئېيتقان ناخشىلىرى ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىگە ناخشىچى بولۇش ئۇرۇق-نى سالغان. يەنە كېلىپ، كەلپىن ناھىيەسىنىڭ گەزلىك يېزا قۇملۇق كەنتى ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى بولۇپ، بۇ يەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك مەشرەپ ـ ئۇسسۇل ئويۇنلىرى، ناخشا ـ مۇقاملار ئېيتىلاتتى، نەغمە ـ ناۋا ساداسى ئۈزۈل-مەيتتى. دېھقانلار ھاردۇقىنى ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن چىقىراتتى. بۇ يۇرتتىن ئابدۇرېشىت ئىمىن، ئەخمەت ئىمىنغا ئوخشاش داڭلىق سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىققان ئىدى. غېنى رامان مانا مۇشۇنداق ناخشا ياڭرايدىغان، ئۇسسۇل قايناي-دىغان يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆستى. ئۇنىڭ ئاتىسى ياز كۈنلىرى يۇرتداشلىرىغا ئور-ما ناخشىسى، خامان ناخشىسى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقىراتتى، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرەتتى. بۇ خىل مۇھىت غېنىنى بارا ـ بارا ناخشا ھەۋەسكارىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئو-قۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇ مەكتەپنىڭ تەشۋىقات ئەترىتىگە قاتناشتى ھەم مەكتەپ-نىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتچىسى بولۇپ قالدى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنى «كەل-گۈسىدىكى ناخشا چولپىنى» دەپ تەرىپلەشتى. ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندا، ئۇ ئاتىسىغا ئەگىشىپ مەشرەپ سورۇنلىرىغا باراتتى، ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى، ناخشا ئېيتاتتى. چوڭلار ئۇنىڭ چەبدەس ھەرىكىتى، ياڭراق ئاۋازى-دىن سۆيۈنۈپ «بۇ بالا كەلگۈسىدە چوقۇم ياراملىق سەنئەتچى بولغۇدەك» دې-يىشەتتى. دەرۋەقە، كىشىلەرنىڭ قىياسى ئۇزاق ئۆتمەي رېئاللىققا ئايلاندى. 1973 ـ يىلى غېنى رامان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندى. گەزلىك يېزىسىنىڭ رەھبەرلىرى غېنىنىڭ ئاتىسىنى ئىزدەپ كېلىپ، غېنىنى يېزىلىق تەشۋىقات ئەترىتىگە ئارتىسلىققا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غېنى يېزىلىق تەشۋىقات ئەترىتىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئارتىسلىق ھاياتىنى باشلىدى. ئۇ تەشۋىقات ئەترىتىدىكى پېشقەدەم سەنئەتكارلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتىش جەھەتتىكى تالانتىنى ئاشكارىلىدى. كەنتلەرگە بېرىپ ئويۇن قويدى، خەلققە ئېسىل نومۇرلارنى تەقدىم قىلدى، بارا ـ بارا ناھىيە بو-يىچە تونۇلۇشقا باشلىدى. 1977 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى

ئەسلىگە كەلگەندە، ئۇ تەشكىل تەرىپىدىن بۇ ئۆمەككە قوبۇل قىلىندى.

ئارزۇ بىر خىل ئىنتىلىش، ئەگەر ئۇنىڭغا تىرىشچانلىق قوشۇلسا، بۇ خىل ئىنتىلىش رېئاللىققا ئايلىنىدۇ ۋە شۇ ئىنسانىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى پۈتمەس مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىنلەيدۇ. غېنى رامان ناخشىچى بولۇش ئارزۇسىغا يەتكەندىن كېيىن، تىرىشچانلىقنى ئۆزىگە قانات قىلدى. ئاۋازىنى چېنىقتۇرۇشقا، ناخشىنى ئۆلچەملىك ئېيتىشقا كۈچىدى. ئۆمەك رەھبەرلىكىنىڭ پەرۋىش قىلىشى بىلەن «رازىيە»، «كۈنده باھار» قاتارلىق ناخشىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، ناھىيە ئىچىدە خېلىلا تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم ناخشىلىرى رادىيودا ئاڭلىتىلىشقا باشلىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا غېنى رامانىڭ «سەنەملەر»، «ئەۋرىشىم»، «رازىيە»، «سۆيدۈم» قاتارلىق ناخشىلىرى ئۈنئالغۇغا ئېلىنىپ خەلق ئىچىگە تارالدى. ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن ۋالىيسى تۇرسۇن توختى غېنىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ياقتۇرۇپ قالدى ھەم ئالاقىدار تارماقلارغا مۇشۇنداق ياخشى ناخشىچىلارنى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكەپ كېلىش توغرىلىق تەكلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن غېنى رامان تەسىرى بار شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. 1987 - يىلى ئۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكەلدى. ئۇنىڭ كەنتتىن يېزىغا، يېزىدىن ناھىيەگە، ناھىيەدىن ۋىلايەتكە يۆتكىلىشى كىشىلەرگە ئالتۇنىنىڭ ھامان نۇر چېچىپ پارقىرايدىغانلىقىنى، تالانت ئىگىسىنىڭ ھامان ئەتىۋارلىنىدىغانلىقىنى، ئەسكى كاتەكتىنمۇ سۇمۇرغ، بۇلبۇلنىڭ ئۇچۇپ چىقالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

سەنئەتكارلار سەھنىدە، ماھىرلار بەيگىدە، دېھقانلار ئېتىزدا، سودىگەرلەر بازاردا، ئاشىقلار ھىجران ئوتىدا چېنىقىدۇ. قەلبىگە بۈيۈك ئارزۇلارنى پۈككەنلەر ھامان بىر پەللىگە قاراپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەيدۇ. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ھەر جەھەتتىكى ئەۋزەل شارائىتى بىلەن غېنى رامانىنىڭ ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە شوتا بولۇپ بەردى. ئۆمەك رەھبەرلىكى بۇ نوتىنى ئىنچىكە پەرۋىش قىلدى. غېنى ھەر كۈنى ئىككى سائەت قورساقتا يەل تۇتۇش، تىنماي توۋلاشنى مەشىق قىلدى، يېڭى ناخشىلارنى ئۆگەندى، نەپەس ھەرىكىتى قىلدى. غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردى.

كېيىنچە، غۇلام مويدۇن ئىجاد قىلغان «ئانا يۇرت»، ئەخەت ئەلا ئىجاد قىلغان «ئاقسۇ كېچىسى» ۋە «مىراجىخان»، «لەۋەن دەردىڭ»، «ئادەم ئۇ بىر ئۇچۇم تۇپراق»، «تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز»، «كۇندە باھار» قاتارلىق ناخشىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، ئاقسۇدىكى تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غېنى رامان ئۆمەكنىڭ ئاساسلىق ناخشىچىسىغا ئايلاندى ھەم ناخشا ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ قېتىملىق ئويۇن، مۇسابىقىلەردە ئۇ ئېيتقان ناخشىلار تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ قېتىملىق ھال سوراش ئويۇنى مەزگىلىدە ئۇ ۋىلايەت ھەم ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇنىڭ ئۈن نەچچە ناخشىسىنى سۈرەتكە ئالدى ھەم ئۇنى «تەلەپ - تەقدىم» سەھىپىسىدە ئاممىغا تەقدىم قىلىپ كەلدى. 1988 - يىلى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ياش دېھقان ناخشىچىلار ناخشا مۇسابىقىسىدە ئۇ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1989 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە «ئون مۇنەۋۋەر ناخشا چولپىنى» نىڭ بىرى بولۇپ تاللاندى. 1996 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «قاپسىلاڭ لوگىقىسى» ناخشا مۇسابىقىسىدە ئۇ ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇ يىلى 10 - ئايدا مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى قاتارلىق ئۈچ ئورۇن بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن ناخشا ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەم شۇ يىلى 7 - ئايدا شەرەپ بىلەن پارتىيەگە كىردى. 1997 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە مۇقام باش شىركىتى بىرلىكتە ئىشلىگەن دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى ئۈن - سىن بۇيۇملىرى قۇرۇلۇشى بويىچە «ئابچەشمە»، «ئىشرەتئەنگىز»، «مۇستەھزاد مۇقامى» نىڭ ئۈن - سىن ۋە CD پلاستىنكىسىنى ئىشلەشكە قاتناشتى ھەم خىزمەت كۆرسىتىپ ئەنگە ئېلىندى. غېنى رامان ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك ئارتىس.

1956 - يىلى تۇغۇلغان غېنى رامان يېزا، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، مەملىكەت، ھەتتا چەت ئەل سەھنىلىرىدە ناخشا ئېيتتى. جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن

جەلققە مەنىۋى زوق بېغىشلىدى. ھاياتىنى ناخشا بىلەن مول مەزمۇنغا ئىگە قىلـ-دى. يېڭىلىققا ئىنتىلدى. ئۇنىڭدا ناخشىچىغا خاس تەمكىنلىك، جۇشقۇنـلـۇق، قىزغىنلىق بار ئىدى. سەھنىلەردە ئەركىن ھەرىكەت بىلەن ناخشا ئېيتـقـاچـقـا، كىشىلەر ئۇنىڭ ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلىدى. مەيلى چوڭ رەھبەر ياكى ئاد-دىي دېھقان بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ ناخشىسىنى بىر ئاڭلاپ پەرقلەنـدۇرەلـەي-دىغان بولدى. سەنئەت مەكتەپلىرىدە مۇنتىزىم تەربىيە ئالمىغان بۇ ناخـشـىـچـى كېيىن ئۆمەكتە ناخشا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولدى. ناخشا ئەترىتىنى ھـۆددىـگـە ئېلىپ ئويۇن قويدى. تەشكىل قايسى ئىشقا بۇيرۇسا شۇنى قىـلـدى. نـۇرغـۇن سەنئەت نوتىلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئاخىرى ئۇ كىشىلەر تەرد-پىدىن «تارىم بۇلبۇلى»، «ئاقسۇ بۇلبۇلى» دېگەن پەخىرلىك ناملارغا ئېرىشتـى. ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ھېلىھەم تارىم ۋادىسىدا ياڭرىماقتا.

2007 - يىل ئاۋغۇست، ئاقسۇ

**ئۇ بىر ئۆمۈر مەدەنىيەتنى سۆيدى، سەنئەتكە رىشتە باغلىدى، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقتى. پۈتۈن ئۆمرىنى تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىش، خەلققە مەنىۋى ئوزۇق بېرىش، كىشىلەر قەلبىگە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۇرۇقى چېچىش بىلەن ئۆتكۈزدى. شۇڭا، ئاۋام ئۇنى تونۇدى، ئۇلۇغلىدى ۋە ھۆرمەتلىدى.**

# «قاراڭلار، ئابدۇرازاق تىياتىر كەلدى!»

«قاراڭلار، ئابدۇرازاق تىياتىر كەلدى!»...

مانا بۇ قەدىمىي كۇسەن دىيارىدىكى خەلقنىڭ پېشقەدەم خەلق سەنئەتكارى، خەلق قىزىقچىسى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەلچىسى ئابدۇرازاق قادىرنى ئۇچراتقاندا دەيدىغان سۆزى.

«تىياتىر» — ئۇنىڭ سەنئەت تالانتى ۋە قىزىقچىلىق ماھارىتىگە بېرىلگەن باھا ئىدى.

كۇچادىكى ئورگان كادىرلىرى، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، سودا بازارلىرىدىكى تىجارەتچى، كاسىپلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ياكى يېزا ـ كەنتلەردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار بولسۇن، ھەممىيلەن دېگۈدەك ئۇنى تونۇيدۇ. ئۇنى ئۇچراتقانلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز بولسىمۇ چاقچاقلىشىۋېلىشنى ئويلايدۇ. چۈنكى، ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان، بارغانلا يېرىدە قىزىقچىلىق قىلىپ، ئۇسسۇل ـ مەشرەپ ئويناپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، ئاچچىق سوغۇق سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. بۈگۈن كۇچا ناھىيە چىمەن بازىرىنىڭ دابوز 2 ـ كەنتىدە چەت ئەلدىن كەلگەن فوتو سۈرەتچىلەر ئۈچۈن كۇچا سەنىمى ئويۇنى ئۇيۇشتۇرۇلماقچى ئىدى. ئويۇن بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سەنئەتخۇمار چىمەن خەلقى بالدۇرلا كەنت قورۇسىغا سەلدەك ئاقتى. «بۈگۈن ئابدۇرازاق تىياتىرمۇ كەلگۈ-

دەك» دېيىشتى ئۇلار بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ. دەرۋەقە، بىر ھازادىن كېيىن ناھىيەدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن بىرلىكتە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇرازاق قادىرمۇ بار ئىدى. كۆپچىلىك ئۇنى كۆرۈپ ئۈنلۈك ئاۋازدا: «قاراڭلار، ئابدۇرازاق تىياتىر كەلدى!» دېيىشتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەشرەپ باشلاندى. ئابدۇرازاق قادىر ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشتى، ئۇنىڭ پاكار، دوغىلاق بەستى، چەبدەس ھەرىكىتى، كۆتۈرەڭگۈ روھىي قىياپىتى، جۇشقۇن، يۇمۇرىستىك خاراكتېرى، ئەپچىل، چىرايلىق ئۇسسۇلى كۆپچىلىكنى ئۆزىگە تارتتى. مەشرەپ تازا ئەۋجىگە چىققاندا ئۇ:

كۆپچىلىك بار يەردە بىلىم بار،
مەشرەپ ئوينىغان يەردە چىلىم بار.
كەلسىلە ئۆزلىرىگە چىلىم كەتتى،
سىلىگە مېنىڭ دىلىم بار.

دەپ بېيىت ئوقۇغىنىچە بىر مېھماننى ئۇسسۇلغا تارتتى. كۆپچىلىك تېلىقىپ كۈلۈشكىنىچە قىزغىن چاۋاك چالدى. ئۇ مېھمان شۇ ھامان مەيدانغا چۈشتى، ئابدۇرازاق قادىر بىردەمنىڭ ئىچىدە خىلمۇ خىل بېيىت - قوشاقلارنى ئوقۇپ، يەنە بىرنەچچە مېھماننى ئۇسسۇلغا تارتتى. مەشرەپ مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، ياپونىيە، گېرمانىيە، كانادا قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەت، رايوندىن كەلگەن فوتو سۈرەتچىلەر بۇ قىزغىن كۆرۈنۈشنى بەس - بەستە سۈرەتكە تارتتى. مەشرەپ قىزىپ تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە بىر دېھقاننىڭ مۇنداق ئاۋازى ياڭرىدى:

ئابدۇرازاق تىياتىر،
ئۆگەندى، ئۇ تىرىشتى.
ئەل ئىچىدە تونۇلۇپ،
شان - شەرەپكە ئېرىشتى...

مەيداندا كۈلكە ۋە چاۋاك كۆتۈرۈلدى.

2005 - يىلى 7 - ئايدا ئۇچا بازىرىدىكى بىر باغدا كۈسەن ناخشا - ئۇسسۇل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان مېھمانلار ئۈچۈن چوڭ تىپتىكى مەشرەپ پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. بۇ سورۇندىمۇ ئابدۇرازاق تىياتىر يەنە ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشتى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ:

كۇچا مەشرىپى، ئەلنىڭ غۇرۇرى،
ناخشا - ئۇسسۇلى جاننىڭ ھۇزۇرى.

دېگىنىچە بىر دېھقاننى مەشرەپكە تارتتى. ئۇ دېھقانمۇ بوش كەلمەي:

جايىڭىزدا تۇرالمايسىز،
ئوينالغاندا سەنەم ئۇسسۇلى.

دەپ جاۋاب قايتۇردى ۋە مەشرەپكە چۈشتى.

ئابدۇرازاق تىياتىر يەنە بىر دېھقاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ئۇ يانمۇ ئېقىن، بۇ يانمۇ ئېقىن،
دېھقانلارغا كۆڭلۈم ئەڭ يېقىن.

دېدى ۋە ئۇنىمۇ مەشرەپكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ دېھقانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە باغدىكى بۇ مەشرەپ ئىنتايىن قىزىپ كەتتى. دېھقانلار، كادىرلار، ئەرلەر، ئاياللار، قېرىلار، ياشلار بەس - بەستە مەشرەپكە چۈشتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن بىر دېھقان ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، ئۇ ئابدۇرازاقنىڭ كارامىتىگە ھەيران بولغان ھالدا:

ئوت يۈرەك سەنئەتچىمىز،
بىزنىڭ يېقىن كىشىمىز.
ئۇ بەرگەچكە زور ئىلھام،
ئالغا باستى ئىشىمىز.

دەپ قوشاق ئوقۇدى. ئارقىدىنلا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ھېيتەم ھۇسەيىن قىزغىن كەيپىياتتا سۆز قىلىپ، ئابدۇرازاق قادىرنىڭ ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە ئۇنىڭغا خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلدى. ئۇ ئابدۇرازاق قادىرنى «ئۇ ھەقىقەتەن ئەل قەلبىدىكى تىياتىرچى، كۇچانىڭ پەخرلىك ئوغلانى» دەپ ماختىدى.

كۇسەن ھەقىقەتەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى. بۇ دىياردا ئۇيۇرىماس بوزدۆڭ قىيا تاش رەسىملىرى، ئۆلمەس مىڭئۆي سەنئىتى، مەرھۇم نىساخان ئانا كەبى خەلق سەنئەتچىلىرى بار. مەركەز ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۇچادىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق سەنئەتچىلەر ئاز ئەمەس. ئابدۇرازاق قادىرمۇ شۇ قاتاردا كۇسەن مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتىدىن بەھرە ئېلىپ، سەنئەتكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان، شۇ كەسىپ ئۇچۇن پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلىغان ھارماس تۇلپاردۇر. ئۇ ھەقىقەتەن بىر سەنئەت پەرۋانىسى، راستچىل، ئاددىي ـ ساددا، تىرىشچان، چىقىشقاق، تۆھپىكار كىشىدۇر.

بىر ئىشقا بولغان ھەۋەس ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. ھاياتنىڭ گۈزەللىكى، قىممىتى جەمئىيەتكە، خەلققە قوشقان تۆھپە ئارقىلىق تېخىمۇ بەك نايامان بولىدۇ.

ھاياتلىق قىممىتىنى چۈشەنگەن كىشىلەردە ئۆز كەسپىنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاش ۋە داۋاملىق ئىزدىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى كۈچلۈك بولىدۇ.

ئابدۇرازاق قادىر ئەنە شۇ سەنئەت بۆشۈكى — گۈزەل كۇچانىڭ پەخرلىك ئوغلانى. ئۇ 1938 ـ يىلى كۇچادا تۇغۇلۇپ، ئاشۇ قايناق شەھەردە چوڭ بولدى. ئۆز ۋاقتىدا كۇچانىڭ ئاشخانا، چايخانىلىرىدا مۇزىكا چېلىنىپ، نەغمە ـ ناۋالار تەرەپ ـ تەرەپتە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەرخىل شەكىلدىكى خەلق مەشرەپلىرى يىراق ـ يېقىندا ئوينىلىپ تۇراتتى. خەلق ئارىسىدا چوڭ بولغان ئابدۇرازاق قادىرنىڭ سەبىي قەلبىدە ناخشا ـ ئۇسسۇلغا بولغان قايناق ئىشتىياق بىخلىنىپ، تەلپۈنۈش ھېسسىياتى ئۇرغىدى. تېخى ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە بىر ئوت يالقۇنجايتتى، ئۇ بولسىمۇ مەشھۇر ئۇسسۇل ئۇستازى قەمبەرخانىم سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئۇسسۇل ئۆگىتىدىغانلىقىدىن خەۋەر

تاپقان ئىدى. 1955 ـ يىلى ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتى ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتى شۇنىڭدىن باشلاندى، ئۇسسۇل سىنىپىدىكى ئۈچ نەپەر ئوغۇل، 15 نەپەر قىزلار بىلەن فاكۇلتېت مۇدىرى مەرھۇم ئۇسسۇل پېشۋاسى قەمبەرخانىم، گالىيە ئاپپاي (رۇس)، ئۇچقۇنئاي (ئۆزبېك)، زەينەپ ئاپپاي، رەنا ئاپپاي قاتارلىق ئۇستازلىرىدىن ئۇسسۇل نەزەرىيەسى، ئۇسسۇل تېخنىكىسى ۋە تىياتىر ساۋاتلىرىنى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆگەندى. ئۈچ يىللىق ئوقۇش پۈرسىتى ئۇنى ئويۇن قويۇش، چېنىقىش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش پۈرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. يەنە ئۇ پېشقەدەم ئۇستازى مۇساجان روزىدىن دۇتار چېلىشنى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەندى. ئۇنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تىرىشچانلىقى ئوقۇتقۇچىلارنى تولىمۇ قايىل قىلاتتى. تىرىشىش مۇۋەپپەقىيەتتۇر. 1958 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار باھار قارلىغاچلىرىدەك تەرەپ ـ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇرازاق قادىر مەكتەپنىڭ تەقسىماتى بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىگە تەقسىم قىلىنىپ، «ئۇسسۇل خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىدا ئىش باشلىدى ھەم مەشھۇر سەنئەت ئەربابى، خەلقئاراغا داڭلىق سەنئەت مائارىپچىسى قەمبەرخانىمنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىنى ئۆتىدى. ئۇسسۇل ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئۇسسۇل ھەققىدە توپلام ئىشلىدى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئويۇن قويۇش ۋە ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىدىن ماتېرىيال ئىگىلەپ، ژۇرنال ۋە گېزىتلەرگە تونۇشتۇرۇپ تۇردى ۋە ئۇسسۇل جەمئىيىتىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ ئىشلىدى. ھاياتلىقتا ئۆزى ئويلاپ يەتمىگەن ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەلىپى ۋە كۇچا ناھىيەسىنىڭ تەكلىپى بىلەن 1962 ـ يىلى ئۆز يۇرتى كۇچا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۆمەكتىكى سەنئەتكارلارنى ئۇستاز تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگەندى. ناھىيەنىڭ شارائىت يارىتىپ بېرىشى بىلەن ئۆمەكنىڭ قوشۇنىنى ئىدىيە ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش ۋە تولۇقلاشقا يېقىندىن ياردەملەشتى. ناھىيەنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن بىر قىسىم تايانچلارنى ئۆمەككە تاللاپ، قوشۇنىنى تولۇقلىدى. مۇ-

زىكا مەشىق قىلىش، ئۇسسۇل مەشىق قىلىش ۋە تىياتىر ساۋاتىدىن ھەر كۈنى ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈشنى يولغا قويدى. ئۆمەكنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشنى ئالدى بىلەن ئارتىسلارنىڭ كەسپىي ساپا-سىنى ئۆستۈرۈشتىن باشلىدى. ياش مۇزىكانت، ناخشىچى ۋە ئۇسسۇلچىلار ئارقا - ئارقىدىن يېتىلىپ چىقتى. شۇ مەزگىللەردە بۇ ئۆمەك ناخشا - ئۇس-سۇلدا داڭ چىقىرىپلا قالماستىن، تىياتىرچىلىقتىمۇ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈندى، چوڭ - چوڭ سەھنە ئەسەرلىرىدىن «غۇنچەم»، «گۈلنىساخان» دىراممىلىرىنى ئويناپلا قالماستىن، يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېزىلىپ ئوينالغان «باي بى-لەن مالاي»، «ئانارخان ۋە ئەرشىن مال ئالان» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى يىرىك ئەسەرلەرنى سەھنىلەشتۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوينىدى. بۇ جەرياندا ئابدۇرازاق كەسپىي جەھەتتىن ئالاھىدە يېتەكچىلىك ۋە رېژىسسورلۇق قىلدى. ئۇ ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللارنى سەھنىلەشتۈرۈپ ئويناپلا قالماستىن، يەنە بۇ ئۆمەك-نىڭ خەنزۇچە، چاۋشيەنچە، ئۆزبېكچە، قازاقچە، قىرغىزچە چوڭ - چوڭ نو-مۇرلارنى ئوينىشىدىمۇ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كۇچا سەنئىتىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى جەھەتتە يۈكسىلىشىگە ئالاھىدە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشتى. ئۇ يەنە 1963 - يىلى يازدا ئۈچ كىشىلىك ئۆگىنىش گۇرۇپ-پىسى تەشكىللەپ، ناھىيەنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن قىزىلسۇ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ھەرقايسى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن بىر كېچىلىك سەن-ئەت نومۇرلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، ناھىيە رەھبەرلىرىگە ئالاھىدە بىر كېچىلىك ئويۇن قويۇپ، دوكلات قىلىپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىش-تى. ئۇ خىزمەت داۋامىدا پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئۆمەك مەسئۇلى ھەسەن ھۆسەنگە ياردەملىشىپ، ئۆمەك خىزمىتىنى يۈكسەلدۈردى. خەلقنىڭ تۈگمەس بۇلاق كەبى سەنئىتىدىن نۇرغۇن بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە قەتئىي بەل باغلىدى. كۇچا خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى ئۆزگىچە بو-لۇپ، ناھايىتى سىلىق، نەپىس، كىشىنىڭ ھەۋسىنى كەلتۈرگۈدەك مىللىيلىك-كە ئىگە. ئەجدادلار بىزگە قالدۇرغان شۇنچە كۆپ سەنئەت مىراسى ئەۋلادلار ئۈچۈن تۈگمەس بايلىق، مەڭگە باي، ھۆسنى چىرايلىق بىباھا گۆھەردۇر. سەنئەت ئاشۇ بايلىقتىن ئايرىلىپ قالسا، سەنئەت بولماي قالىدىغانلىقىنى چۈ-

شەنگەن ئابدۇرازاق قادىر كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى ئىزدىنىپ ئۆگەندى ۋە خەلق قوشاقلىرىنى بېرىلىپ توپلىدى ۋە رەتلىدى. يېزا، كەنتلەرگە بارغانلا جايدا كۇچانىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەشرەپ ئۇسسۇللىرىنى ئۆمەكتىكى ئارتىسلار بىلەن بىرلىكتە خەلق سەنئەتچىلىرىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگەندى. ئويۇن قويۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئارتىسلارنى مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمىلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ مېغىزىنى تاللاپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ يېڭى - يېڭى، ئامما ياقتۇرىدىغان نومۇرلارنى ئىشلەشكە يېتەكچىلىك قىلدى. بارغانلا جايدا ئويۇندىن كېيىن خەلق سەنئەتچىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ، مەشرەپ تەشكىللەپ، بىر تەرەپتىن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ بېيىتىلىشى ئۈچۈن خەلق ئاممىسىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى.

مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئېيتىلغان كۈي - نەزمىلەر ئابدۇرازاق قادىرنى ئۆزىگە بارغانسېرى ئەسىر قىلىۋالدى. بۇ كۈيلەر يۈرەكنى ئوينىتىپ، كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى. مانا مۇشۇ كۈيلەر خەلققە روھىي ئوزۇق ئاتا قىلاتتى، ئەنە شۇ خەلق مەيلى باياشات يىللاردا بولسۇن، مەيلى جاپالىق يىللاردا بولسۇن، ئاشۇ كۈيلەر بىلەن ئۆزىگە مەدەت تېپىپ ھاياتلىقنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشىنەتتى. ئابدۇرازاق قادىر مەشرەپلەردە خەلق قەلبىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ كۈيلەرگە ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغان ھالدا توختىماستىن ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. ئۆزى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشكەن خىلمۇخىل ياشتىكى، خىلمۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى، ئۇسسۇل قىياپەتلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىنى زەن قويۇپ ئۆگىنەتتى. توختىغاندا خاتىرىسىگە ئۇلاردىن سوراپ يېزىۋېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. بۇ ئۇسسۇللارنىڭ ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ئوينىلىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، بۈگۈنكىدەك ئۇسسۇل شەكلىگە كىرگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا ئۆز خەلقىدىن چەكسىز پەخىرلىنەتتى ۋە ئۇستازى مەرھۇم قەمبەر خانىمنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭغا تاپىلىغان ۋەسىيەتلىرى تېخىمۇ ئېسىگە كېلەتتى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئۇسسۇل تارىخى، ئۇسسۇللارنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىش، رەتلىنىش، مۇكەممەللىشىش تارىخىنى بىلىشكە، چۈشىنىشكە تىرىشاتتى. توغرا،

ئۇ مەزگىللەردە بۇلارنى تەپسىلىي چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇسسۇل ھەرىكەتلى-رىنى تەھلىل قىلىپ قايسى ئۇسسۇلغا قايسى ھەرىكەتنى سېلىشنى، قايسى مۇ-زىكىغا قانداق ئۇسسۇل ئويناشنى، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، ئىجادىيەت، ئويۇن قويۇش داۋامىدا ئەمەلىيەتتىن ئۆگىنىۋېلىپ، تەجرىبە قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ ئوي - خىيالى ئاشۇ سەنئەت كەسپىدە بولغاچقا، جان - دىلى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىجادىيەتكە كىرىشەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇسسۇل سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى — ئۇسسۇل مەشقىنى ئۈزلۈكسىز قويماي مۇنتىزىم تۇتۇش كېرەك، دەپ قاراپ، مەيلى شەھەردە، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن، كۈندە بىر سائەتلىك مەشقنى توختاتمايتتى. سەنئەت نەزەرىيەسى دەرسى، نوتا ساۋاتى، مۇزىكا مەشقى قاتارلىقلارغا ئىنتايىن ئەھمى-يەت بىلەن قارايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆمەكنىڭ كەسپىي جەھەتتىن ئۈز-لۈكسىز يۈكسىلىشىگە ھەسسە قوشۇپلا قالماستىن، كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى توختاتماي، ئىش خاتىرىسى، مەشغۇلات ۋە تۇرمۇش خاتىرىلىرىنى تولۇق يېزىپ، پارتىيەنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتىنى قىبلىنامە قىلىپ، ئاممىغا، ئەمەلى-يەتكە، ئاساسىي قاتلامغا چۆكۈپ، ئاممىنىڭ قايناق تۇرمۇشىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ يېڭى - يېڭى نومۇرلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ ئىجادىيەتتە پېشقەدەملەرنىڭ، كەسپداشلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ يېڭى - يېڭى نومۇرلارنى مەيدانغا چىقاردى. ئۇنىڭ «تەنتەنە»، «مۇبارەك»، «دېھقانلار شادلىقى»، «بىز ھەممىمىز ئىناق ئائىلە»، «گۈللەنمەكتە يېزىمىز» قاتارلىق نومۇرلىرى خەلق ئام-مىسى تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلاندى. چوڭ - چوڭ دىرامىلاردا ئۇ ئۆزىمۇ رول ئېلىپ، رولنى تەبىئىي، ئوبرازلىق، تەسىرلىك ئورۇنلاپ كەڭ كۆرۈرمەنلەرنىڭ قىزغىن ماختىشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئاتاقلىق لەپەرچى ئاب-دۇگۇل، يولۋاسخان قاتارلىقلارنىڭ لەپەر ئورۇنلاش ئۇسلۇبىنى ياخشى ئۆزلەش-تۈرۈپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي»، «داۋانچىڭ»، «ئەمگەك مۇھەببىتى»، «گۈگۈشمىزغا باراملا»، «رەھمەت ئېيتتى دېھقانلار»، «ئويناپ بېرەي مەن سىزگە»، «شىشلىشىپ ئويناڭ ئازادە» قاتارلىق ئېيتىشىش ۋە لەپەرلەرنى ئو-رۇنلاپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇنى

ھازىرمۇ كىشىلەر داڭلىق لەپەرچى ۋە ماھىر ئۇسسۇلچى دەپ ماختىشىدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى جاپالىق شارائىتلاردا ئۆمەكتىكى سەنئەتچىلەرنى يېتەكلەپ، بارغانلا يېرىدە ئامما بىلەن بىرگە ئەمگەك قىلىپ ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، جايلاردىكى ئىلغار ئىش، ياخشى ئادەملەرنى شۇ كۈنى قويۇلىدىغان ئويۇنلارغا قىستۇرۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارغا مول روھىي ئوزۇق ئېلىپ كەلگەن. ئابدۇرازاق قادىر بىر جاپاكەش، ھاردىم - تالدىم دېمەيدىغان، ئۇزۇن يوللارنى پىيادە ماڭىدىغان، تاماق تاللىمايدىغان، جاپادا ئالدىدا تۇرىدىغان ئېسىل خىسلەت ئىگىسى، ئۇ ئۆز كەسپىدىن باشقا، تەشكىل قاچان، قانداق خىزمەت تاپشۇرسا، شەرتسىز، جان - دىلى بىلەن ئورۇنلاپ، ھەر يىلى ئۆمەك بويىچە، ناھىيە بويىچە خىزمەت ئىلغارى بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان، پېشقەدەم سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلارغا ئېتىبار بېرىدىغان ئېسىل پەزىلىتى ھەققەتەنمۇ نۇرغۇن كىشىنى تەسىرلەندۈردى.

ئۇنىڭ كۈچا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى يىللىرى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئۆتتى. ئۇ كۈچا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ئارتىسلارنى تەربىيەلەشكە كۈچ چىقىرىپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇن قويۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىش - پائالىيەتلىرى بىلەن ناھىيەنىڭ ھەرقايسى جاي - جايلىرىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ۋە ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ چوڭقۇر ماختىشىغا ئېرىشىپ، ھەممىلا جايدا ياخشى ئىش - پائالىيەتلىرى بىلەن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇ 1977 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، تېخىمۇ جاپالىق خىزمەتنى ئۈستىگە ئالدى. ھەممىگە مەلۇمكى، يېزا مەدەنىيەت خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت بولۇپ، ئىرادىسى بوش كىشىلەر ھەرگىزمۇ بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. ئۇ ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيەنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى ھەققىدىكى سىياسەتلىرىنى قىبلىنەما قىلىپ، ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يېزا ئاساسىي قاتلام خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، شۇ جايدىكى ئاممىغا تايىنىپ يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىرا-

دىسگە كەلدى. ئۇ يۆتكىلىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيەنىڭ چەت، يىراق يېزىلىرىدىن دۆڭقوتان، چىمەن، ئالاقاغا، ياقا، ئۇچئۆستەڭ قاتارلىق يېزىلىرىدا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ بېرىپ، ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى ئاساسىي قاتلام مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە يەڭدى ۋە ھەرقايسى يېزا - كەنتلەردە ئەدەبىيات - سەنئەت تايانچلىرىنى تەربىيەلەپ چىقتى. سەنئەت گۇرۇپپىسى ۋە ئەلنەغمە گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، يېزا تۇرمۇ-شىدىن ئىلھام ئالغان قىزىقارلىق تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلدى. ئاخشاملىرى دېھقان - چارۋىچىلارغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ قول-لىشى ۋە قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. يېزىلاردىكى ئەلنەغمىچىلەرنى ئۇيۇشتۇ-رۇپ، تەربىيەلەپ، تاشلىنىپ قېلىۋاتقان مەشرەپتىكى خەلق ياخشى كۆرىدىغان ئويۇن تۈرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، كەڭ ئاممىنىڭ مول ئەنئەنىۋى سەنئەت مىراسلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ جانلىنىشىغا تۈرتكە بول-دى. ئۇ بارغانلا يېرىدە خەلق سەنئەتچىلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن كەمە-تەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مەشرەپنىڭ قىزىقارلىق ئويۇن تۈرلىرىدىن چىلىم ئويناش، بېيىت - قوشاق ئېيتىش ۋە سە-نەم ئۇسسۇللىرىنى ئويناش قاتارلىق شەكىللەرنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، رەتلەپ، يېڭى قوشاقلارنى مەشرەپكە كىرىشتۈرۈپ، ئامما ياقتۇرىدىغان ئويۇن تۈرلىرىنى كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقتىن، ئۇنى دېھقان، چارۋىچىلار ماختاپ «ئەلنەغمىگە جان كىرگۈزگۈچى سەنئەتكار ئۇستاز»، «ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرى بىلەن يېزا - كەنتلىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى بارغانسېرى جان-لىنىپ كەتتى» دەپ ماختىشىدۇ. ئۇ خەلق قوشاقچىلىرىدىن ئىمىر ھېزىم قاتار-لىق قوشاقچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەچكە، تېزلا خەلق قوشاقلىرىنى خېلى ياخشى يازالايدىغان، ھازىر جاۋاب قاپىيەداش سۆزلەر ئارقىلىق ئاممىنى كۈلدۈ-رەلەيدىغان قابىلىيەتنى يېتىشتۈرۈپ ئېگىلىدى. شۇڭا ئۇ سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلى-گەن مەزگىللەردە ۋە مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ چىققاندىن كېيىنمۇ مول مەزمۇندىكى كىچىك - كىچىك دىراما، ئېپىزوت، ئۇسسۇل ۋە ئۇسسۇللۇق ناخ-شا ھەم ئەلنەغمە نومۇرلىرىدىن 300 دىن كۆپرەكنى ئىجاد قىلىپ، رەتلەپ، سەھنىلەشتۈرۈپ ئاممىغا كۆرسەتتى. ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇي-

غۇر خەلقىنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىلىرى ئىچىدىن ماھىيەتلىك ئالاھىدە تەرەپلىرىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى. تۇرمۇشتىكى ئەڭ گۈزەل تەرەپلەرنى ساپ، مول ئىجادىي تەسەۋۋۇر بىلەن بېيىتىپ ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ ئىشلىگەن نومۇرلىرى ئاددىي، چاققان، خەلق تۇرمۇشىغا تولىمۇ يېقىن بولغاچقا، خەلق سەنئەتچىلىرى ۋە ياش سەنئەت تايانچىلىرى ئاسان ئۆزلەشتۈردى. خەلق ئاممىسى ئۇنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ كۆردى. ئۇ خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە قايتۇرۇش، مېغىزىنى تاللاپ، شاكىلىنى ئېلىۋېتىش، ئەسلىدىكىسىگە سادىق بولۇش ئاساسىدا، ئاما قوبۇل قىلالايدىغان يېڭى شەكىللەرنى كىرگۈزۈپ، سەنئەت نومۇرلىرىنى بېيىتىشقا كۈچ سەرپ قىلدى. ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى نىساخان ئانىنىڭ ناخشىلىرىنى ۋە خەلق ئىچىدىكى ئەلنەغمە ناخشىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۇ يەنە كۇچا ناھىيەسىدە ئاتالغان نىساخان، ئالىم ئاخۇن، ئىمىر ھېزىم قاتارلىق تۆھپىكار خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ئارخىپلىرىنى، پائالىيەتلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، 100 گە يېقىن سەنئەتكارنىڭ ئاخىپىنى تۇرغۇزدى. ئۇ بىر سەنئەت ئاشىقى، ئۇ بار يەردە ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋا، شېئىر ـ قوشاق، قىزىقچىلىق بار، شۇڭا ئۇنى كىشىلەر «بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر، ئەل قەلبىدىكى قابىلىيەتلىك سەنئەتكار» دەپ ماختىشىدۇ. ئۇ ھەربىر سورۇنغا ماسلاشقان ھالدا شۇ جايدىكى نەق مەيداننىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى، ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەرنى زوق ـ شوق بىلەن مەدھىيەلەپ، شۇ جاينى مەنىۋى مەدەنىيەت تارقىتىش مەيدانىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ خەلق ئىچىدىكى ئۇسسۇل، شېئىر ـ قوشاق، ناخشىلاردىن قۇۋۋەت ئېلىپ، خەلق سەنئىتىنى خېمىرتۇرۇچ قىلغان ھالدا ئۆز ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇ خەلق ئىچىدىكى ناخشا ـ قوشاقلاردىن 400 پارچىدىن كۆپرەكنى توپلىدى ۋە رەتلەپ چىقتى. ئۇ ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىلىرى ئاساسىدا «كۇچا خەلق ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى توغرىسىدا»، «كۇچا مەشرىپى ۋە سەنەملىرى توغرىسىدا»، «كۇچا ئەلنەغمىلىرى توغرىسىدا»، «دولان مەشرىپى ۋە دولان ئۇسسۇلى توغرىسىدا»، «ۋۇ دېڭيۈن شانلىق ئۆلگىمىز»، «ئۆمەر ئىمىنغا مەدھىيە»، «قادىر باقىنى كۈيلەيمىز»، «كۇچارىمنى كۆرۈپ كەت»، «نورۇز بايرىمى ۋە نورۇز مەشرىپى توغرىسىدا»، «مەھمۇد بوۋام مىڭ ياشقا كىردى»، «قەمـ

بەرخانىمنى چوڭقۇر ئەسلەيمىز»، «ئايتىللا قاسىم كۆسەندە» قاتارلىق 30 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە، ئەسلىمە ۋە شېئىر - قوشاق يېزىپ ئېلان قىلدۇردى. ئۇ مەدەنىيەت يۇرتىغا ئالمىشىپ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قويۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنى ئاددىي بىر سەنئەت يېتەكچىسى، خەلقنىڭ چاكىرى دەپ بىلدى. مەيلى قىش ياكى زىمىستان سوغۇقتا ۋە ياكى يازنىڭ پىژ - پىژ ئاپتاپلىرىدا بولسۇن، ئۇزۇن يوللارنى ئېرىنمەي پىيادە بېسىپ، يېزا - كەنتلەرنى ئارىلىدى، مەدەنىيەت خىزمىتىنى بېرىلىپ ئىشلىدى. ئۇ مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خىزمەتلىرىنى جانلاندۇرۇپ، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى. ئۇ ئۈرۈمچى، قەشقەر، مەكىت قاتارلىق جايلاردا ئېچىلغان ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەت يىغىنلىرىدا تەجرىبە تونۇشتۇرۇپ يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى ۋە كۆپچىلىكنى مەھلىيا قىلدى. ئۇنىڭ «توختىماس كارۋان، هارماس تۇلپار» دېگەن نام - شەرىپى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقالدى. ئۇنى يازغۇچىلار، مۇخبىرلار بەس - بەستە زىيارەت قىلىپ، كۆپ قېتىم گېزىت - ژۇرناللاردا تونۇشتۇردى. لېكىن، ئۇ قىلچە مەغرۇرلانمىدى، بەلكى تېخىمۇ كەمتەرلىك بىلەن ئىشلەپ كۆسەن دىيارىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. ئابدۇرازاق قادىر 1991 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن پېنسىيەگە چىقتى. بىراق، ئۇ مەدەنىيەت - سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتىدىن ۋاز كەچمىدى، بىر تەرەپتىن داۋالىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى، ئەۋلادلار ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىشنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ياش سەنئەتكارلارنىڭ قەلبىگە سەنئەت ئۇرۇقى چاچتى. يازلىق ھەم قىشلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ كۇرس ئېچىپ، ئون قېتىمدا 200 دىن كۆپرەك سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيەلەپ چىقتى. 200 قېتىمدىن كۆپرەك كىچىك، ئوتتۇرا ۋە چوڭ تىپتىكى مەشرەپ پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ شەھەر ۋە يېزىلاردىكى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ماختىشىغا ئېرىشتى. ئۇ 1995 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، تۆت نەپەر ئەلنەغمىچىنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ، قىزىلتاغ ئېتىكىدە ئاممىۋى مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، مەشرەپ قاتناشچىلىرى ۋە ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ھەم چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ماختىشىغا ئې-

رىشتى. ئۇ مەشرەپ نەق مەيدانىدىن ئېلىنغان ئىككى قىسىم ئۈنئالغۇ ۋە سىنئال-غۇ لېنتىسىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ سىرىك ئۆمىكىنىڭ تەر-كىبىدە يۈنەن، دالىيەن، چېڭدۇ، ۋۇخەن قاتارلىق ئۆلكە - شەھەرلەردە ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي»، «بادام دوپپام ۋە كوچا سەنىمى» قاتارلىق ئۇسسۇل، لەپەر ۋە ئېيتىشىشلارنى ئورۇنلاپ، شۇ جايدىكى كۆرۈرمەن-لەرنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئابدۇرازاق قادىر يەنە كوچادىكى سەنئەت ماھىرلىرى، ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىلىرىدىن 30 كىشىنى ئاپتونوم رايونلۇق ھەرقايسى شۆبە جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزالىقىغا تونۇشتۇردى ھەم ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋە ھەرقايسى جەمئىيەتلەر-نىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتتى. ئۇ 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيەسىدە ئۆتكۈ-زۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق دولان مۇقام - مەشرەپلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغى-نىغا قاتناشتى ۋە يىغىنغا تەييارلىغان ئىلمىي ماقالىسىنى سۇندى. تارىم توغراق-لىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن قاينام - تاشقىنلىق مەشرەپتە ئۇسسۇلچىلارغا ئوخشاش ئۇسسۇلغا چۈشۈپ دولان ئۇسسۇلچىلىرىدىن ئۇسسۇل ئۆگەندى. مەشرەپ تۈ-گىگەندە خەلق سەنئەتچىلىرىدىن دولان مەشرىپى ۋە دولان ئۇسسۇلى ھەققىدە تەپسىلىي ماتېرىيال ئىگىلىدى.

بۈلتۈر كۈزدە تارقالغان ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ب د ت تەرىپىدىن «ئىن-سانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە ماددىي - مەنىۋى مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلى-رى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر ئابدۇرازاق قادىر-نىڭ بېشىنى ئاسمانغا يەتكۈزدى.

ئۇ مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋلادلارنى نۇقتىلىق تەربىيەلەش خىزمە-تىنى ئەتراپلىق پىلانلاپ، «كوچادا ئۆتكەن مەشھۇر سەنئەتكارلار ئارخىپى» ناملىق سۈرەتلىك كىتابنى تەييارلاپ پۈتكۈزدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە «كوچا چىنە - تەخسە ئۇسسۇلى ۋە قەمبەرخانىم» ناملىق كىتابنى تەييارلىدى. ئۇ يە-نىمۇ ئىزدىنىپ «قەدىمىي كۇسەن ناۋاسى، ئۇزاق تارىخ گۇۋاھسى» ناملىق ئىل-

مىي ماقالىسىنى يېزىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا سۇندى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، كۇچا ناھىيەسىگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە كۇچانى تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئون نەچچە مەيدان مەشرەپتە كۇچا ئۇسسۇللىرىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش ئۇسسۇلى ئويناپ مېھمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. 2006 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە كۇچا ناھىيەلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ «دەۋران» ئاشپەزلىك سىنىپىدىكى 120 نەپەر ئوقۇغۇچىغا كۇچا ئۇسسۇلىنى ئۆگەتتى. ئارقىدىنلا پانۇس بايرىمى ئۈچۈن كۇچا ئۇسسۇلى تەييارلاپ، ئۇنى كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەردىكى 30 مىڭدىن كۆپرەك ئاممىغا كۆرسىتىپ، كۆرۈرمەنلەرنىڭ چوڭقۇر ماختىشىغا ئېرىشتى.

«قاراڭلار، ئابدۇرازاق تىياتىر كەلدى!»...

بىز بۇ پېشقەدەم سەنئەتكارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەيمىز.

2006 - يىل مارت، ئاقسۇ

مەدەنىيەت بىر مىللەت، بىر رايون، بىر دۆلەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى ۋە روھى. تارىختا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بىزگە نۇرغۇن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى، مەڭگۈ ئۆچمەس مەنىۋى ئىزنالارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش، سانائەتلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى خىرەلىشىش، يوقلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. بەزى شەكىلسىز مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى ئۆچەي دەپ قالغان ئىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن تارىم دەرياسى ۋادىسىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېنىقلاش، قۇتقۇزۇش، قوغداش خىزمىتى بويىچە بىر جاراڭلىق جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. ئىككى يىل داۋام قىلغان بۇ جاپالىق جەڭدە كىشى قەلبىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تۇنجى تۈركۈمدە **17** تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ، بەش تۈر دۆلەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى. **32** كىشى «ئالاھىدە ئادەم» لەر قاتارىغا كىردى.

# ئەجداد ئىزى پارلار، نۇر چاچار

«ئاۋاتنىڭ دولان مەشرىپى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ چۆرىقۇم مەشرىپى، توقسۇنىڭ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش ھۈنەر - سەنئىتى، شايارنىڭ قاراكۆل قوزا كۆرپىسىدىن تۇماق تىكىش ھۈنەر - سەنئىتى، ئونسۇدىكى قىرغىز مىللىتىنىڭ كەشتىچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى قاتارلىق بەش تۈر بۇ يىل 2 - ئايدا شەرەپ بىلەن دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ باھالاندى ھەم دۆلەتنىڭ قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. 32 كىشى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ‹ۋەكىل خاراكتېرلىك قوغدىلىدىغان خەلق سەنئەتكارى› بولۇپ تاللاندى.» يېقىندا پايتەختىمىز بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىن تارقالغان بۇ خۇش خەۋەر ئاقسۇنىڭ مەدەنىيەت - تەنتەربىيە، ئاممىۋى سەنئەت سېپىدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالدى. ئاقسۇ شەھە-

رى ۋە ئاۋات، توقسۇ، ئونسۇ، شايار ناھىيەلىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى بۇ كاتتا شەرەپتىن پەخىرلەندى ھەم سۆيۈنۈپ كېتىشتى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئامما ۋى سەنئەت سارىيىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى ئېھسان ئەركىن يېقىندا مۇخ- بىرىمىزغا سۆھبەت بايان قىلىپ: بۇ ھەقىقەتەن قالتىس نەتىجە بولدى. تارتقان جاپالىرىمىز بىكار كەتمىدى. ھازىر بىز يەڭگىللەپ ھاردۇقىمىز چىققاندەك بو- لۇپ قالدۇق، دېدى. ئۇ يەنە: تونجى تۈركۈمدە بىز يوللىغان 19 تۈردىن 17 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن. بۇ قېتىم بىز كەلپىننىڭ سۇ تۈگ- مىنى، ئۇچتۇرپاننىڭ چاقپەلەك (سارغايدى) تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 42 تۈر- لۈك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنى ئاپتونوم رايونغا يوللىماقچى بولۇۋاتى- مىز، دېدى.

ئاقسۇ تارىختىن بۇيان شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى ھەم يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت تارقىتىدىغان مۇھىم ئۆتەڭنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن ياشناپ كەلگەن بۇ زېمىندا تا- رىختىن بۇيان نۇرغۇن پارلاق مەدەنىيەت جۇلالىرى، ئۆرپ - ئادەت ئىزنالىرى، شەكىلسىز مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى بارلىققا كەلگەن ھەمدە ئۇلار پارلاق نۇر چې- چىپ، ئەجدادتىن ئەۋلادقا، ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەن. شۇنداق، ئۇ ئەۋلادلارغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىنى، ئەنئەنىسى، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىكى ئەقىل - پاراسىتىنى، باتۇرلۇق رو- ھىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە جاسارەت ئاتا قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەنئەنىنى چۈشىنىش، ئەجدادلار ئىزىنى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، سەرخىل، نەمۇنىلىك، قىممەتلىك مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتكەن. بۇ خىل غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئىن- سانىيەتنىڭ ئۆزىنى تونۇشى، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشۇپ كەلگەن ئىدى. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىسلاھاتتىن كېيىنكى زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش، سانا- ئەتلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەت- كەن قىممەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى يوقىلىپ كېتىش، خىرەلىشىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئىدى. ئۇنى قۇتقۇزۇش، قېزىش،

رەتلەش دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىغا، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئايلاندى.

مەدەنىيەت، ئەنئەنىنىڭ ئۆزى بىر قىممەتلىك مىراس، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى «6122» قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش داۋامىدا كۆسەن مەدەنىيىتى ۋە دولان مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەدەنىيەت ماركىسى يارىتىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ۋىلايەت دائىرىسىدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تارىم دەرياسى ۋادىسىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېنىقلاش، قۇتقۇزۇش، قېزىش، قوغداش، رەتلەش، پەرۋىش قىلىش خىزمىتى بويىچە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر «ئىنقىلابىي ھەرىكەت» باشلاندى. ياڭراق جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. 2006 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 2007 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئىككى يىل جەريانىدا مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، ئاممىۋى سەنئەت ساھەسىدىكى ئەزىمەتلەر ئاقسۇ ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەر ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 90 نەچچە يېزا ـ بازار، 1000 دىن ئارتۇق كەنتكە بېرىپ خەلق سەنئەتكارلىرىنى زىيارەت قىلدى، سۆھبەت ئۇيۇشتۇردى، ئاما بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچراشتى. ھەر ساھە، ھەر قاتلام كىشىلىرىدىن پىكىر ئالدى. ئېتىز بېشىدا، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويىدا، خامانلىقتا، چارۋا قوتىنىدا، باغلاردا خاتىرە قالدۇردى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، خەلق گۈزەل سەنئىتى، خەلق مۇزىكىلىرى، خەلق ئۇسسۇللىرى، خەلق درامىلىرى، سىرىك سەنئىتى، ئەلنەغمە، خەلقنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى، ئىشلەپچىقىرىش، سودا ـ سېتىق ئادەتلىرى، خەلق ئارىسىدىكى ھۆرمەت ـ ئېھتىرام، قائىدە ـ يوسۇن ئادەتلىرى، ھېيت ـ بايرام ئادەتلىرى، ئېتىقاد ئادەتلىرى، ئەل ئىچى بىلىملىرى، ساياھەت، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى ۋە ھەر خىل ماھارەت، مۇسابىقە تۈرلىرى ھەمدە يوقىرىقىلارغا ئائىت باشقا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغدى، خاتىرىلىدى، ئۈنئالغۇغا ئالدى. ئەجداد روھىنى نۇرلاندۇرۇشقا، ئەجداد ئىزىنى گۈل ـ چېچەككە پۈركەشكە تىرىشتى.

مەدەنىيەت بىر مىللەت، بىر رايون، بىر دۆلەتنىڭ بايلىقى ۋە روھى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مۇنداق قارىدى: غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مەنبەسى، تۈرى، مىقدارى، ساقلىنىش ئەھۋالى، مەۋجۇت

بولۇپ تۇرغان مۇھىتى، يوقىلىپ كېتىش خەۋپىنىڭ دەرىجىسى، ھازىرقى قوغ-دىلىش ئەھۋالى ھەم ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا، سىستېمىلىق ئىگىلەش — ۋىلايىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش يىرىك پىلانىنى تۈزۈشتە، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە ئاساس تۇغۇزۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا بۇ خىزمەتنى ياخشى تۇتۇش، ئۇنىڭدىن ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك نەتىجە ھاسىل قىلىش كېرەك.

يېشىل چىراغ يورۇمىسا، ئاپتوموبىللار ئالدىغا يۈرەلمەيدۇ. ياخشى سىياسەت ۋە قوللاش بولمىسا، ھېچقانداق ئىشتىن نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. ۋىلا-يەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ياخشى سىياستى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېنىقلاش، قېزىش، رەتلەش خىزمىتى-نىڭ ئۈنۈملۈك نەتىجە ھاسىل قىلىشىغا قانات ھەم مەدەت بولدى.

ۋىلايەت ۋە ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بۇ خىزمەتكە 800 مىڭ يۈەن پۇل ئاجراتقاندىن كېيىن، ۋىلايەتتە ئالدى بىلەن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، مۇتەخەسسىسلەر باھالاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئارقا - ئارقىدىن كۇرس ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، جايلاردا 949 ئادەم (قېتىم) مەخسۇس تەربى-يەلەندى. ۋەزىپە، نىشان، تەدبىر، مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئادەم، مەب-لەغ، ئۈسكۈنە، قاتناش قورالى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ناھىيە (شەھەر) لەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، نىشان، مەسئۇلىيەت بې-كىتىلدى. ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىكى خادىملار، مۇتەخەسسىس-لەر يۈكنىڭ ئېغىرىنى، ئىشنىڭ قىيىنىنى زىممىسىگە ئالدى ھەم ھەيدەكچىلىك، نازارەتلىك بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلدى، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئارىلىقىدا، رەھ-بەرلىك بىلەن ئەمما ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچى، كۆۋرۈك، ئەلچى ۋە ئىش بېجىر-گۈچى بولدى.

ئۇزۇن سەپەر تۇنجى قەدەمدىن باشلىنىدۇ. توغرا بېسىلغان قەدەمدىن گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ. 2006 - يىلى مەدەنىيەت ۋە ئاممىۋى سەنئەت ساھەسىدىكى ئەزىمەتلەر جۇشقۇن خىزمەت ئىستىلى، ئەجدادلار ۋە ئەۋلادلارغا، تەشكىل ۋە خەلققە مەسئۇل بولۇش روھى، قىزغىن، سەمىمىي پوزىتسىيەسى بىلەن ۋىلايەت

بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرىدىن 26 نى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇنىڭدىن ئاۋات ناھىيەسىنىڭ دولان مەشرىپى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ چۆرىقۇم مەشرىپى ۋە كۇچا سەنىمى شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، شەرەپ بىلەن «ئالتۇن داپ» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. توققۇز نەپەر خەلق سەنئەتكارى ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر خەلق سەنئەتكارى» بولۇپ باھالاندى. 2007 ـ يىلى تەكشۈرۈش خادىملىرى «ھۇجۇم» تاكتىكىسىنى يېڭىلاپ، تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش خىزمىتىدە يەنە يېڭى سەھىپە ئاچتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېنىقلانغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋاقتىدا يۇقىرىغا يوللىدى ۋە ئىلتىماس قىلدى. ئۇلار خەلق سەنئەتكارلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، شۇ جايدا ساقلىنىپ قالغان مىراسلارنى بىر ـ بىرلەپ تىزىملاش، خاتىرىلەش، سۈرەتكە تارتىش، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇغا ئېلىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، باسقۇچلۇق ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. ئىككى يىل جەريانىدا ۋىلايەت بويىچە 5830 كىشى (قېتىم) نى زىيارەت قىلدى، 529 تۈرلۈك مىراسنى ئىنچىكە تەكشۈردى، 1500 پارچە سۈرەت تارتتى، 300 دانە سىنئالغۇ لېنتىسى، 350 دانە ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئىشلىدى. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش تۈرىدە خەلق ناخشىلىرى، خەلق ئۇسسۇللىرى، خەلق ئەلنەغمىلىرى، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى، خەلق ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، سودا ـ سېتىق ئادەتلىرى، خەلق ئىستېمال ئادەتلىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى. تۇنجى تۈركۈمدە ۋىلايەت بويىچە 19 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇشقا يوللاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ شەھىرىدىن بىر تۈر، ئۇچتۇرپاندىن ئىككى تۈر، ئونسۇدىن ئىككى تۈر، ئاۋاتتىن تۆت تۈر، كەلپىندىن ئىككى تۈر، كۇچادىن ئىككى تۈر، شاياردىن ئىككى تۈر بار ئىدى. نەتىجە جاپالىق ئەمگەكتىن كېلىدۇ. ئاپتونوم رايون ئاقسۇ ۋىلايىتى يوللىغان بۇ قىممەتلىك مىراسلارغا يۇقىرى باھا بەردى ھەم 19 تۈردىن 17 تۈرنى تەستىقلاپ، ئۇنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى. بۇ تۈرلەر شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەستىقلانغان 108 تۈرنىڭ 15.7%

نى ئىگىلەپ، ئاقسۇغا زور شان - شارەپ كەلتۈردى. شان - شەرەپ ئادەمنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىشقا ئۈندەيدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى مۇتەخەسسىسلەر ئىككىنچى تۈركۈمدە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تەستىقلاپ رويخەتكە ئېلىنغان 17 تۈرلۈك مىراسىدىن 15 نى تاللاپ، دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇشقا يوللىغانىدى. ئىشەنچتىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ، ئىزدىنىشتىن مۆجىزە بارلىققا كېلىدۇ. بۇ يىل 2 - ئايدا دۆلەت بۇ 15 تۈرلۈك مىراستىن بەشىنى رەسمىي دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قىلىپ تەستىقلىدى. بۇ مۆجىزە خاراكتېرلىك نەتىجە ئاقسۇلۇقلارنى ھاياجانغا سالدى.

خەنزۇلارنىڭ كۇنچۇ تىياتىرى، گۇچىڭ سەنئىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقام سەنئىتى، موڭغۇللارنىڭ چاتما ناخشىسى ئىنسانىيەتنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇش. سۇپىتى بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەرگە مەنىۋى زوق ۋە ئېستېتىك ھارارەت بېغىشلاپ كەلمەكتە. ئاقسۇدىكى تەكشۈرۈش خادىملىرى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش داۋامىدا نادىر ئەسەر ئېچىنى تۇرغۇزۇپ، يارقىن نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يەرلىك ۋارىيانتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ ۋە رەتلەپ، ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسىنى بېيىتىش ئۈچۈن ئاجايىپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. پەقەت شايار ناھىيەسىدىنلا توققۇز پارچە رىۋايەت، 72 پارچە ھېكايە - چۆچەك، 3656 كۇپلېت قوشاق، 45 بۆلەك تارىخىي داستان، 2595 جۈملە ماقال - تەمسىل توپلىدى. ئەجدادلىرىمىز ياراتقان بۇ قىممەتلىك مىراسلار كىشىلەرگە زوق، ھوزۇر بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتتى.

ئېھسان ئەركىن قاتارلىقلارنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن تەشكىللىشى ئارقىسىدا، شايار ناھىيەسىدە ۋاقتى ئىككى يېرىم سائەت داۋام قىلىدىغان «يۇسۇپ - ئەخمەت» ناملىق تارىخىي داستان، موللا ئەلەم شاھيارنىڭ «گۇل بىلەن بۇلبۇل» داستانى، مۇھەممەت ئېلىنىڭ «ئىشتىياقنامە» ناملىق نەزمىسى لېنتىغا ئېلىندى. كۇچانىڭ قاپاق ئويمىچىلىقى، لەقەم قىزىقچىلىقى، چالغۇ ئەسۋاب ياساش ھۈنەر - سەنئىتى، ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش ھۈنەر - سەنئىتى، تۇماق تىكىش، كۇلالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى بولۇپ جەمئىي 187

تۈر سۈرەتلىك ماتېرىيال قىلىپ تەييارلاندى. ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئۈچ يېزا، ئۈچ بازىرىدىكى خەلق ئەدەبىياتى، خەلق مۇزىكىلىرى، خەلق قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى، خەلق ئۇسسۇلى قاتارلىقلار تۆت چوڭ تۈر بويىچە رەتلەپ رويخەتكە ئېلىندى. مۇسەللەس ياساش ھۈنەر - سەنئىتى مەركەزلىك تەكشۈرۈلدى. باي ناھىيەسىدە مۇزئارت ئۇسسۇلى، قىرغىز ئۇسسۇلى، پېرە ئۇسسۇلى، خامان ناخشىسى، كەكلىك سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى قاتارلىقلارغا دائىر 81 پارچە رەسىملىك ماتېرىيال رەتلەپ چىقىلدى. 23 پارچە سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئىشلەندى. توقسۇ ناھىيەسىدە 96 نەپەر ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ ماتېرىيالى رەتلەپ چىقىلدى. ئاقسۇ شەھىرىدە چۆرىقۇم دولان مەشرەپ ئۇسسۇللىرىنى ئاساس قىلغان 53 تۈر، ئونسۇدا خەلق مۇزىكىلىرى، خەلق سېرىك ئويۇنلىرى، خەلق رەسساملىقىنى ئاساس قىلغان 93 تۈر سىستېمىلىق رەتلەندى.

مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرگەندىلا، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى، مەدەنىيەتنى ياخشى قوغدىغاندىلا بازار ۋە جامائەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئاقسۇ ۋىلايىتى مەخسۇس غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقات مەركىزى قۇردى ھەمدە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش خىزمىتىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتتى. ئاۋات، كۇچا ناھىيەلىرى ۋە ئاقسۇ شەھىرىدە ئەلنەغمە سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى. بۇ ناھىيە (شەھەر) لەر خەلق سەنئەتكارلىرىدىن 200 نەچچە كىشىنى تىزىملاپ رويخەتكە ئالدى ھەمدە ئۇلارغا ھەر ئايدا 100 يۈەندىن 400 يۈەنگىچە ئىش ھەققى تارقىتىپ بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بەزىلىرىنىڭ زۆرۈر سېلىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى، يەنە بەزىلەرنى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزدى. خەلق سەنئەتكارلىرىنى ئەتىۋارلىدى. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەت 2007 - يىلى 43 نەپەر خەلق سەنئەتكارىنى ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت دەرىجىلىك «ۋەكىل خاراكتېرلىك قوغدىلىدىغان خادىم» دائىرىسىگە كىرگۈزۈش توغرىسىدا ئالاقىدار ئورۇنلارغا ئىلتىماس سۇندى. 2008 - يىلىنىڭ بېشىدا بۇنىڭدىن 32 كىشى شەرەپلىك ھالدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ۋە-

كىل خاراكتېرلىك قوغدىلىدىغان خەلق سەنئەتكارى» بولۇپ تاللاندى. بۇ ئىش ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى بولماسلىق جەھەتتىكى غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتكەندىن باشقا، پۈتۈن ۋىلا-يەتنىڭ بۇ خىزمەتتە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ئامما تەڭ غەيرەتكە كەلدى. ناھىيە (شەھەر) لەر يېڭى پەللىدە تۇغۇلغان بۇ يېڭى ئۈمىدتىن جاسارەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى. جايلار خەلق سەنئەتكارلىرىنى قەدىرلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ رو-لى، كۈچى ۋە تالانتىدىن پايدىلىنىپ، كەڭ كۆلەملىك تەربىيەلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا زور بىر تۈركۈم مۇقام ـ مەشرەپ ۋارىسلى-رى، شەكىلسىز مەدەنىيەت ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. تەكشۈرۈش خادىملىرى خەلق ئارىسىدىكى مۇشۇنداق كۈچلەرگە تايىنىپ، بۇ قېتىمقى ئۇزۇن مۇددەتلىك، كەڭ كۆلەملىك، جاپا ـ مۇشەققەتلىك خىزمەتتە تىللاردا داستان بولغۇدەك غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، ئاقسۇنىڭ مول، رەڭدار غەيرىي ماددىي مەدە-نىيەت مىراسلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى شىنجاڭغا، جۇڭگوغا، دۇنياغا نامايان قىلىپ بەردى. ھەيۋەتلىك تۆمۈر چوققىسى ئېتىكىدە، تەڭرىتاغ باغرىدا، تارىم دەرياسى ۋادىسىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ يېڭى، جانلىق كار-تىنىسىنى سىزىپ چىقتى، جاراڭلىق مېلودىيەسىنى ياڭراتتى. بۇ بىپايان زېمىن ئەجدادلىرىمىز ياراتقان، ھېلىھەم سېھرىي كۈچىنى يوقاتمىغان بۇ تەۋەررۈك مىراسلارنىڭ خاسىيىتىدىن قايتىدىن جانلاندى ۋە شادلىق دېڭىزىغا ئايلاندى.

ئېھسان ئەركىن مۇنداق دېدى: مىللەتلەر ياشاش، تەرەققىي قىلىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ تارىخى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىنى يارىتىدۇ. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق يىللىق ئەمگىكى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ھەم ياشاش جەريانىدا توپلىغان مەنىۋى بايلىقى. ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى ئىپتىراپ قىلىشتىكى تارىخي يادنامىسى. كەلگۈسىگە يۈزلىنىشتىكى يىلتىزى ۋە خورىماس بۇلىقى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ تەۋەررۈك مىراسلارنى قېزىش، قوغداشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئېنىق تو-نۇپ يەتتى ھەمدە «قوغداشنى ئاساس، قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى قىلىش، مۇۋاپىق

پايدىلىنىش، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش» تىن ئىبارەت خىزمەت فاڭجېنى ۋە پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت مىقياسىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىشقا، قەدىرلەشكە ئېتىبار بېرىدىغان يېڭى مەنزىرە، جانلىق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. شۇڭا قىسقىغىنە ئىككى يىلدا يۇقىرىقىدەك ئابىدە خاراكتېرلىك شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

بۇ ساھەدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان، بۇ قېتىملىق چوڭ تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش خىزمىتىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئېھسان ئەركىن ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېنىقلاش، قوغداش خىزمىتى ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپا - مۇشەققەتلىك جەريانغا موھتاج. گەرچە بىز خىزمەتتە بەلگىلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان بولساقمۇ، لېكىن بۇ خىزمەت تېخى ئاياغلاشمىدى. نۆۋەتتە يەنە بىر قىسىم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز يوقىلىپ كېتىش، خىرەلىشىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە، شۇڭا بۇ خىزمەتنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر جەھەتتىن، ئۇنى قوغداشقا، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ خىل مىراسلارنى دېھقانلارنىڭ ئۆيىدىن، يېزا - قىشلاقلاردىن ئېلىپ چىقىپ بازارغا ئەكىرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى ئاشىدۇ، ئەجدادلارنىڭ ئىزى پارلاپ نۇر چاچىدۇ.

(«ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 2008 - يىللىق 26 - مارت سانىدا ئېلان قىلىنغان)

**پىنسىيە — بىر ئادەم ھاياتىنىڭ خاتىمىسى ئەمەس. لېكىن، بەزىلەر پىنسىيەگە ئارام ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئىختىيارسىز بوششىپ كېتىدۇ. كۆڭۈللىرىنى نەۋرە - چەۋرىلىرىنى بېقىش، ئۇخلاش، بازار ئايلىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما، تۆھپە قوشۇشنى، ئىزدىنىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان ئادەم پىنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ، ھاياتنى گۈزەل مەنالارغا تولدۇرىدۇ. ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچى، ئەدىب مۇھەممەت ئوسمان دەل شۇنداق قىلىپ، پىنسىيەگە چىققانلار ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى.**

# دولان دىيارىدا خۇش پۇراق چېچىش

ئەل - يۇرتىغا خۇش پۇراق گۈللەرنى تەقدىم قىلالىغان كىشى سۆيۈملۈكتۇر. مۇھەممەت ئوسمان بىر ئۆمۈر خۇددى ئوت - چۆپ يەپ ئىگىسىگە سۈت بەرگەن كالىدەك، ئۆزىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان دولان دىيارى ئۈچۈن خۇش پۇراق گۈلدەستىلىرىنى سوۋغا قىلدى. ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «ئاۋات خەلق چۆچەكلىرى»، «ئاۋات خەلق ماقال - تەمسىللىرى» ھەر ساھەنىڭ يۇكسەك باھاسىغا ئېرىشتى. كۆپ يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق يېزىپ چىققان «دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى» (1) ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ «ئاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى» نى تۈزۈش، تەھرىرلەشكە قاتناشتى. كىلاسسىك ئەدەبىيات، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تارىخ تەتقىقاتى بىلەن توختىماي شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا «باياز» (1)، «جامئىي ھېكايە»، «نۇشىرۋان ئادىل ھەققىدە ھېكايە»، «تەنبىھايات دەرۋىشىيە»، «خۇلاسە تېببە» ۋە پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»، «جاۋاھىرات ھېكايە» قاتارلىق 10 نەچچە كىتابنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. 2003 - يىلى «قانلىق ئىبدىر» ناملىق تارىخي رومانىنى نەشر قىلدۇردى.

مۇھەممەت ئوسمان 1935 - يىل 7 - ئايدا ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئايباغ يې-

زىسىدا تۇغۇلغان، 1951 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان ۋە قولىغا قەلەم ئېلىشقا باشلىغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئايباغ يېزىسى، ناھىيەلىك پارتكوم، ج خ ئىدارىسى، سودا ئىدارىسىدە خىزمەت قىلغان. 1992 - يىلى پېنسىيەگە چىققان.

مۇھەممەت ئوسمان گەرچە ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئىلگىرىكى بىلىم قۇرۇلمىسى ئاساسىدا زېرىكمەي ماتېرىيال كۆرۈپ ئۆگەندى، قەدىمكى كىتابلارنى زور ئىشتىياق بىلەن يىغدى، پۇلى يوق ھالەتتە قەدىمكى ئېسىل قول يازمىلار ئۇچراپ قالغاندا، قىلچە ئىككىلەنمەي جۇۋىلىرىغا، ئائىلىسىدىكى مال - مۈلكىگە تېگىشىپ بولسىمۇ قولىغا كىرگۈزۈپ، مول ماتېرىيال يىغدى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئۆزىنى بېغىشلىدى. ئەمما، 1960 - يىلىدىن باشلانغان تەتۈر ئېقىم ئۇنى 20 يىلغا يېقىن سىياسىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلدى. بۇ مۇدھىش يىللار ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان بولسىمۇ، ئىجادىيەتكە تەلپۈنگەن ئوتلۇق قەلبىنى سوۋۇتالمىدى. 1979 - يىل 12 - ئايدا ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ۋەيران بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاش، يېڭىدىن بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. خالىس ھالدا ناھىيەنىڭ «مەدەنىيەت ساقچىسى» بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشتى. 1983 - يىلىدىن ئېتىبارەن تارىخ تەتقىقاتى، كىلاسسىك ئەدەبىيات، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، دولان مۇقاملىرى ئۈستىدە تىنىماي ئىزدەندى ۋە تەتقىق قىلدى. شۇ ئاساستا ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئارقا - ئارقىدىن ئون نەچچە پارچە تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدۇرۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1990 - يىلى ناھىيەنىڭ «ئۈچ توپلام» نى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشتى.

ئۇ يۇقىرىقى بىر قاتار ئىلمىي ئەمگەكلىرى بەدىلىگە ئاپتونوم رايونلۇق «ئون ئىككى مۇقام» ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ۋە ماقالە ئوقۇپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

مېھنەتتە ئۆتكەن ھايات، ئەل ـ يۇرتقا قىلىنغان خىزمەت ئۇنى شەرەپ ۋە ھۆرمەت تەختىگە چىقاردى، ئىش ـ پائالىيەتلىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدى. «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (1) ناملىق كىتابى 2003 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «10 بىر» يوروۇق نۇقتا قۇرۇلۇشىدىكى «بىر ياخشى كىتاب» مۇكاپاتىغا، «قانلىق ئىدىر» ناملىق رومانى 2004 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «10 بىر» يوروۇق نۇقتا قۇرۇلۇشىدىكى «بىر ياخشى كىتاب» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇ پېنسىيە ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزدى. يېشى 70 تىن ئاشقان، كۆزى ئاغرىيدىغان ئەھۋالدىمۇ قەلەمنى توختاتمىدى، ئىزدىنىشنى توختاتمىدى. «سېھىرنىڭ سىرى»، «باھار تۈتەكلىرى» ناملىق ئىككى رومانىنى، 60 پارچىدىن كۆپرەك رۇبائىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان «رۇبائىيات» ناملىق كىتابىنى نەشرگە تاپشۇردى. بۇ يىل يۇقىرىقى ئۈچ كىتاب بىلەن بىرگە ئۇنىڭ يەنە «ئىلمىي تەر-يابۇت» قاتارلىق تۆت كىتابى نەشردىن چىقىدۇ. بىز ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر، سالامەتلىك ۋە نۇسرەت تىلەيمىز.

## ھاياتنىڭ قىممىتى مېھنەتتە

«دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (1) ناملىق كىتاب پېشقەدەم تەتقىقاتچى مۇھەممەت ئوسماننىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭدا دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيەسى، تەرەققىيات تارىخى ۋە ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى سۆزلەنگەن، دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى، دولان مەشرەپلىرىنىڭ تارىخىي نامى، دولان چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە دولان مۇقامچىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. شۇڭا، بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى تەسىر قوزغىغان.

مۇھەممەت ئوسمان مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: كىچىكىمدە مەن كىتابنى تولىمۇ كاتتا نەرسە، كىتاب يازغان كىشىنى كاتتا ئەرباب دەپ قارايتىم، ھازىرمۇ شۇنداق قارايمەن، — دېدى.

مۇھەممەت ئوسمان مۇنداق دېدى: ئەنە شۇ سادda ھەۋەس ـ ئىشتىياق قەلبىمگە ئىجادىيەت ئۇرۇقىنى چاچقان بولسا كېرەك، 1951 ـ يىلى خىزمەتكە قاتـ

ناشقاندىن كېيىن، خەۋەر، ماقالە يېزىپ گېزىتلەرگە ئەۋەتىپ يۈردۈم، ئانچە - مۇن-چە مەشىق شېئىرلارنىمۇ يازدىم. 1954 - يىلى «ئاقسۇ گېزىتى» دە بىرقانچە پارچە شېئىرىمنىڭ ئېلان قىلىنىشى ماڭا ناھايىتى زور ئىلھام ۋە رىغبەت بول-دى. بۇ جەرياندا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە، قولۇمغا چۈش-كەنلىكى كىتابنى تولىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيتتۇم. بولۇپمۇ 1952 - يىللىرى چىققان «دەھشەتلىك تېھران» رومانىدىكى مۇھەببەت تىراگېدىيەسى قەلبىمنى ئۈزاققىچە لەرزىگە سالغان بولسا، «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىدىكى پاۋىل كورچاگىننىڭ ئۆلمەس ئوبرازى مېنى ھاياتتا زادى قانداق ياشاش، ئۆتكەن كۈنلەردىن قانداق ئىز قالدۇرۇش توغرىسىدا ئۆمۈرلۈك تەربىيەگە ئىگە قىلدى.

1955 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە شىنجاڭ ساقچى مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىگە يۆتكەلدىم. گەرچە خىزمەت خاراكتېرى ئوخشىمىسىمۇ، تۆۋەنگە چۈشىدىغان ئىشلار كۆپ بولۇش-تەك قۇلايلىق پۇرسەت قەلبىمگە خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تا-رىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئوتىنى سالدى. بۇ جەرياندا مال قوتىنى-غىچە، قوغۇنچىلارنىڭ ساتمىسىغىچە بېرىپ 4000 كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرىنى توپلاپ رەتلەپ چىقتىم. ئەمما، مېۋىلىك دەرەخنىڭمۇ زەربىگە ئۇچرايدىغان چاغلىرى بولغىنىدەك، شۇ چاغلاردا يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان بىر قانچە پارچە يازمىلىرىم مېنى 1960 -يىلدىن 1965 - يىلغىچە «ئوڭچى»، 1966 - يىلدىن 1979 - يىلى 12 - ئايغىچە «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» قالپى-قىنى كىيىپ، ئون نەچچە يىل تۆۋەندە رېجىم ئاستىدا مەجبۇرىي ئەمگەك قى-لىشقا، بەش يىل تۈرمىدە يېتىشقا مۇپتىلا قىلدى. مەن بۇ جەرياندا گەرچە ئې-غىر جەبىر - جاپالارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسامۇ، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويى-مىدىم، كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنى ئىمكانىيەتنىڭ يې-تىشىچە داۋاملاشتۇردۇم. بولۇپمۇ تۈرمىدە ئۆتكەن بەش يىلدا تۈرمۇش ئاتلىق بۇ كىتاب ماڭا ھارغىچە دەرس ئۆتتى. مەن ھەرخىل كىشىلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، جۈملىدىن، ئىمان - ئىنسابى، ۋىجدان - غۇرۇرى، ئەڭ قىيىن، ئەڭ جاپالىق شارائىتلاردىلا ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان مەردلىك ياكى نامەردلىكى، پەزىلەتلىك ياكى پەسكەشلىكى قاتارلىقلارنى قەلب كۆزۈم بىلەن چوڭقۇر كۆ-

زەتتىم. ئۆزۈم بىۋاسىتە قاتناشقان بۇ تۇرمۇش سەھنىسى 2004 ـ يىللىرى يېزىپ پۈتكۈزۈپ، نەشرىياتقا سۇنۇشقا مۇۋەپپەق بولغان «باھار تۈتەكلىرى» ناملىق رومانىمنى كۆپلىگەن قىممەتلىك ۋەقەلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. مەن ئۆمرۈمدە مال ـ دۇنياغا ئۆزۈمنى ئۇرمىدىم، مەندە بارى روھىي بايلىق، مەن مۇشۇ بايلىقلىرىم بىلەن ھاياتىمنى مەنىلىك ھېسابلايمەن.

مۇھەممەت ئوسمان مۇنداق دېدى: ھازىرغا قەدەر ئۆزۈم يازغان، رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغان، تەرجىمە قىلغان ۋە ياكى مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلەپ قولدىن چىقارغان كىتابىم 22 گە يەتكەن بولسىمۇ، ماڭا تېخى قىلچە ھاردۇق يەتكىنى يوق. «يازغۇچى دەۋرنىڭ غورۇرى ۋە چىرىغى بولۇپ، باشقىلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىشى لازىم» دېگەن ئوتلۇق بىر خىتاب مېنى تىنىماي ئىجاد قىلىشقا ئۈندەيدۇ، كۆيۈپ تۈگەيدىغان شامدەك توختاۋسىز ھالدا ئاخىرقى نۇرلىرىمنى ئەلگە بەخش ئېتىشكە ئۈندەيدۇ. چۈنكى، ھايات ئىجادىيەت ۋە مېھنەت بىلەن ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ، ئىجادىيەت ۋە مېھنەت بىلەن ياشىرىدۇ!

2006 ـ يىل ئاپرېل، ئاۋات

(يۈسۈپجان مۇھەممەت توغيان بىلەن بىرلىشىپ يازغان)

ئابدۇسالام ئابلىز

# بىر دەستە گۈلدىن گۈلزارلىققىچە

تېلېۋىزور كۆرگۈچى دوستلار، سىلەر تېلېۋىزوردىن «خىيانەتچىلىككە قارشى بوران - چاپقۇن»، «جىڭۋۇ سارىيى»، «شىياڭزى تۆگە»، «جۇڭگو ساقچىلىرى»، «ئاياللار ئالاھىدە ساقچى ئەترىتى»، «چىن ئەقىدە» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆرگەنمۇ؟ بەلكىم كۆرگەنسىلەر، باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىغىنىڭلار ۋە كۆرگىنىڭلاردا چوقۇم ھۇزۇرلانغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. شۇ تاپتا كىنودىكى ئاشۇ كىشىلەر سىلەرگە ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغاندەك، تەبىئىيلا شۇنداق سۆزلەيدىغان كىشىلەردەك تۇيغۇ بېرىشى مۇمكىن. سىلەر كۆرۈۋاتقان ئاشۇ كىنودىكى خەنزۇ ۋە چەت ئەللىك ئارتىسلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا شۇنداق راۋان سۆزلىشى ئۆزىنىڭ كارامىتىمۇ؟ ياق، ئۇ ئاۋاز ئارتىسىنىڭ كارامىتى. رول ئېلىش ئارتىسىنىڭ كارامىتى بولسا، ئاۋاز بېرىش ئاۋاز ئارتىسىنىڭ كارامىتى، بىزنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئاشۇ نامسىز قەھرىمانلىرىمىزنىڭ كارامىتى.

كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق سەنئەت ژانىرلىرىدۇر. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشى كۈچەيگەنسېرى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلارغا بولغان تەلەپ - ئېھتىياجىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. ئەمما ئېھتىياجنى كىم قامدايدۇ؟ تېلېۋىزور ئائىلىلەرگە كىرىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىغا بولغان تەلەپ - ئېھتىياجى قانمايۋاتقان 90 - يىللارنىڭ بېشىدا ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بىر «بوۋاق» دۇنياغا كەلدى. ئۇ بولسىمۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمى ئىدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، جەمئىيەت ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە، بۇ بۆلۈم 1993 - يىل 7 - ئايدا رەسمىي ئىش باشلاپ، «ھالاكەت

گىردابى» ناملىق تۇنجى تەرجىمە فىلىمنى بىر دەستە گۇل سۇپىتىدە جەمئىيەتكە تەقدىم قىلغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيانقى 12 يىل جەريانىدا بۇ بىر دەستە گۇل ئايىنىپ باراقسان باغ ھاسىل قىلدى.

تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئابلىكىم ئەمەت مۇنداق دېدى: بۆلۈمىمىز ھەقىقەتەن يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. دەسلەپتە قۇرۇلغاندا بىز بىر ئاپپارات بىلەن ئىش باشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈسكۈنىلىرىمىز ئاددىي، شارائىتىمىز ناچار، ئاۋاز ئارتىسلىرىمىزنىڭ ساپاسىمۇ تۆۋەن ئىدى. دەسلەپكى يىللاردا يىلىغا 50 دىن 80 قىسىمغىچە فىلىم تەرجىمە قىلالايتتۇق. بۇ فىلىملەر ئاساسەن ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىلا قويۇلاتتى. شىنجاڭ سۇنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسىدە تارقىتىلىش نىسبىتى بەكلا تۆۋەن ئىدى. كېيىنكى يىللاردا بىز يىلىغا 130 قىسىمدىن 150 قىسىمغىچە فىلىمنى تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيەگە يەتتۇق. سۈپەت، سۈرئەتنى تەڭ تۇتتۇق. شۇڭا، ھازىر فىلىملىرىمىزنىڭ شىنجاڭ سۇنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسىدە كۆرسىتىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

تىل — ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى ھەم مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قەلب كۆۋرۈكى. تىل بولمىسا ئالاقىلەشكىلى بولمىغاندەك، ئاۋاز ئارتىسلىرىمىزسىز باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ئۆرپ - ئادىتى، پىسخىكا - خاراكتېرىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ ئاۋاز ئارتىسلىرى 12 يىللىق ئەگرى - توقاي خىزمەت مۇساپىسىدە نامسىز قەھرىمان بولۇپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، نۇرغۇن نادىر كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئاقسۇدىكى ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا تۆھپە قوشۇپ كەلدى ۋە تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. نۇرغۇن كىشىنىڭ بۇ ئاۋاز ئارتىسلىرىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قانداق مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى.

توغرا، ھەرقانداق يېڭى شەيئى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ. ئاقسۇنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە ئىشلىرىمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە ئالغا باستى، ئىزدىنىش ئارقىلىق يول تاپتى. تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمىدىكىلەر ئاۋاز بېرىش

ماھارىتى، كىرىشتۈرۈش ۋە فىلىم ئىشلەش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش
يولىدا ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. تەشكىل شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستان-
سىسىدىن تەجرىبىلىك ئاۋاز ئارتىسلىرىنى دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىل-
دى. ئۆزىنىڭ ئاۋاز ئارتىسلىرىنى ئىككى قېتىم شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا
ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. تەلەپپۇزغا، ھېسسىيات ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بەردى. ھەر
تەرەپنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلىدى. بۇ ئارقىلىق
فىلىمنىڭ تەرجىمە سۈپىتى، ئاۋاز سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى ھەم تەرجىمە
سۈرئىتىنى تېزلەتتى. ئىلگىرى فىلىمنى ئاپپاراتقا ئاپپاراتنى چېتىش ئارقىلىق
كىرىشتۈرەتتى، ھازىر كومپيۇتېر ئارقىلىق كىرىشتۈرىدىغان بولدى. 12 يىل
جەريانىدا بۇ بۆلۈم «ئانا مېنى باغرىڭغا باس»، «شاڭخەي ساھىلى»، «ئۇرۇش
ۋە ئەسلىمە»، «قىزىل ئاياللار قوشۇنى»، «شەرقلىق ئانا»، «سۇمۇرغ كۆلەڭ-
گۈسى»، «ساقچى ۋولكېر»، «قەتئىي ئاجراشمايمەن» قاتارلىق 1500 قىسىملىق-
تىن ئارتۇق كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قى-
لىپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «خىيانەتچى-
لىككە قارشى بوران - چاپقۇن» 1998 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق
مىللەتلەر تىلىدىكى كىنو، تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرىنى باھالاشتا ئەڭ ئالىي
مۇكاپات — «تۇلپار مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. شۇ يىلى يەنە 40 قىسىملىق تېلې-
ۋىزىيە تىياتىرى «مۈشكۈل سەپەر» ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كىنو، تې-
لېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرىنى باھالاشتا شىنجاڭدىكى ئالىي مۇكاپات — «سا-
ماۋى كۆۋرۈك مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. بۇ شان - شەرەپلەر ئاۋاز ئارتىسلىرى
ۋە تېخنىكلارنىڭ روھىغا ئىلھام بەردى. ئۇلار تېخىمۇ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، نۇر-
غۇن نادىر فىلىملەرنى ئارقا - ئارقىدىن تەرجىمە قىلىپ چىقتى ۋە كەينى -
كەينىدىن شەرەپ قۇچتى. 2000 - يىلى «جىڭۋۇ سارىيى»، 2002 - يىلى
«شياڭزى تۆگە»، 2004 - يىلى «جۇڭگو ساقچىلىرى» يەنە «تۇلپار مۇكاپا-
تى» غا ئېرىشتى. «ئاياللار ئالاھىدە ساقچى ئەترىتى»، «چىن ئەقىدە» ئايرىم -
ئايرىم ھالدا «ساماۋى كۆۋرۈك مۇكاپاتى» غا نائىل بولدى. ئىككى يىلدا بىر
قېتىم باھالىنىدىغان بۇ پائالىيەتتە بۇ بۆلۈمنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى ئۇدا مۇكا-
پاتلىنىپ، شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى كەسپداشلارنى

ھەيران قالدۇردى. ئىلگىرىكى بىر دەستە گۈل ئەمدىلىكتە كىشى قەلبىنى سۆ-يۈندۈرىدىغان گۈلزارلىققا ئايلاندى. 2004 - يىلى بۇ بۆلۈم ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى. بىز بۆلۈمدىكى ئاۋاز ئارتىسلىرى ۋە تېخنىك خادىملارنىڭ يەنىمۇ زور زەپەرلەرنى قۇچۇشىغا تىلەكداشمىز.

2005 - يىل دېكابىر، ئاقسۇ

**ئۆز كەسپىگە بولغان مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىقتىن چەكسىز گۈزەللىك تۇغۇلىدۇ. مۇتەللىپ ئەھەتنىڭ گۈزەل سەنئەت خىزمىتى ساھەسىگە بېغىشلانغان ئوتلۇق مۇھەببىتىدىن رەڭدار چېچەكلەر ئېچىلدى. ئۇ يۈرەك قېنى ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىپ، كىشىلەرگە ئېستېتىك ھەم بەدىئىي زوق بېغىشلايدىغان زور بىر تۈركۈم نادىر گۈزەل سەنئەت ئەسىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتى سېپىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسكە، شەرەپ مۇنبىرىدىكى تۆھپىكارغا ھەم مول ئىجادىي نەتىجىلىرى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ھۆرمەت ئىگىسىگە ئايلاندى.**

# گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە پەرۋاز قىلىش

بىر ئىشقا بولغان ھەۋەس ئۆگىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىرادە بىلەن چىدام ـ غەيرەت قوشۇلسا، ئۇنىڭدىن يېڭى ـ يېڭى نەتىجىلەر ئاپىرىدە بولىدۇ.

مۇتەللىپ ئەھەت دەل شۇنداق يول تۇتۇپ، كىشىلىك ھايات بېغىنى رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەك بىلەن بېزىدى. ئۇ 30 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدە توختىماي ئۆگىنىش، ئېرىنمەي ئىزدىنىش، يۈرەكلىك ھالدا ئىجاد قىلىش روھى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈپ، گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە پەرۋاز قىلدى.

1958 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاۋات ناھىيەسىدە تۇغۇلغان مۇتەللىپ ئەھەتنىڭ رەسساملىققا بولغان ھەۋىسى كىچىكىدىنلا باشلانغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەۋىسى ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىپ باردى. ئۇ ئاخىر شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ جۇڭگوچە رەسىم كەسپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، ئۆزىنىڭ رەسسام بولۇش ئارزۇسىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. شۇڭا، ئۇ مەكتەپتە گۈزەل سەنئەت كەسپىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىدى، بولۇپمۇ جۇڭگوچە رەسىم سىزىش كەسپىنىڭ پەرۋانىسىغا ئايلاندى. 1978 ـ يىـ

لى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تاماملاپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سەھنە، گىرىم سەنئەت لايىھەلىگۈچىسى بولدى.

ئادەم ئۈچۈن مۇراد ـ مەقسەتكە يېتىشتىن كاتتا بەخت يوق. مۇتەللىپ ئەھەت ئۆزىنىڭ گىرىم سەنئەت خادىمى بولۇش ئارزۇسىنىڭ رەسمىي ئىشقا ئاشقانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈندى ھەم بارلىقىنى كەسپكە بېغىشلاپ، ئۆمەكنىڭ سەھنە لايىھەلەش خىزمىتىدە يېڭى ـ يېڭى نەتىجىلەرنى ياراتتى. 80 ـ يىللاردا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تىياتىر سەنئىتى جانلىنىپ، شىنجاڭ بويىچە نام چىقاردى. بۇ جەرياندا دېكراتسىيەسىنى مۇتەللىپ ئىشلىگەن «مۆلجەر تاغ بورانلىرى»، «ئوت» قاتارلىق دراما، ئوپېرالار كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى. مۇتەللىپ ئەھەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتى ھەقىقىي نامايان بولدى. 1991 ـ يىل 10 ـ ئايدا «مۆلجەر تاغ بورانلىرى» درامىسىنىڭ بەش كۆرۈنۈشلۈك گىرىم سەنئەت ۋە كىيىم لايىھەسى شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك گىرىم سەنئەت كۆرگەزمىسىگە تاللاندى ھەم مۇنەۋۋەر كىيىم لايىھەسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1990 ـ يىل 10 ـ ئايدا «ئوت» ناملىق ئۇسسۇللۇق ئوپېرانىڭ سەھنە گىرىم سەنئەت لايىھەسى 2 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتۇرۇلدى ۋە ئارتىسلارنىڭ ئۈنۈمگە بولغان ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسى ئاشتى. مۇتەللىپ ئەھەت ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە، رەسىم ئىجادىيىتى بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلدى ھەم بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، گىرىم سەنئەت ساھەسىدە تېز كۆزگە كۆرۈنۈشكە، يەنىمۇ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. 1988 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۇنىڭ «سەھنىگە چىقىش ئالدىدا» ناملىق جۇڭگوچە رەسىمى، 1991 ـ يىلى «قېتىق» ناملىق جۇڭگوچە رەسىمى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىگە قويۇلدى ھەم مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ھايات ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ. مۇتەللىپ ئەھەت چىدام ـ غەيرەتنى، غايە ۋە ئىرادىنى ھەر دائىم ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كەلدى ھەم ئىجادىيەت يولىدا توختىماي ئىلگىرىلىدى. 1992 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تەشكىلنىڭ

غەمخورلۇقى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىغا يۆتكەلدى. بۇ ئورۇن دەرۋەقە مۇتەللىپ ئەھەتنىڭ رەسىم ئىجادىيىتى ئۈچۈن بىر مۇنبەت تۇپراق بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاساسىي قاتلامغان بېرىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت، سەنئەت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلقنىڭ ھېسسىياتى، تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆگەندى، ئىجادىيىتى ئۈچۈن مول ماتېرىيال توپلاپ، بەدىئىي جۇغلانمىسىنى بېيىتتى ھەم ئارقا - ئارقىدىن يېڭى - يېڭى مەھسۇلاتلارنى روياپقا چىقاردى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، مەركىزىي گۈزەل سەنئەت سارىيى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئاشۇردى. ئۇنىڭ «قېتىق»، «نان»، «تەنتەنە»، «چىمەن دوپپا»، «دولانلىقلار»، «تەكلىماكان قىزلىرى»، «تارىم چېچەكلىرى» قاتارلىق نەپىس رەسىملىرى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە قويۇلدى ھەم ئايرىم - ئايرىم مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. مۇتەللىپ ئەھەت نەگىلا بارسا سۈرەت تارتىپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيەلىك فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىنى ياراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئۇيغۇر بوۋاي» ناملىق فوتو سۈرەت ئەسىرى 2002 - يىل 9 - ئايدا مەملىكەتلىك 12 - نۆۋەتلىك فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە قويۇلدى ھەم «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى ئۇنىڭ «مايسىخان» ناملىق بىر يۈرۈش كىيىم لايىھەسى، سەھنە گۈزەل سەنئەت لايىھەسى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك سەھنە گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە تاللاندى. 2003 - يىل 8 - ئايدا «گۈلباھار» ناملىق جۇڭگوچە رەسىمى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا، «چىمەن دوپپا» ناملىق فوتو سۈرەت ئەسىرى كۈمۈش مۇكاپاتقا، «دولانلىقلار» قاتارلىق ئالتە پارچە ئەسىرى «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «قېتىق» ناملىق رەسىمى بىلەن «ئۇيغۇر بوۋاي» ناملىق فوتو سۈرەت ئەسىرى 2003 - يىل 12 - ئايدا ۋىلايەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمىتىدىكى «10 بىر» يورۇق نۇقتا قۇرۇلۇشى بويىچە «ياخشى ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2004 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق «باھاردىكى ھېكايە» ئۆسمۈرلەر ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدە مۇتەللىپ ئەھەت يېتەك-

چىلىك قىلغان «خوتەن ئەتلىسى» ناملىق جۇڭگوچە رەسىم ئالتۇن مۇكاپاتقا، ئۆزى «مۇنەۋۋەر باغۋەن» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يۈكسەك غايە، كۈچلۈك ئىرادىگە ئىگە كىشى ھاياتىنى گۈزەل مەنالارغا تولدۇرالايدۇ. مۇتەللىپ ئەھەتنىڭ خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، تەلەپچانلىقى، ئىجادىيەتتىكى ئىقتىدارى تەشكىللىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ 1995 - يىلى ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، 1997 - يىلى باشلىقلىققا تەيىنلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈكى، مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇ زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت، ئاممىۋى سەنئەت ئىشلىرىدىكى ئاجىز ھالقىلارنى تېپىپ چىقىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 78 يېزا دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى، 762 كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتتى. خەلق سەنئىتىنى رەتلەش، قېزىش، تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتتى. نەچچە ئون قېتىم گۈزەل سەنئەت، ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇشقا بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلدى. 300 مىڭ خەتلىك دەرسلىك تۈزۈپ چىقىپ، 2001 - يىلدىن كېيىنلا ئالتە قارار كۇرس ئۇيۇشتۇرۇپ، 540 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيەلەپ چىقتى ھەم يېزىلاردا گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارلىرىغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ تەربىيەلىگەن 42 ئوقۇغۇچى شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىكى سەنئەت ئىنستىتۇتلىرىنىڭ گۈزەل سەنئەت كەسپلىرىگە ئوقۇشقا كىردى. مۇتەللىپ ئەھەت ھازىر ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئىختىساس ئىگىسى، ئالىي سەنئەت تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو رەسساملار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى. 2001 - يىلى شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيەسى نەشر قىلدۇرغان «مەشھۇر رەسساملارنىڭ رەسىملىرى» توپلىمى ۋە «100 مەشھۇر رەسسام» توپلىمىغا ئۇنىڭ بەش پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسىرى ۋە خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تەرجىمھالى كىرگۈزۈلدى.

مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا ئۇ تەشكىللىگەن ۋە يېتەكچىلىك قىلغان «دېھقان شادلىقى» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك «ئاممىۋى يۇلتۇز» ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مۇكاپاتقا، «سىرلىق تۇمان» مۇنەۋۋەر

مۇكاپاتقا، 2001 ـ يىلى «چوكانتال پەسلى» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل مەھەللىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك «ئاممىۋى يۇلتۇز» ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە مىس مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ ئۇيۇشتۇرغان 48 پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن رەسىم كۆرگەزمىسىگە تاللىنىپ، ئىككىسى ئالتۇن مۇكاپاتقا، تۆتى كۈمۈش مۇكاپاتقا، ئالتىسى مىس مۇكاپاتقا، 36 سى مۇنەۋۋەر مۇكاپات ۋە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مۇتەللىپ ئەھەت 28 يىللىق خىزمەت ھاياتى داۋامىدا تەجرىبە توپلاشقا ئەھمىيەت بەردى ھەم بۇ تەجرىبىلىرى ئاساسىدا «سۈرەتنىڭ سەھنىدىكى رولى»، «گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتىش ھەققىدە ئىزدىنىشلەر»، «دېھقانلار سىزغان رەسىمدە تۇرمۇش ھەقىقىي ئىپادىلىنىدۇ» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى. بۇ ماقالىلەر ۋە ئۇنىڭ 200 پارچىدەك گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت ئەسىرى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت دائىرىسىدە چىقىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بەزى ئەسەرلىرى كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلدى. «دولان مۇقام ـ مەشرىپى — ئۇيغۇر فولكلورىدا ئەكس ئەتكەن سەنئەت ئابىدىسى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايوندىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. ئۇ گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە توختىماي پەرۋاز قىلماقتا.

2006 ـ يىل ئاپرېل، ئاقسۇ

**ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئۇ ئاقسۇدا راۋاب چېلىش بىلەن نام چىقارغان، سەنئەت جەھەتتىكى تالانتى بىلەن ئاقسۇ ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى. بىراق، كېيىنچە ئۇ ئاقسۇ سەھنىسىدىن تۇيۇقسىز غايىب بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قېلىشتى.**

# «تۇرنىسا راۋاب» نىڭ كېيىنكى ئىشلىرى

ئەينى يىللاردا، ئاقسۇدا «تۇرنىسا راۋاب» دېگەن ئىسمنى بىلمەيدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ راۋاب بىلەن ئېيتقان شوخ ناخشىلىرى سەنئەت سۆيەر خەلقنىڭ ئالقىشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. چۈنكى، ئۇ راۋاب چالغاندا ئۆزىنى ئۇنتۇيتتى، مۇزىكا كۈيى ئۇنىڭ راۋابىدىن ئەمەس، بەلكى ئوتلۇق يۈرىكىدىن چىققاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ چالغانسېرى ھاياجانلىناتتى، ھاياجانلانغانسېرى غەيرەتكە كېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشەتتى. ئۇنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن چالغان راۋاب كۈيى خۇددى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىدەك ئەۋج ئۇرۇپ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. شۇڭا، خەلق ئۇنىڭغا «تۇرنىسا راۋاب» دېگەن بۇ مۇبارەك نامنى بەرگەن ئىدى. بىراق، ئاقسۇدا شۇنچىۋالا دەۋر سۈرگەن تۇرنىسا راۋاب كېيىن نەگە كەتتى؟ ئۇ ھازىر نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ؟

بىر ئېغىز گەپ، ئۇ ھازىر ئۈرۈمچىدە، ياش ـ ئۆسمۈرلەر سارىيىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى، قانداق قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى تاللاپ قالدى؟

گەپنى باشتىن باشلايلى: تۇرنىسا راۋابنىڭ ئەسلي ئىسىم ـ فامىلىسى تۇرنىسا مۇھەممەت، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيەسىدىن، 1963 ـ يىل 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان. زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن تۇرنىسا مۇھەممەت سەككىز

ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا دۇتار چېلىشنى، ناخشا ئېيتىشنى، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا راۋاب چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان. بالىلىق چاغلىرىدىن باشلانغان بۇ مۇزىكا سېزىمى ئۇنىڭ قەلبىدە سەنئەت ئوتىنى ياققۇنجاتقان. بۇ خىل ئوت، بۇ خىل ئىستەك 1975 ـ يىلى تېخى يېشى 13 كە تولمىغان بۇ مەسۇم غۇنچىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت مەكتىپىگە باشلاپ كىرگەن. «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم». ئەمدىلا دۇتارنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ بوي تارتقان تۇرنىسا مۇھەممەت بۇ سەنئەت بۆشۈكىدە قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن، پۇرسەتنى قەدىرلىگەن، راۋابقا چەكسىز ئەقىدە باغلىغان. يالغۇز راۋاب چېلىشنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە دۇتار، داپ، غېجەك قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنىمۇ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ سەنئەت دىتى، تالانتى ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1977 ـ يىلى ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇ ئۆمەك رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، كەسپتە تېز ئىلگىرىلەپ، ۋىلايەتنىڭ كەڭرى سەھنىلىرىدە كۆزگە چېلىقىشقا باشلىغان. بىر قىزنىڭ مىڭلىغان تاماشىبىن ئالدىدا يالغۇز راۋاب چېلىپ ناخشا ئېيتالىشى بىر يېڭىلىق سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى ۋە دىققىتىنى قوزغىغان. دەرۋەقە، شۇ چاغدا ئۇ ئاقسۇدىكى تۇنجى ئايال راۋابچى بولۇپ قالغان. 1985 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك «ئاقسۇ باھارى» مۇزىكا كۆرىكىدە ئۇ راۋاب بىلەن «باھار شادلىقى» ناملىق مۇزىكىنى ئورۇنلاپ، 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئورۇنلىغان «شۇنداق يار بىلەن ئۆتسەم» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ناخشىسىمۇ 2 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ۋە ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1986 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ساداسى» مۇزىكا كۆرىكىدە، ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان «باھار ناۋاسى» ناملىق مۇزىكىسىنى راۋاب بىلەن ئورۇنلاپ، 2 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت ۋە ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا، «شۇنداق يار بىلەن ئۆتسەم» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ناخشىسى 3 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلىگەندە تۇرنىسا راۋاب مۇنىداق دېدى: مەن كىچىكىمدىلا مۇزىكىنى ياخشى كۆرەتتىم. 7 ～ 8 ياش چېغىمدىلا دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان. شۇ چاغدا مەھەللىدىكى دوستلىرىمغا قوناقنىڭ شېخىنى كىچىك قەلەمتىراش بىلەن تار شەكلىدە تىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىغا ياغاچ قويۇپ، يەنە بىر تال ياغاچتا چالاتتىم، ئۇنىڭدىن «جىغ - جىغ» ئاۋاز چىقاتتى. دوستلىرىمغا داۋاملىق مۇشۇنداق چېلىپ بېرەتتىم. ئۇلار خۇش بولۇشۇپ كېتەتتى. مېنىڭ مۇزىكىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغىنىمنى سەزگەن ئاپام ماڭا بىر دۇتار ئېلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتىم، ئۆمرىم مۇزىكىغا باغلاندى. بەختىمگە يارىشا ئاخىر سەنئەت مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندىم. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، سەنئەت ئۆمىكىگە كىردىم. راۋاب چېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تونۇلدۇم، شان - شەرەپ ۋە ھۆرمەت - ئالقىشقا ئېرىشتىم. شۇ چاغلاردا ئاقسۇلۇقلار مېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەندى. چۈنكى، خەلق مېنىڭ چالغان راۋابىمدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ھەر قېتىم ئالقىشلانغىنىمدا پەخىرلىنىپ كېتەتتىم. ئاخىرى خەلق تەرىپىدىن «تۇرنىسا راۋاب» دەپ ئاتىلىپ قالدىم. مەن ئاشۇ گۈزەل چاغلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن...

تالانت ئىگىسى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. تىرىشچان، چىقىشقاق كىشى قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولىدۇ. قابىل ئادەمگە ھەممە ئادەم كۆز تىكىدۇ. 1986 - يىل 12 - ئايدا تۇرنىسا مۇھەممەتنىڭ تەقدىرىدە تۇيۇقسىز بۇرۇلۇش بولىدۇ. ئۇرۇمچى شەھەرلىك ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى ئۇنىڭ خۇش پېئىل، چىقىشقاق، كەمتەر، تىرىشچان روھىغا كۆز تىكىدۇ ھەم ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئۇنى ئاقسۇدىن ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۇرنىسا راۋاب ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيىنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ يېڭى خىزمەت ئورنىدا دەسلەپتە خېلىلا قىينىلىپ قالىدۇ، يۆتكىلىپ كەلگىنىگە پۇشايمانمۇ قىلىدۇ. لېكىن، ئىز باسار تەربىيەلەشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانسېرى خىزمەتكە كۆنۈپ قالىدۇ. دەسلەپتە بۇ سارايىنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بىر - بىرلەپ بېرىپ، دەسلەپكى قەدەمدە راۋاب چېلىشنى ئۆگىنىشنى خالايدىغان سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئەكىلىدۇ. بىراق،

سىنىپ بولمىغاچقا، دەرسنى سىرتتا ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1988 - يىلى تەشكىل ئۈنىڭغا سىنىپ ھەل قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلايدۇ. 1988 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە ئۇ قاتتىق جاپالىق ئىزدىنىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق ئۆزى يالغۇز راۋاب، داپ، غىجەك، تەمبۇر، دۇتار، چاڭ، رويال، گىتار قاتارلىق مۇزىكا تۈرلىرى بويىچە سىنىپ ئېچىپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ كىچىك مۇزىكانتلارنى تەربىيەلەپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر قىسمى سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ، بەزىلىرى ئۇستا مۇزىكانت بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئالاھىدە ئۇتۇقلارنى قازىنىدۇ، سەنئەت كۆرەكلىرىدە نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. 1999 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مائارىپ ساھەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا - مۇزىكا كۆرىكىدە ئۇ ئىشلىگەن «شادىمان ئۆسمۈرلەر» دېگەن مۇزىكا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىپ، ئورۇنلاش ۋە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. 1995 - يىلىدىن كېيىن ئۇ ئىشلىگەن 400 مۇزىكا رادىيو - تېلېۋىزورلاردا ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ جاراڭلىق راۋابى، يېقىملىق ناخشىسى بىلەن كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ كەلدى.

تۇرنىسا راۋاب 20 يىلدىن بۇيان ياشلىق باھارى ۋە زېھنىنى ياش - ئۆسمۈرلەرنى سەنئەت جەھەتتىن تەربىيەلەشتەك شەرەپلىك ھەم مۇشەققەتلىك خىزمەتكە بېغىشلاپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇ «مىللىي چالغۇمىز راۋاب ھەققىدە»، «ئېكراندىكى يېڭىلىق» قاتارلىق بىرنەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى مەركەزلىك خەۋەر قىلدى. بىز ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىغا زور ئامەت تىلەيمىز.

2007 - يىل 9 - مارت

# تەشۋىقات ئىشىدا

ھەرقانداق شان - شەرەپ ئادەمنىڭ يۈرەك قېنى ۋە جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە كېلىدۇ. شۇڭا، شان - شەرەپكە ئېرىشكەن كىشى خۇشاللانماي، شادلانماي تۇرالمايدۇ. ئاۋات ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيەلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خېلىل كېرەم بۇ يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايون ئەۋەتكەن «ئىلغار تەشۋىقات كادىرى» دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل تاشلىق شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا باشقىچىلا ھاياجانلاندى، شادلاندى. چۈنكى، بۇ گۇۋاھنامىگە ئۇنىڭ بىرنەچچە يىللىق يۈرەك قېنى ۋە جاپالىق تەرى سىڭگەن ئىدى.

خېلىل كېرەمنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى — ئاۋاتتا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا 20 يىل بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ جەرياندا ناھىيەنىڭ تەشۋىقات - خەۋەرچىلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشۇپ كەلدى. ئۇ 1984 - يىل 8 - ئايدا تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ تۈرلۈك ئىشلارغا يېڭىباشتىن قول سالدى. ئالدى بىلەن ناھىيەنىڭ تەشۋىقات - خەۋەرچىلىك ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئاما ئارىسىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، ئۇلارنى ئاۋاتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى خەۋەر قىلىشقا تەشكىللىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا كۆپلەپ ماقالە ھەم خەۋەرلەرنى يېزىپ باشلامچى بولدى. ئۇنىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى يازغان 600 پارچە خەۋىرى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى،

ئۇنىڭ بەزىلىرى ياخشى تەسىر قوزغاپ، مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۆزى «شىنجاڭ گېزىتى» تەرىپىدىن بەش قېتىم، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئالتە قېتىم، «ئاقسۇ گېزىتى» تەرىپىدىن سەككىز قېتىم تەقدىرلەندى. يېقىندا ئۇ يەنە بىرنەچچە پارچە ھېكايە، شېئىر، يۇمۇر يېزىپ، ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرۇپ، ئامما ئارىسىدا ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

خېلىل كېرەمنىڭ ئەسلىدىكى خەنزۇ تىلى ئاساسى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. ئۇ ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئۆزىنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يېتىپ، زور تىرىشچانلىق بىلەن خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپ، قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدە ناھىيەلىك پارتكومدا تەرجىمانلىق قىلالايدىغان سەۋىيەگە يەتتى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بېرى يۇقىرىغا يوللايدىغان ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرىدىغان تۈرلۈك قارار، ھۆججەت، خىزمەت خۇلاسىسى ۋە دوكلاتلارنى ئۆزى بىۋاستە خەنزۇچە يېزىپ چىقتى. خەنزۇچە يازغان بەزى ماقالىلىرى خەنزۇچە گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىزدىنىش روھىنى، قەيسەر ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى.

تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلىرى ئىنتايىن كۆپ، تەشۋىقات خىزمىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى، «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» خىزمىتى، مەدەنىيەت خىزمىتى، ئىدىيە خىزمىتى قاتارلىق بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتلەر بىر - بىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇھىم خىزمەتلەر. خېلىل كېرەم خىزمەت سىجىللىقىنىڭ زىچلىقىغا قارىماي، ھەممە خىزمەتكە تەڭ ئېتىبار بەردى، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، ئالدى بىلەن تەشۋىقات بۆلۈمىدە سىناق ئېلىپ باردى. بۆلۈمدىكى خىزمەتچىلەرنى ياخشى تەشكىللەپ، ئۇلارغا ئىتتىپاقلىق تەربىيەسىنى كۈچەيتتى. ئەھدىنامە قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۈلگە كۆرسەتتى. تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى پارتكوم ئورگىنى ۋە باشقا جايلاردا تۈرتكىلىك رول ئوينىغاچقا، 1987 - يىلى بۇ ئورۇن ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن، خېلىل كېرەم ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

ئۆتكەن يىلى 4 - ئايدىكى ئېغىر مۆلدۈر ئاپىتى مەزگىلىدە، ئۇ ئايباغ يېزى-

سىنىڭ تۆۋەنكى كۇلاس كەنتىدە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىغا قوماندانلىق قى-لىۋاتاتتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ ئايالى بىلەن قىزى تەڭلا ئاغرىپ، بالنىتسىدا يېتىپ قالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خېلىل كېرەم دېھقانلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، 20 كۈن خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى. ئۇ دېھقانلار-غا بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇڭا، كەنت شۇجىسىنى باشلاپ، كەنتكە يېقىن يەرگە جايلاشقان 3 - تۇەنگە بېرىپ، تۇەن - مەيداندىكى خەنزۇ يولداشلارنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ياردەم بېرىشكە چاقىرىق قىلدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 3 - تۇەن كەنتكە بەش تونىنا ئو-رىيا ئوغۇتى، تۆت تونىنا كۆنجۈرە، 1000 تاختا سوپۇن، بىر «شەرق شامىلى» ماركىلىق تىراكتور، بىر كېۋەز تېرىش سىيالكىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلغاندىن سىرت، 2000 مو يەرنى ھەقسىز ھەيدەپ، ئۇرۇق سېلىپ بەردى. كېسەل بولۇپ قالغان 100 دىن ئارتۇق ئادەم، 30 دىن ئارتۇق چارۋىنى داۋال-دى. بۇ جەرياندا خېلىل كېرەم خەنزۇ دوختۇرلار بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلار ئوت-تۇرىسىدا تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىپ، ئاپەت رايونىدىكى خەلقنىڭ تەرىپلىشىگە سازاۋەر بولدى. ئۇ مەيلى نەگىلا بارسۇن، ئۆزىنى بىر ئاددىي چاكار ھېسابلاپ، ئىنتىپاقلىققا زىيانلىق بولغان سۆز - ھەرىكەتلەرگە قاتتىق رەددىيە بەردى، تۈرلۈك ماجىرالارنى توسۇپ قالدى. ئۇ ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئې-چىش، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش ۋە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ناھىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نە-زەرىيەسى ۋە پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ھەققىدىكى تونۇشىنى ئۆستۈر-دى. قاتناش قۇلايسىز بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇ دائىم ئاساسىي قاتلامغا بې-رىپ، خىزمەتلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

پەقەت ئۆتكەن بىر يىلدىلا ئۇنىڭ 120 نەچچە كۈنى يېزا - كەنتلەردە ئۆ-تۈپ كەتتى. بۇ يىل ئون نەچچە دەم ئېلىش كۈنىنى قۇربان قىلدى. 1989 - يىلى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن خېلىل كېرەمنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. چۈنكى، بۆلۈمدە ئۇنىڭدىن باشقا رەھبىرىي كادىر قالمىغان، كاتىپمۇ سەپلەنمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھىيەلىك مەنىۋى مەدە-نىيلىك كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىمۇ ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى، ئۇ

مۇشۇنداق ئېغىر بېسىم ئالدىدا ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ پارتىيەنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە تۆككەن قان - تەرى بىر - بىرلەپ مېۋىگە كىردى. 1987 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە قانات يايدۇرۇلغان «ئۇچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» مۇسابىقە پائالىيىتىدە ئاۋات ناھىيەسى ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 1989 -، 1990 يىللىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى غەلىبىلىك تاماملىنىپ، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ناھىيە بويىچە 55 ئىدارە - ئورۇن، بەش يېزا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن، ئالتە ئورۇن ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ناھىيەدىكى 119 كەنتنىڭ ھەممىسىدە مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى. زور بىر تۈركۈم نەمۇنىچىلار مەيدانغا كېلىپ، ناھىيەنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. بۇ ئىشتىن ئىلھام ئالغان خېلىل كېرەم بۇ يىل ئاۋات ناھىيەسىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقىدىكى نەمۇنىچى ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تېخىمۇ ئالدىراش، تېخىمۇ جاپالىق ئىشلىمەكتە.

1991 - يىل 27 - ئاۋغۇست، ئاۋات

# سالام، مەرىپەت بۆشۈكى

## تارىم ۋادىسىدا گۈللىنىۋاتقان مەرىپەت بۆشۈكى

شايار ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1956 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا بىر گەۋدە قىلىنغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ. 50 يىل جەريانىدا بۇ مەكتەپ تالاي ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تارىم ۋادىسىدا مەرىپەتنىڭ ئۈزۈلمەس مېلودىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ياڭرىتىپ كەلدى ھەم شايار خەلقىنىڭ ئۈمىد ئاسمىنىدا چاقنىغان بىر نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ قالدى. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇن نەۋقىران يىگىتلەر ئاق چاچلىق بوۋايغا، گۈل يۈزلۈك قىزلار مومايغا ئايلاندى.

ھازىر بۇ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 87 موغا، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 18 مىڭ 204 كىۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى، تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇتۇش بىناسى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 9008 كىۋادرات مېتىرنى، ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 3500 كىۋادرات مېتىرنى، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى ۋە سۇخانىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2268 كىۋادرات مېتىرنى، باشقا پايدىلىنىش ئۆيلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2820 كىۋادرات مېتىرنى، چوڭ زال 608 كىۋادرات مېتىرنى تەشكىل قىلدى. مەكتەپتە يەنە ئىككى ۋاسكېتبول مەيدانى، ئىككى ۋالىبول مەيدانى ۋە چىملىق، پۇتبول مەيدانى، ئۆلچەملىك يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن تەجرىبىخانا ۋە بىر يىراق مۇساپىـ

لىك ئوقۇتۇش سىنىپى، ئۈچ كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش سىنىپى، ئالتە يۈرۈش ئۈچۈر - تېخنىكا ئوقۇتۇش سىنىپى، يۈرۈشلەشكەن كۇتۇپخانا، گۈزەل سەنئەت ئوقۇتۇش سىنىپى، دوختۇرخانا قاتارلىق زامانىۋى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى بار. مەكتەپنىڭ يېشىللاشقان كۆلىمى 60% كە يەتتى. يۇقىرىقىلاردىن سىرت، بۇ مەكتەپنىڭ 1513 مو كۆلەمدىكى دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانى بار. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 809 مو، ئورمان كۆلىمى 38 مو، بىنام يەر كۆلىمى 666 مو، مېۋىلىك - مېۋىسىز دەرەخ سانى 16 مىڭ 570 تۈپتىن ئاشىدۇ.

بۇ مەكتەپتە ھازىر 56 سىنىپ بار. بۇنىڭدىن تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى 39، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى17، ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 2600 نەپەر. ھازىر ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 182 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 148 نەپەر، ئوتتۇرا مەكتەپ ئالاھىدە دەرىجە ئۇنۋانىغا ئىگە ئوقۇتقۇچى بىر نەپەر، ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجە ئۇنۋانىغا ئىگە ئوقۇتقۇچى يەتتە نەپەر، ئوتتۇرا مەكتەپ بىرىنچى دەرىجە ئۇنۋانىغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 55 نەپەر. ھازىر بۇ مەكتەپتە مەملىكەت دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئوقۇتۇش ماھىرى»، ۋىلايەت دەرىجىلىك «ئوقۇتۇش ماھىرى»، ناھىيە دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» لار تۈركۈم - تۈركۈملەپ بارلىققا كەلدى.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، شايار ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش ۋە تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدە ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى ئۈچىنچىلىكنى ساقلاپ كەلدى، شۇنداقلا خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ۋە ھەرخىل مۇسابىقە پائالىيەتلىرىدە ئون قېتىم ناھىيە بويىچە «بىرىنچى دەرىجىلىك»، تۆت قېتىم «ئىككىنچى دەرىجىلىك»، بەش قېتىم «ئۈچىنچى دەرىجىلىك» مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ناھىيە دەرىجىلىك «بەشتە ياخشى مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى»، ئىككى قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى»، ناھىيە دەرىجىلىك «ئەخلاق تەربىيەسىدە ئۈلگەمگە يەتكەن مەكتەپ»، «ئەخلاق تەربىيەسى خىزمىتىدىكى ئۈلگىلىك مەكتەپ»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «4 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ۋىلايەت دەرىجىلىك «مەدەنىي ئورۇن»، ۋىلايەت دەرىجە-

لىك «باغچىلاشقان مەكتەپ»، ۋىلايەت دەرىجىلىك «يېشىللاشقان ئورۇن»، ۋىلايەت دەرىجىلىك «تازىلىقتا قىزىلبايراقدار ئورۇن»، ۋىلايەت دەرىجىلىك «1 - ماي ئىلغار كوللېكتىپى»، ۋىلايەت دەرىجىلىك «بىخەتەر كىچىك رايون» دې- گەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى. يېقىندا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەدەنىي ئورۇن» بولۇش ئۆلچىمى بويىچە ئەلا نەتىجە بىلەن تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش- تىن ئۆتتى. مەكتەپ دەرسلىك يۇمشاق دېتالنى لايىھەلەشتە ئاپتونوم رايون دە- رىجىلىك «مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. يېزىقچىلىق كۆرۈرد- كى، خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى، دامكا - شاھمات كۆرۈرگىدە قۇرۇلدى. ئۈچ ئوقۇ- غۇچى دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا كەشپىياتى بويىچە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئون نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئىلتىماسى سۇندى. تەنتەربىيە، گۈزەل سەنئەت، ئۇسسۇل، ناخشا - مۇزىكا كۆرۈرگىلىرىدا ماھارەت ئىگىلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خىمىيەدىن زېھىن سىناش مۇسا- بىقىسىدە ھازىرغىچە 17 نەپەر ئوقۇغۇچى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىيولوگىيە، فىزىكا پەنلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىدە ھازىرغىچە 18 نەپەر ئوقۇغۇچى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىر نەپەر ئوقۇغۇچى تۇنجى نۆۋەتلىك «ئولىمپىككە يېزىلغان خەت» نى يېزىش مۇسابىقە پائالىيىتىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 2 - دەرىجە- لىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن رەسىم ۋە ھۆسنى- خەت مۇسابىقىسىدە 14 نەپەر ئوقۇغۇچى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. سەنئەت كۆرۈرگىسى، تەنتەربىيە كۆرۈرگىسى ۋە گۈزەل سەنئەت كۆرۈرگىسىدا ياخشى ماھارەتلەرنى ئىگىلىگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھا- نىغا قاتنىشىپ، ئاپتونومىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر- نىڭ ئالاھىدە كەسىپ سىنىپلىرىغا ئوقۇشقا كىردى.

بۇ مەكتەپ مۇھىت قۇرۇلۇشى ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاشقا 1 مىليون 970 مىڭ يۈەن، مەكتەپنىڭ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا 370 مىڭ يۈەن، ئوقۇ - ئو- قۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاشقا 1 مىليون 370 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ،

ئوقۇغۇچىلارغا ئازادە، گۈزەل، باغچىلاشقان ساپ مۇھىتتا ئۆگىنىش قىلدۇرغان، ئوقۇتقۇچىلارغا زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش ئې-لىپ بارالايدىغان ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

مەكتەپ رەھبەرلىكى ساپا مائارىپىنىڭ تەرەققىيات تەلىپى ۋە قوش تىل ئو-قۇتۇش ئىسلاھاتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 31 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا قوش تىل ئۆگىنىشكە ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىلغار ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆ-گىنىشكە ئەۋەتتى. بۇ مەكتەپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئوس-مان ئىسمائىل، ياسىن ئەھەتلەرگە ئوخشاش دوكتورلار، ئالىم ئەھەتتەك مۇتە-خەسسىسلەر يېتىشىپ چىقتى. 50 يىلدىن بۇيان 15 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى-نى تەربىيەلىدى ۋە دۆلەتكە، جەمئىيەتكە تۈركۈم - تۈركۈم ئىختىساس ئىگى-لىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

2006 - يىل ئۆكتەبىر
(«ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان)

## ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىدا گۈللىنىۋاتقان مەرىپەت گۈلزارى

ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان باغ - بوستانلىق ناھىيە — توقسۇدا بىر گۈللىنىۋاتقان مەرىپەت بۆشۈكى بار، ئۇ بولسىمۇ توقسۇ ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ. بۇ مەكتەپ 1956 - يىلى قۇرۇلغاندا ئومۇمىي كۆلىمى ئاران 1917 كىۋادرات مېتىر كېلەتتى. سەككىز سىنىپ، 210 نەپەر ئوقۇغۇچىسى ۋە 15 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ مەكتەپ كىچىكلىكتىن چوڭىيىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش، تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدە يىلسېرى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. مائا-رىپ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامان-ۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ياراملىق قۇرغۇچىلىرىنى تەربىيەلەش يولىدا ئېغىشماي

ماڭدى. 50 يىللىق شانلىق تارىخىي مۇساپىسىدە توقسۇنىڭ مەدەنىيەت ـ مائا- رىپ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. 2005 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئو- قۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى يەنىمۇ زورايتىپ، كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبا- لىغا ئىگە بولدى.

ھازىر مەكتەپنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 31 مىڭ 968 كىۋادرات مېتىرغا يەتتى. 6236 كىۋادرات مېتىرلىق ئىككى ئوقۇتۇش بىناسى، 2124 كىۋادرات مېتىرلىق زامانىۋى، يۈرۈشلەشكەن ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى، 5495 كىۋادرات مېتىرلىق ئوقۇتقۇچىلار ئولتۇراق بىناسى بار. كۆكەرتىلگەن كۆلەم 8827 كىۋادرات مېتىر بولۇپ، مەكتەپنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 31% ىنى ئىگى- لەيدۇ.

مەكتەپتە ھازىر 25 سىنىپ، 982 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. بۇنىڭ ئىچىدە يا- تاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى 409 نەپەر. 98 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 86 نەپەر، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى يەتتە نە- پەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 52 نەپەر بولۇپ، مول تەجرىبىلىك، قابى- لىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە.

مەكتەپ قۇرۇلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان 50 يىلدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن 45 قارار، تولۇق ئوتتۇرىدىن 42 قاراردا 15 مىڭ- دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەپ چىقتى. ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونىمىز- دىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئو- قۇغۇچىنى ماڭدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە توقسۇنىڭ ھەر قاي- سى سەپلىرى ئۈچۈن بىر تۈركۈم يارامىلىق تايانچ خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەر- دى.

ساپا مائارىپى يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، توقسۇ ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەك- تەپ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قوللىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا، قابىلىيەتلىك، ئىتتىپاق بولغان مەكتەپ رەھبەرلىك كوللېك- تىپىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىجادچانلىق روھى بىلەن دادىل ئالغا ئىلگىرىلىدى. خىزمەتلەردە ئوقۇتۇشنى مەركەز، مۇقىملىقنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

مەكتەپ مۇھىتى ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتىنى زور كۆلەمدە ياخشىلىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۆپ قېتىم ۋىلايەت ۋە ناھىيەنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىدە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتتى. ساپا مائارىپىنىڭ قەدىمىگە ماسلاشقان ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلاپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈردى ھەم توقسۇ مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بايراقدار ئورۇن، شۇنداقلا ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى كۆزنەك مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، توقسۇ ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم ياش، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى، تەجرىبىسى مول بىر قىسىم مەكتەپلەرگە تەجرىبە ئۆگىنىش ۋە ئۈچۈر توپلاشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى تەجرىبىلىرىنى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ ماڭدى. شۇنىڭدەك ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇرىدىغان تۈرلۈك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ئاساس سالدى. 2004 - يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈش نىسبىتى %26.9 بولغان بولسا، 2005 - يىلى %48.30 كە يەتتى. 2005 - يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئىجتىمائىي پەن تۈرى بويىچە بىر ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى 50 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىگە، بىر ئوقۇغۇچى ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى ئون نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ناھىيەگە شان - شەرەپ كەلتۈردى. 2006 - يىلىغا كەلگەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتى يەنە ماس قەدەمدە ئېشىپ، %48.40 كە يەتتى. ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى ماڭدۇرۇشتا يىلمۇ يىل قەدەم تاشلىدى. 2004 - يىلى تۆت ئوقۇغۇچى، 2005 - يىلى 12 ئوقۇغۇچى، 2006 - يىلى 22 ئوقۇغۇچى ماڭدۇردى.

مەكتەپ مۇقىملىق خىزمىتىنى مەكتەپ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم

هالقىسى قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوقۇت-قۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا بولغان مۇقىملىق ۋە بىخەتەرلىك تەلىم - تەربىيەسىنى كۈچەيتتى. مەكتەپتىكى ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيەسى ۋە «سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس» قارىشى تەربىيەسىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەم ئىقتىدارلىق، ھەم ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار قو-شۇنى بەرپا قىلدى ھەم ئىدېئولوگىيە سېپىدىكى يىمىرىلمەس قورغانغا ئايلاندى.

بۇ مەكتەپ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار نەتىجىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە تەرىپىدىن «ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «ئارمىيە - خەلق ئورتاق قۇرغان ئىلغار ئورۇن»، «تازىلىقتا قىزىل-بايراقدار ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەندى. 2005 - يىلى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ۋىلايەت دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى»، مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى ۋىلايەت بويىچە «4 - ماي قىزىلبايراقدار ئىتتىپاق كومىتې-تى» دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى. 12 نەپەر ئوقۇغۇچى دۆلەت دەرىجە-لىك كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، تۆت نەپەر ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، ئالتە نەپەر ئوقۇغۇچى ۋىلايەت دەرىجىلىك تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

نۆۋەتتە بۇ مەكتەپ ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇ-رۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، توقسۇننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىما-ئىي تەرەققىياتىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش، ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان داڭلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

2006 - يىل ئۆكتەبىر، ئاقسۇ

# باللارنىڭ شادلىق ماكانى

## — تيەنتيەن باللار باغچىسىغا زىيارەت

بىز ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بەخت يولىغا جايلاشقان تيەنتيەن باللار باغچىسىغا زىيارەتكە بېرىپ، بۇ يەردىكى يېڭىلىقلاردىن سۆيۈنۈپ كەتتۇق. پېشقەدەم كادىرلار قورۇسى ئىچىدىن ئورۇن ئالغان، يىراقتىن قارىسا ئاددىيلا كۆرۈنىدىغان بۇ باغچىنىڭ ئىچىدىكى ئازادە، ئىللىق مۇھىت، سىپتا بېزەلگەن سىنىپ، ياتاق، ئاشخانىلار، تامغا سىزىلغان چىرايلىق رەسىملەر، زالغا قويۇلغان ھەر خىل ئويۇنچۇقلار، خۇددى ھەربىيلەرنىڭ كارىۋىتىدەك رەتلىك قويۇلغان باللار كارىۋاتلىرى، يېڭىدىن سەپلەنگەن ئوقۇش قوراللىرى، ئېلېكترونلۇق رويال، گارمون، تورغا ئۇلانغان كومپيۇتېرلار بۇ باللار باغچىسىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئىشىك يېنىغا ئېسىلغان «ئۈلگىلىك ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى»، «لىندا ئىنگلىزچە ئوقۇتۇش تەجرىبە باغچىسى»، «باللارنى ئوقۇتۇشتىن ئىلگىرى ئەمەلىي تەربىيەلەش بازىسى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ۋىۋىسكىلار قۇياش نۇرىدا چاقنايتتى. بىزنى بۇ باللار باغچىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، قانۇنىي ۋەكىلى، پېشقەدەم مائارىپچى ياڭ يىڭچى خانىم كۈتۈۋالدى. يېشى 60 تىن ھالقىپ كەتكەن، قوللىرىنى قاداق، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان بۇ ئايالنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە ئىشەنچ نۇرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ تولىمۇ تەمكىن، روھلۇق كۆرۈنەتتى.

— جەمئىيەتكە ئازراق بولسىمۇ تۆھپە قوشۇش، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالا بېقىش، تەربىيەلەش جەھەتتىكى غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن بۇ باغچىنى ئاچتىم. ھازىر 70 تىن ئارتۇق بالا بار، باللارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىككى ياش، ئەڭ چوڭى ئالتە ياش، باغچىنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن 320

مىنىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كەتتى. جەمئىيەتتىكى ئاق كۆڭۈل كارخانىچىلار مې-نىڭ بۇ ئىشىمنى مەبلەغ جەھەتتىن قوللىدى، ماڭا مەدەت بەردى. ھازىر ئۇس-كۈنىلىرىمىز تولۇقلاندى، شارائىتىمىز ياخشىلاندى، — ياڭ يىڭچى خانىم ئەھۋال تونۇشتۇرغاچ بىزنى سىنىپ، ياتاق، ئاشخانىلارنى كۆرۈپ بېقىشقا تەك-لىپ قىلدى.

بىز زىيارەت قىلىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ياش پەرقى، قىزىقىشى بويىچە ئايرىم سىنىپلارغا ئايرىلغانلىقىنى، ئۇلارغا مەدەنىيەت پەنلىرىدىن باشقا مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل، كومپيۇتېر، ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، زېھىن سىناش پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەپ تو-رىدىغانلىقىنى، تەربىيەلەش بىلەن ئارام ئېلىشنى، ئۆزلۈكىدىن ئىش بىلەن پائالىيەتنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، ئۇيغۇر، خەنزۇ بالىلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلى-كى، ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە - يوسۇن ئالاھىدىلىكىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدى-غانلىقىنى، ئاشخانا شارائىتىنىڭ ياخشىلىقىنى، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلۇق ماددىلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

— مانا ماۋۇ كەلپىنىنىڭ پاقلان گۆشى. بىز بۇ بالىلار ئۈچۈن مەخسۇس كەلپىندىن گۆش ئەكەلدۈرۈپ ئىشلىتىۋاتىمىز، — دېدى ياڭ يىڭچى خانىم بىزگە بىرنەچچە توڭلاتقۇغا قاچىلانغان پاقلان گۆشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇ-رۇپ. توڭلاتقۇدا يەنە بېگىدىن سېتىۋېلىنغان توخۇ گۆشى، بېلىق، تۇخۇملار-مۇ بار ئىدى. بىز ئاشخانا ئىچىگە نەزەر سالدۇق، ئاشخانا ئەپچىل، پاكىز، رەت-لىك ئىدى. تاماق جەدۋىلىدىكى تاماق تۈرلىرى ھەرخىل ھەم سەرخىل ئىكەن. ياڭ يىڭچى خانىم بىزنى پېتىر مانتىغا ئېغىز تېگىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. بىز رەھمەت ئېيتتۇق.

— بۇ ئەسلىي پار قازان ئۆيىنىڭ ئورنى ئىدى. ئۇزۇن يىل تاشلىنىپ قالغاچقا، بەكلا ۋەيران بولۇپ كېتىپتىكەن. بىز پۇل خەجلەپ يېرۇپ ئاخىرى مۇشۇ ھالەتكە ئەكەلدۇق، — ياڭ يىڭچى خانىم يېگىدىن قاتتىقلاشتۇرۇلغان يولغا كېتىۋېتىپ شۇنداق دېدى ھەمدە بىزنى يان تەرەپتىكى ئۆيىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە ئورۇنلاشقان ئوقۇشتىن بۇرۇنقى بالىلار سىنىپىغا باشلاپ چىقتى. با-

لىلار ئۇنىلۇك ئاۋازدا ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتاتتى.

— بۇ بالىلار كېلەر يىلى مەكتەپكە كىرىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالتە ياشلىق بالىلار، بىز بۇ سىنىپقا ئەڭ قاۋۇل ئوقۇتقۇچىنى مەسئۇل قىلدۇق، — دېدى ئۇ مۇنبەردە دەرس ئۆتۈۋاتقان ئاق يۈز، خۇش چىراي كەلگەن خېلى چوڭ ياشلىق بىر خانىمنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ. بۇ خانىم ئىلگىرى مەلۇم ناھىيەدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش تەجرىبىسى خېلى مول ئىكەن. بىز ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن مەكتەپ مۇدىرلىقنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سورىدۇق. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— گەپنىڭ راستىنى قىلسام، بۇ يەرنىڭ شارائىتى مەن ئىلگىرى ئىشلىگەن مەكتەپتىن كۆپ ياخشى، شۇڭا بۇ يەرنى تاللىدىم. بۇ يەردە ئۆز رولۇمنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالىدىم. ياڭ يىڭچى ھەقىقەتەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئايال. بارلىقنى مائارىپقا، ئەۋلادلارغا بېغىشلىغان ئايال. ھەممە شارائىتى تولۇق تۇرۇپ، ئۆزىنى يەنە مۇشۇنداق بىر جاپالىق ئىشقا بېغىشلىغان ئايال. مۇشۇنداق ئايال بىلەن ئىشلەشنىڭ ئۆزىمۇ بىر راھەت ئىش ئەمەسمۇ؟!

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن ياڭ يىڭچى ئېغىز ئاچتى:

— ھازىر بۇ يەردە ئون نەچچە ئادەم ئىشلەيدۇ. ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىش كۆتۈپ تۇرغان، ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان ياشلار. بىز ئۇلارغا ئۆلچەم بويىچە ئىش ھەققى بېرىپ كەلدۇق. ئۇلارنى زۆرۈر تەمىناتلاردىن بەھرىمەن قىلدۇق. شۇڭا ئۇلار بۇ يەرنى خۇددى ئۆز ئائىلىسىدەك قەدىرلەيدۇ.

— ماۋۇ ئاپتوموبىل مەخسۇس بالىلارنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىل، — دېدى ياڭ يىڭچى ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان بىر بولكىۋاينى بىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بىز بۇ ئاپتوموبىل بىلەن بالىلارنى ئەتىسى ئۆيىدىن ئەكىلىمىز، كەچتە ئاپىرىپ قويىمىز. كۈندۈزى بالىلار بۇ يەردە تەربىيەلىنىدۇ، ئوينايدۇ. يازلىق، قىشلىق تەتىل يوق. كۈنبويى بالىلار ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز.

ياڭ يىڭچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە غەيرىتىگە قايىل بولدۇق ھەم كۆڭلىمىزدە: «بۇ يەرنىڭ شارائىتى بەزى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى

باللار باغچىلىرىدىن خېلى كۆپ ياخشى ئىكەن، باللار باغچىلىرىدا قىشلىق، يازلىق تەتىل بولغاندا ئاتا - ئانىلارنىڭ بېشى قېتىپ كېتەتتى. لېكىن بۇ باللار باغچىسى ھەقىقەتەن ئاتا - ئانىلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كەپتۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدۇق. ئىگىلىشىمىزچە، ياڭ يىڭچى خانىم ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئاقسۇدا «يۇگىئەن» باللار باغچىسىنى ئېچىپ، 300 دەك بالىنى تەربىيەلەپ، جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، شەھەردىكى ئالاقىدار تارماقلار ئۇنىڭغا خېلى كۆپ شان - شەرەپلەرنى بەرگەن. 2005 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بۇ باغچىنى ئاچ-قان. ئۇ ھەر يىلى 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىرىپ، باللار ئوقۇشلۇقى ۋە باللارغا ئائىت گېزىت - ژۇرنال سېتىۋالدىكەن.

— مانا ماۋۇ بىز تەربىيەلىگەن باللارنىڭ ئارخىپى، — ياڭ يىڭچى ئىشخا-نىسىدا بىزگە بىر قېلىن ئارخىپ ماتېرىيالىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدا «يۇگىئەن» ۋە «تيەنتيەن» باللار باغچىسىنى ئاچقاندىن بۇيان تەربىيەلەنگەن باللارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى، سۈرەت - ماتېرىياللىرى بار ئىكەن.

— دەسلەپتە 33 بالا قوبۇل قىلغان، ھازىرغىچە 365 بالا قوبۇل قىلىنىپ تەربىيەلەندى. تەربىيەلەش شارائىتىمىز، مۇھىتىمىز ياخشى بولغاچقا، 2006 - يىل 10 - ئايدا ئاقسۇ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن مائارىپنى مۇپەتتىش قىلىشتا بىرىنچىلىككە ئېرىشتۇق. مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «ئۈلگىلىك ئائىلە باشلىقى مەكتىپى» بولدۇق، — دېدى ياڭ يىڭچى مۇلايىم تەلەپپۇزدا. ئۇنىڭ سېرىق چاچلىرى ئالتۇندەك پار-قىرايتتى. بۇ باغچا يەنە «لىندا ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى بويىچە تەجرىبە باغچى-سى» قىلىپ بېكىتىلگەن، ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇشتىن ئىلگىرىكى «ئەمەلىي تەربىيەلەش بازىسى» قىلىپ تاللانغان. 2006 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق ئىشلىرى سىستېمىسىنىڭ «سەمىمىيەت ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشى» نەق مەيدان يىغىنى بۇ باغچىدا ئېچىلغان. ئالاقىدار تەرەپلەر ھەيران قالغان. ۋىلايەت، شەھەر رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلار ياڭ يىڭچىنى قوللىغان.

— بىزنىڭ تەربىيەلەش ھەققىمىزمۇ خېلى ئەرزان. مەقسىتىمىز پۇل تېپىش ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش، — دېدى ياڭ يىڭچى باغچىنىڭ

مۇلازىمەت ئىدىيەسى ھەققىدە ئىغىز ئىچىپ، — مەن ئۆز پەرزەنتلىرىمنى بېقىپ چوڭ قىلىشتا كۆپ قىينالغان. ئۇ چاغدا مۇنداق ئەۋزەل شارائىت يوق ئىدى. مەن ھازىرقى ئاتا - ئانىلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى، بالا بېقىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى چۈشىنىمەن. ھازىر ئىككى نەۋرەم مۇشۇ يەردە تەربىيەلىنىۋاتىدۇ، مەن چوقۇم بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئاتا - ئانىلارنى رازى قىلىمەن. جەمئىيەتكە كۆپرەك تۆھپە قوشۇپ، ھاياتىمنى مەنىلىك ئۆتكۈزىمەن.

ۋىلايەتلىك پېشقەدەم كادىرلار ئارام ئېلىش ئورنى ئاقسۇ شەھىرىدىكى مۇھىتى ئەڭ گۈزەل، ھاۋاسى ساپ، تىنچ ئورۇننىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. «تيەنتيەن» بالىلار باغچىسى دەل مۇشۇ قورۇدىن ئورۇن ئالغان. بىز زىيارەتكە بارغان ۋاقىت 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى جۇدۇنلۇق كۈنلەر بولسىمۇ، لېكىن قورۇ ئىچىدىكى ئارچا، قارىغايلار خۇددى ياز پەسلىدىكىدەك كۆكىرىپ تۇراتتى. بۇ شاۋقۇن - سۈرەندىن خالىي، تىنچ جاي ئىدى.

— بۇنداق ئورۇن بىرسى ياشانغانلارغا، يەنە بىرسى مۇشۇنداق بالىلارغا بەكرەك باب كېلىدىكەن. مەن بۇ باغچىنى ئىچىشتا مۇشۇ تەرەپنىمۇ نەزەرگە ئالدىم. بالىلار گۈزەل، تىنچ مۇھىت ئىچىدە چوڭ بولسا، ئەقىللىق، مەدەنىي، سەمىمىي بولىدۇ. مۇھىتنى ئاسرايدىغان، سۆيىدىغان بولىدۇ، — دېدى ياڭ يىڭچى زىيارىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا. ئىشخانىدا نۇرغۇن ئاتا - ئانا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئىشخانا تېلېفونىمۇ توختىماي سايرايتتى. ئۇ ئاتا - ئانىلارغا ناھايىتى قىزغىن، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. «بولىدۇ، چۈشەنگىنىڭىزگە رەھمەت، بالىڭىزنى ئەكىلىڭ. بىز قوبۇل قىلىمىز، سىلەرنى خاتىرجەم قىلىمىز، بىزدىن چوقۇم رازى بولىسلەر» دەيتتى ئۇ ھەربىر ئاتا - ئانىغا بالىلار باغچىسىنىڭ شارائىتىنى چۈشەندۈرۈپ. بىز ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىغا ئىختىيارسىز قايىل بولدۇق ھەمدە بىر - بىرىمىزگە قاراپ: «بىز كىچىك چاغلاردا مۇنداق ياخشى شارائىت يوق ئىدى. بۇ يەر ھەقىقەتەن بالىلارنىڭ جەننەت ماكانى، ئىللىق ئائىلىسى ئىكەن. ھازىرقى بالىلار نېمىدېگەن تەلەيلىك، نېمىدېگەن بەختلىك ھە!» دېيىشتۇق. ئاخىرىدا ياڭ يىڭچى خانىمنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىشلىرىغا بەرىكەت تىلەپ زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق.

(«ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 2008 - يىل 18 - مارت سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# ئۆرۈكلۈك باغدىكى ئۇچرىشىش

مۇنبەردە شاھ كەبى تۇرىدۇ ئۇستاز،
ۋە لېكىن بېشىدا شاھلىق تاجى يوق.
ئۆگەتكەچ ئىنسانغا ئادىمىيلىكنى،
ھېكمىتى، شەۋكىتى خىزىردىن ئۇلۇغ.

...

مانا بۇ، ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن پېنسىيەگە چىققان تۇر-سۇنجان توختىنىياز ناسىرىنىڭ 40 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئۇستازلىرىغا سۇنغان كۆڭۈل سوۋغىسى. بۇ سوۋغىغا ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىغا بول-غان چەكسىز ھۆرمىتى، ئوتلۇق مۇھەببىتى، سەممىي ھېسسىياتى مۇجەسسەم-لەنگەن ئىدى. شۇڭا بۇ سوۋغا شۇ ھامان ئوقۇتقۇچىلارغا تەسىر قىلدى. بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆز چاناقلىرى نەملىشىپ، قەلبى لەرزىگە كەلدى، ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترىدى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچى بولغىنىدىن قەۋەتلا پەخىرلەندى. ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم دەپ ھېسابلىدى. گەرچە شۇ ئۆزۈن يىللار بۇ سورۇندىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چاچلىرىغا ئاق، يۈزلىرىگە قورۇق، جىسمىغا قېرىلىق ئاتا قىلغان بولسىمۇ، بۈگۈن ئۇلار ئۆزىنى باشقىچە ياشىرىپ قالغاندەك، جانلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى - دە، روھىدىكى ھۆرمەت شارابىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى.

* * *

2006 - يىل 21 - ئىيۇل، جۈمە چۈشتىن كېيىن جاھان تونۇردەك قىزىپ كەتكەن چاغ ئىدى. ئاقسۇ شەھىرىدىكى «چىمەنزار» ئۆرۈكلۈك باغ ئارامگاھى-نىڭ قوش ئۇستەللىك ئايرىمخانىسىغا بىر توپ كىشى جەم بولغان ئىدى. ھەر

خىل ياشتىكى بۇ كىشىلەرنىڭ چېھرىدە شادلىق، كۆزلىرىدە تەبەسسۇم، قەلبىدە هاياجان ئەكس ئېتەتتى. بۇ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۇچرىششى بولۇپ، ئۇلار ئۆتكەن ئەسرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 60 - يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان مەزگىلدىكى قۇمباش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

40 نەچچە يىلدىن كېيىنكى بۇ ئۇچرىششقا ئەينى يىلى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، كېيىن يۇرتى غۇلجىغا يۆتكىلىپ كەتكەن مۇھەممەتجان ياقۇپنىڭ توساتتىن ئاقسۇغا ساياهەت قىلغىلى كەلگەنلىكى سەۋەب بولۇپ قالغان. تۇرسۇنجان توختىنىياز قاتارلىقلار باش بولۇپ بۇ سورۇننى تەشكىللىگەن. سورۇنغا شۇ يىللاردىكى 2 - ئەۋلاد مەكتەپ مۇدىرى ئابلىمىت خۇدابەردى، 1 - ئەۋلاد ئىلمىي مۇدىر ئابدۇرېشىت ئابلا، 2 - ئەۋلاد ئىلمىي مۇدىر ئۆمەر داۋۇت، 3 - ئەۋلاد ئىلمىي مۇدىر ئابلىكىم هەسەن هەم سىدىق نىياز، ئىمىن يۇنۇس، يۇسۇپ جۇمە، ئابدۇراخمان باۋۇدۇن، مۇھەممەتجان ياقۇپ قاتارلىق توققۇز نەپەر پېشقەدەم ئۇستاز تەكلىپ قىلىندى. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئاز كەم يېرىم ئەسىر ئىلگىرىكى مەكتەپ هاياتىنى ئەسلەپ ئۆتتى. بەزىلەر شېئىر ئوقۇدى، يەنە بەزىلەر ناخش ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىدى. بەزىلەر 40 نەچچە يىل يۈز كۆرۈشەلمىگەن ياكى تۈزۈكرەك مۇڭدىشىش پۇرسىتى تاپالمىغان ئۇستازلىرىنى كۆرۈپ هاياجاندىن يىغلاپ تاشلىدى. ئۇستاز - شاگىرتلار ئۆزئارا بەخت، سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشتى.

*　　　*　　　*

1956 - يىل 4 - ئايدىن 1957 - يىل 6 - ئايغىچە 40 مو كۆلەمنى ئىگىلىگەن، 320 كىۋادرات مېتىرلىق كارىدورلۇق سىنىپ، ئىشخانا، 150 كىۋادرات مېتىرلىق ئاشخانا، ئىسكىلات، 250 كىۋادرات مېتىرلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ياتىقى قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن ئاقسۇ يېزىلىرىدىكى تۇنجى ۋە بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ — قۇمباش تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى دۇنياغا كېلىپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا رەسمىي ئوقۇش باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك

1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشقا، سابىق ئاقسۇ ناھىيەسىدە بىرمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلىپ، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى باللارغا ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدىن بەھرە ئېلىش شارائىتى يارىتىلغان. مەرھۇم مۇھەممەت قۇربان مەكتەپنىڭ تۇنجى مۇدىرلىقىغا، ئابدۇرېشىت ئابلا ئىلمىي مۇدىرلىققا تەيىنلەنگەن. بۇ مەكتەپكە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوتتۇرا، ئالىي مەلۇماتلىق ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇلار تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىقى، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن بارلىقىنى يېزا مائارىپىغا بېغىشلاپ، يېزا ئاھالىلىرى، جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

ئۇ چاغلاردا ھازىرقى ئاۋات ناھىيەسىگە قاراشلىق بەشئېرىق، يېڭىئېرىق يېزىلىرى ئاقسۇ ناھىيەسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئاقسۇ ناھىيەسىگە قاراشلىق سەككىز يېزىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى لاياقەتلىك پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلىرى تاكى 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىلىرىغىچە (ھەرقايسى يېزىلاردا ئۆز ئالدىغا ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانغا قەدەر) بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇيتتى.

ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا ئۇستاز ـ شاگىرت بولۇپ، ئىلىم ـ پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا قاراپ بىرلىكتە ئىلگىرىلىسە، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كېسەك قۇيۇپ، تام قوپۇرۇپ، جاپالىق ئەمگەكلىرى ئارقىلىق مەكتەپنىڭ ئۇل قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملىگەن، كۆچەت تىكىپ، ئورمان ئەھيا قىلىپ، باغ ـ گۈلزارلىقلارنى بەرپا قىلغان. «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش» يولىدا مېڭىپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن مەكتەپ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرگەن. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرۇژۇكلىرىنى قۇرۇپ، قەرەللىك ئەدەبىي ژۇرنال چىقارغان، تام گېزىتى ئىشلىگەن. سەنئەت گۇرۇپپىلىرى ئىجادىي نومۇرلار ئاساسىدا ئويۇن قويۇپ، دىراملارنى ئويناپ، مەكتەپ كوللېكتىپى ۋە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقان. فىزىكا، خىمىيە پەنلىرى بويىچە تەجرىبە گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللىگەن. تەنتەربىيەدىكى ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە كوماندىلارنى تەشكىللەپ، دەرستىن سىرتقى كەيپىياتنى جانلاندۇرغان.

بۇ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئاقسۇ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قاتارلىق نۇقتىلىق تېخنىكوملارغا، ھەتتا ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، كېيىن ھەرقايسى ساھەلەردە مۇھىم ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. ئەنە شۇ يىللاردىكى قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرە شۇ مەزگىللەردە قۇمباش ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلىگەن ۋە ئوقۇغان ھەربىر كىشىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق.

قۇمباش ئوتتۇرا مەكتىپى باشقا يېزىلاردا كېيىن قۇرۇلغان مەكتەپلەر ئۈچۈن مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ ئۈلگىلىك ئەندىزىسىنى يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا، ئۇنى ئاقسۇ يېزا مائارىپىنىڭ تۇنجى مەشئىلى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 -، 60 - يىللىرىدىكى جاپالىق مەزگىللەردە بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىشى، بوران - چاپقۇنلاردا غۇلاپ چۈشمەي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ مەكتەپ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدىن بەھرىمەن بولۇپلا ئۆرلەپ ئوقۇش شارائىتىغا ئېرىشەلمەي تېڭىرقاپ يۈرگەن يېزا بالىلىرىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ گۈلشەنىدە پەرۋاز قىلىشى ئۈچۈن يول ئاچقان ئىدى.

تۇرسۇنجان توختىنىياز ناسىرى قۇمباش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارار-لىق ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېچىلغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1961 - يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي بۆلۈم ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇڭا ئۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ 60 - يىللار-نىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئەھۋالىنى بىر قەدەر تولۇق چۈشىنەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: شۇ يىللاردىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئارقا سەپ خىزمەتچىلىرىدىن 26 كىشى يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ باقىي ئالەمگە كەتتى. ھازىر بارماق بىلەن سانىغۇ-دەكلا بىرقانچە كىشى قالدى. ئەينى چاغدا بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرىگە قەدەم باسقان ئوقۇغۇچى - شاگىرتلارمۇ مائارىپ ۋە كەسپىي، مەمۇرىي تارماقلاردا 30 ∽ 40 يىللىق خىزمەت تارىخىنى باشتىن

كەچۈرۈپ پېنسىيەگە چىقتى. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئەنە شۇ ھۆرمەتلىك ساۋاقداشلار جەم بولۇپ قالساق، ئۇستازلىرىمىزنى ئەسلەپ، گېپىنى قىلىشقاندىن باشقا، ئۇلارغا بولغان سېغىنىشىمىز ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىمىزنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىپادىلەشنىڭ پۇرسىتىنى يارىتالماي كەلگەنىدۇق. شۇڭا ئۇستازىمىز مۇھەممەتجان ياقۇپنىڭ كېلىشى بىلەن، يېقىن - يىراقتىكى ساۋاقداشلار ئۆز ئارا خەۋەر قىلىشىپ، ھايات ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىمىزدىن بىر قىسمىنى تەكلىپ قىلىپ، بۈگۈن بۇ ئۆرۈكلۈك باغقا جەم بولدۇق.

ئوقۇتقۇچى قېرىدى، لېكىن ئۇنىڭ روھى قېرىمىدى، قەلبى تاغدىكى قارىغايلاردەك ياشىرىپ تۇردى. جاھان ئۆزگەردى، زامان ئۆزگەردى. ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ياشىغان دەۋرى، مۇھىتى، ئورنى ئۆزگەردى. بىراق شاگىرتنىڭ ئۇستازىغا، ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا بولغان ھۆرمىتى ئۆزگەرمىدى. شۇڭا ھەممەيلەن: «بۇ ئەھمىيەتلىك ئۇچرىشىش بولدى. ئۆرۈكلۈك باغدىكى بۇ ئۇچرىشىشنى بىز مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز» دېيىشتى.

ئۆچمەستۇر ئۇ پەرلەپ ياندۇرغان چىراغ،
تۈمەنمىڭ قەلبلەر تۆرىدە چاقناپ.
مەرىپەت كۆكىدە ئۇنىڭ ئوبرازى،
مىڭ قۇياش نۇرىدەك تۇرىدۇ پارلاپ.

تۇرسۇنجان توختىنىياز ناسىرى ئۆزى يېزىپ ئوقۇغان بۇ شېئىر ئۇچرىشىش سورۇنىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەلبىنى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە سالدى.

2006 - يىل ئىيۇل، ئاقسۇ

# يالقۇننىڭ يالقۇنلۇق قەلبى

## 1

ھايات بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا نېمىلەرنى يېزىش، نېمىلەرنى سىزىش شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ئۇنداقتا يالقۇن ھەلىمىدىن ئۇ قەغەزگە نېمىلەرنى يازدى؟

1988 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، دۈشەنبە ئىدى. بۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، قىشنىڭ سوغۇقى سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. ئەمما ئاقسۇ شەھىرىنىڭ كوچىلىرى بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەن، چوڭ - كىچىك كوچىلارغا ھەر خىل لوزۇنكىلار ئېسىلغان ئىدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى يىغىن زالىدا چىراغلار چاقناپ، گۈللەر تىزىلىپ كەتكەن ئىدى. رەئىس سەھنىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئېسىلغان دۆلەت گېربى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۈگۈن پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئاقسۇ شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ ئاخىرلىشىدىغان كۈنى ئىدى. يىغىندا شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ بەش يىللىق كارتىنىسى سىزىپ چىقىلاتتى. شەھەر قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشىغا ئائىت زور - زور مەسىلىلەر قارار قىلىناتتى. ئەڭ مۇھىمى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت، سوت، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلاتتى. كىم مۇدىر بولار، كىم شەھەر باشلىقى بولار؟!... بۇ كۆپچىلىك ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە ئىدى. چوڭ يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن سايلام باشلاندى. شەرەپلىك ھەم مۇقەددەس مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان خەلق

قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە ئۈمىد بىلەن يىغىن مەيدانىدىكى قىزىل رەڭلىك بېلەت ساندۇقىغا بېلەت تاشلىدى. ۋەكىللەرنىڭ كۆزلىرىدە تەقەززالىق ئوتلىرى يېنىپ تۇراتتى. ھەممە ئادەم سايلام نەتىجىسىنىڭ تېزرەك ئېلان قىلىنىشىنى كۈتمەكتە. بىر مىنۇت، ئىككى مىنۇت، بەش مىنۇت، ئون مىنۇت... ئاخىرى سايلام نەتىجىسى چىقتى.

— يالقۇن ھەلىمىدىن ئاقسۇ شەھەرلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى!

يىغىن مەيدانىدا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. ئۈمىدلىك كۆزلەر، تەبەسسۇم چىرايلار ئۇنىڭغا تىكىلدى. رەھبەرلەر، ۋەكىللەر ئۇنى تەبرىكلەشتى. يالقۇن ھەلىمىدىننىڭ قەلبى شۇ تاپتا خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆركەشلىدى. ۋۇجۇدى گويا يانار تاغدەك لەرزىگە كەلدى. تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسى، خەلقنىڭ ئۈمىدى ئۇنى ھاياجاندىن مەست قىلىۋەتتى. قانداقتۇر بىر خىل ئېغىر يۈك، ئېغىر مەسئۇلىيەتتىن پەيدا بولغان يەنە بىر ئەندىشمۇ ئۇنىڭ قەلب قەسرىگە كىرىپ تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئادەم ھاياجانلىق مىنۇتلاردا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشى كېرەك. يالقۇن ھەلىمىدىن ئۆزىنى تەمكىن تۇتتى ھەم يىغىندا ئىرادە بىلدۈرۈپ ئۆتتى: مەن پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش فۇنكسىيەسىنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە تىرىشىمەن. ۋەكىللەرنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، «بىر ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ خىزمەتلىرىنى ئوبدان نازارەت قىلىپ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملارنىڭ شەھىرىمىزنىڭ مەمۇرىي رايون تەۋەلىكىدە توغرا ئىزچىللىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمەن. دائىمىي كومىتېتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى جانلاندۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇشقا كۈچەپ، شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىمەن. تەشكىل ۋە ۋەكىللەرنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاشقا بەل باغلايمەن!...

يىغىن زالىدا يەنە چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى...

يالقۇن ھەلىمىدىن 1947 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئونسۇ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان،

1966 ـ يىل 7 ـ ئايدا سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگـەن. 1969 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1970 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ئۇنسۇ ناھىيەسـىدە قـايتـا تەربىيە ئالغان. 1970 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1989 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ھەربـىي سەپتە خىزمەت قىلغان. دائىمىي كومىتېتقا مۇدىر بولغانغا قەدەر ئاقسۇ شـەھـەر-لىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىـقى، شـەھـەرلـىـك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. بۇ جەرياندا بېرىلىپ خىزمەت قىلـىـپ، تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىدى.

قۇرۇلتايدىن كېيىن يالقۇن ھەلىمىدىنىنىڭ يەنە بىر يېڭى خىزمەت ھايـاتـى باشلاندى. ئۇ ئالدى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگـىنـىـنـىـڭ خىزمەتلىرى بىلەن تونۇشتى. كادىرلارنىڭ ئىدىيەۋى ئەھۋالى، تەشكىلىي تـۈ-زۈم ۋە كەسپىي خىزمەتلەرنىڭ يۈرۈشۈش ئـەھـۋالـىـنـى كـۆزەتـتـى. يـېـزا ـ بازارلارغا بېرىپ خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەش-تى. ئەتراپلىق ئەھۋال ئىگىلىدى. دائىمىي كومىتېت ئورگىنىنىڭ ئىچكى قـىـسـ-مىدا تۈرلۈك مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىدى. بولۇپمۇ كادىرلارنىڭ ئىتتىپاقـلـىـقـى، ئىنتىزام قارىشى، خىزمەت پوزىتسىيەسىدىكى بەزى مەسىلىلەر يالقۇن ھەلـىـمـ-دىنىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بەزى كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىقتـىـدارى تـۆۋەن، قانۇن ئېڭى ئاجىز بولۇپلا قالماي، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىز ئىدى. يالقۇن ھـە-لىمىدىن ئىشنى كادىرلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش، مەدەنىيـەت سـاپـاسـى، قانۇن ساپاسى، سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە قول سېلىشتىن بـاشـلـىـدى. ئۆز ئارا ئازارلىشىپ قالغان كادىرلار بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىپ، مەسـىـلـىـنـى ۋاقتىدا ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇردى. يوقلىما تۈزۈمىنى مۇكەم-مەللەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ھەربىر كادىرنىڭ ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بېكىتتى. سىياسىي ئۆگىنىش، كەسپىي ئۆگىنىش تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، كادىرلارنى ئۆگىنىشكە ئادەتلەندۈردى. ئۇ دائىم كادىرلارغا: «خەلق قۇرۇلتىيـى دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزىدىغان ئـورۇن، شۇڭا بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلار تۈرلۈك قانۇن، نىزاملارنى پىششىق بىلىشى، پـار-تىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى پىششىق بىلىشى لازىم» دېگەن گەپنى ئەسكەرتـىـپ تـۇر-

دى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوقۇش تارىخى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن كادىرلارنى ھەرخىل مەكتەپلەردە ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈردى ھەمدە ئوقۇپ دىپلوم ئالغان كادىرلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى بەلگىلىمە بويىچە ئاتچوت قىلىپ بەردى. بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن تۈرلۈك كۇرسلارغا ئەۋەتىپ تەربىيەلىدى. بۇنىڭ بىلەن كادىرلار ئارىسىدا بىلىمگە قىزىقىدىغان، ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. كادىرلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە روھىي كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، خىزمەت ئۈنۈمى ئېشىشقا باشلىدى.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، شۇنداقلا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ چوقۇم نوپۇزى بولۇشى، كۈچلۈك، ئىتتىپاق بولغان رەھبەرلىك كوللېكتىپى بولۇشى، خىزمەت ئاپپاراتلىرى تولۇق ھەم مۇكەممەل بولۇشى، شارائىتى ياخشى بولۇشى لازىم. ئەمما بۇ يەرنىڭ شارائىتى يالقۇن ھەلىمىدىن ئويلىغاندەك ئەمەس ئىدى. دائىمىي كومىتېت ئورگىنىدا پىدكاپىتىن پەقەت ئىككىسىلا بار بولۇپ، ئۇ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارنىڭ خىزمەت ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايلا قالماستىن، ئورگاننىڭ نورمال خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزۈپ كەلگەن ئىدى. بىر قىسىم خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ نامى بار بولسىمۇ، ئادىمى يوق ئىدى. ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك كادىرلار ئۆستۈرۈلمەي كۆمۈلۈپ قالغان، يەنە ئارىيەتكە ئېلىپ يۆتكەلگەن كادىرلارنىڭ مەسىلىسىمۇ بىر ياقلىق قىلىنمىغان ئىدى. ئورگاننىڭ خىزمەت شارائىتى، مۇھىتى دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالغان، ئۈسكۈنىلەر كونىراپ كەتكەن ئىدى. بۇ بىر قاتار مەسىلىلەر يالقۇن ھەلىمىدىننىڭ خىزمەت خاتىرىسىگە مۇھىم ئىشلار قاتارىدا يېزىلدى. ئۇ كۆپ قېتىم مۇئاۋىن مۇدىرلارنى يىغىپ يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. شەھەرلىك پارتكومغا دوكلات يېزىپ مۇۋاپىق خىراجەت ھەل قىلدى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لىۇ خەيچىن بىلەن زىچ ماسلىشىپ ئىشلەپ، پىكاپنى پەيدىنپەي بەشكە يەتكۈزدى. ئىشخانىلارنى زىننەتلەتكۈزۈپ، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلىدى ۋە تولۇقلىدى. تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى بىلەن سۆز-

لىشىش ئارقىلىق كادىرلارنىڭ يېڭى، جۇشقۇن ئوبرازىنى نامايان قىلىش ئۇ-چۇن، كادىرلارغا بىر تۇتاش خىزمەت فورمىسى تىكتۈرگۈزدى. ئورگان ئىش-چىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەرەللىك ھالدا شاھمات، قار-تا، ۋالىبول، تانسا ـ ئۇسسۇل قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. كادىرلارنى مۇددەت، تۇركۇمگە بۆلۈپ ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيەگە ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن كادىرلار ئارىسىدا خىزمەتنى، ئىش ئورنىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۆم، ئىتتىپاق ئۆتىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

## 2

ۋەزىپىنىڭ ئۆزى مەسئۇلىيەت، مەسئۇلىيەتنىڭ ئۆزى بېسىم، بېسىمنىڭ ئۆ-زى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. يالقۇن ھەلىمىدىن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن ئىبارەت بۇ رولنى ياخشى تۇتۇش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، ئۆزىگە ھەر ۋاقىت يۇقىرى تەلەپ قويدى. خىزمەتتە ئىنچىكە، ئەستايىدىل بولۇش، قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈنۈش، قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە ئىش بېجىرىش، كوللېكتىپ قارار چىقىرىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇردى. شەھەرلىك پارتكوم بى-لەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. «بىر ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ خىزمەتلىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە خىزمەتلىرىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىشىشى، قېلىپلىشىشىنى ئىلگى-رى سۈردى. جەمئىيەتتىكى قىيىن، قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە قارىتا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ۋاقتىدا تەشكىللەپ، ئاقسۇدىكى بىر قىسىم تۈرمە (سولاقخانا) لەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. شەھەرلىك تۈرمى-گە كەلگەندە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ دىققىتى قوزغالدى. تۈرمىدە ئۆي ئاز، جىنايەتچىلەر كۆپ بولۇپ، 8 ∽ 9 ئادەم ياتىدىغان ئۆيدە 12 ∽ 13

ئادەم ياتاتتى. بۇ ئىش تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئالاقىدار ئورۇنلار بۇ تۈرمىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىش توغرىسىدا ئاپتونوم رايونغا تېزدىن دوكلات يازدى. ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارمۇ بۇ ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، تۈرمە شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ۋاقتىدا مەخسۇس مەبلەغ چۈشۈرۈپ بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ تۈرمە ئومۇميۈزلۈك يېڭىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى تۈرمىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ھۆرمەت ئالىيجانابلىقتىن، ئىناۋەت جاپالىق مېھنەتتىن ئاپىرىدە بولىدۇ. ئىلگىرى جەمئىيەتتىكى بەزى ئادەملەر «دائىمىي كومىتېت ئارام ئالىدىغان جاي، ئىككىنچى سەپتىكى ئورۇن» دەپ قارايتتى. يالقۇن ھەلىمدىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق بۇ خىل قاراشقا خاتىمە بەردى. ئۇ ھەر ۋاقىت مۇئاۋىن مۇدىر، خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرىدىن ئۆز خىزمىتىگە پۇختا بولۇشنى، خىزمەتنى يۈرەكلىك، دادىل ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى ھەم ئۆزى باشلامچى بولۇپ، شەھەرنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ئاقسۇ شەھىرى مەملىكەت بويىچە پاكىز شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىگە ئاتلانغان پەيتتە، ئۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنى تەشكىللەپ شەھەر رايونىدىكى بىر قىسىم زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ مۇھىتىغا قارىتا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. مەلۇم قەغەز زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان ئاتالمىش «تازىلىق قەغىزى» كىشىلەر تەرەتتىن كېيىن تاشلىۋەتكەن قەغەزدىن ئىشلىنەتتى. بۇنداق پاسكىنا قەغەزلەر زاۋۇت مەيدانىدا چېچىلىپ، ئۇچۇپ يۈرەتتى. مۇھىت بەكلا بۇلغىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر غەزەپلەندى. يالقۇن ھەلىمدىن خۇلاسە يىغىنىدا زاۋۇت باشلىقىنى تەنقىد قىلدى ھەم ئۇنى دەرھال ئىش توختىتىپ ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش، مۇھىتنى ياخشىلاشقا بۇيرۇدى. يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيەسىنىڭ قەغەز زاۋۇتى بۇلغىمىلارنى ئاقسۇ دەرياسىغا قويۇپ بېرەتتى. بۇ ئىشمۇ يالقۇن ھەلىمدىننىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ تېزدىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، بۇ زاۋۇتنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلدى ھەم زاۋۇت تەرەپنى جىددىي تەدبىر

قوللىنىپ، دەرياغا بۇلغىما قويۇپ بېرىش قىلمىشىنى توختىتىشقا بۇيرۇدى. مۇشۇ يىللاردا دائىمىي كومىتېتنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىك سالمىقى زورايتىلغانلىقتىن، شەھەرلىك پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەستايىدىل تەشكىللىشىدە، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ مۇھىت تازىلىقى يىلمۇيىل ياخشىلاندى ھەم مەملىكەت بويىچە پاكىز شەھەر بولۇپ باھالاندى.

ياخشى تۈزۈم ياخشى كاپالەت. يالقۇن ھەلىمىدىن ئاساسلىق زېھنىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ئۈستىگە مەركەزلەشتۈردى. دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ ھەر مەزگىللىك مۇھىم نۇقتىسى ۋە خەلق ئاممىسى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ يىللىق پىلان تۈزۈپ، ھەيئەتلەر ۋە ۋەكىللەرنى پىلان بويىچە تەشكىللەپ، كۆزدىن كۆچۈرۈش ھەم تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ھەر يىلى ئاز دېگەندىمۇ ئون نەچچە قېتىملىق قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە ئۆزى بىۋاستە قاتناشتى ھەم قوماندانلىق قىلدى. بارغانلا يېرىدە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا كۆرسىتىپ بەردى ھەم تۈزەتكۈزدى. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقنى دادىل يۈرگۈزدى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان سانلىق يىغىنى ۋە ھەيئەتلەر يىغىنى، مۇدىرلار يىغىنىنى ئېچىش، ئالاقىدار دوكلات، چوڭ ئىشلارغا قاراپ چىقىش، قارار چىقىرىش، تەكلىپ - پىكىر بېرىش، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە تەركىبىدىكى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلاردا قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلدى، تۈزۈمدە چىڭ تۇردى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكىر - تەۋسىيەلەرنى ئىنچىكە رەتلەپ، ئۇنى ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە ۋاقتىدا يوللاشنى ئىشقا ئاشۇردى. بېجىرىش ئۇسۇلى، ۋاقتى جەھەتتە كونكرېت تەلەپ قويۇپ، تەكلىپ - پىكىرلەرنىڭ بېجىرىلىش نىسبىتىنى 100% كە يەتكۈزدى. ئۇ پارتىيە كادىر باشقۇرۇش بىلەن دائىمىي كومىتېت قانۇنلۇق ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى. ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلاردىن ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. بەزى رەھبىرىي كادىرلار

دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەسلىكتىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالـ-
دى. 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى شەھەر باشلىـ-
قى ۋە ئىككى مەھكىمە باشلىقلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات
يايدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولى ئارقىلىق ھۆكۈ-
مەت بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇردى. ھەيـ-
ئەتلەرنى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە تەركىبىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ
ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىنى باھالاشقا ئۇيۇشتۇردى. بىر قىسىم يېزا، بازارلاردا
كۆرۈلگەن يېزا ۋە كەنت باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن خالىغانچە قالدۇرۇۋېتىش،
پارتكوم ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە تەيىنلەشتەك قانۇنغا خىلاپ ئىشلار ۋاقتىدا
تۈزىتىلدى. بولۇپمۇ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ سايلىمىنى قانۇن بويىچە ئۆت-
كۈزۈش ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كەنت كومىتېتىنىڭ قانۇنلۇق ئورنى مۇكەم-
مەللەشتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى، ئاشكا-
رىلىق دەرىجىسى جەمئىيەتتە بارغانسېرى گەۋدىلىنىشكە ۋە نۇرلىنىشقا باشلىدى.

## 3

يول ماڭغانسېرى داغداملىشىدۇ، ھايات ئىشلىگەنسېرى شۇنچە گۈزەل تۈيۇ-
لىدۇ. يالقۇن ھەلىمىدىن 2003 ـ يىل 1 ـ ئايدا يەنە بىر قېتىم خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى. ئۆتۈپ كەتكەن بەش يىلدا ئۇنىڭ
قەلب ئىپتىزى يېڭى مەناغا تولدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ
پىشقان، تەجرىبىلىك رەھبىرى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ 6 ـ نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى بۇرۇنقى ئاساستا داۋاملىق
چىڭ تۇتتى، قەلبىگە ئۇلۇغۋار پىلانلارنى سىزدى. ۋەكىللەرنى كەڭ دائىرىدە
تەشكىللەپ، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ئاساس قىلغان «ئۈچ تەكشۈرۈش»
خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا كۆچىدى. ھەرقايسى يېزا ـ بازار، كوچا
باشقارمىسى ۋە يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ تۈەن ـ مەيدانلىرىغا چوڭقۇر
چۆكۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ۋەكىللەر بى-
لەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال ئىگىلىدى. ئىلغار ۋەكىل ۋە ئۈلگىلىك ۋەكىللەر گۇ-

رۇپپىسى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلـ-
دى. يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىسىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى
بىلەن پات - پات پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنامىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش
ئەھۋالىنى سوراشتە قىلدى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى يېزا - بازار
باشلىقلىرى بىلەن قەرەللىك ئۇچراشتۇرۇپ تۇرۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى. دائىمىي
رەئىسلەرنى تەربىيەلەش مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامدىـ
كى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ قېلىپلىشىشى، قانۇن - تۈزۈملىشىشى، ئىلمىيـ
لىششىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى. رەئىسلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى.

يالقۇن ھەلىمدىن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىشكە باشتىن - ئاخىر ئەھمىيەت بەردى. تەربىيەنى ئاساس قىلىش،
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، رەھبىرىي كادىرلار ئۈلگە بولۇش، كادىرلارنىڭ
كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، خىزـ
مەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، يۇ-
قىرىنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى
سېپىدە ۋاقتىدا ئىزچىللاشتۇردى ۋە ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، كالـ
لىسىنى ھەر ۋاقىت سەگەك، ھوشيار تۇتتى. يۇقىرىدىن چۈشۈرگەن ۋە ئاممـا
ئىنكاس قىلغان ئەرز - شىكايەتكە دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئۆزى بىۋاـ
ستە قول تىقتى. ئاممىنى كۈتۈۋېلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بېجىدـ
رىشكە تېگىشلىك ئىشنى ۋاقتىدا بېجىرىپ بەردى ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار-
نىڭ بېجىرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى. بۇ ئىش شەھەرنىڭ ئومۇملۇقى، مۇ-
قىملىقى، تەرەققىياتىغا پايدىلىق تەسىر كۆرسەتتى. شەھەرلىك پارتكوم ۋە
خەلق يالقۇن ھەلىمدىننىڭ خىزمىتىدىن رازى بولدى.

ياخشى ئىش كۆپ ئەجىردىن كېلىدۇ. ئىلگىرى خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىـ
نىدا ماتېرىياللار رەتسىز ھەم تولۇق ئەمەس ئىدى. يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا ماـ
قۇللانغان كۈنتەرتىپلەر يىغىن جەريانىدا خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىلەتتى. يالقۇن
ھەلىمدىن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشلار تارىخقا ئايلىنىپ كەتتى. ھاـ
زىر تولۇق يىغىن ماتېرىياللىرى، ھۆججەت، ئۇچۇر - ئالاقىلەر قېلىپلاشتى.
ئورگاننىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - دەرىجىلىك

ئۆلچىمىگە يەتتى. شەھەرلىك پارتكومنىڭ غەمخورلۇقىدا دائىمىي كومىتېت تۇر-لۇك يىغىن، قاتناش، ئىش بېجىرىش، سايلام خىراجىتىدىن قىسىلىپ قالمايدى-غان ھالەت شەكىللەندى. پارتكوم، ھۆكۈمەتتە نېمە بولسا، دائىمىي كومىتېتتىمۇ شۇ بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى. دائىمىي كومىتېت «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى قاتارلىقلارغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىدە ئۇدا بىر نەچچە يىل شىنجاڭ بويىچە ئالدىدا ماڭدى ھەم شەرەپ بىلەن ۋىلايەت دەرى-جىلىك «مەدەنىي ئورۇن» لار قاتارىغا كىردى.

يالقۇن ھەلىمىدىن ھەممە ئىشنى تەكشى تۇتتى، ھەممە ئىشقا تەڭ باش قا-تۇردى، ئاغرىپ قالغان مەزگىلدىمۇ خىزمەتنى ئاقسىتىپ قويمىدى. 2003 - يىل 1 - ئايدا ئۇ ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتى-يىنىڭ 2 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە ئېغىر زۇكام بولۇپ قېلىپ ئوكۇل سالدۇرغان ئىدى، لېكىن ياخشى بولالماي ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە شەھەرلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى باشلىنىپ كەتتى. ئۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلمىسا بولمايتتى. شۇڭا پۈتۈن بەدىنى قىزىپ تىترەپ تۇرسىمۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن ئارىلىقىدا يېرىم كۈن ئوكۇل سالدۇرۇپ، يېرىم كۈن يىغىنغا قاتناشتى. ئاخىرى يىغىننىڭ تۈرلۈك كۈنتەرتىپلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى، يىغىن ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچ-رىمىدى. 2001 - يىلى ئۇ دىماق توسۇلۇپ قېلىش كېسىلى بىلەن دوختۇرخا-نىدا يېتىپ قالغاندىمۇ تۈزۈك كىرەك ئارام ئالالمىغان، كېسەلخانا ئۇنىڭ ئىشخانىسى-غا ئوخشاپ قالغان ئىدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئۆزىنى خىزمەتكە بېغىشلاشتەك بۇ خىل روھىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەنىدى.

ياخشى ئادەم ھەممە يەردە ياخشى ئىش قىلىدۇ. سەككىز يىلدىن بۇيان يال-قۇن ھەلىمىدىن دائىمىي كومىتېتنىڭ توپلۇق يېزىسىدىكى يار - يۆلەك نۇقتى-سىغا دائىم بېرىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئىزچىل غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى. كادىرلارنى ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلغاندىن باشقا، ھەر يىلى ئۆز يېنىدىن 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىرىپ نامرات ئائىلىلەرگە خىمىيەۋى ئوغۇت، ئۇرۇق، سولياۋ يوپۇق ئېلىپ بەردى. كۆكتات پارنىكىنى ھۆددىگە ئې-لىپ قىيىنچىلىققا يولۇققان بىر سىچۈەنلىك نامرات قىزنىڭ ھالىدىن ئۇدا ئىككى

يىل خەۋەر ئالدى. قۇربان ھېيتتا بۇ بىر ئائىلىلىكنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ «مېھمان» قىلدى ھەم ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەردى.

خەلقنىڭ غېمىنى يېگەن ئادەمنى خەلق ھۆرمەتلەيدۇ. يالقۇن ھەلىمىدىن خىزمەتكە قاتناشقان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل خەلقنىڭ گېپىنى قىلىپ، غېمىنى يەپ كەلدى. خەلق قۇرۇلتىيى سېپىگە كىرگەن ئون يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى تېخىمۇ روشەنلىششكە باشلىدى. ئۇ 1997 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ، 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى. ئون يىل جەريانىدا ئۇ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، شەھەرنىڭ ھەر جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا، خەلقنىڭ تۇپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە تەكلىپ، پىكىر تەييارلاپ، ئۇنى قۇرۇلتايغا ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئورمان ساقچىلىرى ئىشتاتىنى ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپ، ئايكۆل بازىرىدىكى ئەشمىنىڭ سۈيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇھىتنى ياخشىلاش ھەققىدىكى تەكلىپ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى تەكلىپ، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، ئاقسۇ شەھىرىنى يېنىك توقۇمىچىلىق شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، تۆمۈريول تىرانسپورتىنى ياخشىلاش، تەبىئىي گازنى ئولتۇراق ئۆيگە تۇتاشتۇرۇش، قۇمنى تىزگىنلەش قەرز پۇلى ھەل قىلىپ بېرىش، چارۋىچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈش، يەر باشقۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، سۇ تېجەش، مۇھىت تازىلىقنى ياخشىلاش، شەھەر پىلانلاش، ئاپتوبۇس ۋە تاكسىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە دائىر نۇرغۇن تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلەر يالقۇن ھەلىمىدىننىڭ شەھەر ۋە ئاپتونوم رايون ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن ھەل قىلىندى. ئۇ مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ئاقسۇ شەھىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە نۇرغۇن مەبلەغ چۈشۈرۈپ بېرىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاقسۇدىكى ۋەكىللىرى ئىچىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ، پىكىرنى ئەڭ كۆپ بەرگەن، بەرگەن تەكلىپى ئەڭ كۆپ جاۋابقا ئېرىشكەن ۋەكىللەر-

نىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى جەريانىدا 2003 - يىلى سايلامدا بېلەت نازارەتچىسى، 2004 - يىلى سايلامدا باش بېلەت نازارەتچىسى قىلىپ بېكىتىلدى. ئون يىل جەريانىدا ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاقسۇ شەھىرىدىكى ۋەكىللىرى ۋە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئاز دې-گەندىمۇ 150 قېتىمدىن كۆپرەك تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش پائالىيىتىگە تەشكىللەپ، «بىر ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ خىزمەتلىرىنى قانۇن بو-يىچە نازارەت قىلىش بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلدى. ئالا-قىدار قانۇن - نىزاملارنىڭ شەھەر تەۋەسىدىكى توغرا ئىزچىللىشىشىغا، پۇقرالار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ زىيان-غا ئۇچرىماسلىقىغا، شەھەر، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قانۇن - تەرتىپ بويىچە نۆۋەت ئالمىشىشىغا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ تەرتىپلىك، جانلىق، نەتىجىلىك ئىشلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ساپ دىللىقى، سالماقلىقى بىلەن بۇ دىيارنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشتى.

ئون يىلدا بەش نەپەر شەھەر باشلىقى، ئۈچ نەپەر پارتكوم شۇجىسى ئال-ماشتى. لېكىن يالقۇن ھەلىمىدىننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بېغىشلانغان يالقۇنلۇق قەلبىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. يالقۇن ھەلىمىدىن توغرىسىدا دائىمىي كومىتېت ئورگىنىدىكى نۇرغۇن كادىرلار بىزگە: «بۇ ئادەم تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان، پاك ئادەم، ياخشى ئادەم، ياخشى رەھبەر» دېدى. سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەمتىمىن شاھىدىن: «يالقۇن ھەلىمىدىن ئىلگىرى ياخشى ھەربىي ئىدى، كېيىن ياخشى رەھبەر بول-دى. ئۇ مەن ئۇچراتقان پىششىق بىلىدىغان ياخشى قەلبلىك ئادەملەرنىڭ بىرى» دېدى.

ئەل سۆيگەن قەلبىنى ئەلمۇ ئەزىزلەر،
تۆكۈلگەن ئەجىردىن گۈل - چېچەك ئۈنەر.
ئاۋامنى ئويلىغان، ھاياتنى سۆيگەن،
خۇددى يالقۇندەك قەلبىدە كۈلەر.

# سىياسىي كېڭەشتىكىلەر ھەرىكەتتە

## سىياسىي كېڭەش ھەققىدىكى تۇنجى تەسرات

گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىنىڭ سىياسىي كېڭەش ۋە سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان تونۇشى تازا ئايدىڭ ئەمەس ئىدى. شەخسەن مەنمۇ سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەت فۇنكسىيەسىنى ئانچە كۆپ چۈشىنىپ كەتمەيتتىم. دائىم باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن «سىياسىي كېڭەش دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ پېنسىيەگە چىقىرالماي قالغان رەھبەرلىرىنى سىغدۇرىدىغان ئورگىنى، گېزىت ئوقۇپ، چاي ئىچىپ ئولتۇرىدىغان، بىكار كۈن ئۆتكۈزىدىغان جاي، ھېچقانداق رولى يوق ئورۇن، پەقەت دىنىي زاتلارنىلا باشقۇرىدىغان ئورگان...» دېگەندەك گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. دەرۋەقە، ئىلگىرى سىياسىي كېڭەشتە يېشى بىرقەدەر چوڭىيىپ قالغانلار ئىشلەيتتى. سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئاممىغا پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدەك سىرلىق، دەبدەبىلىك كۆرۈنمەيتتى. چۈنكى، سىياسىي كېڭەش كادىرلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كىشىلەر ئانچە بەك بىلىپ كەتمەيتتى. سىياسىي كېڭەشتىكىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئىلمانلىق، خىزمىتىدىكى ھۇرۇنلۇق، تۈزۈملىرىدىكى بوشاڭلىق بەلكىم جەمئىيەتتە يۇقىرىقىدەك بىنورمال قاراشنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ قېتىم مېنىڭ سىياسىي كېڭەشكە بولغان قارىشىم ئۆزگەردى. سىياسىي كېڭەشنىڭ كىشىلەر ئويلىغاندەك «ئارام ئالىدىغان، چاي ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئورگان» ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، ھەر ساھەنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەش، جەمئىيەتنى نازارەت قىلىش، دەۋرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش رولىنىڭ زورلۇقىنى، ۋەزىپىسىنىڭ كۆپ-

لوكنى، مەسئۇلىيتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم. سىياسىي كېڭەشتىكىلەر- نىڭ روھىي ھالىتىدىكى تېتىكلىك، خىزمەتلىرىدىكى ئاكتىپلىق، قائىدە-تۈزۈم- لىرىدىكى جانلىقلىق، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جۇشقۇنلۇق مەندە يېڭى-يېڭى تەسىراتلارنى پەيدا قىلدى. كىشىلەر ئويلىغاندەك سىياسىي كېڭەشتىكىلەر چاي ئىچىپلا كۈن ئۆتكەزمەيدىكەن، بەلكى تۆۋەنگە چۈشۈپ تىنىمسىز ئىشلەيدىكەن، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرى- دەپ، خەلق تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىكەن، دېھقانلارنى ئويلايدىكەن، كەڭ ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىكەن. تەرەققىيات- نى تېزلىتىش، مۇقىملىق، ئىتتىپاقلىقنى، ئىناقلىقنى قوغداش يولىدا توختىماي ئىزدىنىدىكەن. سىياسىي كېڭەشتە يەنە كىشىلەر ئېيتقاندەك پېنسىيەگە چى- قىرالماي قالغان كادىرى ئانچە كۆپ ئەمەسكەن، بەلكى ياش يولداشلار كۆپ ئىكەن. مەسىلەن، توقسۇ ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى پەرھات نا- مان بۇ يىل 39 ياشتا ئىكەن. ئاقسۇ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شۇجىسى پەرھات ئەنۋەر، ئاۋات ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئېزىز ئېلى 40 نەچچە ياشلىق ياش يولداشلار ئىكەن. ئونسۇ ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئابلا تاۋار كۆچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان چېغىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولغان ئىكەن. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇ يەنىلا شۇنداق جۇشقۇن، تېتىك تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ رىقابەت ئېڭى، خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى خېلىلا كۈچلۈك ئىكەن. كۇچا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لىيۇ چۈنشەن، باي ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ياڭ شىنى- يى، ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى تۇردى بەكرى، شايار ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەخمەت مەڭسۇر، ئاقسۇ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يەن مىڭيىن، كەلپىن ناھىيەلىك سىياسىي كې- ڭەشنىڭ رەئىسى فېڭ جىنخېلارمۇ ئۇزۇن يىل پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا «قايناپ پىشقان»، شىجائەتى ئۇرغۇپ تۇرغان، تەجرىبىلىك كادىرلار ئىكەن. ھازىر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىمۇ ياشلىشىپ كېتىپتۇ. ھەتتا ئۇزۇن مەزگىل سىياسىي كېڭەشتە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئىشلىگەن بەزى كا- دىرلار ھازىر ھۆكۈمەتتە مۇئاۋىن ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋېتىپتۇ. مەس-

لەن، ئاۋاتتىكى دىلشات ئاۋۇت، كەلپىندىكى مجىت ئىبراھىم، بۇ ئىككىيلەن ياش چېغىدىلا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغانلار ئىكەن. ھازىر ئۇلار ئۆز ناھىيەسىدە مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. گەرچە ئۇلار سىياسىي كېڭەشتە بىر قاراردىن ۋەزىپە ئۆتەپ بولغان بولسىمۇ، ھازىرمۇ شۇنداق ياش، جەڭگىۋار ھالەتتە ئىكەن. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەمتىمىن شاھىدىنىنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ئاقسۇدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشتە 46 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، 1146 نەپەر ئەزا، 200 نەپەر دائىمىي ئەزا بار ئىكەن. بۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ياش، ئوتتۇرا ياش يولداشلار، شۇنداقلا ئۆز ساھەسى، ئۆز تارمىقى، ئۆز يېرىدە بەلگىلىك تەسىرى، ئابرۇيى، بىلىمى بار يولداشلار ئىكەن. بۇ خىل كادىرلار قۇرۇلمىسى ۋە مۇھىتى سىياسىي كېڭەشنى «غەپلەت ئۇيقۇسى» دىن ئويغىتىپ، يېڭى سەپەرگە ئاتلاندۇرغان. سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە جانلاندۇرغان. ئورگان ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ئوبراز تىكلىگەن. نۆۋەتتە ھەرقايسى سىياسىي كېڭەشلەر خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى يادرو قىلغان ھالدا ئۆزئارا بەيگىگە چۈشۈپ، ئىلغارلىق، مۇنەۋۋەرلىك تالىشىدىغان ھالەتكە يەتكەن...

مەن ئويلاپ قالدىم. خىزمەتنى قانداق ئىشلەش، ھوقۇقنى قانداق يۈرگۈزۈش ئادەمگە باغلىق ئىش ئىكەن. بەزىلەر ئوخشاش بىر خىل خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلىسە، بەزىلەر ئىشلىيەلمەسلىكى مۇمكىن. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ھازىر سىياسىي كېڭەشتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار تەدبىرلىك، ئىشچان، مەسئۇلىيەتچان ئادەملەر ئىكەن. مەن مەمتىمىن شاھىدىنىنىڭ مۇنۇ بىر ئېغىز گېپىگە قايىل بولۇپ قالدىم: «پارتكوم، ھۆكۈمەت، دائىمىي كومىتېت، سىياسىي كېڭەش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرسىنى مۇھىم، يەنە بىرسىنى مۇھىم ئەمەس دېيىش خاتا. مېنىڭچە ھەممىسى ئوخشاشلا مۇھىم. بىر كادىرنىڭ قەيەردە ئىشلىشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئۆز خىزمىتىدە نەتىجە يارىتىش. بىر كادىرنىڭ نەدە ئىشلىشىنى ئۇنىڭ ئارزۇسى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بەلگىلەيدۇ. بىر ئورۇن بىر كادىرغا ئېھتىياجلىق بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم ئۆزىنى شۇ خىزمەتكە بېغىشلىشى، شۇ ئو-

رۇندا ئۆز قىممىتىنى يارىتىشى كېرەك».

# سىياسىي كېڭەشتىكى يېڭى ئوبراز، يېڭى ئىستىل

مەن 10-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە، سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىنىڭ 2008-يىللىق «ئىلغارلىق بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەرلەرنى باھالاش» پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، باي، كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيەلىرىگە باردىم. بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ تۇنجى بېكىتى باي ناھىيەسى بولدى. مەتىمىن شاھىدىن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى باي چېگراسىغا كىرىپلا، يول ياقىسىدا ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغان ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار ئارامۇ ئالماي، يول بويىدىكى ئېتىزلارنى، رەت-رەت سېلىنغان يېڭى ئۆيلەرنى كۆردى. فۇكاڭ باقمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئارقىدىن ياتۇر يېزىسىنىڭ ياتۇر كەنتىگە بېرىپ، يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرستىش نۇقتىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. يېزىلىق پارتكوم- ھۆكۈمەتتىكى سىياسىي كېڭەش ئالاقە نۇقتىسىدا خىزمەت تەكشۈردى. ئەتىسى ئۇلار ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش ئورگىنىغا بېرىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ «ئىلغارلىق بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەرلەرنى باھالاش» پائالىيىتى ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ھەممەيلەنگە تەسىر قىلغىنى باي ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاق كاھىش چاپلانغان چىرايلىق خىزمەت بىناسى، بىنا ئىچى-سىرتىدىكى تامغا چاپلانغان ھەرخىل شوئار، لوزۇنكىلار، گۈزەل، پاكىز مۇھىت، ئازادە، رەتلىك ئىشخانا ھەم سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىكى كادىرلارنىڭ قىزغىن، كۆتۈرەڭگۈ روھىي قىياپىتى بولدى. سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ياڭ شىنيى كۆپچىلىكنى قەۋەتمۇ قەۋەت، ئىشخانىمۇ ئىشخانا باشلاپ كىرىپ، توختىماي ئەھۋال تونۇشتۇردى. كارىدور، ئىشخانا، يىغىن زالىدىكى تامغا يېڭى دەۋردىكى سىياسىي كېڭەشنىڭ فۇنكسىيەسى، ئىرادىسى، مەقسىتى پۈتۈلگەن ئىدى. بۇ يەرگە كىرگەن ھەرقانداق كىشى بۇ مەنزىرىدىن سۆيۈنمەي، يېڭىلىق ھېس قىلماي قالمايتتى. كارىدوردىكى مۇنۇ شېئىر دىققىتىمنى تارتتى:

ھەممە بىردەك ئاتلاندى، چۈشتى تەڭ رىقابەتكە،
گەر قالساق ئارقىدا سەپنىڭ، مۇپتىلا بىز رىيازەتكە.
ۋاقىت بىزگە باقمايدۇ، ئۇتۇپ چىقايلى رىقابەتتە،
دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، تۇرايلى بىز ئالدىنقى رەتتە.

يەنە بىر يەرگە مۇنداق خەت يېزىلغان ئىدى: «ۋەتەننى سۆيەيلى، شىنجاڭنى سۆيەيلى، باينى سۆيەيلى، سىياسىي كېڭەشنى سۆيەيلى.» كۆپچىلىك شېئىر شەكلىدىكى مۇنۇ شوئارغا بەكرەك قىزىقتى: «پارتكوم، ھۆكۈمەت بىلەن بىر-دەك بولىمىز، ئىدىيەدە قەلبداش، نىشاندا پىكىرداش بولىمىز. خىزمەتتە تەڭ قەدەم تاشلاپ، مەسئۇلىيەتنى تەڭ زىممىمىزگە ئالىمىز»... سىياسىي كېڭەشنىڭ سىپتا زىننەتلەنگەن يىغىن زالىنىڭ بىر تەرىپىگە باي ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى چۈشۈرۈلگەن چوڭ دېكىراتسىيە ئېسىلغان ئىدى. ئۇ كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ياڭ شىنيى بىر يىللىق خىزمەت-لەرنى دوكلات قىلدى. كۆپچىلىك سىياسىي كېڭەشتىكىلەرنىڭ باي ناھىيەسى-نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا، خەلق تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، يېزا، يېزا ئى-گىلىكى، دېھقانلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى نازارەت قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

بىرتۇتاش خىزمەت فورمىسى كۇچا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتىكىلەرنىڭ خىزمەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشخانىسىدىكى تامغا ئۆگىنىش قائىدى-سى، خىزمەت مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى رەتلىك چاپلانغان ئىدى. سىياسىي كېڭەشتىكى كادىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياش يولداشلار ئىكەن. ئادەم ئاز بولسىمۇ، ئۇلار تۇرلۇك خىزمەتنى جايىدا، ئۇنۇملۇك ئىشلەپتۇ. بۇ يىل ئى-چىدە كۇچانىڭ ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى، يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى، ناھىيە ئىق-تىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش، سانائەت باغچا رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مەھەللە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تۆت پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلاپ، ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ جەھەتتە تەدبىر بەلگىلىشىگە

ئاساس تەييارلاپ بېرىپتۇ. سىياسىي كېڭەش ئەزالار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى تەشكىللەپ، يېزا، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەمدە ئامىمىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان قىيىن، قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىپتۇ. سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لىۇ چۈەنشەن دائىم ناھىيەلىك پارتكوم ئاچقان دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ۋە ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئەھۋال ئىنكاس قىلىدىكەن. ناھىيەنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن. سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەر ساھە، ھەر قاتلامدىكى ئەزالىرى بىلەن قەرەللىك ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە خەلق رايىنى ئىگىلەپ تۇرىدىكەن. بىر ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى دېموكراتىك نازارەت قىلىپ تۇرىدىكەن. ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتىكىلەر بۇ يىل ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ يار - يۆلەك نۇقتىسىغا 50 مىڭ يۈەنلىك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپتۇ. دېھقانلارنىڭ يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سېلىشىغا 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ ياردەم قىپتۇ. يەنە كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، سىچۈەندىكى ئاپەت رايونىغا 20 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ ئەۋەتىپتۇ. مەمتىمىن شاھىدىن قاتارلىقلار كۈچانىڭ ئىشخىلا بازىرى ساقاغۇ كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ «داچىلىرى» نى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

توقسۇ ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھازىر ھەر ساھەدە 101 ئەزاسى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرچە يېشى 39.8 ئىكەن. سىياسىي كېڭەشتىكى 15 نەپەر كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ كۆپ قىسمى ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە ئىكەن. سىياسىي كېڭەش ئەزالارنى تەشكىللەپ، ناھىيەدىكى زور-زور ئىشلارغا قارىتا تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ بارىدىكەن. ئامىمىدىن تەكلىپ-پىكىر ئالىدىكەن. ئۇلار توپلىغان «كېۋەزنى يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش تېخنىكىسىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپ» ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىم، نۇقتىلىق تەكلىپ قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپتۇ ھەم يۇقىرىنىڭ 4 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىشىگە تۈرتكە بوپتۇ. بۇ يىل ئىچىدە ئۇلار باغ - ئورمانچىلىق، يېزىلارنىڭ سەھىيە، داۋالاش، زىيانسىز چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى جەھەتتە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 14 پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلاپ، ئۇنى ناھىيەلىك پارتكومغا يوللاپ بېرىپتۇ. شايار ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى بۇ يىل 9 ـ ئايدا 60 نەپەر ئەزانى باشلاپ، ناھىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشى، پاختىچىلىق، باغ ـ ئورمانچىلىق خىزمىتىگە قارىتا ئىنچىكە تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ جەرياندا تەرەققىياتقا، ئامىمىنىڭ مەنپەئىتىگە، خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تەكلىپ-پىكىر توپلاپتۇ. بۇ يىل ئۆلار سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان 94 پارچە تەكلىپ ـ تەۋسىيەنى تۈرگە ئايرىپ رەتلەپ، ئۇنىڭدىن 30 پارچىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە يوللاپ بېرىپتۇ. 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە بۇ تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى بېجىرىلىپ بوپتۇ...

سىياسىي كېڭەش كادىرلىرىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈش قېتىم سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىشىپتۇ. ئاقسۇ شەھىرى ۋە ئونسۇ، ئاۋات، ئۇچتۇرپان، كەلپىن ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سىياسىي كېڭەش كادىرلىرى يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار مەسىلىسىنى دەۋر قىلىپ، كۆپ قاتلاملىق چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ بارغان. مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇمىيلىق ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلغان. ئاقسۇ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، شەھەر ـ بازار پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالى، يېنىك، ئېغىر سانائەت رايونىنىڭ تەرەققىياتى، يېزىلارنىڭ يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش خىزمىتى ھەققىدە بەش پارچە يۇقىرى سەۋىيەلىك دوكلات تەييارلاپ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئابلا تاۋار باشچىلىقىدىكى ئونسۇ ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش كادىرلىرى ئەزالارنى تەشكىللەپ، ناھىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى، چارۋىچىلىق، باغ ـ ئورمانچىلىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، مائارىپ خىزمىتى، ئامانلىق، مۇقىملىق خىزمىتىگە قارىتا يىلدا 10 نەچچە قېتىم تەكشۈرۈش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ بارغان.

توپلاپ چىققان 118 پارچە تەكلىپنىڭ 93 پارچىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا تـۈرتـكە بولغان. ئاۋات ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتىكىلەر تەييارلىغان تولىۇق ئـوتـتۇرا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كـۆتـۈرۈش ھەققىدىكى بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بىۋاستە تەستىق سالغان. ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتىكـىلـەرمۇ ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكـەن. ئۇلار يېزىدا تۆت قېتىم چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئـارقـىـلـىق، ئـۈچ پارچە قىممىتى بار دوكلات تەييارلىغان. بۇ ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىـڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەن. كەلپىن ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتىـكـىـلـەر پارتكوم، ھۆكۈمەتكە ھەر ۋاقىت يېقىن تۇرغان. ئامما ئىنكاس قىلغان قىيـىـن، قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ، ئۇنى مۇناسىۋەتلـىـك ئـورۇنـلار ئارقىلىق ھەل قىلغان. ئىگىلىنىشىچە، ھازىر سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردىـكـى سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ خىزمەت شارائىتى، ئىشخانا شارائىتى، قاتناش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ. پارتكوملارنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمـىـتىگە بولغان رەھبەرلىكى ھەقىقىي كۈچىيىپتۇ. ھۆكۈمەتنىڭ راسخوت جەھـەتـتىكى قوللىشى ياخشى ئىكەن. بۇ خىل ئەۋزەل شارائىت سىياسىي كېڭەش كـادىرلىرىنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىنى ئۇرغىتىپ، ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتـۈرگەن. كادىرلار ئەمەلىي ئىشلىگەچكە، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي كېڭەش ۋە سـىـياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان تونۇشى ئايدىڭلاشقان، سىياسىي كـېـڭـەش ۋە سىياسىي كېڭەش كادىرلىرىنىڭ ئوبرازى نۇرلىنىشقا باشلىغان.

## ئىلغارلىق بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەرلىكنى تالىشىش

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان سىياسىي كېڭەشتىكىلەر خىزمەتتە، نەتىجـىدە بەسلىشىدىغان، ئىلغارلىق، مۇنەۋۋەرلىكنى تالىشىدىغان ياخشى ۋەزىيەتكە قـەدەم قويغان. بۇ يىل ھەرقايسى سىياسىي كېڭەشتىكىلەر ۋىلايەتلىك سىياسـىـي كـېـڭەش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈپ كۆزدىن كـەچـۈرۈش، تەكلىپ توپلاش خىزمىتى، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ئىگىلـەش

خىزمىتى، ئاممىنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتى، پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمەتكە ماسلىشىش، مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى، ھەيئەتلەر خىزمىتى، دې-موكراتىك باھالاش خىزمىتى، ئورگان قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى پائال، ئىجادىي قانات يايدۇرغان. تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەل-لەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى پەيدىنپەي قېلىپلاشتۇرغان. خىزمەت ئۇسۇلىدا، خىزمەت ئوي - پىكرىدە، خىزمەت تەدبىرىدە تىرىشىپ يېڭىلىق ياراتقان. ھەرقايسى سىياسىي كېڭەشلەر ئارقا-ئارقىدىن شەرەپ مۇنبىرىگە چى-قىشقا باشلىغان. بەزى سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ يىغىن زالىغا تەقدىرنامىلەر پات-ماي قالغان. بەزىلىرى ۋىلايەت، ھەتتا ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ئورۇنلار قاتارىغا كىرگەن. سىياسىي كېڭەش ساھەسىدىكى بۇ خىل يېڭىلىق مېنى سۆ-يۈندۈردى. غەربىي قىسمىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەردىن كەلگەنلەر شەرقنىڭ، شەرقىي قىسمىدىكى ناھىيەدىن كەلگەنلەر غەربىي قىسمىنىڭ نەتىجىلىرىدىن يېڭىلىق ھېس قىلىشتى. ئۇلار ئۆزئارا سېلىشتۇردى، ئۆز ئارا ئۆگەندى، ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇردى. مەتىمىن شاھىدىن سىياسىي كېڭەشتىكىلەرنىڭ «ئىل-غارلىق بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەرلەرنى باھالاش» پائالىيىتىدىكى تىرىشچانلىقىغا ئا-پىرىن ئوقۇدى ھەم سىياسىي كېڭەشتىكىلەرگە نەتىجىلەرنى قەدىرلەش، تەج-رىبىلەرنى يەكۈنلەش، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپ قويدى. ئىشىنىمەنكى، كېلەر يىلى سىياسىي كې-ڭەش خىزمىتىدە تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەر يارىتىلىدۇ. رىقابەت سىياسىي كې-ڭەش خىزمىتىنى يەنىمۇ يېڭى پەللىگە كۆتۈرىدۇ.

2008 - يىل 1 - نويابىر، ئاقسۇ

# «ئۈرۈكزار» مەھەللىسىدىكى بىر جۈپ «ئەتىرگۈل»

دوستۇم، سىز ئەتىرگۈلگە قىزىقامسىز؟ ئۇنداقتا، مەن سىزگە كۆسەن دىيا-رىنىڭ يېڭىشەھەر رايونى تەۋەسىدىكى «ئۈرۈكزار» مەھەللىسىدە كۆندە خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ «ئەتىرگۈل» نى تونۇشتۇراي... ئۇلارنىڭ يېشىمۇ، مىللىتىمۇ، جىنسىمۇ ئوخشاش، ئورۇق - سېمىزلىكى، بوي ئېگىزلىكىمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ چىراي شەكلى، ۋەزىپىسىدە ئازراق پەرق بار. بىرسىنىڭ چىرايى بۇغداي ئۆڭلۈك، بىرسىنىڭ چىرايى ئاق سېرىقراق، ئەمما ھەر ئىككىلا چىرايدا ئەكس ئېتىدىغىنى خۇش تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە چاقنايدىغىنى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ نۇرى. ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكىدە لاۋۇلدايدىغىنى ئەلگە، ئاھالىلەرگە يانغان مۇھەببەت ئوتى. ھەر ئىككىيلەننىڭ ئەڭ كۆپ ئويلايدىغىنى ئەلنىڭ ئىشى ۋە بەخت - سائادىتى. شۇڭا بۇ بىر جۈپ «ئەتىرگۈل» بىرنەچچە يىلدىن بۇيان «ئۈرۈكزار» مەھەللىسىگە ئۆزىنىڭ خۇش پۇراق ھىدىنى چېچىپ كەلمەكتە.

ئۇنداقتا بۇ بىر جۈپ «ئەتىرگۈل» زادى كىم؟ چىرايى بۇغداي ئۆڭلۈك كەلگىنىنىڭ ئىسمى ۋاڭ دۇڭمېي(王冬梅)، ئۇ «ئۈرۈكزار» مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى. چىرايى ئاق سېرىق كەلگىنىنىڭ ئىسمى دېڭ چىڭمېي (邓清梅)، ئۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ مۇدىرى. بۇ ئىككى ياش ئانا مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا «ئۈرۈكزار» مەھەللىسى تەۋەسىدىكى 4300 دىن ئارتۇق ئائىلىنى، دوختۇرخانا، سودا دۇكانلىرى، ئويۇنچۇقخانا، تورخانىلارنى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىكى ھەر بىر يايما ئورنىنى نەچچە قېتىملاپ ئايلىنىپ چىقتى. ئاھالىلەر بىلەن سىرداشتى. ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇردى. شۇڭا ئۇلار بۇ رايوندا كىمنىڭ قايسى بىنادا، قايسى ئۆيدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ قايسى دۇكاندا نېمە ساتىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ ئائىلىسىدە نەچچە

ئادەم ياشايدىغانلىقىنى بەش قولدەك پىششىق بىلىدۇ. بۇ رايوندىكى 12 مىڭ 900 نەچچە كىشىمۇ ئۇلارنى ئاساسەن تونۇيدۇ. چۈنكى «ئۆرۈكزار» ئۇلارنىڭ ئائىلىسى، بۇ يەردىكى ئامما ئۇلارنىڭ تۇغقىنى.

«ئۆرۈكزار» مەھەللىسى كۇچا ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئاقسۇ ۋىلايىتى، ھەتتا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگىلىك، نۇقتىلىق مەھەللە، شۇڭا بۇ مەھەللىگە ئادەم ئەڭ كۆپ كېلىدۇ. ھەرخىل پائالىيەتلەر كۆپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەھەللىنىڭ چىرايلىق بېزەلگەن يىغىن زالىدىكى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ بۇ مەھەللىدە خىزمەت تەكشۈرگەنلىكىگە دائىر سۈرەتلەر، تەقدىرنامىلەر كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقان كادىرلارنىڭ روھىي قىياپىتىدىن بۇ مەھەللىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى، ئىشىنىڭ ناھايىتىمۇ كۆپلۈكىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. بۇ بىر جۈپ «ئەتىرگۈل» مانا مۇشۇ ئىشى ئالدىراش مەھەللىنىڭ سەركىسى، يول باشلىغۇچىسى، تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى.

ۋاڭ دۇگمېي بىلەن دېڭ چىڭمېي ھەر ئىككىلىسى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان خىزمەتچى بولۇپ، ئىككىلىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك خىزمەت نەتىجىسى ۋە تەجرىبىسى بار ئىكەن. 2001 - يىلى «ئۆرۈكزار» مەھەللىسى ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلغاندا، ۋاڭ دۇگمېي شۇجىلىققا تەيىنلەنگەن، دېڭ چىڭمېي مۇدىرلىققا سايلانغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ بىر جۈپلەر بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، يۈرەك قېنى ۋە ياشلىق باھارىنى «ئۆرۈكزار» مەھەللىسىدىكى تۈگمەس، ئايىغى چىقماس ئىشلارغا بېغىشلاپ كەلدى. كۆلىمى 20 مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان «ئۆرۈكزار» مەھەللىسى تەۋەلىكىدە ئالتە كىچىك ئولتۇراق رايونى، 82 كورپۇس بىنا ئۆي، 53 كورپۇس كېسەك ئۆي بار. دائىم تۇرۇشلۇق 4328 ئائىلىدىن باشقا يەنە 837 نەپەر ئاقما نوپۇس بار. ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆي 320 ئېغىزدىن، سودا - سېتىق ئۆيى 210 ئېغىزدىن ئاشىدۇ. جەمئىيەت ئەھۋالى بىرقەدەر مۇرەككەپ بۇ رايوندا خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، بەيزۇ، مانجۇ، تۇجيازۇ قاتارلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. مەھەللە قارمىقىدا يەنە ئىككى ئىدارە، ئالتە مېھمانخانا، 12 تورخانا، ئويۇنچۇقخانا، تۆت

خوُسۇسىي دوختۇرخانا، 338 يايما ئورنى بار. ۋالڭ دوُگمېي بىلەن دېڭ چىڭ-مېي مۇشۇنچىۋالا چوڭ رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىسىغا مۇلازىمەت قىلىۋاتـ-دۇ. پارتىيەنىڭ تۆرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى مەھەللىدە ئىزچىللاشتۇرۇۋا-تىدۇ. ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ تۆرلۈك ئـو-رۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقنـى ئـو-مۇملاشتۇرۇپ تۈزەش، پىلانلىق تۇغۇت، مەھەللە مۇلازىمىتى، ئائىلە ئولـتۇراق ئۆي كاپالىتى، ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىنىڭ ھەربىر كىچىك ھالقىسىغـىچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. كادىرلارنىڭ ۋەزىپە، مەسئۇلىيىتـىنـى ئېنىق ئايرىپ، ئائىلىلەرنى تىزىملاش، ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، رايىنى سىناش، تەربىيەلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ. ئۇلار مەھـەلـلـىـلـەرنـىـڭ «تۆتنى بىلىش، تۆتنى ئېنىقلاش، تۆتنى ئىگىلەش» خىزمەت تەلىپىگە ئـاسا-سەن، نۇقتىلىق كىشىلەرنى ئىچكى جەھەتتە كۆزىتىش، تاشقى جەھەتتە كونت-رول قىلىش خىزمىتى، ئاقما نوپۇسلار ۋە ئىجارىگە بېرىلىدىغان ئۆيلەرنـى بـاش-قۇرۇش خىزمىتى، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى قاتارلىق خىزمەتـلـەرنـى تەلەپ بويىچە ئىشلەپ كەلدى. مەھەللە تەۋەسىدىكى دائىملىق ئائىلـە ۋە ئـاقـما نوپۇسلار، ئىجارىگە بېرىلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئەكـس ئـەت-تۈرىدىغان چوڭ دىياگراممىا ئىشلەپ چىقتى. مەھەللىدە «قىزىل بايراق مـۇنـبـە-رى»، «ئاشكارىلاش مۇنبىرى» تەسىس قىلىپ، ئىجابىي تـىـپ ۋە سـەلـبـىـي تىپلارنىڭ ئىسمىلىكىنى قەرەللىك ئېلان قىلىشنى تۈزۈملەشتۈردى. ئىلمىي تـە-رەققىيات قارىشىنى ئۆگىنىش، «5 ـ ئىيۇل» ۋەقەسىنى ئەيىبلەش بويىچە ئـۆ-گىنىش مۇنبىرى تەسىس قىلىپ، كادىرلار يازغان تەسىرات ماقالىسىنى ۋاقتىدا تامغا چاپلىدى. شەھەر ئاھالىلىرى مەدەنىيەت ـ تېخنىكا مەكتىپى، نوپۇس مـەك-تىپىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. مەھەللىگە تېلـېـۋىـزور، VCD ئاپپاراتى، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلارنى سەپلەپ، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچـىـش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ تۇردى. بۇ بىر جۈپ «ئەتىرگۈل» قول ئاستىدىكىلـەرگـە ئۈبدان مەسئۇل بولدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەزىپە، مەسئۇلىيىتىنى ئې-نىق ئايرىدى. يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، مەھەللى-نىڭ تۆرلۈك خىزمەتلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ، «ئۆرۈكزار» مەھەللىسىنـىـڭ كـۆ-

سەن دىيارىدىكى ئوبرازىنى يوقىرى كۆتۈردى. شۇڭا ۋالىڭ دۇگمېي كۆپ قېتىم كۇچا ناھىيەسى ۋە يېڭىشەھەر كوچا ئىش باشقارمىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى» بولۇپ تەقدىرلەندى. دېڭ چىڭمېي 2008 - يىل 12 - ئايدا ۋىلايەت بويىچە «مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخس» شەرىپىگە ئېرىشتى ھەمدە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى، ئاقما نوپۇسلارنى ئېنىقلاش، تىزىملاش خىزمىتى بويىچە ناھىيە ۋە يېڭىشەھەر رايونىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

يېڭىشەھەر كوچا ئىش باشقارمىسى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى تيەن ۋېنلەن، مۇدىرى ئەركىن مەھەممەت ماڭا بۇ بىر جۈپ «ئەتىرگۈل» توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ: «ئۆرۈكزار» مەھەللىسى بىزنىڭ شەرىپىمىز، بىر جۈپ «ئەتىرگۈل» بىزنىڭ پەخرىمىز،«ئۆرۈكزار» نىڭ نەتىجىسى بىزنىڭ بەختىمىز، دېدى.

2009 - يىل 20 - ئاۋغۇست، كۇچا

# تۇتاش يۈرەكلەر، ئۆمۈرلۈك قوشنىلار

بۇ يۈرىكى، قەلبى، ھېسسىياتى تۇتىشىپ كەتكەن بىر جۈپ قوشنىلارنىڭ ئىنتىپاقلىق ھېكايىسى.

كۇچا ناھىيەلىك پاختا - چىگە شىركىتى ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ 2 - قەۋىتىدە ئىشىكى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان ئىككى ئائىلە بار. ئۇنىڭ بىرى 83 ياشلىق زېلىك دېگەن بىلەن 75ياشلىق لىۋ يۈلىيەنىنىڭ، يەنە بىرى 70ياشلىق مەھەممەت ھېكىم بىلەن 60 نەچچە ياشلىق خەلچەم ئەبەينىڭ ئائىلىسى. گەرچە بۇ ئىككى ئائىلىدە ئىككى مىللەت كىشىلىرى ياشىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك تۇتاش قەلبى ئۇلارنى مېھرىبان، كۆيۈمچان، ۋاپادار قوشنىلارغا ئايلاندۇردى. بىر ئورۇندا خىزمەت قىلىپ، بىرگە پېنسىيەگە چىقىپ، يەنە بىر بىنانىڭ بىر قەۋىتىدە قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان لىۋ يۈلىيەن موماي بىلەن مەھەممەت بوۋاي ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كىشىلەرگە «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەن ھېكمەتنىڭ چىن مەنىسىنى يەنە بىر قېتىم يېشىپ بەردى. بۇ ئىككى ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قەلب ئېتىزىدا يېتىشتۈرگەن دوستلۇق، ئىنتىپاقلىق گۈلى ئەتراپتىكىلەرگە خۇش پۇراق چاچتى.

— لىۋ يۈلىيەن ئۇيغۇر قوشنىسى مەھەممەت ھېكىمغا ھەقىقىي ياردەم قىلدى. ئەگەر ئۇنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، مەھەممەت ھېكىمنىڭ ئوغلى ئىككىلا قېتىم ئېچكىرىدىن ساق - سالامەت قايتىپ كېلەلمەيتتى، — دېدى «ئازادلىق يولى» مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تيەن چېلىڭ خانىم يېقىندا بۇ ئىنتىپاقلىق نەمۇنىچىسىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ. 2009 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇم بىر كۈنى مەن تيەن چېلىڭ خانىمنىڭ ھەمراھلىقىدا پاختا - چىگە شىركىتى قورۇسىدىكى بۇ ئىناق قوشنىلارنى زىيارەت قىلدىم.

يۈزلىرى قورۇلۇپ، بەللىرى مۈكچەيگەن، چاچلىرى ئاقىرىپ، جۈغى كىچىكلەپ قالغان زېڭ دېگىن بىلەن ليۇ يۈلىيەننىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، كەيپى چاغ ئىدى. ئۇلار ياشلىقى ئۇرغۇپ، قېنى قىزىپ تۇرغان مەزگىلدە، يەنى ئازادلىقتىن كېيىنلا شىنجاڭغا كەلگەنلەر ئىكەن. زېڭ دېگىن ئۇزۇن يىل كۇچانىڭ يېزا - بازارلىرىدا رەھبەر بولغان. بىر ئۆمۈر پارتىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئايالى ليۇ يۈلىيەن كۇچا ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتىدە ئىشلىگەنىكەن. بۇلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى ئارقا - ئارقىدىن دەم ئېلىشقا چىققان. مەھەممەت ھېكىممۇ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى شىركىتىدە ئىشلەپ، 1992 - يىلى پېنسىيەگە چىققانىكەن. تەقدىرنىڭ كارامىتى بىلەن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ بۇ ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بىر بىنانىڭ بىر قەۋىتىدە ئولتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپتۇ. قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ قەلبىنى مەھكەم باغلاپ، يۈرىكىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتاشتۇرۇپتۇ.

مەھەممەت ھېكىم بىلەن خەلچەمنىڭ تۇرغۇن ئىسىملىك بىرلا پەرزەنتى بار بولۇپ، بۇ بالا 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، جەمئىيەتتىكى يامان ئادەملەر تەرىپىدىن ئىچكىرىگە ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەنىكەن. ئون نەچچە كۈنگىچە ئوغلىنىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكىنى ئالالمىغان مەھەممەت ھېكىم 11 ياشلىق بۇ بالىسىنىڭ دەردىدە ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەپتۇ، چىرايى سارغىيىپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇماپتۇ. قوشنىسىنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىگە چىدىمىغان زېڭ دېگىن بىلەن ليۇ يۈلىيەن كۈندە دېگۈدەك دوختۇرخانىغا بېرىپ، مەھەممەت ھېكىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. ئۇنىڭغا خۇش پېئىللىق بىلەن تەسەللى ئېيتقان. تاماق، مېۋە - چېۋە ئاپىرىپ ئۇنىڭدىن ھال سورىغان. چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىغان... 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ليۇ يۈلىيەننىڭ ئۆيىدىكى تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭشىپ كەتكەن. تېلېفوننى مەھەممەت ھېكىمنىڭ ئوغلى تۇرغۇن ئۇرغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھازىر شىئەننىڭ چاڭئەن دېگەن يېرىدە ئىكەنلىكىنى، ئەسكى ئادەملەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى، يېنىدا بىر تىيىنمۇ پۇل يوق ئىكەنلىكىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى قاي-

تۇرۇپ كېتىشنى ئېيتقانىدى. تۇرغۇننىڭ ساق ـ سالامەت ئىكەنلىكىنى ئۇققان ليۇ يۈليەن مەھەممەت ھېكىمدىنمۇ ئارتۇق خۇش بولۇپ كەتكەن ھەمدە ئۇ بۇ خەۋەرنى تېزدىن دوختۇرخانىدا ھەسرەت چېكىپ يېتىۋاتقان مەھەممەت ھېكىم ئەر ـ خوتۇنغا يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ كەتكەن. دەرۋەقە، پەرزەنت ئوتى يامان ئوت. پەرزەنت مۇھەببىتى ئەڭ ساپ، ئەڭ شېرىن ھەم ئەڭ تاتلىق مۇھەببەت. شۇنىڭغا يارىشا پەرزەنت جۇدالىقى ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ ئېغىر پاجىئە. چۈنكى، پەرزەنت ئاتا ـ ئانىنىڭ بارلىقى. ئاتا ـ ئانا ھەقىقىي خۇشاللىقنى ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئامانلىقى ۋە تەلەي ـ بەختىدىن تاپىدۇ. ھەقىقىي ئازابنىڭ تەمىنىمۇ پەرزەنتىنىڭ تەتۈر قىسمىتى ئارقىلىق ھېس قىلىشىدۇ. ئوغلىنىڭ ساق ـ سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقى ھەققىدىكى بۇ خەۋەردىن مەھەممەت ھېكىم ئەر ـ خوتۇن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ، باشقىچىلا خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ، مەھەممەت ھېكىم بىردىنلا ساقىيىپ قالغاندەك روھلىنىپ كېتىدۇ. كۆزىدىن شادلىق يېشى توختىماي ئېقىپ چۈشىدۇ... بىراق، بالىنىڭ يېنىغا قانداق بېرىش كېرەك؟ كىم بېرىش كېرەك؟ بۇ سوئال مەھەممەت ھېكىم بىلەن خەلچەمنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ. ئارقىدىنلا ھەسرەت ياشلىرى ئۇلارنىڭ مەڭزىگە ئېقىپ چۈشىدۇ...

— خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن شىئەننىڭ چاڭئەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيدىغان قىزىمغا تېلېفون قىلىۋەتتىم. ئوغلۇڭلار تۇرغۇنغا تۇرغان جايىدا جىم تۇرۇشنى تاپىلىدىم. قىزىمغا شۇ يەرنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردىم، — دەيدۇ ليۇ يۈليەن چالا ـ پۇچۇق ئۆگىنىۋالغان ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان مەھەممەت ھېكىمغا قاراپ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ كۆڭلى يەنە باشقىدىن پاللىدە يورۇپ كېتىدۇ. ھاياجاندىن يۈرىكى تېز ـ تېز سوقۇشقا، يۈزىدە بىر خىل رازىمەنلىك، خاتىرجەملىك ئىپادىسى ئەكس ئېتىشكە باشلايدۇ...

دەرۋەقە، بىر سائەتتىن كېيىن ليۇ يۈليەننىڭ قىزى زېڭ ئەيپىڭ چاڭئەندىن تېلېفون ئۇرۇپ، تۇرغۇن بىلەن تېپىشقانلىقىنى، بالىنى ئۆز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ساق ـ سالامەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ ھەمدە تۇرغۇننى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭ-

لىغان مەھەممەت ھېكىمنىڭ خۇشاللىقتىن ۋۇجۇدى تىترەپ ئاغزى گەپكە كەل-مەي قالىدۇ. يۈرىكى جايىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىگەنىدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ئەتىسى مەھەممەت ھېكىمنىڭ ئايالى خەلچەم شىئەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. لىيۇ يۈلىيەنىنىڭ كوچادا تۇرۇپ بىۋاستە قوماندانلىق قىلىشى ئارقىسىدا تۇرغۇن ئۇزاق ئۆتمەي ئاپىسى بىلەن ساق - سالامەت چاڭئەندىن كوچاغا قايتىپ كې-لىدۇ. بۇ ئىش بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرىدۇ، قولۇم - قوشنىلار ئارىسىدا داستان بولۇپ تارقىلىدۇ... ئىككى يىل-دىن كېيىن بەختكە قارشى بۇ خىل پاجىئە يەنە تەكرارلىنىدۇ.2005 - يىل 4 - ئايدا مەھەممەت ھېكىمنىڭ ئوغلى تۇرغۇن ئەسكى ئادەملەر تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم ئىچكىرىگە ئالداپ ئېلىپ كېتىلىدۇ. بۇ ئازابقا چىدىمىغان مەھەممەت ھېكىمنىڭ كېسىلى قايتا قوزغىلىپ يەنە ئاغرىپ يېتىپ قالىدۇ. ئون نەچچە كۈندىن كېيىن تۇرغۇن شەندۇڭدىن تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئاتا - ئانىسىغا ئۇقتۇرىدۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا يەنە لىيۇ يۈلىيەن ئەسقاتىدۇ. ئۇنىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لىيەنلەي ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان لىيۇ شىن ئىسىملىك تۇغقىنى بار ئىدى. ئۇ تۇغقىنىغا تۇرغۇننىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. لىيۇ شىن تۇرغۇننى تېپىپ، ئۇنى بىرنەچچە كۈن ئۆيىدە تۇرغۇزىدۇ، ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىدۇ، مەھەممەت ھېكىمنىڭ ھاۋالىسى بويى-چە ئۇنى بېيجىڭدىكى تۇغقىنىنىڭ يېنىغا يولغا سېلىپ قويىدۇ. يولغا سالىدىغان چاغدا لىيۇ شىن تۇرغۇننىڭ قولىغا 500 يۈەن تۇتقۇزۇپ قويغاندىن سىرت، ئۇ-نىڭغا يەنە پويىز بېلىتى ئېلىپ بېرىدۇ. لىيۇ يۈلىيەننىڭ كوچادا تۇرۇپ ئاتىدار-چىلىق قىلىشى، لىيۇ شىننىڭ بىۋاستە ياردەم قىلىشى بىلەن تۇرغۇن بېيجىڭ-دىكى تۇغقىنىنىڭ قېشىغا ساق - سالامەت بېرىۋالىدۇ ھەم بىر يىلدىن كېيىن كوچاغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق رىشتى بارغانچە چىڭىيىپ كېتىدۇ. تۇرغۇن بۇ يىل 17 ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ لىيۇ يۈلىيەننى ھازىر «لىيۇ ئانا» دەپ چاقىرىدىكەن. ھېيت - بايراملاردا بۇ ئىككى ئائىلە ئالدى بىلەن بىر-بىرىنىڭ ئۆيىنى پەتلەيدىكەن. قوغۇن - تا-ۋۇز، مېۋە - چېۋە سوۋغا قىلىشىدىكەن. پەلەمپەي ۋە ئىشىك ئالدىنى تالىشىپ

تازىلايدىكەن. بىر كۈنى زېڭ دېگەن ئىشلىك ئالدىدىكى گۈللۈكتە تۇيۇقسىز يە-
قىلىپ چۈشىدۇ. بۇنى كۆرگەن مەھەممەت ھېكىم شۇ ھامان ئۇنى يۈدۈپ ئۆ-
يىگە ئېلىپ چىقىدۇ. دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە مەھەممەت ھېكىم ئەر -
خوتۇن كۈندە بىر قېتىم زېڭ دېگەننى يوقلاپ بارىدۇ، ئۇنى قولتۇقلاپ دوخ-
تۇرخانا قورۇسىنى سەيلى قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە لەتىپە - چاقچاق ئو-
قۇپ بېرىدۇ. نەتىجىدە زېڭ دېگەننىڭ كېسىلى تېز شىپا تاپىدۇ. ھازىر بۇلار-
نىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى «ئازادلىق يولى» مەھەللىسىدىن ھالقىپ كۇچادا ئې-
غىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە. لىۇ يۈلىيەن موماي يۇقىرىقى ساخاۋەتلىك
ئىشلىرى بەدىلىگە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە 6 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس بولۇپ باھالىنىدۇ. لىۇ يۈلىيەن ھەر قېتىم
ئىتتىپاقلىق، قوشنىدارچىلىق ھەققىدە توختالغاندا تەسىرلىك قىلىپ مۇنداق
دەيدۇ: ھەممە مىللەت ئوخشاشلا ئادەم، ھەممىسى ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ
ئەزاسى، شۇڭا ئامال بار ئىجىل، ئىناق ئۆتكەن ياخشى، بۇ سالامەتلىككىمۇ، مۇ-
قىملىققىمۇ، تەرەققىياتقىمۇ، گۈللەپ - ياشناشقىمۇ پايدىلىق، مانا بىز مەھەممەت
ھېكىم بىلەن ياخشى ئۆتىۋېدۇق، ھەممە ئادەم بىزگە ھەۋەس قىلىشتى. بىزنىڭ
ھەقىقەتەن يۈرىكىمىز، قەلبىمىز تۇتاش، بىز مەڭگۈلۈك قوشنا...

2009 - يىل 10 - ئاۋغۇست، كۇچا

# مەڭگۈلۈك غايە، مەڭگۈلۈك ئەقىدە

كىشىلىك دۇنيادىكى نۇرغۇن كارامەت ئىشلار، كەشپىيات ۋە مۆجىزىلەر، نەتىجە ۋە شانۇشەۋكەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاددىي ئىشلار، ئاددىي ئەمگەك، ئاددىي ھەرىكەتنىڭ جۇغلانمىسىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئاددىي ئورۇندىكى ئاددىي ئىشلار بەزىدە ئادەم ئويلاپ يەتمىگەن گۈزەل ئىدىيە، گۈزەل غايە، پارلاق ئىستىقبال تۇغدۇ.... تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى غوروچۆلدەك بىر چەت، خىلۋەت يېزا بازىرىدا ئۇدا 23 يىل خىزمەت قىلىۋاتقان ئارزۇگۈل ئابدۇراخمان ئۆزىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئىلغارلىققا تاللىنىپ قېلىشىنى، پايتەختىمىز بېيجىڭغا بېرىپ مۇكاپاتلىنىش سەھنىسىگە چىقىپ قېلىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى. تاسادىپىي نېسىپ بولۇپ قالغان بۇ كاتتا شەرەپ ئارزۇگۈلنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ھاياتقا، خىزمەتكە بولغان مۇھەببىتىنى ھەسسىلەپ ئۇرغۇتتى.

— بېيجىڭغا بېرىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. تەشكىلىنىڭ مەندەك بىر ئاددىي خىزمەتچىنى ئاشۇنداق كاتتا شەرەپكە ئېرىشتۈرگىنىگە شۇ تاپتا قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن خىزمىتىمنى تېخىمۇ بېرىلىپ ئىشلەپ، تەشكىلنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاشقا تىرىشىمەن. بۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك غايەم، مەڭگۈلۈك ئەقىدەم، — دېدى ئارزۇگۈل ئابدۇراخمان بوغۇق ئاۋازدا.

5 - ئايدا ئاۋات ناھىيەسىدىكى غوروچۆل بازىرىنىڭ ھەممىلا يېرى يېشىلliققا پۈركەنگەن ئىدى. تېخى يېقىندىلا بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەن ئارزۇگۈل ئارامۇ ئالماي كورلا، قاراشەھەر، كۇچا، باي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ئىلغارلىق ئىش - پائالىيەتلىرىدىن دوكلات بېرىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپتۇ.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مۇخبىر غوروچۆل بازارلىق پوچتا پونكىتىدا ئۇنى توپتوغرا يېرىم كۈن ساقلاپ تۇردى. بۇ جەرياندا مۇخبىر پوچتا پونكىتىدىكى خىزمەتچىلەر ۋە پوچتا پونكىتى بىلەن دائىم مۇئامىلە قىلىدىغان بەزى دېھقانلار-

نىڭ ئېغىزىدىن ئارزۇگۈلنىڭ خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، تەلەپچانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىدى.

تەشكىل راستىنلا ياخشى ئىشلىگەن ئادەمنى بىلىدىكەن. بۇ قىز ھەقىقەتەن جىگەرلىك، تىرىشچان ئىكەن. گەرچە ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ قالغان بولسىمۇ، خىزمەتتىكى قىزغىنلىقى سۇسلاپ قالمىدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ مۇشۇ پونكىتتىلا ئىشلىدى، بۇ يەردىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىدى. ھازىر غوروچۆل-دىكى چوڭ-كىچىكنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى تونۇيدۇ. ئۇمۇ بۇ يۇرتتىكى-لەرنى ئاساسەن بىلىپ كەتتى...

دېھقانلار ئەڭ سەممىي كىشىلەر. يۈسۈپ، ئابلەت، ما جىشاڭ، لاۋگو قاتار-لىق دېھقانلار ئارزۇگۈلگە چىن قەلبىدىن قايىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. دېھقان ئەھەت يۈسۈپ مۇنداق دېدى: بۇلتۇر مەن پوچتا پونكىتىدىن 20 تونىنا خىمە-يەۋى ئوغۇت (ئەرئەن) سېتىۋالغان ئىدىم. كېۋىزىم يېرىم غۇلاچ ئۆسكەندە، يىل-تىزىدىن سېسىپ كەتتى. بەلكىم مەن ئوغۇتنى ئۆلچەملىك بېرەلمىگەن ئوخشاي-مەن. ئارزۇگۈل بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن يۇقىرىدىن دەرھال تېخنىك تەكلىپ قىلىپ، قايتىدىن دورا چېچىش ئارقىلىق كېۋەزلىرىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇ-يىلى مەن پاختىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئالدىم. چىرايىدىن مۇلايىملىق، كۆزلىرى-دىن سەممىيەت چىقىپ تۇرىدىغان، يارىشىملىق پوچتا فورمىسى كىيگەن ئار-زۇگۈل ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي چۈشتىن كېيىن غوروچۆلگە يېتىپ كەلدى ھەم بىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ خىزمەت ھاياتى، بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىنكى تەسىراتى ھەققىدە بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بەردى.

بۇ يىل 38 ياشقا كىرگەن ئارزۇگۈل 1986 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ غوروچۆل پوچتا پونكىتىغا ئورۇنلاشقان ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئاب-دۇراخمان ھىدايەتمۇ 30 نەچچە يىل پوچتىخانىدا ئىشلىگەن ئىكەن. 2003 - يىلى ئارزۇگۈل غوروچۆل پوچتا پونكىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپتۇ.

— ئارزۇگۈل خىزمەتتە ھەقىقەتەن تەلەپچان. مەيلى ئىشخانىدا ئىشلىسۇن، مەيلى تۆۋەنگە بارسۇن، ئۇ ئابونتچىلارغا ھەرقاچان پوچتا خادىملىرىنىڭ قىز-غىنلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىش كەسپى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈكى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە

ئېشىپ كەتتى. گەرچە ئۇنىڭ بالىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لې-كىن ئۇ خىزمەتنى ئەزەلدىن تەسىرگە ئۇچرىتىپ باقمىدى، ـــ دېدى ئارزۇگۈل-نىڭ خىزمەتدىشى نۇرىمان مەممەت ئارزۇگۈلنىڭ تەرىپىنى قىلىپ.

پوچتا خادىملىرىنىڭ ئوبرازى ۋە ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئارزۇگۈل ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق خىزمەت تەجرىبىسىگە ئاساسەن، «غوروچۆل بازارلىق پوچتا پونكىتىنىڭ ئابونىچىلارنى زىيارەت قىلىشنى باشقۇرۇش تۈزۈ-مى» نى تۈزۈپ چىقتى. «ئابونىچىلار زىيارەت خاتىرىسى» تەسىس قىلىپ، ئا-بونىچىلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەردىن شۇ جايدا چۈشەندۈرگىلى بولىدىغىن-نى شۇ جايدا چۈشەندۈردى. ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ھەر ئايلىق سانلىق يىغىندا كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ، مۇۋاپىق ھەل قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇر-غا قويدى. ئاخىرىدا ئابونىچىلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ھەقى-قىي ئەمەلىيلەشتۈردى.

مۇلازىمەتنىڭ جۇڭگو پوچتىسىنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى ئىكەنلىكىنى ئار-زۇگۈل چوڭقۇر چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇ «خىزمەتتە چىن كۆڭلۈمدىن ئابونى-چىلارنى كۆزلىسەملا، ئابونىچىلارنى رازى قىلسام، ياخشى جاۋابقا ئېرىشەلەي-مەن» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، ئابونىچىلارنى رازى قىلىشنى خىزمەت ئۆ-لچەمى قىلدى. ئابونىچىلارنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىشتەك مۇلازىمەت قارىشىنى كونكرېت خىزمەت ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلەشتۈردى. ئابونى-چىلارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلدى، پوچتا پونكىتىدا 10 خەتلىك مەدەنىي مۇلازىمەت سۆزى ۋە بىر يۈرۈش مۇلازىمەت قائىدە - يوسۇنىنى ھەقىقىي يولغا قويدى.

مۇلازىمەت پوكىيىگە ياشانغانلار كۆزەينەكى تەسىس قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ ئىش بېجىرىشىگە قۇلايلىق يارىتىپ بەردى. 2008 - يىل 3 - ئايدا ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى ۋىلايەت بويىچە «ئېشىنچا سوممىنى كۆپەيتىش» ئەمگەك مۇ-سابىقىسىنى قانات يايدۇرغاندا، ئۇ ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، زاپاس پۇل قويۇش مۇلا-زىمىتى ئېلىپ باردى. بىر ئابونىچى بىخەستەلىك قىلىپ 10 مىڭ يۈەننى ئارتۇق بېرىۋېتىدۇ. ئۇ پونكىتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قايتا تەكشۈرۈپ بۇنى بىل-گەندە، پۇل ئالدىدا قىلچىمۇ تەۋرەنمەي، بۇ 10 مىڭ يۈەننى دەرھال ئىگىسىگە

قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئابۇنچى ئۈنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئارزۇگۈلگە كۆپ رەھمەت ئېيتىدۇ. يەنە بىر قېتىم تېلېفون ھەققىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرغان بىر ئابۇنچى ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا پوچتا پونكىتىغا كېلىپ، تېلېفون ھەققى تاپشۇرۇشتا خاتالىق كۆرۈلگەنلىكتىن تېلېفونىنىڭ توختاپ قالغانلىقى توغرىسىدا ئەيىبلەپ سۆزلەپ كېتىدۇ. ئارزۇگۈل ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ھېچنىمە دېمەي دەرھال كۆچمە خەۋەرلىشىش تىجارەت ئورنىغا بېرىپ، ئۈنىڭغا ياردەملىشىپ سۈرۈشتۈرىدۇ. تەكشۈرۈش ۋە ئۈنىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشى ئارقىسىدا، ھېلىقى ئابۇنچى بۇنىڭ سەييارە كەزمە ھەققى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن بۇ ئابۇنچى ئۈنىڭ بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تېرە سودىسى قىلىدىغانلىقى ۋە نۇرغۇن سودىگەرلەرنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئارزۇگۈل پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ ئابۇنچى بىلەن پائال ئالاقىلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئابۇنچى پوچتىخانىنىڭ پۇل ئامانەت چوڭ خېرىدارى بولۇپ قالىدۇ. ئۆتكەن يىلى يازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىشخانىدا ئىش بېجىرىۋاتقاندا، ئۇ تۇيۇقسىز بىر كىشىدىن كەلگەن تېلېفوننى قوبۇل قىلىدۇ. تېلېفون غوروچۆل بازىرىدىكى مەلۇم بىر مەھەللىدىن كەلگەن بولۇپ، 10 مىڭ يۈەننى پوچتىخانىغا ئامانەت قويماقچى ئىكەنلىكىنى، بىراق نەق پۇل ئاپىرىشنىڭ تازا قۇلاي ئەمەسلىكىنى، ئائىلىگە كېلىپ مۇلازىمەت قىلىشنى ئېيتىدۇ. ئۇ ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن بۇنىڭ پەقەت 10 مىڭ يۈەننىڭ ئىشى ئەمەسلىكىنى، پوچتىخانا ئۈچۈن ئابۇنچى تاپىدىغان ياخشى يول ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ ئارتۇق گەپ - سۆز قىلماي ئادرېسنى خاتىرىلىۋېلىپ، دەرھال موتوسىكلىتنى ھەيدەپ، نەچچە يۈز چاقىرىم يول يۈرۈپ، بۇ ئابۇنچىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرىدۇ. بۇ ئىشتىن بۇ ئابۇنچى ھەقىقەتەن تەسىرلىنىدۇ. ئارزۇگۈلنىڭ چۈشەندۈرۈشى ۋە تەشۋىق قىلىشى ئارقىسىدا پوچتا ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان دېھقانچىلىق ۋاسىتىلىرىمۇ بۇ ئائىلىگە يەتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئابۇنچى كۆرگەنلا كىشىگە «غوروچۆل پوچتا پونكىتى ئىشىنىشكە ئەرزىيدىكەن» دەيدۇ. ئىككى يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق پوچتا پونكىتىنىڭ بۇ تۈردىكى خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىلەر بارلىققا كېلىدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۈنىڭ يېتەكچىلىكىدە غوروچۆل بازارلىق پوچتا پونـ

كىتىنىڭ كىرىمى ئۇدا ئۆرلەپ، ئىلگىرىكى ۋەزىيىتى تاماملىيالماسلىق، داۋاملىق كەينىگە سۆرەشتەك ۋەزىيەت ئۆزگىرىدۇ. 2009-يىلى پونكىت 600 مىڭ يۈەن كىرىم يارىتىپ، يىللىق پىلانىنى 100% تاماملايدۇ. ھازىر بۇ پوچتا پونكىتىدىن دېھقانچىلىق ۋاستىسى سېتىۋالىدىغان دائىملىق ئابۇنچى 150 دىن ئاشىدۇ. غوروچۆل بازارلىق پوچتا پونكىتىدا دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى ئۇدا ئىككى يىل ھەقىقەتەن كۆپ سېتىلدى. ئارزۇگۈل ئابدۇراخمان دائىم كەنتلەرگە بېرىپ، ئابۇنچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى يېشىشىغا پائال ياردەم قىلدى. غوروچۆل بازىرى لەبداڭ كەنتىدىكى ما بوۋاي 2008-يىلى پاختا باھاسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇرغاندا، ئارزۇگۈل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ما بوۋايغا ياردەملىشىپ ئۇنىڭ پاختىسىنى يۇقىرى باھادا سېتىپ بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا جۇڭگو پوچتىسىنىڭ ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز مۇلازىمىتىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ. ھازىر لەبداڭ كەنتىدىكىلەر پوچتا پونكىتىدىن دېھقانچىلىق ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئىشلىتىدىغان، قەرز ئالىدىغان چوڭ خېرىدارغا ئايلاندى. ئارزۇگۈل جۇڭگو پوچتىسىنىڭ دېھقانچىلىق ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىدىغان چوڭ خېرىدارلارغا «يېشىل يول» ئېچىپ بەردى. ئۇ پوچتا خادىملىرىدىن دېھقانچىلىق ۋاستىلىرىنى ئالدى بىلەن ئېتىز-ئېرىق باشلىرىغا ئاپىرىپ بېرىش، ئاندىن ئۆيىگە بېرىپ پۇل ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ خىل مۇلازىمەت شەكلى دېھقانلارغا ناھايىتى زور قۇلايلىق ئەكىلىپ، دېھقانلارنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. يېرىم يىلدىلا ئۇ 200 نەچچە تونىنا ئوغۇت سېتىپ، 3200 نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. 2008 - يىلى 6 - ئاينىڭ بېشىدا، ئارزۇگۈل غوروچۆل بازىرىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ دېھقانچىلىق ۋاستىلىرىنى پوچتا پونكىتىدىن سېتىۋالمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. بۇ پوچتىخانا كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتەتتى، شۇڭا ئارزۇگۈل كېچىلەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بۇ ئابۇنچىغا پوچتىخانا ساتىدىغان دېھقانچىلىق ۋاستىلىرىنىڭ غوروچۆل تۇپرىقىغا ئىنتايىن ماس كېلىدىغانلىقىنى سەممىيلىك بىلەن چۈشەندۈرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا «100 يىللىق پوچتا» نىڭ ئىناۋىتىنى، پوچتىخانىدىن دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى سېتىۋالسا، سۈپىتىدىن غەم يېمەسلىكنى ئېيتىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كې-

يىن مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر. بىر سائەت ئىچىدە مالنى ئۆيگە ئاپى-رىپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىدۇ. ئەتىسى دەل تاڭزۇڭزا باي-رىمى كۈنى ئىدى، ئارزۇگۈل بۇ ئابونتچىغا زۇڭزا ئاپىرىپ بەرگەچ ئۇلاردىن هال سورايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئىنتايىن خۇشال بولۇپ «پوچتىخانىنىڭ بىزگە بۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمىز. بىز بۇنىڭدىن كې-يىن پوچتىخانا بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىمىز» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئارزۇ-گۈل يەنە بىر چوڭ ئابونتچىنى تۇتۇپ قالىدۇ. ئۇ ھېيت-بايرام ۋە ئادەتتىكى چاغلاردىكى ئالاھىدە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، چوڭ ئابونتچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى چىڭىتىدۇ.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتتى. ئەمما ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئارزۇگۈل ئاخىرى ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئەڭ يامىنى بۇ قېتىم ئۇ ئىلگىرىكى جاراڭلىق ئاۋازىدىن ئايرىلىپ، ئاۋازى بوغۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. «بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك، كۈتۈلمىگەندە 2008 - يىلى 10 - ئايدا ئارزۇگۈل ئابدۇراخماننىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئوغلى ئۆركەش ئاق قان كېسىلى بولۇپ قالىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇچ قې-تىم ھوشىدىن كېتىدۇ. ئۇ شوخ، ئوماق ئوغلىنىڭ بۇنداق خەتەرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. ئېرىنىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن ئۇ غەيرەتكە كېلىپ ئوغلىغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. ئوغلىغا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بىر قىسىم ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى روھىي جەھەتتىن كېسەللىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئۇ غايەت زور ئازاب - ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىپ، پوچتا خىزمىتىنى يەنىلا شۇنداق قىزغىنلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەي-دۇ. ئۇ ھەمىشە ئېرى ۋە بالىسىغا مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر پونكىتنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش، مەن پونكىتتىن ئايرىلسام پوچتىخانىنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىدۇ». ئىدارە رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئۇنىڭغا بالىسىنى ئېلىپ كېسە-لىنى كۆرسىتىپ كېلىشكە نەسىھەت قىلسىمۇ، ئۇ ھەمىشە خىزمىتىنى تاشلاپ قويۇشقا قىيمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بالىسىغا بولغان مۇھەببىتىنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلاپ، ئابونتچىلار ئالدىدا ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ.

بىراق بۇ كۆلۈمسىرەشنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ بارلىقىنى ھېچكىم ھېس قىلمايدۇ.

تىرىشچانلىقنىڭ راھىتى، ئەجىرنىڭ مېۋىسى بولىدۇ. ئارزۇگۈلنىڭ پوچتا كەسپىگە باغلىغان ئەقىدىسى، نەتىجە قازىنىش، تۆھپە يارىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى غوروچۆل پوچتا پونكىتىنى خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك جىلۋىدار تۈسكە ئىگە قىلدى، زورايتتى. شان - شەرەپكە ئېرىشتۈردى. بۇ پونكىت ھازىر ئاۋات ناھىيەسىدىكى يېزا، بازارلىق پوچتا پونكىتلىرىنىڭ بايراقدارىغا ئايلاندى. ئارزۇگۈل كۆپ قېتىم ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى ۋە ئاۋات ناھىيەسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. 2007-يىلى ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى غوروچۆل بازارلىق پوچتا پونكىتىدا نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، بۇ پونكىتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىش، ئابونىچىلارغا ئەلا مۇلازىمەت قىلىش تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتتى.

ئاۋات ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى رۇي يېقىندا مۇخبىرغا: ئارزۇگۈلنىڭ شەرىپى بىزنىڭ شەرىپىمىز، بىز ئۇنىڭ بۇ شەرەپنى مەڭگۈ قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، دېدى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياۋ شىنگېن مۇنداق دېدى: ئارزۇگۈل ۋىلايىتىمىزنىڭ پوچتا ساھەسىدىن چىققان سۇمۇرغ، ئۇ بىزنىڭ ئۆلگىمىز. بىز پوچتا ساھەسىدە ئۇنىڭ ئىلغارلىق ئىش - پائالىيەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئىلغارلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئاقسۇنىڭ پوچتا ئىشلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىمەن.

# ۋاپادار ئوغۇلغا دەستە - دەستە گۈل

— مەن يۇرتداشلارنى بۇنچىلىك تەۋرەپ كېتەر دەپ ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئەل - يۇرت ھەقىقەتەن ئۆز ئوغلىنى تونۇيدىكەن، يۇرتنى سۆيگەن، ئۆز يۇرتى ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ بەرگەنلەرنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىكەن، ئەزىزلەيدىكەن. ئەگەر مەن شۇ چاغدا دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانمىغان بولسام، بۇ نۇقتىنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەي ئۆتۈپ كېتەركەنمەن، — دېدى يېقىندا ئېگىز بوي، بەستلىك كەلگەن، چىرايىدىن ئىللىقلىق، كۆزلىرىدىن ياشلىق ئوتى چاقناپ تۇرىدىغان مۇختار ئەلا بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان چاغدىكى كۈنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ 2005 - يىل 2 - ئايدا سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىدا 18 كۈن يېتىپ قالغان. بۇ جەرياندا ئۇ ياتقان كېسەلخانا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان، يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، دەستە - دەستە گۈللەر ياتاق ئىچىگە پاتماي قالغان. دوختۇر - سېستىرالار بۇ مەنزىرىدىن ھەيران قېلىپ، مۇختار ئەلاغا باشقىچە نەزەردە مۇئامىلە قىلغان.

— ھېسابلاپ كۆرسەم، شۇ قېتىمدا 1000 دىن ئارتۇق ئادەم مېنى يوقلاپ كەپتۇ. كەنتىمىزدىن كەلمىگەن بىرمۇ ئادەم قالماپتۇ. ياسىن داۋۇت، موللا توختىنىياز قارى قاتارلىق نامرات دېھقانلارمۇ بىر - ئىككىدىن نان - توقاچ كۆتۈرۈپ كەپتۇ. جام بازىرىدىن باشقا، ئىشلەمچى، قىزىل قاتارلىق يېزا - بازارلاردىن كەلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەن بۇ مەنزىرىدىن بەك تەسىرلەندىم. كۆزۈمگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى. ۋۇجۇدۇم يۇرت خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىدىن ئوت بولۇپ ياندى. ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك، ئەڭ ئامەتلىك ئادەم دەپ ھېسابلىدىم... — مۇختار ئەلانىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئۇيچان

كۆزلىرى سۇس ياش تامچىسى بىلەن نەملەشكەندەك قىلاتتى. ئۇ دىققىتىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈردى - دە، يەنە ئېغىز ئاچتى: — 2008 - يىلى 2 - ئايدا يەنە بىر قېتىم دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. 16 كۈن جەريانىدا يەنە يۇقىرىقىدەك ئەھۋال يۈز بەردى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم، دوست - بۇرادەرلىرىم، تىجارەتچىلەر، ناھىيە، يېزا، كەنت رەھبەرلىرى، ھەتتا مەن ياردەم قىلغان نامرات دېھقانلار كېسەلخانىغا يەنە سەلدەك ئېقىپ كېلىشتى. مەن نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئۇقالماي قالدىم. پەقەت ھاياتنىڭ قىممىتىنى، مېھىر - ۋاپانىڭ قەدىر - قىممىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم. ئەل - يۇرت ئۈچۈن تەر تۆكۈشنىڭ ساۋابى ۋە قۇدرىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋالدىم...

توغرا، ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى مال - دۇنياسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەل - يۇرت ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ئىشىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەل - يۇرت ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلارغا خەلق خۇددى مۇختار ئەلاغا بەرگەنگە ئوخشاش قەلب تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ. بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. مېھىر - ۋاپا بىلەن ئېچىلدۇرغان دەستە - دەستە گۈللىرىنى سوۋغا قىلىشىدۇ...

ئۇنداقتا، مۇختار ئەلا كىم؟ ئۇ قايسى ئىشى، قايسى تۆھپىسى بىلەن خەلقنىڭ شۇنچىۋالا ھۆرمىتىگە ئېرىشەلىدى؟

مۇختار ئەلا ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ جام بازىرى قازانئاسما كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھازىر جام بازىرى تەۋەسىدە كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاددىي بىر ياش. قەلبىگە ئۇلۇغۋار ئارزۇلارنى پۈكۈپ، كىچىكىدىنلا مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇغان مۇختار ئەلا 1988 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن داۋاملىق يۇقىرىلاپ ئوقۇشقا ئامالسىز قالدى. بىراق ئۇنىڭ بىلىمى، گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئوتلۇق تەلپۈنۈشى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. غايە — كىشىلىك ھاياتنىڭ قۇياشى. ئۇ ئائىلىسىگە قايتىپ قازانئاسما كەنتىدە ئەمگەك قىلدى. بوش ۋاقىتلىرىدا كىتاب - ماتېرىيال كۆردى، ئۈمىدۋار ياشىدى. قولىقىنى ئۇزۇن تۇتۇپ ئۆچۈر ئىگىلەپ، ئاستا - ئاستا تىجارەت يولىغا قەدەم قويدى. ئائىلىسىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن،

بىر نەچچە يىل جەريانىدا قانۇن يولغا قويغان دائىرىدىكى ھەممە تىجارەتنى قىد-لىپ كۆردى. بەزىسىدە پايدا ئالدى، بەزىسىدە زىيان تارتتى. لېكىن ئۇ تەجرىبە توپلىدى، سودىنىڭ ئېپىنى ئۆگىنىۋالدى. نېمىدە پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، نېمە قىلسا ھەم ئۆزىگە، ھەم ئۆزگىگە پايدا يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭ-قۇر ھېس قىلىپ يەتتى. بازارنىڭ رەھىمسىز ئىكەنلىكى، سودا ـ سېتىق ئىشلى-رىدا ئازراقلا بىخەستەلىك قىلسا ئادەمنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ پەم بىلەن ئىش كۆردى. ھەر بىر قەدىمىنى پىلانلىق باستى. زىيان تارتىپ كەتسىمۇ سودا دېگىنىزدا بەل قويۇۋەتمەي تى-نىمسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى. 2000 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇختار ئەلا خېلىلا پۇللۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئائىلىسىنىڭ شارائىتىمۇ ياخشىلاندى. بىراق مۇختار ئەلا بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنى نىشانىغا، مەقسەتكە يەتتىم، دەپ قارىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ نىشانى، مەقسىتى پۇل تېپىشلا ئەمەس، بەلكى ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئىدى. شۇڭا ئۇ 290 مىڭ يۈەن چىقىرىپ بىر دانە توپا ئىتتى-رىش ماشىنىسى سېتىۋالدى. چۈنكى بۇ مەزگىللەردە جام بازىرى دائىرىسىدە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا بۇ ماشىنا جام دېھقانلىرى تالىشىپ ئىشلىتىدىغان «ئۆكۈز» گە ھەم مۇختار ئەلانى سودا كۆكىدە پەرۋاز قىلدۇرىدىغان «قانات» قا ئايلاندى. بۇ مەزگىلدە مۇختار ئەلا يەنە ئىلگىرى شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ياغاچچىلىق، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش كەسپىنىمۇ تە-رەققىي قىلدۇرۇشقا كېڭەيتىپ، كۆپ خىل تىجارەت تەركىبلىرىنى تەڭ قەدەم-دە ئالغا ئىلگىرىلەتتى. ئىزدەنگەنسېرى مۇختار ئەلانىڭ يولى ئېچىلدى. پۇل تاپ-قانسېرى نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. ئىشلىگەنسېرى ياشلىق باھارى جۇلالىنىپ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا باشلىدى. ئەتراپىدىكى ئىشلارغا، ئەتراپىدىكى ئادەم-لەرگە دىققەت قىلىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى مۇختار ئەلا ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ مارك تېۋىننىڭ «پۇلنى ئىشلىتىشنى بىلسىڭىز، ئۇ سىز-نىڭ قولىڭىزغا ئايلىنىدۇ، ئىشلىتىشنى بىلمىسىڭىز، ئۇ سىزنى قولغا ئايلاندۇرى-دۇ» دېگەن ھېكمىتىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ 2003 ـ يىلى جام بازارلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا ئولتۇراق ئۆيى سېلىپ بېرىشتە قىيىن-لىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر قېتىمدىلا مەكتەپكە 56 مىڭ يۈەن

پۇل ئىئانە قىلدى. كەنتىدىكى توختى قاتارلىق ئون نەچچە نامرات دېھقانغا ئۇدا بىرنەچچە يىل ياردەم بەردى. تۆۋەنكى تۇمەن مەكتىپىگە 21 مىڭ يۈەن قىممىتىدە قۇم، شېغىل، بازارلىق خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپىگە 5200 يۈەن قىممىتىدە 12 توننا كۆمۈر ئەكىلىپ بەردى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن دائىم پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بازارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا كۈچ چىقاردى. قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قەتئىي قارشى تۇردى. ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 200 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ياردەم قىلدى. بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، كەنتلەردىكى نامرات، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرگە ئىزچىل ياردەم قىلىپ كەلدى. تېرىلغۇ مەزگىلىدە پۇلدىن قىسىلىپ قالغان ئاممىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇل بېرىپ تۇردى. شاۋ خۇاڭ قاتارلىق بەش نەپەر خەنزۇ ئىشلەمچىنىڭ نوپۇس مەسىلىسىنى ھەقسىز ھەل قىلىپ بەردى. قۇيرۇقى ئۈزۈلمىگەن بۇ خىل ياردەملەر مۇختار ئەلانىڭ جام بازىرىدا نامىنى چىقىرىۋەتتى. ئەل - يۇرت ئۇچۇن سۇنۇلغان شەپقەتلىك قوللار مۇختار ئەلانى ئۆز يۇرتىدا قارنى - كۆكسى كەڭ ھۆرمەت - ئىززەت ساھىبىغا ئايلاندۇردى.

داغدام يول ئۈزۈلدۈرمەي مېڭىش ئارقىلىق، مۇۋەپپەقىيەت بەل قويۇۋەتمەي تىرىشىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىدىن سۆيۈنگەن مۇختار ئەلا ئەتراپىغا كەڭ نەزەر بىلەن قاراشقا، تېخىمۇ چوڭراق ئىش قىلىش ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. چۈنكى قەلبىدە يېنىۋاتقان ئانا يۇرت مۇھەببىتى ئۇنى تىنىمسىز يۇقىرى ئۆرلەشكە ئۈندەيتتى. ياشلىق جاسارىتى ئۇنىڭغا ئىشلەشنىڭ، تەر تۆكۈشنىڭ راھىتىنى، ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھېس قىلدۇرماقتا ئىدى. ئۇ ساچىر خانىمىنىڭ «پۇل نىشان ئەمەس، بىراق نىشانغا يېتىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستە» دېگەن سۆزىنى قەلبىگە خاتىرىلىۋالغانىدى. 2007 - يىلى 34 ياشقا كىرىپ قالغان مۇختار ئەلا 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ جام بازىرىدا «ۋەنخۇا» قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ تامچىلىق، يول قۇرۇلۇشى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەم تاش، قۇم - شېغىللىرىنىڭ بازار تېپىشىغا ئۇل ھازىرلىدى. بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى

جام بازىرىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا بولغان جىددىي ئېھتىياجنى پەسەيت-تى. كىشىلەرنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە باردى. مۇختار ئەلا قۇرۇلۇش ماتېرىياللى-رىغا ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە، ئورۇنلارغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش ئۈ-چۈن، زاۋۇتقا بىر يۈرۈش چاتما سايمان سەپلىدى. تېخنىكا يېڭىلىدى. دەس-لەپكى قەدەمدە 18 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە زور مىقداردا مەبلەغ ھەل قىلىپ، قۇم ـ شېغىل توشۇيدىغان چوڭ ئاپتوموبىلدىن تۆتنى، كىچىك ماشىنىدىن ئۈچنى سېتىۋالدى. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى ئۈچكە يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن زاۋۇتنىڭ ئەمەلىي كۈچى زورىيىپ، تىجارىتى جانلاندى. مۇختار ئەلا يىلدا 7000 كىۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ئۆي قۇرۇلۇ-شى، 70 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق ئۇزۇنلۇقتا يول قۇرۇلۇشى قىلالايدىغان سە-ۋىيەنى ھازىرلىدى. ئۇنىڭ زاۋۇتى پىششىقلاپ ئىشلەپ چىققان تاش، قۇم ـ شېغىللار تەرەپ ـ تەرەپكە توشۇلدى. ھەتتا شەھەرلەردە سېلىنىۋاتقان بىنا ئۆيلەرگە يېتىشمەي قالدى. ئۇ جام بازىرىدىن ھالقىپ ئىشلەمچى يېزىسى، قىزىل بازىرىدا ئىككى يىلدا 150 كىلومېتىرلىق يېزا ـ كەنت يولىنى ياساپ چىقتى. 100 نەچچە يۈرۈش ئۆي سالدى. ئۇ قىلغان قۇرۇلۇشنىڭ تەننەرخى ئەرزان، سۈرئىتى تېز، سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئامما ئۇنىڭدىن رازى بولدى. ئىگىلىكى كېڭەيگەنسېرى، ئىشلىرى روناق تاپقانسېرى، مۇختار ئەلا نۇرغۇن ئىشسىز ياشلارغا ئاتىدارچىلىق قىلدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىش-لەيدىغانلار كېيىنكى يىلى 30 غا يەتتى. بۇلارنىڭ يۇقىرىسى 1600 يۈەندىن، تۆۋىنى 800 يۈەندىن ئىش ھەققى ئېلىپ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان شارائىتقا ئىگە بولدى. 2008 ـ يىلى مۇختار ئەلا 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ جام بازىرى مەركىزىگە 3000 كىۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئىككى قەۋەتلىك تىجارەت ئۆيى سالدى. بۇ كۆركەم ئىمارەت بازارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپلا قالماي، يەنە ئىش ئورنى يوق 68 كىشىنىڭ دۇكان ئېچىشى، سودا قىلىشىغا كەڭ قۇچاق ئاچتى. نۇرغۇن تۆۋەن كىرىملىك كىشىلەر بۇ بىنا-دىكى دۇكىنىغا تايىنىپ خېلى كۆپ پۇل تېپىۋالدى. ئۇلار مۇختار ھەققىدە گەپ بولغاندا: «ئۇ بىزنىڭ نىجادكارىمىز، تۆۋرۈكىمىز، پەخرىمىز» دېيىشىدىغان بولدى.

جاپانىڭ ئاخىرى تاتلىق بولىدۇ. تۆھپە ئادەمنى ئالىيجاناب روھقا، گۈزەل

قەلبكە، ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇن نەچچە يىللىق سودا ھاياتى مۇختار ئەلانى چىدامىلىق ئەرگە، ۋاپادار ئوغۇلغا، كۆيۈمچان دادىغا، پىشقان كارخانىچىغا ئايلاندۇردى. ئۇ سودىدا باشتىن ـ ئاخىر دادىل، تەمكىن، سەممىي، قىزغىن بولدى. ھالال ئىش قىلدى. ئىش قىلغاندا ئۆزىنىلا ئەمەس، باشقىلارنىمۇ ئويلىدى. پۇل تاپقاندا مائارىپنى، يېتىم ـ يېسىرلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى. سودا بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان دۆلەتكە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج ۋە باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇردى. ئۇنىڭ دۆلەتكە، خەلققە، جەمئىيەتكە ئوخشاش كۆڭۈل بۆلۈش روھى ئۇنسۇدىكى ھەر ساھەنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. يۇرتداشلار ئۇنىڭغا دەستە ـ دەستە گۈللەرنى تۇتسا، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۇنى شەرەپ مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقتى. 2007 ـ يىلى مۇختار ئەلا ئونسۇ ناھىيەلىك 11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى. بۇ خىل شەرەپتىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمگەن مۇختار ئەلا ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن قىلغانلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدى. كىشىلىك ھاياتىدىكى ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلەرنى ئەسكە ئېلىپ، تارتقان جاپالىرىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلىشقا باشلىدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەزگۈ ئارمانلىرىنىڭ چېچەك ئېچىشىغا ئىلھام بولدى. ئۇ ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن دائىم كەنت ـ مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىيىن، قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ئىگىلەپ، ئۇنى ۋاقتىدا يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىپ تۇردى. بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستتى ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك ئۆگىنىش، كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ باغ ـ ئورمانچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈشتە قارىغۇلارچە ئىش قىلماسلىق، چىلان، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تۇپراق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تىكىشنى تەكىتلەش، كەنتلەرنىڭ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، نامرات ئاممىغا كۆپرەك پەن ـ تېخنىكا ئۆگىتىش ھەققىدە نۇرغۇن تەكلىپ ـ پىكىر تەييارلاپ، ئۇنى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا سۇندى. ئۇنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرى تەشكىل تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى ھەم تېزدىن ئەمەلىيلىشىپ، خەلقنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىدى. ئەل

- يۇرتىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئاققان، خەلق بىلەن قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشنى ياشاشىنىڭ چىن ئەقىدىسى قىلغان مۇختار ئەلا 2008 - يىلى ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى» بولۇپ باھالاندى.

«مۇختار ئەلا ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن مەكتەپكە ماڭالمىغان ئۈچ ئوقۇغۇچىغا ياردەم قىپتۇ...»

9 - ئاينىڭ ئاخىرى جام بازىرىدا تارالغان بۇ خەۋەر بىزنىڭمۇ قۇلىقىمىزغا يەتتى. بۇ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئىگىلەپ بېقىش مەقسىتىدە بىز يېقىندا مۇختار ئەلا بىلەن ئالاقىلەشتۇق. لېكىن ئۇ بىزگە قەتئىي گەپ قىلىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. بىز مەكتەپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسى ۋە بازارلىق ئاياللار بىرلەشمىسى ئارقىلىق تۆۋەندىكى تۈمەن كەنتى 3 - مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق موللا تۇردىنىڭ ئوغلى نۇرئەخمەتنىڭ بۇ يىل شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، لېكىن ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ بالىنىڭ ئوقۇشقا ماڭالمىغانلىقىنى، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مۇختار ئەلانىڭ بۇ بالىغا 5000 يۈەن بېرىپ، ئۇنى مەكتەپكە يولغا سالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئالتە يىللىق ئوقۇش پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالاقىدار تەرەپلەرگە ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇق. يەنە ۋەخپە كەنتلىك بىر نامرات دېھقاننىڭ بۇ يىل قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئۆتكەن مەريەم ئىسىملىك قىزىغىمۇ 2000 يۈەن بېرىپ، ئۇنى ۋاقتىدا قەشقەرگە يولغا سالغانلىقىدىن، ئۇنىڭ تۆت يىللىق ئوقۇش پۇلىنىڭ ھەممىسنى تۆلىمەكچى بولغانلىقىدىن، كېلەر يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزىدىغان جاملىق ئوقۇغۇچى مەھەمەتجاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلدىكى ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا 3000 يۈەن ياردەم بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. مۇختار ئەلانىڭ بۇ قەلب ئىزھارى ئائىلە باشلىقلىرىنى تەسىرلەندۈرگەن. بىز مۇختار ئەلادىن ئىبارەت بۇ ۋاپادار ساخاۋەتچىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

# مەناغا تولغان ياشلىق

ياشلىق — ئىنسان ھاياتىنىڭ گۈلتاجىسى، ئۇنىڭغا ئەجىر قىلسا ئۇ گويا باھاردىكى گۈلدەك چېچەكلەپ، تەبىئەتكە يېقىملىق پۇراق چاچىدۇ. بۇنى چۈشىنەلىگەن ئادەم ياشلىق باھارىنى قەدىرلەپ، يۈرەك قېنىنى ئىمزدىنىش، تۆھپە قوشۇش ۋە ئىستىقبال يارىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا سەرپ قىلىدۇ. بۇ يىل 34 ياشقا كىرگەن ئۆمەرجان سۇلايمان ياشلىق باھارىنى قەدىرلەپ، ئۇنى خۇددى باھاردىكى گۈلدەك چېچەكلەتتى، ئۇچۇرما بولغان سۇمۇرغدەك پەرۋاز قىلدۇردى. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ئاۋات ناھىيەسىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۆمەرجاننى 13 قېتىم تەقدىرلەپ، ئۇنىڭ تاشيول تىرانسپورت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش يولىدا تۆككەن تەرى، ئىرادىسى، قىزغىنلىقى ھەم نەتىجىسىگە يۇقىرى باھا بەردى.

1991 - يىل 6 - ئايدا ئۆمەرجان ناھىيەلىك قاتناش ئىدارىسىدىن يېڭىدىن ئايرىلىپ چىققان تاشيول تىرانسپورت باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەنگەندە ھەم خۇشاللاندى، ھەم تەئەججۈپتە قالدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى تەشكىلنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى، ئۈمىدى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ تەئەججۈپچۈ؟ بىرىنچىدىن، بۇ پونكىت يېڭىدىن قۇرۇلدى، تېخى ھېچقانداق خىزمەت ئۈسكۈنىسى بولمىغان بۇ ئورۇنغا ئۆزى بىلەن قوشۇپ ئاران ئۈچلا ئادەم قويۇلدى. ئىككىنچىدىن، پونكىتنىڭ خىزمەت سالمىقى ئېغىر، ئۇ كەسپىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋىلايەتكە، مەمۇرىي جەھەتتە ناھىيەلىك قاتناش ئىدارىسىگە تەۋە بولغان، قوش رەھبەرلىك قىلىنىدىغان تارماق بولغاچقا، ئاۋارىچىلىك كۆپ. ئۈچىنچىدىن، ئۆمەرجاننىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى ئادەم خەنزۇ، ئۆزى خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئانچە مۇكەممەل بىلمىگەچكە، خىزمەتنى يۈرۈشتۈرۈپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلاتتى... خۇشاللىق بىلەن تەئەججۈپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى

ئاخىرى ئىرادە ھەل قىلدى. كىچىككىدىنلا بىرلىشىپ ئۆگىنىش، كۆچىنىپ ئىشلەشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئۆمەرجان ۋۇجۇدىدا كۆپۈۋاتقان ياشلىق ئوتىنى دۆلەتنىڭ تاشيول تىرانسپورتىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ھەدىيە قىلىشنى قارار قىلدى.

ئۇ قول ئاستىدىكى ئىككى ئادەمنى ياخشى تەشكىللەپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشتىن ئىش باشلىدى. يەككە يولۇچى توشۇش ماشىنىلىرىنى تىزىملاش، باشقۇرۇش ھەم ئۇنىڭ يۈرۈشلۈشىدىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، زۆرۈر بولغان قائىدە ـ تۈزۈم ۋە تەدبىرلەرنى بېكىتىپ ئىجرا قىلدى. دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكى ۋە يەككە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ھەققىدىكى سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تىرانسپورت كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سۈرئىتىنىڭ تېزلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، تىجارەت خاراكتېرىدىكى موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ، پونكىتىنىڭ خىزمەت مىقدارىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. مۇشۇنداق پەيتتە، ئۆمەرجان ھېرىپ ـ چارچاشتىن، يول يۈرۈشتىن قورقمىدى. كېچىلىرى تۈزۈكرەك ئۇخلىماي، چارلاپ تەكشۈرۈشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. كۈندۈزلىرى قاتناش قائىدە ـ نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، شوپۇرلارنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇردى. شوپۇرلۇق ئەخلاقى ۋە يول ئىستىلىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى. ئۇ ئىش بېجىرىشتە سەمىمىي، ئادىل ھەم قاتتىق قول بولدى. 1992 ـ يىلى تامتوغراق يېزا 13 ـ كەنتىنىڭ تىراكتورچىلىرى كىرا تالونىنى يازدۇرۇشنا باجدا ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆمەرجانغا 200 يۈەن نەق پۇل تەڭلىدى. بۇ ئىشتىن غەزەپلەنگەن ئۆمەرجان: «سىلەر مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىلەر، تىجارەت قىلغان ئىكەنسىلەر باجنى چوقۇم تولۇق تاپشۇرۇسىلەر» دېدى ـ دە، ئۇلارنى شۇ زامان يولغا سېلىۋەتتى. مۇشۇنداق مەلۇم مۇددىئا، مەلۇم مەقسەت بىلەن ئۆمەرجانغا سوۋغا تەقدىم قىلغۇچىلار، ئۇنى مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلغۇچىلار ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمەت ھاياتىدا دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇردى. لېكىن، ئۆمەرجان بىرەر قېتىممۇ ئازراق نەپ ئالدىدا ۋىجدانىنى بۇلغى-

مىدى. ئۆتكەن يىلى 4 ـ ئايدا بىر يولۇچى سومكىسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆمەرجان ئاپتوبۇسنى تەكشۈرۈش داۋامىدا بۇ سومكىنى تېپىۋالىدۇ. ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ، سومكىنى ئاچىدۇ ـ دە، ئۇنىڭدا 1300 يۈەن نەق پۇل بارلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق «تەييار مال» غا كۆز قىزارتماي، كۆپ تەرەپلىمە ئالاقىلىشىش ئارقىلىق بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پۇل ۋە سومكىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۆمەرجان سۇلايمان ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ سىياسىي خىزمەت كەسپىدە ئىككى يىل ئوقۇش جەريانىدا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىللە، تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتىغا كەتكەن ئوتنى ئۆچۈرۈشكە قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ 10 مىڭ يۈەنلىك مال ـ مۈلكىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ھەمدە 1987 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈش ھارپىسىدا كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى، شۇنداقلا مەكتەپنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگىسى بولۇپ باھالاندى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئۆگىنىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشنى ھەرگىزمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ كاپالىتىگە ئايلاندۇردى. بۇلتۇر ئۈرۈمچىدىن كەچ قايتىپ كەلگەن جۇ فامىلىلىك بىر خەنزۇ يولۇچى يۈك ـ تاقلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغاندا، ئۆمەرجان ئۇنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ھارۋا ئېلىپ كېلىشىگە ھەم خاتىرجەم قايتىپ كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. يەنە شۇ يىلى 2 ـ ئايدا ئاقسۇغا كېسەل كۆرسەتىش ئۈچۈن ماڭغان ئىككى خەنزۇ ئايالنىڭ بېكەتتە دورا ئىچكىلى قايناق سۇ تاپالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئۆمەرجان دەرھال ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ دورا ئىچىش ھەم دەم ئېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى، شۇنداقلا ئاپتوبۇس كەلگەندە ئۇلارنى ئاقسۇغا يولغا سېلىپ قويدى. مۇشۇنداق ئىشلار ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكتىن ئۆمەرجان كۆپ قېتىم ناھىيە بويىچە ئىتتىپاقلىق نەمۇنىچىسى بولۇپ تەقدىرلەندى.

ئۆمەرجان سۇلايمان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن بىللە، باشقا خادىملارغىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدى. ئۇلارغا بولغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىز-

مەتنى كۆچەيتىپ، كىچىك ئورۇندا زور نەتىجە ياراتتى. ئۇ پارتىيەنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان كۈنى ئۆيىدىكى تېلېۋىزورنى ئىشخانىغا ئېلىپ چىقىپ، كۆپچىلىكنى قۇرۇلتاي روھىدىن خەۋەردار قىلدى ھەمدە كېيىن قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى تاشيول تىرانسپورت بازارلىرى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىلدى. ئاپتونوم رايون بۇ جەھەتتە سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمە، قاتناش نازارىتى يېڭى تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئۆمەرجان سۇلايمان يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ۋاقتىدا ئىجرا قىلىپ، ناھىيەدىكى 147 تىجارەت ئاپتوموبىلى بىلەن 45 يولۇچى توشۇش ئاپتوموبىلىنى قايتا تىزىملاپ، قاتناش بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، چارلاش، باشقۇرۇش جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. يۇقىرىدىن بەرگەن ئىككى خىل راسخوتنى يىغىش ۋەزىپىسىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلدى. 1993 ـ يىلى يىغىۋېلىنغان تىرانسپورت باشقۇرۇش ئومۇمىي سوممىسىنى 141 مىڭ 499 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىللىق ۋەزىپىسىدىن 1.2%، 1992 ـ يىلدىكىدىن 35.4%، يولۇچى توشۇش قوشۇمچە خىراجىتىنى 167 مىڭ 461 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ۋەزىپىدىن 4.7%، 1992 ـ يىلدىكىدىن 47.7% ئاشۇرۇۋەتتى. ئۆمەرجان سۇلايمان قالايمىقان جەرىمانە ئېلىش شامىلىنى توسۇپ، جەرىمانە سوممىسىنى 1992 ـ يىلدىكىدىن 54.8% ئازايتتى. بۇ يىل ۋىلايەت بۇ پونكىتقا 450 مىڭ يۈەن ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەرگەندى. ئۆمەرجان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خادىملارنى يېتەكلەپ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچىلىك يىللىق ۋەزىپىنىڭ 70% ىنى ئورۇنلاپ بولدى. يۇقىرىدىكى نەتىجىلەرگە ئاساسەن بۇ پونكىت ھەر يىلى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيەدىكى كەسپىي تارماقلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۆمەرجاننىڭ تەرى بۇ پونكىتتا مېۋە بېرىپ، ئۇ ياشلىقىنى گۈزەل مەناغا ئىگە قىلدى.

1994 ـ يىل 25 ـ ئىيۇن، ئاقسۇ

# ئۇ كەتتى! بىراق، ئۇ ئەل قەلبىدە

بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى شايار ناھىيەسىدە بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان چېغىمىزدا، ئۇ تولىمۇ تېتىك، تىمەن، تولىمۇ جۇشقۇن، خۇشخۇي كۆرۈنگەن ئىدى. بىز مېھمانخانىغا ئەمدىلا ئورۇنلىشىپ تۇرۇشىمىزغا، ئۇ بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ، بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنىدى. بىز ئىلگىرى ناتونۇش بولساقمۇ، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا ئۇنىڭ بىلەن خۇددى كونا دوستلاردەك چىقىشىپ كەتكەن، قىزغىن مۇڭداشقان ھەم دەۋر، ۋەزىيەت ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلەشكەن ئىدۇق. ئون كۈنلۈك مۇخبىرلىق قىلىش داۋامىدا، ئۇ بىز بىلەن بىرگە بولۇپ خىزمىتىمىزگە زىچ ھەمكارلاشقان، ياردەم بەرگەن ھەم بىزدە نۇرغۇن ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرغان ئىدى. مانا ئەمدى، رەھىمسىز تەقدىر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ مۆتىۋەر زاتنى بىزدىن ئايرىپ، يەر باغرىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى، يامان يېرى شۇ بولدۇكى، ئۇ ئارمان بىلەن كەتتى. 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تارقالغان بۇ شۇم خەۋەر نەچچە 10 مىڭ ئادەمنى قاتتىق ھەسرەتكە سېلىپ، يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى.

*　　*　　*

ياسىن مىسرى 1930 ـ يىلى شايار ناھىيەسىنىڭ تويبولدى يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ھايات ۋاقتىدا ئىلىم ـ پەن ۋە دىنىي ساھەدە ئوخشاشلا تەسىرگە ئىگە قوش مەلۇماتلىق دىنىي زات ئىدى. ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا ئېرىشكەن پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتى، مىللەتلەر سىياسىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، شايار ناھىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى.

مەرھۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى باشقار-مىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەن باۋگۇي قاتتىق ئېچىنغان ھالدا بىزگە مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ ئۆلۈمى ۋىلايىتىمىز ئۈچۈن بىر يوقىتىش بولدى. پەن ھەم دىن جەھەتتىن تەڭ يېتىشكەن، ئىدىيەسى ئازاد بۇنداق دىنىي زات كەلگۈسىدە نا-ھايىتى ئاز ئۇچرىشى مۇمكىن.»

7 ~ 8 يېشىدىن باشلاپ ئىزچىل دىنىي ساھەدە بىلىم ئالغان ياسىن مە-سىرى دىنىي جەھەتتە يېتىشكەندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە بولغان. ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىن باشقا، خەنزۇ تىلىنىمۇ خېلىلا راۋان سۆزلىيەلەيتتى. 1000 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇغان. بۇ كىشىنىڭ گېزىتلەردە پات - پات شېئىرلىرى، ئەدەپ - ئەخلاققا ئائىت تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. بىز ئۇنىڭ كىتاب ۋە گېزىتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بىر ئېغىز ئۆيىگە كىرگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنى خۇددى بىرەر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قىرا-ئەتخانىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلغان ئىدۇق. بۇ ئۆيىنىڭ ئىچىگە 30 خىل گېزىت - ژۇرنال، 500 دىن ئارتۇق پەننىي ۋە دىنىي كىتاب تۈرلەر بويىچە رەتلىك قويۇلغان ئىدى. ئۇ بۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پۇلىغا سېتىۋال-غان ھەم مۇشتەرى بولغان. 1990 - يىلى 169 يۈەنلىك، 1991 - يىلى 227 يۈەنلىك گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولغان ئىدى. شۇ مەزگىللەردە، ئۇ شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ 100 نەچچە پارچە شېئىرى، 200 پارچە تەرجىمە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن «مەرىپەت دۇردانىلىرى» ناملىق كىتابنى ئىش-لەۋېتىپتىكەن. ئۇ دائىم يېنىدىن بىر سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىنى ئۈزمەيلا قال-ماستىن، كوچىلارغا چىققاندا كۆزىگە ئۆزگىرىشچان كۆزەينەك تارتىپ ۋېلىسىپېتلىق يول يۈرۈيدىكەن. ئۇ بىزنى ئۆز قولى بىلەن سۈرەتكە تارتقان، بىز بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەنىدى. دىنىي زاتنىڭ مەدەنىيەتكە، ئىلىم - مەرىپەتكە تەلپۈنىدىغان بۇ ئىشلىرى بىزنى ھەيران قالدۇرغانىدى. چۈنكى، ئۇ بىر قىسىم چالا موللاملارنىڭ ئۆزىنى «كاپىر» دېيىشىدىن، ئىغۋا تارقىتىشىدىن قورقمايتتى.

ياسىن مىسرى خۇش چاقچاق، كىچىك پېئىل ئادەم بولۇپ، مەيلى پەن،

مەيلى دىن جەھەتتىن بولمىسۇن، سورالغان سوئالغا پاكىت ئارقىلىق جاۋاب بې-رىپ كىشىنى قايىل قىلاتتى. بىر قېتىم بىز ئۇنىڭدىن مەسچىتنى كۆپلەپ سې-لىشنىڭ پايدىسى بار ـ يوقلۇقىنى سورىغىنىمىزدا، ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ بىزگە مۇنداق دېگەنىدى:

— ھازىر شىنجاڭدىكى 17 مىڭ 700 دىن ئارتۇق مەسچىت كەڭ ئېتىقاد-چى مۇسۇلمان ئاممىسىغا يېتىپ ئاشىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى دىنىي مۇتەئەس-سىپلەرنىڭ ئىماملىق، خاتىپلىق ۋە مەھەللىۋازلىق تالىشىپ، جامائەتكە سىلىق سېلىپ، مەسچىتلەرنى كۆپەيتمەكچى بولۇشى تولىمۇ خاتا.

ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئىلغار ئىدىيەسى ئارقىسىدا، سەككىز بالىسىنىڭ ھەممىسى-نى پەننىي مەكتەپتە، تېخى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنى خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇتقان.

ئۇ پارتىيەنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيەتتى. بوران ـ چاپقۇنلۇق پەيت-لەردە پارتىيەگە زىچ ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىق تەربىيەسى-نى كۈچىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلاتتى. ھەر قېتىم جامائەت يىغىلىغان سو-رۇنلاردا سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى، پاك ـ دىيانەت-لىكنى تىنماي سۆزلەيتتى. 1989 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 120 مىڭ ئادەمگە پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتى، مىللەتلەر سىياسىتى ۋە قانۇن ـ تۈ-زۈملىرىنى تەشۋىق قىلغاندىن سىرت، 20 بەتلىك تېلېۋىزىيە نۇتقى ئېلان قى-لىپ، شايار، كۇچا، توقسۇدىكى 150 مىڭ ئاممىغا پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئەھمىيى-تىنى چۈشەندۈرگەن. تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئىككى قېتىم بېرىپ، ئۇ يەردىكى 500 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان جىنايەتچىگە ياخشى ئادەم بو-لۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىپ، تېزدىن ئۆزگىرىش ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگەندە، جىنايەتچىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن پۇشايمان ياشلىرى ئېقىپ كەتكەن ئىدى. مەر-ھۇم ئۆتكەن يىلى 3 ـ ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 3 ـ يىغىنىدىن قايتىپ كېلىپلا، دەممۇ ئالماي، ھەرقايسى يېزا ـ مەيدانلار ۋە مەسچىت، خانقالارغا بېرىپ، نەچچە ئون مىڭ ئادەمگە مۇقىملىق تەربىيەسى ئې-لىپ بارغان، ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلىگەن، يىغىنىنىڭ روھىنى تېزدىن يەتكۈزگەن ئىدى. كىشىلەرگە بىھۇدە سېلىق بولۇۋاتقان توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدىكى ھەشەمەتچىلىك، ناماز ھەققى ئېلىش، زاراخەتمە قىلىشتەك نامۇۋا-

پىق قائىدە ـ يوسۇنلارنى تەشۋىق ـ تەربىيە ئارقىلىق ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەتكەن؛ ئانار شەربىتى، ئەنجۈر شەربىتى، ئەۋرىشىم شەربىتى، گۈلقەنت ۋە ھەرخىل مۇراببالارنى ياساپ، تالاي بىمارلاغا ھاياتلىق ۋە ئاراملىق بەخش ئەتكەن؛ يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلىغان، ۋۇجۇدىدىكى ھېچقانداق ياردەمنى ئايىمىغان، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلغان ئىدى. ئۇ كېسىلى ئېغىرلاشقان، ئەزرائىلنىڭ قارا قولى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلگەن كۈنلەردىمۇ تەقدىرگە تەن بەرمەي، سىياسىي كېڭەش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان، تەكلىپ بىلەن تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا بېرىپ، يەنە تەسىرلىك لېكسىيە سۆزلىگەن ئىدى. ئۇ مەشھۇر دىنىي زات، كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ۋە ئاكتىپ تەشۋىقاتچى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇنىڭ 1989 ـ يىلىدىن بۇ يىلنىڭ بېشىغىچىلىك ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 100 دىن ئارتۇق شېئىرى، 200 دىن ئارتۇق تەرجىمە ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» تەردىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان 1989 ـ يىللىق «چولپان ئەدەبىيات مۇكاپاتى» دا ئۇنىڭ «پارتىيە شەنىگە» ناملىق شېئىرى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1982 ـ يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەت ۋە ناھىيە بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى» بولۇپ كەلگەن. پارتىيەنىڭ دىن ئىشلىرى ۋە بىرلىك سەپ سىياسىتىدە بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلەپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى.

* * *

تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى مۇڭلىنىپ ئاقماقتا، تەكلىماكان قۇملۇقى ئېغىر سۈكۈتتە تۇرماقتا. بېلىگە ئاق باغلىغان نەچچە مىڭ ئادەم بۇ زاتى پاك ئىنساننىڭ جەستى سېلىنغان تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ، ئېغىر قەدەم بىلەن زاراتگاھلىققا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ يۈرىكى قىيماسلىق ئوتىدا ئۆرتىنىپ، كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرى قۇيۇلماقتا ئىدى. ھەممە ئادەم ئەلدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بۇ كىشىنىڭ ئۇ دۇنيالىقى ئۇچۇن ئاق يول تىلەۋاتقاندەك، ئۇنى ئەل ئارىسىغا قايتىپ كېلىشكە چاقىرىۋاتقاندەك، يەرلىككە قاراپ تەلمۈرمەكتە ئىدى.

1991 ـ يىل ئاپرېل، ئاقسۇ

# ئادەم كېتىدۇ، ئەمما نامى كەتمەيدۇ

ئادەم ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەمما ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتى ئوخشاش بولمىغاندەك، ئۆلۈمنىڭ قەدىر - قىممىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ھاڭگىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ. ھاياتىدا ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغان، ئەل ئارىسىدا ياخشى ئاتاققا ئىگە بولغانلار ئۆلۈپ كەتكەن ھالەتتىمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۇزاققىچە ياشايدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلىمەي، ھاياتنى ئېرىقتىكى لاي سۇدەك ئۆتكۈزگەن كىشىلەر گەرچە مۇشۇ ئالەمدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھايات ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە بىلدۈرەلمەيدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ياغاچ قورچاق ياكى قۇرۇق مۇردىغا ئوخشايدۇ، ئاللىقاچان ئۆلگەن ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە مەلۇم بىر شائىر مۇنداق يازغان:

بەزىلەر ئۆلگەن تامام،
بولسىمۇ گەرچە ھايات.
بەزىلەر ياشار ئەبەت،
بولسىمۇ گەرچە ۋاپات.

… …

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېچىدە جىمجىتلىققا چۆمگەن ئاقسۇغا بىر پارتلاش خاراكتېرلىك ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى. «كەپتەرچى پاتىگۇل تۇمۇر تۈگەپ كېتىپتۇ!»… ئۇرۇمچىدىن تارقالغان بۇ شۇم خەۋەر شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى چۆچىتىۋەتتى. ئەتىسى بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچتى. كىشىلەرنىڭ يۈرەك - باغرى ھەسرەتتىن ئۆرتەندى. قەلبىنى ئازابلىق تۇمان قاپلىدى. تاغلار يىغلىغاندەك، ئاسمان - زېمىن ئۆرۈلۈپ چۈش-

كەندەك، تارىم دەرياسى تاشقىنلاپ ئېغىر ئىدا قىلىۋاتقاندەك بىر سىرلىق تۇيغۇ كىشىلەر قەلبىدە ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. «ئەجەب ئوبدان ئايال ئىدى، ئۇ» دېيىشتى كىشىلەر ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۇنى ياد ئېتىپ.

«توۋا، توۋا، ئۆلۈممۇ ياخشى ئادەمگە يامىشىدىكەن، ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ ئىشلارنى قىلغان ئىدى، نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان ئىدى، ئەمدى راھەت كۆرىدىغان چاغدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ». يەنە بەزى كىشىلەر پاتىگۈل تۇمۇرنىڭ خۇشخۇي، تېتىك سىماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ياقىلىرىنى تۇتقىنىچە شۇنداق دېيىشتى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، قېرىنداشلىرى، دوست - يارەنلىرى، خېرىدارلىرى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئۇچۇرما بولۇش ئالدىدا تۇرغان قۇمباش يېزىسىدىكى «غۇنچە قىزلىرى» بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلالماي تېڭىراپ قالدى. تەقدىرنىڭ بۇ ئېغىر چاقچىقىدىن، ئادالەتسىزلىكىدىن ئۇلار ئاغرىندى. شۇ تاپتا يەر - جاھان ئۇلارغا تەتۈر چۆرگىلىۋاتقاندەك، قۇياش ئاسماندىن غايىب بولغاندەك، جىمى ئاقار يۇلتۇزلار يەر يۈزىگە ئېقىپ چۈشۈپ، زېمىن قاراڭغۇلۇق ۋە زۇلمەت ئىچىدە قالغاندەك بىلىندى. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ياش، يۈرىكىدىن قان ئاقتى. «پاتىگۈل ئاپا، بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز، بىز ئەمدى كىمنى ئاپا دەيمىز، بىز ئالىي مەكتەپكە قانداق بارىمىز، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزغا بىز ئەمدى قانداق جاۋاب قايتۇرىمىز؟...» غۇنچە قىزلارنىڭ مۇڭلۇق يىغىسى يۈرەكلەرنى ئېزىۋەتتى. ئۇلار پاتىگۈل تۇمۇرنىڭ ئۆلۈمگە چىدىماي پۇچۇلىنىپ كېتىشتى. ۋۇجۇدى خۇددى ئۆز ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك جۇدالىق ئوتىدا ياندى. يىغىدىن ئاۋازى بوغۇلۇپ، كۆز ياشلىرى قۇرىدى. ئۆزلىرىنى بىتەلەي بالىدەك، يېتىم قوزىدەك، گىياھسىز ياپراقتەك، بەرگسىز گۈلدەك، جانسىز تەندەك بىچارە ھېس قىلىشقا باشلىدى. تاغدەك يۆلەنچۈكىدىن، قۇياشتەك پارلاپ تۇرىدىغان مېھرىبان پاسىبانىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئۆكۈنۈشتى. «پاتىگۈل ئاپا، سىز قەيەرگە كەتتىڭىز، نېمىشقا بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىز...». قىزلارنىڭ داد - پەريادى ئەتراپقا تاراپ، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالدى.

«ھازىدار ئادەملەر ھەرقانچە بولسا،
يىغلاپ - يىغلاپ توختايدۇ پەسلەپ.

بىراق ھەسرەتتىن ئۆرلەيدۇ ئۆپكەم،
ۋاقىتسىز ئايرىلغان كۆڭلەرنى ئەسلەپ».

...

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مەرھۇم پاتىگۈل تۆمۈرنىڭ يەتتە نەزىرىسى ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلدى. يەتتە كۈندىن كېيىن ئۆلۈم ئىگىلىرىنىڭ يىغىسمۇ خېلىلا پەسەيگەن ئىدى. دەل شۇ پەيتتە ئاپئاق قارلىق كىيىمى كىيگەن بىر توپ قىز ئاقسۇ شەھىرىدىكى ۋاگسەن كوچىسىغا جايلاشقان «لۇتپۇللا نەزىر ـ چىراغ زالى» غا كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ قولىدا مەرھۇم پاتىگۈل تۆمۈرنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چوڭ تاختاي بار ئىدى. سۈرەتنىڭ چۆرىسىگە ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرى، پاتىگۈلگە ئاتاپ يازغان شېئىرلىرى يېزىلغان ئىدى. قۇمباش ئوتتۇرا مەكتەپدىن كەلگەن بۇ قىزلارنىڭ غەمكىن چىرايى، بىچارە تۇرقى ئادەم دېگىزىغا ئايلانغان نەزىر ـ چىراغ زالىدا بىر تەسىرلىك مەنزىرە ھاسىل قىلدى. ئۆلۈم ئىگىلىرى، نەزىر ئەھلى بۇ غۇنچە قىزلارنىڭ مەرھۇمغا بولغان ھۆرمىتىدىن، ساداقىتىدىن تەسىرلەندى. زالنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ئۇزاققا سوزۇلغان ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى يەنە باشلاندى. قېرىنداشلار، دوستلار بىر ـ بىرىگە ئېسىلىشىپ يىغلاشتى. ئۇلارنىڭ ئۆپكىسى قايتىدىن ئۆرلىدى.

تۇغۇلۇش، ئۆلۈش — تەبىئىي قانۇنىيەت، بۇنىڭدىن ھېچكىممۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن ياخشى ياشىغان ئادەم ئۆلۈمدىن ئانچە قورقۇپمۇ كەتمەيدۇ، چۈنكى، ئۇنداق ئادەم خەلقىگە، ئۆزىگە، جەمئىيەتكە يۈز كېلەلەيدۇ. پاتىگۈل تۆمۈر دەل مۇشۇ تىپتىكى ئايال ئىدى. ئۇ قىسقا ھايات مۇساپىسىدە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى، مەنىلىك ياشىدى، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆلۈمى قەدىرلىك بولدى.

پاتىگۈل تۆمۈر 1961 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاقسۇ شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن 1988 ـ يىلى سابىق ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى قارىمىقىدىكى مىللىي بۇيۇملار سودا سارىيىدا مال ساتقۇچى بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، پوكەي باشلىقلىقى ۋە دىرېكتورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن. 1990 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە «1 ـ

ماي ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ تەقدىرلەنگەن. 1992 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش مېدالى» غا ئېرىشكەن، 1993 - يىلى ۋىلايەت بويىچە «8 - مارت قىزىل بايراقدارى»، 1994 - يىلى مەملىكەت بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولغان ھەم شۇ يىلى شەرەپ بىلەن پارتىيەگە كىرگەن. بىراق ياخشى كۈن ئۇزاققا بارمىغان. 1998 - يىلى كارخانىنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشى سەۋەبىدىن، 36 ياشلىق پاتىگۈل ئىش ئورنىدىن قالغان. لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بەل قويۇۋەتمەي، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۆزى نامايان قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ۋاڭسەن كوچىسىدا «باش باھار كەپتەر گۆشى شورپىخانىسى» ئاچقان. ئۇ سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، سۈپەت ۋە مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ ناھايىتى تېزلا تىجارىتىنى جانلاندۇرغان. خېرىدارلارنىڭ مايىللىقىنى ۋە قايىللىقىنى قوزغاپ، دۇكاندىن پايدا ئېلىشقا باشلىغان ھەم دۇكاننى تەدرىجىي ئىككىگە كېڭەيتكەن. بۇ جەرياندا ئۇ 17 نەپەر نامرات قىزنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. يەنە كورلا شەھىرىدە بىر تارماق دۇكان ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئىش ئورنىدىن قالغان 22 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. 2003 - يىلى ئۇ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، يېزىلاردا نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان قىزلارنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قۇمباش يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدە 54 نەپەر نامرات قىز ئوقۇغۇچىدىن تەشكىللەنگەن بىر «باھار غۇنچىلىرى — قىزلار سىنىپى» ئاچقان. پىلان بويىچە ئۈچ يىلدا ئۇ بۇ قىزلارغا 45 مىڭ يۈەن نەق پۇل، 30 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كىيىم - كېچەك ۋە ئوقۇش قورالى ياردەم قىلغان. ئۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن «مېھرىبان ئانا» دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇ پىلان بويىچە ئۆزىنىڭ ئۈچ يىللىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ بولغان ئىدى، بىراق ئۇ «قىزلىرى» دىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قالدى. يۇلتۇز 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۇ ئاياللار بىرلەشمىسى، مائارىپ ئىدارىسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا 6000 يۈەن قىممىتىدىكى كىيىم - كېچەكنى ئېلىپ ئالايىتەن قۇمباشقا كېلىپ ئاللىقاچان ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچكەن بۇ «قىزلىرى» نىڭ «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىنى تەبرىكلىگەن. 7 - ئايدا بۇ «قىزلىرى» ئىچىدىكى

ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى 20 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ ئۈرۈمچىگە ئويناتقىلى ئا-پارغان. پاتىگۈلنىڭ يەنە بۇ قىزلارغا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگىچىلىك ياردەم بېرىش پىلانى بار ئىدى. 2004 - يىلىدىن باشلاپ بۇ قىزلار پاتىگۈلنى «پاتى-گۈل ئاپا» دەپ ئۆگەنگەن ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن پاتىگۈل تۆمۈر 2004 - يى-لى مەملىكەت بويىچە «جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىدىكى خەير - ساخاۋەتچى»، ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «8 - مارت قىزىل بايراقدارى»، «ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ئىچىدىكى ئايال باشلامچى»، ۋىلايەت بويىچە 2004 - يىلىدىكى «ئون مۇنەۋۋەر شەخس» نىڭ بىرى، «ئىلغار يەككە تىجارەتچى» بولۇپ باھالانغان ھەم دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇ-يەسسەر بولغان. ئۇ خۇشخۇي، كەمتەر بولۇپ، ئاددىي - ساددا تۇرمۇش ئىستى-لى، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھى بىلەن جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئورۇن ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولغان ئىدى. بىراق رەھىمسىز تەقدىر ئۇنى بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۆزىنىڭ يۈرىكىدە ساقلىنىپ قالدى.

ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ، بىراق تۆھپىكار ئادەمنىڭ نامى ئۆلمەيدۇ. ئەلىشىر نەۋايى «ئەدەپ ئۈرۈقى تىككەن كىشىنىڭ ھوسۇلى جاۋاھىر بولىدۇ. ئەدەپلىك ۋە گۈزەل خۇلقلۇق كىشىلەر كۆپەيسە، خەلقنىڭ دوستلۇقى، بىر - بىرىگە بول-غان مېھىر - مۇھەببىتى بارغانسېرى راۋاج تاپىدۇ. ئەدەپ - ئەخلاق ۋە كەم-تەرلىك كەبى ياخشى خۇلققا ئىگە بولغان كىشى خەلقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ» دېگەن ئىدى. پاتىگۈل تۆمۈر چەكلىك ھاياتىدا تىرىشچانلىقى-نى، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىم-مىتىنى ئۆزى ياراتتى. جەمئىيەتكە، دۆلەتكە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. بىراق «ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق» دېگەندەك، پاتىگۈل تۆمۈر ۋاپات بولغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئۇ توغرۇلۇق بەزى ئۆسەك سۆزلەر پەيدا بولدى. بەزىلەر «پاتىگۈل ئۈرۈمچىدە زەھەر سېتىپ تۇتۇلۇپ قاپتىكەن، تۈرمىدە يېتىپتىكەن» دېگەندەك پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىپ مەرھۇمنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىغا داغ چۈ-شۈرۈشكە ئۇرۇندى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئاياللار بىرلەشمىسىدىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، بىز بۇ گەپلەرنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق دەپ قارىيمىز. چۈنكى پاتىگۈل تۆمۈر كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە داۋالاش

ئۇنىڭ بەرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن، شۇڭا بۇنداق گەپلەر بۇ تۆھپىكار ئايالنىڭ نا-مىغا ھەرگىز داغ چۈشۈرەلمەيدۇ. ناۋادا ئۇ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا جەمئىيەتتە مۇشۇنداق گەپلەر چىقارمىدى؟ بۇ گەپلەر مەرھۇمنىڭ روھىنى قورۇندۇرماس-مۇ؟ ماركس مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەقىقەتنى چاقماق تېشىغا ئوخشاتقان ياخشى، ئۇ ئۇچرىغان سوركىلىش قانچە قاتتىق بولسا، چاچقان نۇرىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ». مۇشۇ مەنادىن ئالغاندا، پاتىگۈل تۆمۈر توغرۇلۇق تارقالغان پىتنە - پاساتلار ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدىكى مۇبارەك نامىغا قىلچىمۇ نۇقسان يەتـ-كۈزەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ نامىنى تېخىمۇ كۈچلۈك نۇر چاچقۇزىدۇ. چۈنكى مەرھۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىسىنى جەمئىيەت، خەلق بىلىدۇ ۋە ئۇرۇمچى ، ئاقسۇدا شۇنچىۋالا داغدۇغا قوزغاپ كېتەرمىدى؟ ھەر ساھەدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئۇنىڭغا ماتەم تۇتارمىدى؟ ئاياللار بىرلەشمىسى چۈشەنچە بەرمەي قاراپ تۇرار-مىدى؟ كىشىلەر شۇنداق ياخشى باھالارنى بېرىپ ياش تۆكەرمىدى؟ شۇڭا بىز دەيمىز: ياخشى ئادەم ئۆلمەيدۇ، ئۆلسىمۇ نامى ئۆلمەيدۇ.

# تارىم ۋادىسىدىكى يېشىل مەرۋايىت

دۇنيا يېشىللىق بىلەن گۈزەل، ساياھەت يېشىللىق بىلەن كۆڭۈللۈك. ئەگەر سىز ياز كۈنلىرى تارىم ۋادىسىغا جايلاشقان گۆھەر زېمىن شايارغا بېرىپ قالسىڭىز، پايانسىز يېشىل مەنزىرە، مەي باغلىغان مېۋە - چېۋىلەر كۆزىڭىزنى چاقنىتىپ، زوقىڭىزنى كەلتۈرىدۇ، سىزنىڭ بۇ يۇرتنى ئۇزاقراق ساياھەت قىلىش ئىستىكىڭىزنى كۈچەيتىدۇ. شايار ناھىيەسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى باغ - ئورمانچىلىق تەرەققىياتى قايىللىقىڭىزنى ۋە مايىللىقىڭىزنى قوزغىماي قالمايدۇ. بۇ يۇرتتىكى باتۇر، ئەمگەكچان خەلقنىڭ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز يۇرتىنى باغ - بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش، قاقاسلىقنى كۆكەرتىش، يېشىللاشتۇرۇش يولىدا ئۆزلۈكسىز كۈرەش قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيسىز. دەرۋەقە، شاياردىكى يېشىل مەنزىرە، گۈزەل، جەزبىدار ھايات سىزنى ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلىدۇ. سىزنى شايارغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ كېلىشكە ئۈندەيدۇ.

پاكىت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. شايار ناھىيەسىنىڭ باغ - ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت باغ - ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنى خەلق ئېگىلىنى يۈكسەلدۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى قاتارىدا تۇتۇپ، چىلاننى ئاساس قىلغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتتى. ۋەزىپە، مەسئۇلىيەتنى قاتلامۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى. باغ - ئورمانچىلىقنى كۆلەملەشتۈرۈش، بازىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، سۈپەت ۋە ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈردى. باغ - ئورمانچىلىقنى پاخ-

تىچلىق ۋە نېفىت كەسپى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويدى. باغ ـ ئورمانچىلىقتىكى تور قۇرۇلۇشلىرىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىش بىلەن ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، زور كۈچ بىلەن كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلدى. ئېتىز ـ ئېرىق، يول بويلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى. تورلۇك ئۇسۇل، تورلۇك ئامىللار بىلەن ئىقتىساد، ئېكولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. يېزىلاردا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى.

شايار ناھىيەسى ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 31 مىڭ 970 كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. توغراق، يۇلغۇن، قۇم كۆپ. ھاۋاسى قۇرغاق، ئىسسىقلىق بايلىقى مول، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۆگەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى بۇ زېمىننى سۇغىرىپ ياشارتىپ تۇرىدۇ.

شايار ناھىيەسى باغ ـ ئورمانچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈشتە مول ئەنئەنىگە ۋە تەجرىبىگە ئىگە. 1978 ـ يىلى «3 شىمالىي ئىھاتە ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يېتەكلەپ ۋە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئىش كۆرۈپ، ئورمانچىلىق خىزمىتىدە كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتى. 1989 ـ يىلى ئېتىز ـ ئېرىق، يول بويلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئورمانچىلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. 1993 ـ يىلى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقى ۋە كادىرلار مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. 1995 ـ يىلى ناھىيە ـ يېزا ئورمان باشقۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

كۆكەرتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن تۆت كەنت مەملىكەت بويىچە

تەقدىرلەندى. 2000 ـ يىلى يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئورمان بايلىقىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2 مىليون 196 مىڭ موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە توغراقنى ئاساس قىلغان تەبىئىي ئورمانلىق كۆلىمى 1 مىليون 230 مىڭ مودىن ئاشتى. 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شايار ناھىيەسى باغ ـ ئورمانچىلىق خىزمىتىگە تېخىمۇ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، يول بويلىرىنى كۆكەرتىش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتتى. ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك رەھبەرلىك رولىنى شەكىللەندۈرۈپ، باغ ـ ئورمانچىلىق سېلىنمىسىنى يىلمۇ يىل كۆپەيتىپ، تېخنىكىلىق باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتتى. ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئورمانچىلىق خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى قوللىدى. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبەرلەر يېزا، بازار، مەيدانلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن باغ ـ ئورمانچىلىق خىزمىتى بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى ھەمدە دائىم تۆۋەنگە بېرىپ، ۋەزىپە، تەدبىر، مەسئۇلىيەتنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇردى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قاۋۇل تېخنىكلارنى بىرىنچى سەپكە ئەۋەتىپ، ئاممىنىڭ كۆچەت سورتلىرىنى تاللاش، كۆچەت تىكىش، پەرۋىش قىلىش جەھەتتىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. يېزا، بازار، كەنتلەردىكى ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئائىلىلىرىنى نۇقتىلىق تەربىيەلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باغ ـ ئورمانچىلىق خىزمىتىگە دائىر ئۇقۇشلۇق تەييارلاپ، كەڭ ئاممىغا تارقىتىپ بەردى.

ياخشى پىكىردىن ياخشى تەدبىر بارلىققا كېلىدۇ. شايار ناھىيەسى 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ باغ ـ ئورمانچىلىق قۇرۇلمىسىنى زور دەرىجىدە تەڭشەپ، مەۋەقەنى چىلانچىلىق ۋە ياڭاقچىلىق كەسپىگە قاراتتى. بولۇپمۇ، چىلانچىلىقنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشتىكى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەر قايسى يېزا، بازار، كەنتلەردە زور كۆلەمدە چىلان يېتىشتۈردى. چىلان، ياڭاقنى بۇغداي، كېۋەز، كۆكتات، قوناق ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ تىكىشتەك ئىستېرېئولۇق يېزا ئىگىلىك رامكىسىنى بەرپا قىلدى. چىلان، ياڭاق يېتىشتۈرۈشنى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتىگە

ئايلاندۇردى. ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قوماندانلىق ئېتىزى، ئۈلگە كۆرسە-تىش ئېتىزىنى بەلگىلەپ، چىلان، ياڭاقنى باشقۇرۇش بويىچە ئالاقىلىشىش، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈردى. يېزا، كەنت كادىرلىرىنى چىلان، ياڭاق ئۆستۈرۈش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەربىيەلىگەندىن باشقا، ئۇلارنى قوشنا ناھىيە، يېزىلارغا ئاپىرىپ، چىلان، ياڭاق ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى مۇ-ۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن قوراللاندۇردى. سۇغىرىش، شەكىلگە كىر-گۈزۈش، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى قاتلامۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چىلان كۆچەتلىرىنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈر-دى. باغ - ئورمانچىلىق خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنىڭ مۇ-ھىم ھالقىسىغا، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇردى.

گۈلباغ يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەكبەر ئازى مۇنداق دېدى: 2003 - يىلدىن ئېتىبارەن بىز چىلان ۋە ياڭاقچىلىققا زور كۈچ سەرپ قىلدۇق. ھازىر-غىچە 20 مىڭ مو يەردە چىلان، 6000 مو يەردە ياڭاق يېتىشتۈردۇق. پەرۋىش ۋە باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتتۇق، شۇڭا چىلان كۆچەتلىرىنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 95% كە يەتتى، بەزىلىرى شۇ يىلىلا مېۋىگە كىردى. ياڭاقلارنىڭمۇ تۇتۇش نىسبىتى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

شايار ناھىيەسى ئاپتونوم رايون بويىچە پاختىچىلىق چوڭ ناھىيەسى. ناھى-يەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت پاختىچىلىق ئىستراتېگىيەسىدە ئېغىشماي چىڭ تۇ-رۇش بىلەن بىرگە، باغ - ئورمانچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىنى تۈزۈپ، تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، باغ - ئور-مانچىلىق خىزمىتىنىڭ تېز سۈرئەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىياتىغا تۈرت-كە بولدى. قۇمنى تىزگىنلەش، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش شارائى-تىنى ھازىرلاپ، شايار تۇپرىقىنىڭ يېشىللىنىشى، بوستانلىشىش مۇساپىسىنى تېزلەتتى. بىز زىيارەت داۋامىدا شايار ناھىيەسىنىڭ قايلور، گۈلباغ، نۇرباغ يې-زىلىرىدىكى چېچەكلىگەن چىلانلارنى، ئوخشىغان ئۆرۈكلەرنى، مەي باغلىغان ئۈجمىلەرنى كۆردۇق. چىلان، ياڭاق ئارىسىغا تېرىلغان بۇغدايلارنىڭ ئورۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قوناق تېرىلىۋاتقانلىقىنى ھەممىدە باغ - ئورمانچىلىق خىزمىتىنىڭ

قىزغىن ئەمگەك دولقۇنىنى، يارقىن مەنزىرىسىنى كۆرۈپ تەسىرلەندۇق. سايا-
ھەتچىلەرنىڭ دېھقانلارنىڭ بېغىدىكى كۈلكە ـ چاقچاقلىرى ۋە شوخ ناخشا ـ
مۇزىكا ساداسىنى ئاڭلىدۇق. ئىشقىلىپ نەگىلا بارسا، قەيەرگىلا قارىسا، دەل ـ
دەرەخ، يېشىللىق كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ شايار ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ يېشىللىقنى
سۆيۈش، يېشىللىقنى قەدىرلەش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش روھىنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈپ بېرەتتى.

ئەمگەك دۇنيانى يارىتىدۇ. شايار ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇ-
زۇن يىللىق جاپالىق ئەمگىكى بۇ زېمىننى ئاخىرى يېشىللىققا پۈركىدى. 10 ـ
بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئورمان كۆلىمى 3
مىليون 900 مىڭ موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي ئورمان كۆلىمى 310
مىڭ موغا يەتتى. ھازىر بار بولغان ئىقتىسادىي ئورمان 252 مىڭ مودىن ئېشىپ
كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چىلان 115 مىڭ مونى، ياڭاق 441 مىڭ مونى، ئۆرۈك
65 مىڭ مونى، نەشپۈت 18 مىڭ مونى، ئالما 2700 مونى، ئۈزۈم 9000 مونى،
باشقا مېۋىلەر 4600 مونى تەشكىل قىلدى. زەنخاۋ چوڭ چىلىنى، خۇيزاۋ چى-
لىنى قاتارلىق چىلان سورتلىرى ناھىيە بويىچە كېڭەيتىلدى.

2003 ـ يىلى شايار ناھىيەسى ناھىيە بويىچە 36 مىڭ مو يەردە زەنخاۋ
چوڭ چىلىنى يېتىشتۈرگەن، 2004 ـ يىلدىن ھازىرغىچە خۇيزاۋ چىلىنى يې-
تىشتۈردى. بۇ خىل سورتنىڭ تۈتۈشى تېز، مەھسۇلاتى يۇقىرى، بازاردىكى
رىقابەت كۈچى كۈچلۈك بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. بۇلتۇر
دېھقانلار تارىم چىلانچىلىق شىركىتىگە 300 توننا چىلان سېتىپ بەردى. ياڭاق
سورتلىرىدىن 185، شىنجاڭ — 2 قاتارلىقلار ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى.

شايار ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى روزى ئوسمان مۇنداق
دېدى: يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت باغ ـ ئور-
مانچىلىق خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى. ھەر يىلى يەرلىك مالىيەدىن 3
مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى مەبلەغ كاپالىتى-
گە ئىگە قىلدى. تۈرلۈك مۇلازىمەت ۋە تېخنىكا تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈر-
دى. سۇ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چىلان ئېتىزلىرىدا قۇ-
دۇق كولىدى. سولياۋ يوپۇق يېپىپ تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلىدى. بۇنىڭ

بىلەن چىلاننىڭ تۇتۇش نىسبىتى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى.

2005 - يىلى ناھىيە 40 مىڭ 294 مو يەرگە ئورمان بىنا قىلدى. بۇنىڭدىن ئېكولوگىيە ئورمىنى 13 مىڭ 861 مونى، ئىقتىسادىي ئورمان 26 مىڭ 443 مونى ئىگىلىدى. ئىقتىسادىي ئورمان ئىچىدە چىلان 19 مىڭ 383 مونى تەشكىل قىلدى. ناھىيەنىڭ باغ - ئورمانچىلىق خىزمىتى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

شايار ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئېزىز مەمەت مۇنداق دېدى: ناھىيەمىز باغ - ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شەرت - شارائىتقا ئىگە. بىز ئەۋزەللىكىمىزدىن پايدىلىنىپ، 11 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى 8000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە يەتكۈزۈشكە تىرىشىمىز. بۇنىڭدا باغ - ئورمانچىلىقنىڭ رولىغا تايىنىمىز. چىلاننى 340 مىڭ موغا، ياڭاقنى 150 مىڭ موغا يەتكۈزىمىز.

ئورمان — بايلىق، ئورمان — ئەڭگۈشتەر. بىز شايار ناھىيەسىنىڭ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئائىلە باغ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ناھىيەنىڭ باغ - ئورمانچىلىق خىزمىتىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى يارىتىشىغا تىلەكداشمىز.

2006 - يىل 3 - ئىيۇل

# چىلان، ياڭاق يەرمەنكىسى

— بۇ چىلان نېمانچە تەملىك؟ نېمانچە چىرايلىق!

— قاراڭلار، بۇ ياڭاقلارغا، ئەجەبمۇ پارقىراق ئىكەن.

— بۇ شاپتۇلنىڭ يوغىناپ كەتكىنىنى قاراڭ، بۇ قايسى سورتتۇ، ئەجەبمۇ كۆرمەپتىكەنمىز.

— بۇ يۇرتتا ئۈزۈمنىڭ سورتى نېمانچە كۆپ...

بۇ بېيجىڭ، شەنشى، لياۋنىڭ، خېبېي قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن باغۋەنچىلىك مۇتەخەسسىسلىرى ۋە سودىگەرلەرنىڭ يېقىندا ئونسۇ مېۋىلىرىگە قاراپ دېيىشكەن گەپلىرى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇلار ئۈزۈن مۇساپىنى بېسىپ ئالايىتەن ئونسۇغا كەلدى ھەم بۇ ناھىيەنىڭ ياڭاقچىلىق مەيدانىدا ئېچىلغان كۆز پەسىللىك كۆچەت زاكاز قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

بۇ كۈنى ياڭاقچىلىق مەيدانىدىكى ئونسۇ شاڭخەي ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئىچى ئىچكى ئۆلكە ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، سودىگەر ۋە ئورمانچىلىق ساھەسىدىكى كادىر - تېخنىكلار بىلەن توشۇپ كەتتى. يەرمەنكىگە قويۇلغان ھەرخىل سورتتىكى ياڭاق، چىلان، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۈزۈم، ئالما ۋە ھەرخىل مېۋە كۆچەتلىرى مۇتەخەسسىس ۋە سودىگەرلەرنى ھەيران قالدۇردى. بەزىلەر مېۋىلەرنى تېتىپ كۆرۈپ: «پاھ، ئەجەبمۇ تەملىك ئىكەن، قالتىس ئىكەن» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر: «بۇ خىل سورت بولىدىكەن، بۇنى يۇرتىمىزدا ئۆستۈرسەك بولغۇدەك» دېيىشتى. ئۇلار ياڭاقچىلىق مەيدانىنىڭ چىلان، ياڭاق، ئالما، شاپتۇل كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش بازىسىنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى ھەم شۇ كۈنىلا ئونسۇ ناھىيەسى بىلەن 7 مىليون يۈەنلىك كۆچەت سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى. ئۇلار: «بىز ئال-

گىرى ئۇنسۇ ناھىيەسىنى بىلمەيتتۇق، بۇ يەردە مېۋە - چېۋىنىڭ بۇنىداق ئوخ-
شايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمەپتىكەنمىز. بىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنسۇنى
تەشۋىق قىلىمىز، ئۇنسۇ بىلەن ئۇزاق مەزگىللىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنى-
تىمىز» دېيىشتى. كۆڭلىدە بولسا ئۇنسۇدىن ئىبارەت بۇ مېۋە - چېۋە ماكانى بى-
لەن بالدۇرراق تونۇشمىغىنىغا پۇشايمانمۇ قىلىشتى.

«گۇرۇچ ماكانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە ئۇنسۇ ناھىيەسى يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان ياڭاق، چىلاننى ئاساس قىلغان ئۆزگىچە باغۋەنچىلىكنى زور
كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى تەرىپىدىن «جۇڭ-
گودىكى ياڭاق ماكانى»، «مەملىكەت بويىچە سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش
بازىسى» دېگەن پەخىرلىكناملارغا ئېرىشتى. بۇ يۇرتنىڭ ئۆزگىچە شارائىت
ئاستىدا يېتىشتۈرۈلگەن خەسە ياڭىقى «مېغىزىنى ئېلىشقا ئاسان بولۇش، چۇ-
رۇك، تەملىك بولۇش» ئالاھىدىلىكى بىلەن نام چىقارغان. كۆك ياڭاقنىڭ تە-
مى تېخىمۇ ئۆزگىچە. ئۇنسۇ ناھىيەلىك ياڭاقچىلىق مەيدانى بىلەن ئاپتونوم
رايونلۇق ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىرلىكتە يېتىشتۈرگەن «شىن -
185»، «شىنشىن - 2»، «شىنزاۋفېڭ» قاتارلىق ياڭاق سورتلىرى دۆلەتنىڭ
پەن - تېخنىكىدا ئالغا بېسىش تۈرى بويىچە 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا
ۋە ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئالغا بېسىش تۈرى بويىچە 1 -،
2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1999 - يىلى كۇنمىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن
دۇنيا باغۋەنچىلىك يەرمەنكىسىدە «شىنۋېن - 179» نومۇرلۇق ۋە «زا - 343»
نومۇرلۇق سورت ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۈمۈش ۋە مىس مېدالغا ئېرىشكەن. يا-
ڭاقچىلىق مەيدانى يېتىشتۈرگەن ياڭاقلار «بالدۇر مېۋە بېرىش، ھوسۇلى يۇقىرى
بولۇش، سۈپىتى ئەلا بولۇش، ناچار شارائىتقا چىداملىق بولۇش» تەك ئالاھى-
دىلىكى بىلەن تېز بازار تاپقان. 2002 - يىلى ياڭاقچىلىق مەيدانى دۆلەت ۋە
ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا «سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈ-
رۈش بازىسى»، «ئەلا سۈپەتلىك ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى» قىلىپ بېكى-
تىلگەن.

نۆۋەتتە ئۇنسۇ ناھىيەسى يېتىشتۈرگەن 116 مىليون تۈپ ئەلا سۈپەتلىك
مېۋە كۆچەتلىرى ئىچىدە ئۇلانغان ياڭاق كۆچىتى 150 مىڭ تۈپتىن، تېرىپ

ئۆستۈرۈلگەن ياڭاق كۆچىتى 10 مىليون 610 مىڭ تۈپتىن ئاشىدۇ. ئالما، نەشپۈت قاتارلىق مېۋە كۆچەتلىرى 3 مىليون تۈپكە يېتىدۇ. ھازىر ئونسۇ ناھىيەسى بازارلارنى 100 مىليون تۈپتىن ئارتۇق ھەرخىل مېۋىلىك كۆچەت بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ.

ئونسۇ ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇ گاڭ مۇنداق دېدى: ھازىر ناھىيەمىزنىڭ باغ كۆلىمى 362 مىڭ موغا، يىللىق مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتى 65 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. بۇنىڭدىن ياڭاق كۆلىمى 155 مىڭ مودىن، يىللىق مەھسۇلاتى 1600 تونندىن؛ چىلان كۆلىمى 122 مىڭ مودىن، يىللىق مەھسۇلاتى 1300 تونندىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 27 مىڭ مو يەردە ئالما، 16 مىڭ مو يەردە نەشپۈت بار. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم قاتارلىقلارمۇ خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇلاردىنمۇ يىلدا 40 مىڭ توننا ئەتراپىدا مەھسۇلات چىقىدۇ. بىز قۇمئېرىق ۋە توشقان دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىكى توخۇلا، چاغراق يېزىسى، ياڭاقچىلىق مەيدانى، تاغلاق چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ياڭاق؛ تەرەك دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىكى جام، ئىشلەمچى، قىزىل، گۈلئاۋات قاتارلىق يېزا - بازارلاردا چىلان؛ كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانى، جام ئورمانچىلىق مەيدانى، ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئالما بىلەن نەشپۈتنى ئاساس قىلغان باغۋەنچىلىك تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردۇق.

— بۇ بازىنىڭ ئىستىقبالى بار ئىكەن. ياڭاق، چىلان سورتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. مۇشۇ خىل سورتلارنى زاكاز قىلسا ئەرزىيدۇ، — دېدى خېبېي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، جۇگگو چىلان تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ماۋ يۇگمىن ئەپەندى تاغلاق چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ باغ - ئورمانچىلىق بازىسىدىكى ياڭاق كۆچەتلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ. ئۇ 16 مىڭ مو كۆلەمدىكى ياڭاق سورتلىرىغا قىزىقىپ قالغان ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— بۇ بازا بىر يېرىم يىل ئىچىدە مۇشۇ ھالەتكە كەپتۇ. بۇنىڭغا ئونسۇنىڭ ھاۋا، تۇپراق جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىدىن باشقا، يەنە ئونسۇ خەلقىنىڭ مېۋە - چېۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى تەجرىبىسى ھەم قەيسەرلىكى سىڭگەن. بۇ قالتىس ئىش بوپتۇ.

تۆمۈر چوققىسى ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ بازىدا ھازىر 16 مىڭ مو ياڭاق،

2000 مو چىلان بار ئىكەن. بۇ يىل ياڭاقتىن 500 تونna، چىلاندىن 100 تونىدىن كۆپرەك ھوسۇل ئالالايدىكەن. بۇ يەرنىڭ «كۆكيار» ماركىلىق ياڭىقى كۆپچىلىكنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ يەرنىڭ ياڭاق، چىلانلىرىنىڭ شاڭخەي، جياڭسۇ، سىچۇەن قاتارلىق جايلارغا سېتىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇتەخەسسىس، ئالىملار: «ئەرزىيدىكەن، ھەقىقەتەن ماختىغىچىلىكى بار ئىكەن» دېيىشتى.

ياڭاقچىلىق مەيدانىنىڭ زىچ ئۆستۈرۈلگەن 2000 مو كۆلەمدىكى ئالمىلىق بېغىدا مۇتەخەسسىسلەر ئونسۇنىڭ چوغدەك قىپقىزىل، تەملىك چوڭ ئالمىلىرىنى توختىماي ماختىشىپ كەتتى. كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئونسۇ تەۋەلىكىدىكى 100 مىڭ مولۇق ئېكولوگىيەلىك ئورمان باغچىسى، ياڭاقچىلىق مەيدانىنىڭ 12 مىڭ مولۇق ئورگانىك ياڭاقزارلىقى، جام بازىرىدىكى مېۋىلىك كۆچەت بازىسىدىكى ئۆزگىچە مەنزىرە، باراقسان مېۋىلىك دەرەخلەر مۇتەخەسسىس، سودىگەرلەر قىزىقىدىغان يوروۇق نۇقتا بولۇپ قالدى.

ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى جۇرئەت قاسىم بارغانلا يەردە مۇتەخەسسىس، ئالىملارغا ئونسۇنىڭ باغۋەنچىلىك جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى كۆچەپ تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئونسۇنىڭ چىلان يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا باشلانغان بولۇپ، چىلان تىكىش ۋە پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى بۇلتۇردىن بۇيان رەسمىي سىستېمىلىشىش، قېلىپلىشىشقا يۈزلەنگەن. ھازىر ناھىيە دائىرىسىدە قوڭۇر، كۆل رەڭ چىلان سورتلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئونسۇ ناھىيەسى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ياپونىيەدىن ئالما سورتى كىرگۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز جايىنىڭ سۇ، تۇپراق، ئىسسىقلىق، ئېنېرگىيە قاتارلىق جەھەتتىكى شارائىتىغا بىرىكتۈرۈپ، كەينى - كەينىدىن ئون نەچچە تۈرلۈك ئالما سورتىنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەم ئۇنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتكەن. ھازىر ناھىيە دائىرىسىدە «خۇڭفۇشى ئالمىسى»، «خۇڭشىن»، «گالا» قاتارلىق ئالما سورتلىرى بار ئىكەن. بۇ سورتلار ئاساسلىقى تەرەڭ دەرياسى سۇغىرىش رايونى تەۋەلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانىغا تارالغان، يىللىق مەھسۇلاتى 18 مىڭ توننىدىن ئاشىدىكەن. ناھىيەنىڭ نەشپۈت ئۆستۈرۈش

تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ئىكەن. نەشپۈتنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 4000 تونـ-
ىندىن ئاشىدىكەن. ياڭاق بولسا ئونسۇنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان، ئەڭ شۆھرەتلىك
مەھسۇلاتى ئىكەن.

— مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، دەپتىكەن، بۇ قېتىم سىلەر بۇ
يەرگە كەلمىگەن بولساڭلار، ئونسۇنىڭ باغۋەنچىلىك جەھەتتىكى بۇ خىل ئەۋ-
زەللىكى بىلەن تونۇشالمايتتىڭلار. قېنى، خالىغانچە تېتىپ كۆرۈڭلار، كۆرۈپ
بېقىڭلار، — دېدى جۇرئەت قاسىم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە يول باشلاپ كې-
تىۋېتىپ. شۇ تاپتا ئونسۇنىڭ چىلان، ياڭاقلىرى ئۇلارنىڭ قەلب قەسىرىگە
كىرىپ بولغان بولۇپ، ئونسۇ مېۋىلىرىنىڭ داڭقى ئۇلار ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ
جايلارغا تارقايدىغاندەك قىلاتتى. دەرۋەقە، ئۇلار ئونسۇغا، ئونسۇنىڭ چىلان،
ياڭاق، ئالما، شاپتۇل، ئۈزۈم، نەشپۈتلىرىگە قىزىقىپ قالغان ئىدى. بىز «ئون-
سۇ» دېگەن ئىسىم ئەمدى يىراق - يىراقلارغا پەرۋاز قىلىدىغان بولدى، دەپ
ئويلىدۇق ھەمدە كۆڭلىمىزدە ئونسۇ ناھىيەسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ مۇشۇنداق
ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇپ، يىراق - يېقىندىكىلەرنى جەم قىلغان-
لىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

ئوخشىغاچقا چىلان، ياڭىقى،
چىقتى ھەر يان ئونسۇنىڭ داڭقى.

# باغ ئارىلاپ

ئەگەر سىز مۇشۇ كۈنلەردە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بەشتوگمەن يېزىسىغا بېرىپ قالسىڭىز دىمىقىڭىزغا ئالدى بىلەن نەشپۈت پۇرايدۇ، كۆزىڭىزگە نەشپۈت چې-لىقىدۇ. يېزىدىكى 95% ئائىلىدە نەشپۈتلۈك باغنىڭ بارلىقىنى ئۇقسىڭىز چوقۇم ھەيران قالىسىز.

— مەن 2006 - يىلى 54 مىڭ يۈەنلىك، 2007 - يىلى 81 مىڭ يۈەنلىك نەشپۈت ساتتىم. بۇ يىل مۆلچەرلىشىمچە، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق كىرىم قىلالايمەن. ھازىر بەشتوگمەندە ماڭا ئوخشاش نەشپۈتچىلىك چوڭ ئائىلىسىدىن 15 ى بار. ئۇلارنىڭ ھەربىرى يىلدا ئاز دېگەندىمۇ 80 ∽ 70 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدۇ. ئادەتتىكى ئائىلىلەرمۇ ھېچبولمىغاندا يىلدا 8000 ∽ 7000 يۈەنلىك نەشپۈت ساتالايدۇ.

بۇ گەپنى دېگەن كىشى ئاقسۇ شەھىرىدىن بەشتوگمەن يېزىسىغا كېلىپ باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان روزى ئوسمان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ بىر نەچ-چە يىلدا نەشپۈتتىن خېلىلا ئوبدان نەپكە ئېرىشىپتۇ. ئۇ ھازىر بەشتوگمەن يې-زىلىق نەشپۈتچىلىك جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ 28 مو كۆلەم-دىكى نەشپۈتىنى ياخشى باشقۇرۇپلا قالماستىن، يەنە يېزىدىكى باشقا دېھقانلار-نىڭمۇ نەشپۈتىنى ياخشى باشقۇرۇشىغا تېخنىكا جەھەتتىن ئوبدان يېتەكچىلىك قىلىپ كەپتۇ. شۇڭا يېزىدىكى دېھقانلار باغنىڭ، بولۇپمۇ نەشپۈتنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپتۇ.

بەشتوگمەن يېزىسى ئاقسۇ شەھىرىدىكى تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، خەلقى ئىشچان يېزا بولۇپ، يېزىدا 22 مىڭ نوپۇس، 26 كەنت، 4760 ئائىلە،

115 مىڭ مو تېرىلغۇ كۆلەم بار. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان يېزىلىق پارتـ-كوم، هۆكۈمەت يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، باغ - ئورمانچىلىق كۆلىمىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتتى. باغ - ئورمانچىلىقنى دېهـ-قانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش مۇساپىسىنى تېزلىتىشنىڭ يادروسى قىلىپ تۇتـ-تى. باغ - ئورمانچىلىقتا نەشپۈتچىلىكنى پائال راۋاجلاندۇردى. چۈنكى كورلا نەشپۈتى بەشتوگمەننىڭ تۇپرىقى، هاۋاسىغا بەك باب كېلەتتى. شۇڭا يېزا رەهبەرلىرى يېزا ئىگىلىكىدە باغۋەنچىلىكنى، باغۋەنچىلىكتە نەشپۈتچىلىكنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قارار قىلدى هەم نەشپۈتچىلىك باغ كۆلىمىنى يىلمۇ يىل كۆپەيتىپ، پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويـ-دى. بىرلىك هەم ئومۇمىي مەهسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈتكىلىگە هۇجۇم قىلىپ، شەهەر، هەتتا ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە شۆهرەت قازاندى.

بەشتوگمەن يېزىسىنىڭ باغ - ئورمانچىلىق، بولۇپمۇ نەشپۈتچىلىك كەسپىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئەهۋالى توغرىسىدا يېزا باشلىقى تۇسۇن ئېلى مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە يېزىمىزدىكى نەشپۈتلۈك باغ كۆلىمى 23 مىڭ 700 مودىن ئاشىدۇ. يېزىمىز بويىچە هازىر 4700 ئائىلىنىڭ نەشپۈتلۈك بېغى بار. بۇلتۇر دېهقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن 4945 يۈەنلىك ئوتتۇرىچە كىرىمى ئىچىدە نەشپۈتتىن كىرگەن كىرىم خېلىلا ئوبدان سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ نەشپۈتچىلىك كەسپى نۆۋەتتە يېزىمىزنىڭ تۈۋرۈكلۈك كەسپى بولۇپ قالدى. دېهقانلىرىمىز نەشپۈت ئۆستۈرۈشكە ئادەتلەندى. بەشتوگمەن يېزىسى دېهقانچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىكنى تەڭ تۇتتى. باغ ئارىسىغا زىرائەت تېرىدى. زىرائەت ئارىسىغا مېۋىلىك كۆچەت تىكتى. هازىر 115 مىڭ مو يەردە هەم باغ، هەم زىرائەت بار. يېزىدىكىلەر يۇقىرىغا خىزمەت دوكلات قىلغاندا باغنىمۇ 115 مىڭ مو، تېرىلغۇ يەرنىمۇ 115 مىڭ مو، دەپ تونۇشتۇرىدىغان بولدى. نۆۋەتتە، بەشتوگمەن يېزىسىدا نەشپۈتتىن باشقا، يەنە ئالما، چىلان، ياڭاق، شاپتۇل بار. بۇنىڭدىن چىلان 52 مىڭ مو، ياڭاق 25 مىڭ مو، ئالما، شاپتۇل 2000 مو. باغۋەنچىلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. 83 مىڭ مو كېۋەز، 13 مىڭ مو بۇغداي، 8500 مو يەردىكى شال باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا

تەسىر كۆرسەتمەيلا قالماستىن، بەلكى بەشتوگمەن يېزىسىنىڭ ئىستېرېئولوق كەسىپ بەلبېغىنىڭ شەكىللىنىشىنى، دېھقانلارنىڭ «قوش كىرىم» قىلىشىنى تېزلەتتى. يېزىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كەنتلەرنى، يېزا كادىرلىرى گۇرۇپپىلارنى، تېخنىكلار ئېتىزلارنى ھۆددىگە ئېلىش، كادىرلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى بىلەن ئىش ھەققىنى چېتىشتۇرۇش، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مېۋىلىك باغلارنىڭ مەھسۇلاتىنى، ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. باغلارغا قارىتا مەھسۇلاتنى، تەدبىرنى، ئادەمنى، مۇكاپات-جازانى بېكىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەربىر رەھبىرىي كادىرغا بىردىن نەشپۈتلۈك باغ، بىردىن ياڭاقلىق باغ، بىردىن چىلانلىق باغنى ھۆددىگە بەردى. باغلارغا تاختاي ئېسىپ ئارخىپ تۇرغۇزدى. ئۈلگە كۆرسىتىش باغلىرىنىڭ مۆلچەر مەھسۇلاتىنى بېكىتكەندە، رەھبىرىي كادىرلار بىلەن تېخنىكلارنىڭ مۇكاپاتلىنىش - جازالىنىش ئۆلچىمىنىمۇ بېكىتتى. ئوغۇتلاش، چاتاش، سۇ قويۇش، شاخلىتىش، مېۋىلىك چېچەكنى ساقلاش، مېۋىلىك دەرەخلەردىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق باشقۇرۇش، پەرۋىش تەدبىرلىرىنىڭ بىر تۇتاش بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇڭا باغلار تېز مېۋىگە كىردى. مېۋىلەر ئوخشىدى.

باغ - ئورمانچىلىق پەرۋىشىدە ئىشلەنگەن ئاساسلىق خىزمەتلەر ئۈستىدە توختالغاندا يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئېلى مۇنداق دېدى: ئاقسۇ ۋىلايىتى بۇ يىلنى «باغ - ئورمانچىلىق پەرۋىشى ئارقىلىق ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش يىلى» قىلىپ بېكىتكەن. يېزىمىز بۇ چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئەتىيازدىن باشلاپ باغلار مېۋىگە كىرگىچە نەچچە رەت تۈجۈپلەپ پەرۋىش قىلدۇق. بولۇپمۇ نەشپۈتلەرگە بېرىلىدىغان ئوغۇتنىڭ نىسبىتىنى تەڭشەپ، مېۋە مەھسۇلاتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلدۇق. سېلىنمىنى يىلمۇ يىل كۆپەيتتۇق. ھەربىر تۈپ نەشپۈتكە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80 يۈەندىن پۇل خەجلىدۇق. نەتىجىدە بىر تۈپ نەشپۈت دەرىخى 150 ~ 100 كىلوگىرام مەھسۇلات بەردى. ئۇنىڭ مېۋىسى ئاز دېگەندىمۇ 300 يۈەنگە يارىدى. مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا، ئالدىنقى يىلى ئايرىم باغلاردىكى بىر مو يەردىن 1.8 تونىنا، بۇلتۇر 2.5 تونىنا ئەتراپىدا مەھسۇلات چىقىدۇ. ئالما، چىلان، ياڭاقمۇ ئوبدان نەپ بەردى. بولۇپمۇ بەشتوگمەننىڭ نەشپۈتى شىنجاڭ، جۇڭگو بازارلىرىدىن ھالقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆ-

لەتلىرى، ھەتتا ھىندونېزىيە، مالايسىيا، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەت-لەرگە چىقتى. ھەر يىلى نەشپۈت پىششىتىن ئىلگىرى نەشپۈت سودىگەرلىرى بەشتوگمەننىڭ نەشپۈتلىرىنى زاكاز قىلىپ سېتىۋالىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

بەشتوگمەن يېزىسى نەشپۈت سورتىنى يېڭىلاش، نەشپۈت دەرەخلىرىگە خالتا كىيگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ۋە بازاردىكى رىد-قابەت كۈچىنى ئاشۇردى. بۇ يىل ئەتىيازدا 25 مىڭ مو كۆلەمدىكى نەشپۈت چېچىكىنى شېشە ئېسىپ چاڭلاشتۇردى. 1000 مو كۆلەمدىكى نەشپۈتكە خالتا كىيگۈزدى. نەشپۈت دەرىخىنى ئۇلاشتا ئىنچىكە، ئىلمىي بولۇشتا چىڭ تۇردى. مەركىزىي شاختىكى چېچەكلەرنى چاڭلاشتۇرۇپ ئۇلىدى. ئوغۇتلاشتا قوي، توخۇ ماياقلىرىنىمۇ مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، نەشپۈتنىڭ تەمىنى، رەڭگىنى ياخشىلى-دى. ھازىر يېزا بويىچە ھەر موسىدىن بىر توننىدىن كۆپرەك مەھسۇلات بېرى-دىغان نەشپۈتلۈك باغ كۆلىمى 6000 موغا يېقىنلاشتى. ھەر موسىدىن 100 كىلوگىرامدىن ئارتۇق مەھسۇلات بېرىۋاتقان ياڭاقلىق باغ كۆلىمى 1200مو-دىن، 50 كىلوگىرامدىن 80 كىلوگىرامغىچە مەھسۇلات بېرىۋاتقان چىلانلىق باغ كۆلىمى 4000 مودىن كۆپرەككە يەتتى. بۇلتۇر يېزا بويىچە مېۋە-چېۋە مەھسۇلاتى 37 مىڭ توننىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8000 توننا ئاشتى. بۇ يىل ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 50 مىڭ توننىغا يېقىنلىششىتىن ئۈمىد زور ئى-كەن. بۇلتۇر دېھقانلارنىڭ باغۋەنچىلىكتىن قىلغان ئوتتۇرچە كىرىمى 1391 يۈەنگە يەتكەن. بۇ يىل 1600 يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 29% نى ئىگىلەيدى-غانلىقى مۇقىملىشىپ قاپتۇ. نۆۋەتتە، يېزا بويىچە شەھەر، يېزا، كەنت كادىرلىرى مەسئۇل بولغان ئۈلگىلىك باغ 101 گە، كۆلىمى 12 مىڭ 746 موغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر دەرىجىلىك ئۈلگىلىك باغ 73 كە يەتكەن. 15 مىڭ مو كۆلەمدىكى باغنىڭ ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ، رويخەتكە ئېلىنغان. يېزا باغۋەنچىلىك تېخنىكلىرىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغان. بۇ يىل ئىچىدىلا 2450 كىشى (قېتىم) نى مەخسۇس باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى بىلەن تەربىيەلىگەن. يېزا باغلاردىكى كېسەللىك - ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە 260 كى-شىدىن تەشكىل تاپقان ماشىنىلاشقان تېخنىكلار قوشۇنى قۇرۇپ چىققان. يېزا بۇ ئەترەتكە 52 دانە چوڭ تىپتىكى دورا چېچىش ماشىنىسى، 208 دانە كىچىك

تىپتىكى دورا چېچىش ماشىنىسى سەپلەپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن باغ - ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولغان. ھازىر يېزا بويىچە ئېتىز - ئېرىق، يول بويلىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 90% كە يېتىپتۇ.

باغ باشقۇرۇش تەجرىبىسى ھەققىدە توختالغاندا بەشتوگمەن يېزىلىق نەشپۈتچىلىك جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى رۇزى ئوسمان مۇنداق دېدى: ئادەتتە بىر مو يەرگە 24 تۈپ نەشپۈت دەرىخى تىكىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇلتۇر ئەتىيازدا مەن ھەربىر تۈپكە 100 كىلوگىرامدىن قوي قىغى، 1.5 كىلوگىرامدىن ئەرئەن بەردىم. يەنە توخۇ مايىقى كۆمدۈم. ئۈچ قېتىم ئورىيا بىلەن ئوغۇتلىدىم. دەرەخنىڭ ھارام شاخلىرىنى يىلدا ئىككى قېتىم چاتىدىم. شۇڭا نەشپۈتلىرىم ئوخشىدى. ھازىر دېھقانلار ئارىسىدا باغ - ئورمانچىلىققا مەبلەغ سېلىش، باغقا كۈچەپ ئىشلەش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى... باغ - ئورمانچىلىق نۆۋەتتە بەشتوگمەنلىكلەرنىڭ ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەتىۋارلىق كەسپىگە ئايلىنىپتۇ. ھەرقايسى كەنتلەرمۇ باغ - ئورمانچىلىقنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىپتۇ. شۇڭا ھازىر يېزىنىڭ يېرىمى باغقا ئايلىنىپتۇ.

باغ - ئورمانچىلىق بەشتوگمەنلىكلەرگە ئامەت ئېلىپ كەلدى. بېيىش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز بۇ يېزىدىكىلەرنىڭ پۇرسەتنى قەدىرلەپ، ئەۋزەللىكنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، باغ - ئورمانچىلىق خىزمىتىدە تېخىمۇ زور شان-شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمىز.

# قاراتالدا مېۋە ھىدى

شېخنى كۆتۈرەلمەي قالغان ياڭاق، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چىلان چېچە-كى، چاڭگاك - چاڭگاك نەشپۈت، سارغىيىپ پىشقان ئۆرۈك...

مانا بۇ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال بازىرىدىكى مەنزىرە. ئەگەر سىز مۇشۇ كۈنلەردە قاراتال بازىرىغا بېرىپ قالسىڭىز پايانسىز يېشىل مەنزىرە سىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

— قاراڭلار، بۇ 2003 - يىلى تىكىلگەن ياڭاقلار، مېۋىگە كىرگىلى ئىككى يىل بولدى. بۇ يىل بەك ئوخشىدى، — دېدى قاراتال بازىرىنىڭ باشلىقى قاسىم ئەمەت بىزنى دوسقۇل كەنتىدىكى بىر چوڭ ياڭاقزارلىققا باشلاپ كىرىۋې-تىپ، — ھازىر بازار بويىچە ياڭاق ئوخشىدى. مۇشۇ سالا ئېتىزنىڭ ئۆزىلا 150 مو كېلىدۇ. 28 كەنتنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ياڭاقزارلىق بار. ئەگەر ھەربىر تۈپتىن 8 ∽ 9 كىلوگىرام ياڭاق چىقتى دېگەندىمۇ، بىر مو يەرنىڭ مەھسۇلاتىلا 4000 ∽ 5000 يۈەنگە يارايدۇ. چۈنكى ھازىر بازاردا بىر كىلو-گىرام ياڭاقنىڭ باھاسى 30 يۈەندىن ئاشىدۇ.

بىز كېۋەز كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان بۇ چوڭ ياڭاقزارلىققا قاراپ ھەيران قال-دۇق. قاسىم ئەمەت بىزنى گۈلباغ، بوستان، توۋرىچى، قازاق كەنتىگە باشلاپ باردى. قاسىم ئەمەت بىر تەرەپتىن كۆرسىتىپ، بىر تەرەپتىن سۆزلەپ ماڭدى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە باغۋەنچىلىك مۇتەخەسسىسى بولۇپ قالغانىدى.

— ئادەتتە بىر مو يەردە 23 تۈپ ياڭاق، 28 تۈپ نەشپۈت، 110 تۈپ چىلان بولىدۇ، يەنە بەزى يەرلەردە 220 تۈپ ۋە 440 تۈپ چىلان بولىدۇ. ھا-زىر بازىرىمىزدا مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە بەرپا قىلىنغان 27 مىڭ مو ياڭاقزارلىق، 19 مىڭ مو نەشپۈتزارلىق، 84 مىڭ مو چىلانزارلىق بار. ھازىر باغ - ئورمان-

چىلىق دەسلەپكى قەدەمدە مېۋە بېرىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلىردىن ئۇنىڭ بىپىپ كېتىشىدە گەپ يوق.

قاسىم ئەمەت بىزنى گۈلباغ كەنتىدىكى 100 مو كېلىدىغان بىر چىلانزارلىققا باشلاپ كىردى. تەكشى ئۆسكەن چىلانلار مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— بۇ بۇلتۇر تىكىلگەن چىلان. بىز چىلان كۆچىتىنىڭ تۇتماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەربىر تۈپ چىلان كۆچىتىنىڭ يېنىغا چىلان ئۇرۇقى سالغان. لېكىن چىلان كۆچەتلىرى ئومۇمیۈزلۈك تۇتتى، مۇشۇنداق تەكشى ئۆستى. ئەگەر تەبىئىي ئاپەت كۆرۈلمىسىلا ھەر مو يەردىن ئاز دېگەندىمۇ 300 كىلوگىرام چىلان چىقىدۇ.

بىز قاسىم ئەمەتنىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن مەنزىرىگە قاراپ، قاراتال بازىرىنىڭ باغ - ئورمانچىلىق خىزمىتىدە ھەقىقەتەن يېڭى قەدەم تاشلىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

— 2001 - يىلى بازار بويىچە 10 نەچچە مىڭ مو يەردە باغ بار ئىدى. 2002 - يىلىدىن باشلاپ بىز باغۋەنچىلىككە زور كۈچ سەرپ قىلدۇق. ئالدىنقى ئىككى يىلدا ياڭاق بىلەن نەشپۈتنى تۇتتۇق. ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ چىلاننى تەرەققىي قىلدۇردۇق. ھازىر باغ ئومۇمىي كۆلىمى 138 مىڭ 465 موغا يەتتى. بولۇپمۇ، ياڭاق بىلەن چىلان بىزنىڭ كۈچەپ تۇتىدىغان خىزمىتىمىز بولۇپ قالدى، — دېدى قاسىم ئەمەت قاراڭغۇتوغراق كەنتىدىكى ياڭاقزارلىق، چىلانزارلىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. دەرۋەقە، يول ياقىسىدىكى سالا ئېتىزلار خۇددى كۆمۈشتەك پارقىرايتتى. بۇ يەردە كېۋەز، يەنە بىر يەردە چىلان، يەنە بىر يەردە ياڭاق بىلەن نەشپۈت كۆزگە چېلىقاتتى. قاسىم ئەمەت توساتتىن پىكاپنى توختىتىشقا بۇيرۇدى ۋە جەنۇب تەرەپتىكى پايانسىز بىر چىلانزارلىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مانا بۇ بۇ يىل ئەتىيازدا تېرىلغان چىلانلار. ھازىر مۇشۇ ھالەتكە كەلدى. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مېۋىگە كىرىدۇ، — دېدى. بىز كۆرگەن يۇقىرى زىچلىقتىكى پاكار ئۆستۈرۈلىدىغان بۇ چىلانلار ھەقىقەتەن بولۇق ئۆسكەن ئىدى.

— بەزىلىرىنى تىكتۇق، بەزىلىرىنى تېرىدۇق. لېكىن ھەممىسى ياخشى

ئۆستى، — دېدى ئۇ چىلاننىڭ چېچەكنى تۇتۇپ كۆرۈپ. بىز ئۇنىڭغا ئەگە-شىپ چىلانلارنى تەپسىلىي كۆردۇق. دىمىقىمىزغا چىلان ھىدى ئۇرۇلدى. كې-ۋەز بىلەن كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان چىلانلار بۇ زېمىننىڭ بەرىكەتتىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. قاسىم ئەمەت يەنە ئېغىز ئاچتى:

— بۇ يىل بازىرىمىز بويىچە 15 مىڭ مو يەردىكى نەشپۈت، 10 مىڭ مو يەردىكى ياڭاق، 20 نەچچە مىڭ مو يەردىكى چىلان مېۋە بېرىدۇ. ھازىر خېلى كۆپ مېۋىلەر زاكاز قىلىنىپ بولدى. 26 ـ كەنتتىكى ئاتاۋۇللا 100 مو بېغىدى-كى ياڭاقنىڭ مېۋىسنى 100 مىڭ يۈەنگە ساتماپتۇ.

قاسىم ئەمەتنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ئۆستۈرۈلگەن ياڭاقلار «33» ۋە «185» تۈرىدىكى سورتلار ئىكەن، چىلاننىڭ بولسا «خۇيزاۋ» ۋە «جېڭچىاڭ 1 ـ نو-مۇر» ئىكەن. چىلاننى باشقۇرۇشتا بازار قاتتىق قول بولغان. سۇ قويۇش، ئو-غۇتلاشنى بىر تۇتاش ئېلىپ بارغان. چىلان كۆچىتى تىكىپ ئۇنىڭ قاپتىلىغا يەنە چىلان ئۇرۇقى سالغان. بۇ يىل بۇ تېخنىكىنى 10 مىڭ موغا كېڭەيتىكەن. ئەمما كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوبدان ئەي بوپتۇ. بۇلتۇر بازار 56 مىڭ مو يەرگە چىلان كۆچىتى تىكىش ئۈچۈن دېھقانلاردىن ھەر مو يەرگە 264 يۈەن-دىن پۇل يىغقان ئىكەن، ئەمما بازار چىلان كۆچىتى تىكمەي، چىلاننى تېرىپتۇ.

— بىز مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا 11 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل يىغقان، ئەمما بىز بۇ ئىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇق. چىلان ئۇرۇقى سېتىۋېلىپ تېرىدۇق. بۇنداق قىلغاندا بىر مو يەرگە 300 گىرام ئۇرۇق كېتىدىكەن، بۇنىڭ پۇلى 24 يۈەن بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېرىغان چىلاننىڭ ئارتۇقنى ئۇلاپ سېتىپ چىقارسا بولىدىكەن. بىز يىغىندا دېھقانلاردىن يىغقان بۇ پۇلدىن 7 مىل-يون 500 مىڭ يۈەننى قايتۇرىمىز. مۇشۇ بىر تۈردىلا دېھقانلارنىڭ خېلى كۆپ چىقىمى تېجەپ قېلىندى.

ئىگىلىشىمىزچە، ھازىر قاسىم ئەمەت ئاساسىي كۈچىنى چىلان، ياڭاققا سەرپ قىلىۋېتىپتۇ. ھەر كۈنى چىلان، ياڭاق پەرۋىشىنى تەكشۈرىدىكەن. ھەر يىغىن ئايدا بىر قېتىم باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىكەن. ئۆتكەندە مەلۇم بىر كەنت چىلاننى تاقلاش، ئوتاشتا ئارقىدا قالغان ئىكەن. ئۇ كەنتنىڭ شۇ-جىسى، مۇدىرىنى رېستورانغا ئاپىرىپ بىردىن توخۇ گۆشى قورۇمىسى يېگۈزۈپ-

تۇ، ئارقىدىن مەسلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇ ئىشتىن خىجىل بولغان ھېلىقى ئىككى رەھبەر دەرھال قايتىپ مەسلىنى تۈزىتىپتۇ. ھازىر ھەممە كەنت چىلان، ياڭاق، نەشپۈت پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇشتا بەك ئاكتىپ ئىكەن. قاسىم ئەمەت مۇنداق دېدى: ھازىر بازىرىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇۋاتىدۇ، لېكىن تېخنىك كۆچىمىز يېتىشمەي قالغانىدى. بىز بازار تەۋەسىدە تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىش كۆتۈپ تۇ- رۇۋاتقان ياشلارنى يىغىپ، ياغۋەنچىلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەشنى يولغا قويغانىدۇق. دەسلەپتە نەچچە ئون ياش بۇ كۇرسقا قاتناشقان. ئۇلار قايتىپ بارغاندىن كېيىن ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىپ، ھەم ئۆزىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيت- تى، ھەم بازىرىمىزنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولدى. ھازىر بازار بويىچە دېھقان تېخنىكلىرىمىز 500 دىن ئاشىدۇ. بىز كېلەر يىلى 60 مىڭ مو يەردىكى چىلاننى ئۇلايمىز. شۇڭا بۇ يىل تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان 850 ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5500 تېخنىكنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز. مۇشۇنداق قىلمىساق، بىزنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىقىمىز تېز تەرەققىي قىلالمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، پۇل سىرتقا ئې- قىپ كەتمەيدۇ.

بىز ئەتراپقا نەزەر سالدۇق. يىلدا 160 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرگە كېۋەز تې- رىيدىغان، 32 مىڭ نوپۇسقا ئىگە بۇ گۆھەر زېمىندىكى ياڭاق، چىلان، نەشپۈت قىزغىنلىقى بىزنى ھەيران قىلدۇردى. نەگىلا بارسا خۇشبۇي مېۋە پۇرىقى گۇ- پۇلدەيتتى. نەگىلا قارىسا يېشىللىق كۆزگە چېلىقاتتى.

2007 ـ يىل 21 ـ ئىيۇن، ئاقسۇ

# قىزىل بايراقدار يېزا

ئەگەر بىز ئاقسۇ شەھىرىنى بىر پارچە گۆھەر زېمىنغا ئوخشاتساق، ئېگەرچى يېزىسىنى بۇ گۆھەر زېمىنىنىڭ گۈلتاجىسى دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. يېقىندا مۇخبىرىمىز بۇ يېزىنى زىيارەت قىلغاندا، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېغىن زالىدىكى لەۋھە، تەقدىرنامىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. گۈلزارلىققا پۈر-كەنگەن يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى ئېگەرچى يېزىسى-نىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زور تەرەققىياتقا ئىگە بولغانلىقىنى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدا دادىل قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان تۇپرىقى مۇن-بەت، سۈيى ئەلۋەك، خەلقى ئىشچان، ئىستىقبالى پارلاق بۇ يېزا دەرۋەقە يېقىنقى بىر قانچە يىلدا يېزا ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆ-پەيتىش، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق، كۆكتاتچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا سەكرەش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىد-شىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە شەھەر بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى يېزا (بازار) لارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. يېقىندا چاقىرىلغان ئاقسۇ شەھەرلىك ئۈچىنچى دەرد-جىلىك كادىرلار يىغىنىدا ئېگەرچى يېزىسى يەنە شەرەپ بىلەن 2004 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى «قىزىل بايراقدار يېزا» بولۇپ تەقدىرلەندى.

2004 - يىلى ئېگەرچى يېزىسى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇ-رۇپ، «باغ - ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، كۆكتاتچىلىق» نى پائال راۋاجلاندۇردى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 3500 يۈەن-دىن كۆپرەككە يەتكۈزۈپ، 2003 - يىلدىكىدىن 327 يۈەن ئاشۇردى ۋە تا-رىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەنى ياراتتى. ئېگەرچى يېزىسى قانداق قىلىپ

بۇنداق ياخشى نەتىجىنى ياراتتى؟ ئېگەرچى يېزىسىنىڭ باشلىقى ئۆمەرجان ئاۋۇت بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى: 2004 - يىلى بىز مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردۇق. يېزا ئىگىلىك ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ زورايتتۇق. 2004 - يىلى يېزىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 157 مىليون يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 3570.18 يۈەنگە يېتىپ، شەھەر بويىچە ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز تېرىقچىلىقتا «سورتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇردۇق. 2004 - يىلى بۇغداي، قوناق، شال، پاختا مەھسۇلاتى خېلى ئاشتى. ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 454.8 كىلوگىرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %2.5 كۆپەيدى. مو بېشى مەھسۇلاتى 500 كىلوگىرامدىن ئاشىدىغان ئۆلگە كۆرستىش ئېتىزى 2231 موغا يەتتى.

ئۆمەرجان ئاۋۇت مۇنداق دېدى: بۇلتۇر بىز بۇغداي، كېۋەز، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنى ماشىنا بىلەن تېرىش، ئوغۇتلاشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇردۇق. زاكاز يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدۇق. بۇلتۇر يېزىمىزنىڭ ئاشلىق تېرىلغۇسى دېھقانلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن سىرت، زور بىر قىسمى زاكاز يولى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىندى. چارۋىچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈش مۇساپىسى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھازىرغا قەدەر يېزىمىزدىكى ئەلا نەسىللىك سۈت كالىسى 3000 تۇياققا يېقىنلاشتى. كۆلەملەشكەن سۈت كالىسى باقىدىغان «كالا بېقىش ئورنى» قۇرۇلدى. ھازىر يېزىمىزنىڭ كۈندىلىك سۈت مەھسۇلاتى 20 توننىدىن ئاشماقتا. 2004 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە چارۋا قوتان قالدۇقى 40 مىڭ 678 تۇياققا، يىل ئاخىرىدا قوتاندىن چىقىرىلغان چارۋا 71مىڭ 800 تۇياققا، گۆش مەھسۇلاتى 3673 تونىنغا يەتتى. 20 تۇياقتىن ئارتۇق قوي باققان ئائىلىدىن 2000 ى، 40 تۇياقتىن ئارتۇق قوي باققان ئائىلىدىن 400 ى، 10 تۇياقتىن ئارتۇق كالا باققان ئائىلىدىن 120 سى، 50 تۇياقتىن ئارتۇق كالا باققان ئائىلىدىن 40 ى يېتىشىپ چىقتى. بىز

يەنە يېزىمىزنىڭ شەھەر ئەتراپىغا جايلىشىشتەك ئەۋزەللىكىمىزگە تايىنىپ كۆكتاتچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردۇق. 1000 مو يۇقىرى ئۆلچەملىك كۆكتاتچىلىق بازىسى، 20 مىڭ مو ئىشلەپچىقىرىش بازىسى شەكىللەندۇردۇق. ئۇيغۇر دېھقانلارنى پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشكە، ئۇيغۇر دېھقانلار بىلەن خەنزۇ دېھقانلارنى بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشكە يېتەكلەپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، بىر تۈركۈم كۆكتاتچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتۇق. كۆكتات زاكاز قىلىشنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سورتنى بىرلىككە كەلتۈردۇق. 2004 - يىلى پەقەت پەمىدۇر مەھسۇلاتى 10 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتتى. يەنە 400 توننىلىق زاكاز توختامى ئىمزالىدۇق.

ئېگەرچى يېزىسى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تىكلەپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نۇقتىلىرىنى پائال يېتىلدۈردى ۋە زورايتتى. ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقىنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا بويىچە ئۆي قۇشلىرى سانىنى 220 مىڭ دانىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. پەقەت بېقىلىۋاتقان توخۇ 96 مىڭ 641 دانىگە، كەپتەر 132 مىڭ 659 دانىگە يەتتى. يېزا شەھەر بويىچە تۇنجى بولۇپ بۇغا بېقىش بازىسى قۇرۇپ، بەش يىلدا بۇغا قوتان قالدۇقىنى 200 تۇياققا يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى. نۆۋەتتە قوتاندىكى بۇغا 40 تۇياقتىن ئاشتى. ئېگەرچى يېزىسى شاخ - شۇمبىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان چارۋىچىلىق ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتتى. بۇلتۇر بىر يىلدا يېڭىدىن 47 ئىسسىق قوتان سالدى. 170 ئىسسىق قوتاننى ئۆزگەرتتى. 229 سىلوس كارىزىنى يېڭىدىن ياسىدى. 56 دانە ئوت توغراش ماشىنىسى سېتىۋالدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چارۋىچىلىق كىرىمى 707 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 128 يۈەن كۆپەيدى. ئېگەرچى يېزىسى «دىلشات» ئالما ماركىسىدىن پايدىلىنىپ، باغ - ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇردى. ھازىرغىچە يېزىنىڭ باغ - ئورمانچىلىق كۆلىمى 31 مىڭ موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل ئەتىلىك ئالما كۆلىمى 17 مىڭ مودىن، چىلان 2415 مودىن، ياڭاق 4128 مودىن، ئۆرۈك 2015 مودىن، نەشپۈت 4049 مودىن، ئۈزۈم 509 مودىن ئاشتى. ئالمىچى دېھقانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەش، ئالمىلارنى ئوراش، قاچىلاش چىڭ تۇتۇلدى. «دىلشات» ماركىلىق قىزىل ئەتىلىك ئالمىنىڭ تەشۋىقات سالمىقى زورايتىلدى.

ئېگەرچى يېزىسى دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا چاتاش، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش، ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە تېخنىك خادىملار نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىشنى تۈزۈملەشتۈردى. 2004 ـ يىلى 24 قېتىم كۇرس ئېچىپ، 3000 دېھقاننى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلىدى. دېھقانلارغا شال، كېۋەز تېرىشقا دائىر ئوقۇشلۇقتىن 8400 پارچە، پەن ـ تېخنىكىغا دائىر VCD پىلاستىنكىسىدىن 500 دانە تارقىتىپ بەردى. يېزىدىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىشنى كىرىم كۆپەيتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى سۈپىتىدە چىڭ تۇتتى. سىرتقا چىقىدىغانلارنى ماھارەت بويىچە تەربىيەلەپ، ئاندىن تەرتىپلىك يۆرۈشتۈردى. بۇلتۇر سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەنلەرنىڭ ئائىلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 310 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 150 يۈەن ئاشتى. پەقەت شەھەر ئەتراپىدىكى بەش كەنتتىلا 682 ئائىلە، 875 ئادەم مەخسۇس ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى. كۆكتاتچىلىق چوڭ ئائىلىلىرى تىزىمغا ئالدۇرغان «ئەل رايى» ماركىلىق زىيانسىز كۆكتات تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغىچە سېتىلىپ ھەر مىللەت ئىستېمالچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئېگەرچى يېزىسى بازارنى يېتەكچى قىلىپ، باغ ـ ئورمانچىلىق جەمئىيىتى، كۆكتاتچىلىق جەمئىيىتى، چارۋىچىلىق جەمئىيىتى قاتارلىق دېھقانلار ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى. ھازىرغا قەدەر بۇ جەمئىيەتلەرگە ئەزا بولغان ئائىلە 250 كە، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئائىلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 500 يۈەنگە يەتتى. يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېزا، كەنتلەرنىڭ يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 2004 ـ يىلى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەنت يولىنى ياسىدى. 2004 ـ يىلىلىق ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىدە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئۈچ داڭلىق كارخانا بىلەن تۈرلەر بويىچە توختام ئىمزالىدى. توختامنىڭ سوممىسى 30 مىليون يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 10 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزنى ئۆزگەرتىش، دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيەسىنىڭ ئېگەرچى بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسى تېمىتىپ سۇغىرىش تۈرى، ئېتىز ـ ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق

بىرقانچە زور نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېرىپ، بىرقانچە زور نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ باردى.

ئېگەرچى يېزىسى شەھەر ئەتراپى كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشتە «چارۋىچىلىق، باغ - ئورمانچىلىق، كۆكتاتچىلىق» تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ كەسىپنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇردى. سانائەت، يېزا ئىگىلىكى بىر گەۋدىلەشكەن، تېرىش، بېقىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئۆزئارا بىرىككەن ياخشى ۋەزىيەتنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈردى. «بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. كوللېكتىپ جۇغلانمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى تاپتى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش چارىسىنى قوللىنىپ، 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزدى. يېزىنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 1998 - يىلىدىكى 500 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، 4 مىليون 543 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزىدىكى 16 مەمۇرىي كەنت ئىچىدە كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كىرىمى 600 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان كەنتتىن 3ى، 300 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان كەنتتىن 2 سى بارلىققا كەلدى. ئۆمەرجان ئاۋۇتنىڭ ئېيتىشىچە، 2 ～ 3 يىل ئىچىدە پۈتۈن يېزىنىڭ كەنت دەرىجىلىك ئىقتىسادىي جۇغلانمىسى 7 مىليون يۈەنگە يېتىدىكەن. 2004 - يىلى ئېگەرچى يېزىسى ھەققەتەن پارلاق نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئاقسۇ شەھىرىدىكى بىرگە ھەر زېمىننىڭ گۈلتاجىسىغا، «ئىككى مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىدىكى «قىزىل بايراقدار يېزا» غا ئايلاندى. بۇ يېزا بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى؟ بۇ ھەقتە توختالغاندا يېزا باشلىقى ئۆمەرجان ئاۋۇت مۇنداق دېدى: 2005 - يىلى بىز مەۋقەنى «باغ - ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، كۆكتاتچىلىق» تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ كەسىپنىڭ ئاساسىغا قويۇپ، شەھەر ئەتراپى ئېكولوگىيەلىك ساياھەتچىلىك كەسىپىنى كېڭەيتىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى، ئېكولوگىيەلىك يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى كىرگۈزۈش، تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىمىز. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىنى 180 مىليون يۈەنگە، كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىقتىسادىي جۇغلانمىسىنى 6 مىليون يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى 4000 يۈەنگە يەتكۈزۈشكە تىرىشىمىز.

ئېگەرچى يېزىسى 2005 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمدە 4000 يۈەنلىك ئۆتكەلدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە، بۇنىڭدىن باغ - ئورمانچىلىق كىرىمنى 10% كە، چارۋىچىلىق كىرىمنى 20% كە، كۆكتاتچىلىق كىرىمنى 8% كە يەتكۈزۈپ، ئومۇمي كىرىمنى 430 يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇشقا ئىرادە باغلىدى ھەمدە ئەلا نەسىللىك سۈت كالىسىنىڭ سانىنى بۇلتۇرقى ئاساستا يەنە 2000 تۇياق كۆپەيتىشنى، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ساياھەت بايلىقىنى كەڭ ئېچىپ يېزا ئىقتىسادىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. بىز ئېگەرچى يېزىسىنىڭ «بازىنى چۆرىدەپ باغ - ئورمانچىلىقنى كۈچەيتىش، يېشىللىقنى چۆرىدەپ كۆكتاتچىلىقنى كۈچەيتىش، ئەۋزەللىكنى چۆرىدەپ چارۋىچىلىقنى كۈچەيتىش» تىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىدا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى مەركەز قىلىپ، يېزا ئىقتىسادىدا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

2005 - يىل 25 - فېۋرال، ئاقسۇ

# مۇزئارت ۋادىسىدا ئىللىغان قەلبلەر

بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا باي ناھىيە ئونباش يېزىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ كەنتىدىكى پاتىخان سابىر، بارات قادىر ۋە ئىمىن بارات قاتارلىق ئۈچ نامرات دېھقان ئاقسۇ گېزىتخانىسى رەھبەرلىرىنىڭ قولىدىن 2600 يۈەن قىممىتىدىكى يەتتە ساغلىقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئىنتايىن تەسىرلەندى. ئۇلار كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: پارتىيەگە رەھمەت، گېزىتخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە رەھمەت، دېيىشتى. ئاقسۇ گېزىتخانىسى رەھبەرلىرى 5 ـ ئايدا ھەمەر ئىمىن قاتارلىق يەتتە نامرات ئائىلىگە يەتتە ساغلىق ئېلىپ بەرگەندىمۇ، ئاشۇنداق تەسىرلىك سادا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئاقسۇ گېزىتخانىسى يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئۆزىنىڭ يار ـ يۆلەك نۇقتىسى بولغان يېڭىئۆستەڭ كەنتىگە 20 مىڭ يۈەن قىممىتىدە قوي، سۇپەتلىك بۇغداي ئۇرۇقى، ئۇن، ياغ ۋە كۆمۈر ئېلىپ بەردى. كەنتكە مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇپ بەردى. پەن ـ تېخنىكا ئوقۇشلۇقى باستۇرۇپ بەردى، نامرات دېھقانلارغا بېيىش يولى كۆرسىتىپ بەردى. ئۈچ يىلدا 35 نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى باشقا ئىدارە ـ ئورگانلارمۇ ئۆزىنىڭ يار ـ يۆلەك نۇقتىسىغا كۆپلەپ ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، باي ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش بىر خىل ئەل رازى قۇرۇلۇشى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باي ناھىيەسى نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى ۋە ئىلگىرى سۈردى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاممىنى خاتىرجەم قىلىشنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» يۈكسەكلىكىدە تونۇدى. نىشان، پىلان، تەدبىر تۈزۈپ، يېزا ـ كەنتلەردىكى نامراتلارنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. ناھىيە-

لىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى نامراتلارنى ماددىي جەھەتتىن يۆلەش بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن يۆلەشنى، يۈزەكى يۆلەش بىلەن تۈپ يىلتىزىدىن يۆلەشنى، «قان بېرىش» تىپىدىكى يۆلەش بىلەن «قان ئىشلەپچىقىرىش» تىپىدىكى يۆلەشنى، مالىيە ياردىمى ئارقىلىق يۆلەش بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە بىرلىكتە يۆلەشنى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەش بىلەن سىياسەت جەھەتتىن يۆلەشنى، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بىلەن ئەقلىي ۋە بازار ئۇچۇرى جەھەتتىن يۆلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، نامرات ئائىلىلەرنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى بالدۇرراق چۆرۈپ تاشلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. 1994 - يىلى دۆلەت يەتتە يىلدا 80 مىليون نامرات ئاھالىنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى باي ناھىيەسىدە 6500 نامرات ئائىلە، 32 مىڭ 500 نامرات نوپۇس بار ئىدى. باي ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى دەل شۇ يىلى رەسمىي باشلاندى. ناھىيە بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇش، ساھەلەر بويىچە نۇقتىلىق ياردەم بېرىش، پارتىيە ئەزالىرىغا ھۆددىگە بېرىشتەك جانلىق خىزمەت مېخانىزمى يولغا قويۇلدى. 62 ئىدارە - ئورۇن 62 نامرات كەنتنى ھۆددىگە ئالدى. يەتتە يىلدا جەمئىي 5 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، نامرات كەنت، نامرات ئائىلىلەرگە كۆپلەپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىلدى. 2910 ئائىلە، 14 مىڭ 550 نوپۇسنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ قىيىن نۇقتىسى، مۇھىم نۇقتىسى يېزىلاردا، چەت، يىراق، شارائىتى ناچار جايلاردا. 2000 - يىلى باي ناھىيەسى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئون يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول مەسئۇللىرى ئاساسلىق مەسئۇل بولۇش، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تولۇق قاتنىشىش، يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە تەڭ قوزغىلىش نىشانىنى بېكىتتى ۋە 28 كىشىدىن تەشكىل تاپقان نامرات ئاھالىلەرنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىكىنى ئاممىغا ئاشكارىلىدى. قىبىر، قىزىل، چوڭكۆۋرۈك، قاراباغ قاتارلىق تۆت يېزا ۋە 38 كەنتنى نۇقتىلىق يۆلەش ئوب-

يېكىتى قىلىپ تاللىدى. 2001 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 5603 ئائىلە، 27 مىڭ 342 نوپۇس ئون يىللىق نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭغا 223 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. ناھىيە تۇرلۇك چارە ـ ئامالالارنى ئىشقا سېلىپ، نامرات يېزا، كەنتلەرنىڭ نامراتلار دائىرىسگە كىرىشى ۋە تۈر مەبلىغىنى ھەل قىلىش خىزمىتىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. 2002 ـ يىلى بىر يىلدا نامرات يېزا، كەنتلەرگە 7 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ پۇل بىلەن يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىدىن تۆتى، چارۋىچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدىن سەككىزى ئىشلەندى. تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش، زەيلىك چېپىش، نامرات ئائىلىلەرگە قوي ـ كالا ئېلىپ بېرىش، قوتان سېلىپ بېرىش، نامرات دېھقانلارنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق، ئۇرۇق ۋە چارۋا سېتىۋېلىشى مەبلەغ كاپالىتىگە ئىگە بولدى. تۈرلەر بويىچە ياردەم بېرىۋاتقان ئورۇنلارمۇ نامرات ئائىلىلەرگە تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ياردەم بەردى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 832 ئائىلە، 4160 نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 2003 ـ يىلى باي ناھىيەسى نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس مەبلىغىدىن 1 مىليون 180 مىڭ يۈەن ھەل قىلدى ۋە 16 تۈر قۇرۇلۇشىنى قولغا كەلتۈردى. چوغكۆۋرۈك ۋە ياتۇر يېزىسىدا 1050 مو يەر تۈزلەندى. قىيىر، قىزىل، سايرام، ياتۇر، بۇلۇڭ، ئونباش، قاراباغ، توخسۇن يېزىلىرىدىكى نامراتلارغا قوي، كالا ئېلىپ بېرىلدى. ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىلدى. شۇ يىلى جەمئىي 5 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1152 ئائىلە، 5260 نوپۇسنىڭ نامراتلىق قالپىقى چۆرۈپ تاشلاندى.

باي ناھىيەسى ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغى ئېتىكىگە جايلاشقان. مۇزئارت دەرياسى بۇ مۇنبەت زېمىنغا ھاياتلىق ۋە بەرىكەت ئاتا قىلىپ كەلمەكتە. بۇ زېمىندىكى نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىق مېھرىنى بارغانچە چوڭقۇر ھېس قىلىشماقتا. 2004 ـ يىلى باي ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى يەنە بىر يېڭى دولقۇننى كۆتۈرۈلدى. ناھىيە يەنە 1 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغ، 14 تۈر قۇرۇلۇشىنى ھەل قىلىپ، نامرات

يېزا، كەنتلەرنىڭ ئۇل قۇرۇلۇشىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. نۇرغۇن نامرات ئائىلىگە قوي، كالا ئېلىپ بەردى. ئۈچ كەنتتە چارۋا نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قۇردى. سەككىز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيلىك، يەتتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىگمەس ئۆستەڭ ياسىدى. ۋىلايەت دەرىجىلىك 20 ئورۇن ئۆزىنىڭ 12 يار ـ يۆلەك نۇقتىسىغا 200 مىڭ يۈەن، ناھىيە دەرىجىلىك 38 ئورۇن 534 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى. ھەر تەرەپنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە، بۇ يىل 1200 ئائىلە، 6000 نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. 2004 ـ يىلى مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ئەڭ چوڭ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلە ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولۇپ قالدى.

# جۇڭگو پوچتىسى دېھقانلار بىلەن قەلبداش

(ئاخبارات ئوچېرىكى)

«دېھقانلار بىلەن پوچتا قەلبداش، مال ئوبوروت كەسپى دېھقانلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزىدۇ» بۇ ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدىكى ياركۆۋرۈك يېزىلىق پوچتا پونكىتىنىڭ تاملىرىغا چاپلانغان تەشۋىقات شوئارلىرى ئىدى. پوچتا پونكىتىنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە ئىچىدىكى پوكەيگە خىلمۇخىل ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى ھەم تۇرمۇش بۇيۇملىرى تىزىۋېتىلگەنىدى. ئەتراپقا ئولىشىۋالغان دېھقانلار ئۇنى - بۇنى تۇتۇپ كۆرەتتى، ئۇنىڭ - بۇنىڭ باھاسىنى سورايتتى. بىردەمدىلا پوچتا پونكىتىنىڭ ئىچىدە سودا قىزىپ كەتتى.

— مەن يوپۇرماق دورىسىدىن ئۈچ خالتا ئالىمەن.

— ماڭا سۇجېشلياڭدىن بەش خالتا بېرىڭ.

— مەن بىگاۋلۇ سېتىۋالماقچىدىم.

— ماڭا دىكېباۋ بېرىڭ...

بۇ بىز كۆرگەن ھەقىقىي مەنزىرە. بۇ 100 يىلدىن بۇيان خەت - چەك ئالاقىسى، گېزىت - ژۇرنال، پوسۇلكا يەتكۈزۈش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن جۇڭگو پوچتىسىنىڭ يېڭى قىياپىتى ئىدى. بۈگۈنكى سەپەرنىڭ مەقسىتىمۇ مۇشۇ مەنزىرىنى، مۇشۇ يېڭىلىقنى كۆرۈش ۋە تەشۋىق قىلىش ئىدى. شۇڭا بۈگۈن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىمىنجان ئىبراھىم كۇچا، شايار ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ۋە ۋىلايەتتىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىنى باشلاپ ئالايتەن ياركۆۋرۈككە كەلگەنىدى.

— بىزنىڭ خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسىنى پوچتىدىن يەتكۈزۈپ بېرىش كەسپىنى يولغا قويۇشىمىز يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلارغا پايدىلىق،

شۇنداقلا ئۇ پوچتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ پايدىلىق. ئۈچ يىلدىن بۇيان ۋىلايەت مىزدىكى پوچتا تارماقلىرى مۇشۇ يولدا مېڭىپ، بەلگىلىك نەتىجە ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلدى، دېھقانلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. لېكىن پوچتا پونكىتلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتى تەكشى بولمايۋاتىدۇ. بىز بۇ پەرقنى تۈگىتىش ئۈچۈن بۈگۈن بۇ يەرگە كەلدۇق، مەقسەت، ياركۆۋرۈكنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆگىنىش، تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىش، — دېدى ئىمىنجان بىزنى ياركۆۋرۈك پوچتا پونكىتىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ھويلىغا باشلاپ كېتىۋېتىپ.

بىز بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن پوچتا پونكىتىنىڭ ئالدىغا چىقتۇق. پوكەيدىكى تەشۋىقات ۋەرەقلىرى، تامدىكى تەشۋىقات شوئارلىرى، ياندىكى كىچىك ئۆيگە دۆۋىلەپ قويۇلغان خالتا - خالتا ئوغۇتلار دىققىتىمىزنى تارتتى. «پوچتا ھەقىقي ھېسسىياتى بىلەن يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ» دەپ خەت يېزىلغان قىزىل لوزۇنكا قۇياش نۇرىدا چاقنايتتى. «پوچتا يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە قۇلايلىق يارىتىدۇ»، «50 نەچچە خىل يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى دېھقان دوستلار خالىغانچە تاللىۋالسا بولىدۇ»، «بىزنىڭ ئەۋزەللىكىمىز تېز يەتكۈزۈش، ئىشەنچلىك مۇلازىمەت ھەممىدىن ئەلا، پوچتىنىڭ تور نۇقتىلىرى يېزىلارنى قاپلىغان، باھاسى لىللا، مۇۋاپىق، جۇڭگو پوچتىسى ۋاقتىڭىز ۋە كۈچىڭىزنى تېجەپ بېرىدۇ، بېيىشىڭلارغا ياردەم قىلىدۇ...» دېگەن خەتلەر يېزىلغان رەڭلىك تەشۋىقات ۋەرەقلىرىدىن يېڭى دەۋردىكى پوچتا تارماقلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىدىيەسى، مۇلازىمەت نىشانىنى ھەم ئۇلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن دېھقانلار ئالدىرىغانىغا ئالدىراپ، ئۇلار ئويلىغاننى ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس ئىدى. بىز پوچتا پونكىتىغا دېھقانچىلىق دورىسى سېتىۋالغىلى كىرگەن بىر دېھقاننىڭ ئالدىغا كەلدۇق ھەم ئۇنىڭدىن گەپ سورىدۇق:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ھۇسەن مۆمىن.

— قايسى كەنتتىن كەلدىڭىز؟

— 1 ـ كەنتتىن.

— بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلا؟

— دېھقانچىلىق دورىسى سېتىۋالغىلى.

— دورىنى نېمىشقا بۇ يەردىن سېتىۋېلىشنى ئويلاپ قالدىڭلا؟

ئۇ قولىدىكى «نۇگدۇلې» قاچىلانغان كۆك خالتىنى مىجىقلاپ تۇرۇپ: — مەن بۇلتۇرمۇ مۇشۇ يەردىن مۇشۇ خىل دورىنى سېتىۋالغان. بۇ دورا ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن. بۇنى ئىشلەتكەندىن كېيىن ھەر مو يەردىكى كېۋىزنىڭ مەھسۇلاتى ئىلگىرىكىدىن 30 كىلوگىرام جىق چىقتى. يەتتە مو كېۋەزدىن بۇلتۇر 7000 يۈەن كىرىم قىلغان. بۇ يىل ھەر موسىدىن 500 يۈەن كۆپىيىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

بۇ كونى ياركۆۋرۈك يېزىسىنىڭ بازار كۈنى ئىكەن. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى تومۇز ئىسسىق ئادەمنى بىئارام قىلاتتى. بازاردا ئادەملەر مىغىلدايتتى. ئۇ ياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان ئېشەك ھارۋىلىرى، يول بويىدىكى كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ توۋلاشلىرى يېزا بازىرىنىڭ خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. بىز ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ بازار ئارىلىدۇق. يول بويىدىكى ئۈچ ئورۇندا پوچتا پونكىتىنىڭ خادىملىرى يايما ئېچىپ سودا قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان دېھقانلار بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى سورايتتى.

— بۇ «لۇبېي» ماركىلىق ئەرئەن، بۇ «جىندادى» ماركىلىق بىرىكمە ئوغۇت، بۇ «پېنشىباۋ» تۇرىدىكى يوپۇرماق ئوغۇتى، مانا ماۋۇ دېھقانچىلىق دورىسى، مانا ماۋۇلار كىر يۇيۇش پاراشوكى، يۇيۇش سۇيۇقلۇقى...

پوچتا خادىملىرىنىڭ ئېرىنمەي چۈشەندۈرۈشى دېھقانلارنى قىزىقتۇرغان ئىدى. ئۇلار بەس ـ بەستە مال سېتىۋالدى. ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىمىنجان، شايار ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەخمەت تۇردى، كۇچا ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ شۇجىسى ھاجىگۈل كېرەم، ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تيەن شىگرۇڭ، مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ جيەنپىڭ قاتارلىقلارمۇ يايما ئورنىغا كەلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن مالنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىنى كۆزەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن يايما ئورنىدىكى خا-

دىملار بىلەن بىرلىكتە دېھقانلارغا مەھسۇلاتلارنى چۈشەندۈردى.

— پوچتىنىڭ مەھسۇلتلىرى ھەقىقەتەن سۈپەتلىك، ئىشەنچلىك ئىكەن، باھاسىمۇ مۇۋاپىق ئىكەن، — ياركۆۋرۈكنىڭ يارباغ كەنتى 1 - گۇرۇپپىسىدىن كەلگەن ئوبۇل مامۇت تەسراتىنى يوشۇرالماي شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان پوچتا پونكىتىدىن ئوغۇت، دورا سېتىۋېلىپ كەپتۇ. ئۇ مۇنداق دېدى:

— «دىكېباۋ» دېگەن بۇ ئوغۇت نوقۇت، بۇغداي، كېۋەزگە ئوخشاشلا ماس كېلىدىكەن. باشقا گەپنى قويۇپ تۇرايلى، بۇنى ئىشلەتكەندىن كېيىن بىر مو يەردىكى نوقۇتتىنلا 50 كىلوگىرامدىن ئارتۇق ھوسۇل ئالدىم. كېۋىزىممۇ ئوخشاپ كەتتى.

ياركۆۋرۈك يېزىسىنىڭ ياركۆۋرۈك كەنتىدىكى ئابلا مامۇتمۇ بۈگۈن تۆت خالتا «نۇگدۇلې» سېتىۋالدى. ئۇ:

— بۇ بولىدىكەن. مەن بۇلتۇرمۇ مۇشۇلاردىن ئالغان. ھەقىقەتەن ئۈنۈمىنى كۆردۈم. پوچتىخانىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئىشەنچلىك، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مازارباغلىق قۇربان توختى نەق مەيداندىلا بىرنەچچە خالتا دېھقانچىلىق دورىسى سېتىۋالدى. يەنە بىرنەچچە دېھقان:

— بىزمۇ قوشنىلاردىن ئاڭلىغان، پوچتىخانىنىڭ مۇنداق ئىش قىلىغانلىقىنى بۈگۈن ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپتۇق، بۇ ھەقىقەتەن يېڭىلىق ئىكەن، — دېيىشتى ھەم ئاز - ئازدىن دورا سېتىۋالدى.

— ئەگەر دورا، ئوغۇت لازىم بولسا تارتىنماي كەلسلە، بىز ھەتتا ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ بېرىمىز، — دېدى ئىمىنجان دېھقانلارغا جۇڭگو پوچتىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشەندۈرۈپ.

بۈگۈن بۇ بازاردا خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋاتقان پوچتا خادىملىرى ئىچىدە كوچا، شايار ناھىيەسىنىڭ پوچتا ساھەسىدىن كەلگەن خادىملارمۇ بار ئىدى.

— سودا قىلىشنى ئۆگەنگىلى كەلدۇق. بۇ يەردىكى پوچتا خادىملىرى ھەقىقەتەن غەيرەتلىك ئىكەن. بىزمۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن مۇشۇلاردەك ئىشلەيمىز. بىز بۈگۈن ھەقىقەتەن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق، — دېدى شايار ناھىيەسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن كەلگەن ئۆمەر ئەخمەت بىلەن كوچا

ناھىيەسىدىن كەلگەن ئايگۈل.

— جاپا چەكتىڭلار، ھەقىقەتەن جاپا چەكتىڭلار، — ئىمىنجان ھەر بىر يايما ئورنىدا پوچتا خادىملىرىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. ھەر بىر ئىشقا ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشىدەك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى، قول ئاستىدىكى كادىرلارغا كۆيۈنەتتى، يايما ئورنىدىكىلەرگە ياخشى يېمەكلىك ۋە ئۇسسۇلۇق ئەكىلىپ بېرىشنى تاپىلايتتى...

بىزنىڭ چۈشلۈك تامىقىمىز ياركۆۋرۈك پوچتا پونكىتىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇقېيۇمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بىز بازاردىن شۇ يەرگە قاراپ ماڭدۇق. يولدا كېتىۋاتقاچ تۇرسۇن ھوشۇر بىلەن پاراڭلىشىپ قالدۇق، ئۇ ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسى بازار بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى:

— بىز مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن خېلى ئالغا ئىلگىرىلەپ قالدۇق. 2005 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 76 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىپ، 28 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدۇق. بۇلتۇر ئىشلار تېخىمۇ ياخشى بولدى. ناھىيە بويىچە ماددىي ئەشيا سېتىش كىرىمىمىز 280 مىڭ يۈەنگە، كىرىمىمىز 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە سېتىش كىرىمى 780 مىڭ يۈەنگە، كىرىم 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھازىر ناھىيەمىزدىكى بارلىق يېزا پوچتا پونكىتلىرى ياركۆۋرۈكتەك ئىشلەۋاتىدۇ. يىل ئاخىرىغىچە چوقۇم يېڭى نەتىجە قازىنىمىز.

بىز پوچتا پونكىتىغا كىرگەندە تىجارەت خادىمى ئاينۇرنىڭ بەكلا ئالدىراش ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئوغۇت، دورا سېتىۋالىدىغانلار، تېلېفون ئۇرىدىغانلار، خەت ـ خالتا سالىدىغانلارنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيتتى. ئاينۇرنىڭ بوغداي ئۆڭ كەلگەن چىرايىدا تەر تامچىلايتتى، شۇنداقتىمۇ، پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سېلىپ مۇلازىمەتنى يۈرۈشتۈرۈۋاتاتتى. ئۇ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتىۋېتىپ:

— ئىلگىرى بەزى كۈنلىرى 10 ∽ 20 يۈەنمۇ كىرىم قىلالمايتتۇق. ھازىر كۈندىلىك كىرىمىمىز 500 يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ كۆپىنچىسى ئوغۇت بىلەن دېھقانچىلىق دورىسىدىن كېلىدۇ. بۇلتۇر ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز 90 مىڭ يۈەنلىك دورا، ئوغۇت سېتىپ 28 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدۇق. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە سېتىش سوممىسى 100 مىڭ يۈەندىن، كىرىمىمىز 35 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇلتۇر تەشكىل ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزگە 23 مىڭ يۈەن مۇكاپات بەر-

دى. يېقىندا يولدۇشۇم ۋىلايەتتە تەجرىبە تونۇشتۇرۇپ كەلدى، — دېدى.

ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ كادىرى مۇھەببەت ئارقىدىنلا:

ئابدۇقېيۇم بىلەن ئاينۇر ئىككىسى ئەر - خوتۇن، بۇ پونكىتتا مۇشۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇنلا ئىشلەيدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تيەن شىڭرۇڭ ئابدۇقېيۇم ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ:

— بۇ يىگىت تېخىچە ۋاقىتلىق ئىشچى، لېكىن ئۇ بەك ئىرادىلىك بالا ئىكەن. بىز قانداقلا ۋەزىپە چۈشۈرسەك ئۇ ۋاقتىدا ئورۇنلايدۇ. ئەگەر بىزدە مۇشۇنداق ئابدۇقېيۇمدىن بىرنەچچىسى بولغان بولسا ئىشلىرىمىز نەچچە ھەسسە روناق تاپقان بولاتتى، — دېدى.

بىز تاماق يېگەچ بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. بىراق ئىمىنجان ئارىدا بىر چىقىپ كەتكەنچە سورۇنغا قايتا كىرمىدى.

— ئىمىنجان جۈيجاڭ ھازىر يايما ئورنىدا، ئۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن خىيالى شۇ ئىشتا. سىلەر خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىڭلار، — دېدى ئۇنىڭ مىجەزىنى بەش قولدەك بىلىدىغان مۇھەببەت بىلەن تۇرسۇن.

دەرۋەقە، ئىمىنجان خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا بازارمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاق سېرىق يۈزىدە تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي:

— بۈگۈنكى سودا 4500 يۈەنگە چىقتى. بۇ قالتىس ئىش بولدى. ئەگەر بىزنىڭ باشقا پونكىتلىرىمىزمۇ مۇشۇلاردەك قىلالىسا كارامەت ئىش بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى.

بىز ئۇنىڭ كەسىپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىغا ھەيران قالدۇق. ئۇ بۈگۈنكى ئىشتىن قىسقىچە خۇلاسە چىقارغاندىن كېيىن ئەخمەت بىلەن ھاجىرەمگە قاراپ:

— شايار، كۇچانىڭ شارائىتى بۇ يەردىن ياخشى، سىلەرمۇ چوقۇم دېھقانلارغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈڭلار، چۈنكى جۇڭگو پوچتىسى دېھقانلار بىلەن قەلبداش، — دېدى.

2007 - يىلى ئىيۇن، ئاقسۇ

# زىياپەت سورۇنىدىكى پاراڭلار

مەن ھەرخىل زىياپەتلەرگە دائىم داخىل بولۇپ تۇرىمەن. ئەمما، بۈگۈن پوچتا ئىدارىسىنىڭ بىر قېتىملىق زىياپىتىگە قاتنىشىپ ھەيرانلىق ھېس قىلدىم، چۈنكى خىزمەتنىڭ گېپى بىلەن باشلانغان بۇ زىياپەت يەنە خىزمەتنىڭ گېپى بىلەن ئاخىرلاشتى. سورۇندا ناخشا ـ مۇزىكا قويۇلمىدى، ئۇسسۇل، تانسىمۇ ئوينالمىدى. بىر كۈن يېزىدا ھېرىپ ـ چارچىغان كادىرلارنىڭ ئېغىزىدىن يەنە شۇ دورا ۋە ئوغۇتنىڭ گېپى چۈشمىدى. بۇ 31 ـ ماي كەچتىكى ئىش ئىدى. بۈگۈن ئاقسۇ شەھىرىدىكى «مەرھابا» مېھمانخانىسىنىڭ چوڭ ئۇستەللىك زىيا-پەت زالىدا چىراغلار چاقناپ تۇراتتى. تۈرلۈك قورۇمىلارنىڭ ھىدى دىماقنى ئۇرۇۋالاتتى. زىياپەتكە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك پوچتا تارمىقىنىڭ كادىرلىرى قاتناشتى. كۇچا ۋە شايار ناھىيەسىدىن ئالايتەن ئۈچ-تۇرپان ناھىيەسىنىڭ ياركۆۋرۈك يېزىسىغا بېرىپ بىر كۈن «سودا قىلىش» نىڭ ئېپىنى ئۈگىنىپ كەلگەن ئاتتە نەپەر كادىر سورۇننىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى.

— جاپا تارتتىڭلار، سىلەرنى قىيناپ قويدۇق. خاپا بولمايسىلەر، مەن ئالدى بىلەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىگە ۋاكالىتەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. قېنى، مۇشۇ تۇنجى رومكا هاراقنى ئالدى بىلەن سىلەرگە تۇتىمەن، بۈگۈندىن باشلاپ ئوغۇت، دورا سېتىشتا يېڭى نەتىجىگە ئېرىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!...

بۇ ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىمىنجان ئىبراھىمنىڭ قەدەھ سۆزى ئىدى. ئۇ قولىدىكى قىزىل هاراق قۇيۇلغان رومكىنى كۆتۈرۈپ ئاتتە يولداشنىڭ يېنىغا باردى ھەم ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قەدەھ سوقۇش-

تۇردى. ئۇ:

— بۈگۈن سىلەر ھەقىقەتەن جاپا چەكتىڭلار، لېكىن كۆپ نەرسىنى ئۆگىنىۋالدىڭلار، قايتىپ بارغاندىن كېيىن مۇشۇنداقلا ئىشلىسەڭلار يىل ئاخىرىدا كۆپلەپ مۇكاپات ئالالايسىلەر، چوقۇم تىرىشىڭلار، بىز مانا مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، — دېدى. ئۇنىڭ گەپلىرى شۇنداق ئىلمىي، سىلىق بولۇپ، خۇددى روھلاندۇرۇش دورىسىدەك كۆپچىلىكنىڭ روھىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

— ئەمدى سىلەر بىلەن سوقۇشتۇراي، ئۈزۈن يول يۈرۈپ چارچاپ كەتتىڭلار، سىلەرنى ئاۋارە قىلدۇق، خاپا بولمايسىلەر، — دېدى ئىمىنجان ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان شايار ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەخمەت تۇردى بىلەن سول يېنىدا ئولتۇرغان كۇچا ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ شۇجىسى ھاجىگۈل كېرەمنى قەدەھكە تەكلىپ قىلىپ، — بۈگۈن ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار، كىچىككىنە بىر يېزا بازىرىدا 4500 يۈەنلىك ماددىي ئەشيا سېتىلدى. مۇشۇ تەجرىبىدىن قارىغاندا، تىرىشساقلا پوچتا ئىدارىسىنىڭ يەنە ئىستىقبالى بار. چوقۇم تىرىشىڭلار، يىل ئاخىرىدا مەن خۇش خەۋەر ئاڭلاي.

ئىمىنجان ئۈچىنچى رومكىنى باشقىلارغا تۇتتى. سورۇن ئاستا - ئاستا قىزىپ، بىر - بىرىگە قەدەھ تۇتۇشىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۆز ئارا قەدەھ تۇتۇشقانلار بىر - بىرىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشمەكتە، بەختمۇ تىلەشمەكتە، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تىلەشكىنى سالامەتلىك ۋە ئامەت بولدى. ياركۆۋرۈك پوچتا پونكىتىدىن، بۇ پوچتا پونكىتىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇقېيۇمدىن ئۆگىنىپ، پوچتىنىڭ ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈش، سېتىش كەسپىنى زورايتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا بولغان گۈزەل تىلەكلەر سورۇننىڭ باش تېمىسىغا ئايلاندى.

— دەسلەپتە بازارغا چىقىپ ئوغۇت سېتىشتىن خىجىل بولۇپتىكەنمىز. خىجىل بولغان بىلەن پۇرسەت قولدىن كېتىپ، پۇل تاپقىلى بولمايدىكەن. تەرەققىي قىلغىلى بولمايدىكەن، — دېدى شاياردىن كەلگەن ئۆمەر ئەخمەت قولىدىكى رومكىنى بوشىتىپ بولۇپ.

— توغرا دېدىڭىز، ئادەم پۇل تېپىشتا خىجىل بولسا بولمايدۇ. پۇرسەت قولدىن كەتسە قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۇرسەت دېگەن خۇددى دۇلدۇلغا، تۇلپارغا ئوخشايدۇ. ئۇ يېنىڭىزدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭغا مىنىۋال-

مىسگىز ئۇ سىزنى ساقلىمايدۇ، تېزلا كېتىپ قالىدۇ، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا باشقىلار مىنىۋالىدۇ.

ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى ئۇنىۋېرسال (مەمۇرىيەت) ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئەنۋەر ئۆمەر ئەخمەتنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ شۇنداق دېدى ۋە ئارقىدىنلا ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن كادىرلارغا بىر رومكا هاراق تۇتتى. ئۇ:

— بۇنىڭدىن كېيىن پوچتىنىڭ ئىشلىرى چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. هازىر بىز يولغا قويغان خىمىيەۋى ئوغۇت، دېهقانچىلىق دورىسى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىش كەسپى دۆلەتنىڭ بىزگە بەرگەن ئەڭ چوڭ سىياسىتى، پۇرسىتى. بۇ پۇرسەتنى تۇتۇشتا سىلەر چوقۇم ئۈلگە بولۇشۇڭلار كېرەك. مەن سىلەرگە ئامەت تىلەيمەن، — دېدى.

سورۇننىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كۇچا، شايارلىق ياشلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئارزۇ - ئىستىكىنى ئۆز ئارا قەدەھ سوقۇشتۇرۇش يولى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. يېزىدىكىلەر ۋىلايەتتىكىلەرگە، ۋىلايەتتىكىلەر ناهىيە، يېزىدىكىلەرگە، ئەرلەر ئاياللارغا، ئاياللار ئەرلەرگە، پۇقرالار رەهبەرلەرگە، رەهبەرلەر پۇقرالارغا... قەدەھ تۇتۇشتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ يۇمۇرلار ئوقۇلدى.

— ئونسۇدىكىلەر كەپتۇ! مانا كىردى...

ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ كادىرى مۇهەببەتنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ سورۇنغا قاۋۇل ئۈچ يىگىت كىرىپ كەلدى. هەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

— هازىرلا يېزىدىن كېلىشىمىز، بوگۈن جامنىڭ بازىرى ئىدى. 650 يۈەنلىك سودا قىلدۇق، — دېدى كەڭ يۈزلۈك، بوغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىت ئالدى بىلەن ئىمىنجانغا قاراپ سۆز باشلاپ، — بوگۈن سودا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ئىشەنچىمىز بار.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىمىنجان رازىمەنلىك بىلەن، — بوپتۇ، جاپا چەكتىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن قايسى يېزىدا بازار بولسا، شۇ يېزىغا چىقىڭلار. ئوغۇت، دېهقانچىلىق دورىسىنى بازارغا ئەپچىقىپ ساتسا ياخشى بولىدىكەن. مۇشۇنداق تىرىشساڭلار كېيىن چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىلەر، — دېدى ۋە ئۇ

كىشىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى. ئۇ كىشى ئۇنسۇ ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسى-نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇھەممەتجان ئىكەن. ئۇ بۈگۈن بىر قىسىم كادىرلارنى باشلاپ جام بازىرىدا ئوغۇت، دورا سېتىش ۋە دېھقانلارغا مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىپتۇ.

ئىمىنجان بىر رومكا هاراقنى قولىغا ئېلىپ:

— بۈگۈن مەن بەك خۇشال، چۈنكى بۈگۈن ياركۆۋرۈكتە 4500 يۈەنلىك سودا بولدى. جامدا 650 يۈەنلىك سودا بوپتۇ. يەنە باشقا جايدا قانچىلىك سودا بولدى بۇنى تېخى بىلمىدىم. قانداقلا بولمىسۇن، هازىر پوچتا تارماقلىرى ئويغاندى، كادىرلىرىمىز ئويغاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن كۇچا، شاياردىكىلەر ياركۆۋرۈككە بېرىپ بىۋاستە سودىغا قاتناشتى. هازىر بىز پۈتۈن ۋىلايەتتىكى يېزا - بازارلاردا قايسى كۈنى بازار بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ بولدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن بىز تۇيۇقسىز تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پوچتا پونكىتلىرىنىڭ دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى بازارغا ئېلىپ چىقىش، دېھقانلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئويلىشىۋاتىمىز. بۇ جەھەتتە ياخشى ئىشلىگەنلەرنى، تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلايمىز، ئارقىدا قالغانلار-نىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرىمىز. شۇڭا سىلەرنىڭ ئورتاق غەيرەتكە كېلىش-شىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى. كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ رومكى-دىكى هاراقلىرىنى تەڭلا كۆتۈرۈۋېتىشتى. بۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى كىشىگە خۇددى قەسەم سۈيى ئىچىۋاتقانلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئەسلىتەتتى. دەرۋەقە، ئۇلار پوچتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قەسەم سۈيى ئىچكەن ئىدى.

مەن ئىمىنجانغا قارىدىم. ئۇنىڭ ئاقسېرىق يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرى ئويناپ كەتكەنىدى. ئۇ ئادەتتە كۆپ هاراق ئىچمەيتتى، چۈنكى قان بېسىمى يۇقىرى ئىدى. ئازراقلا هاراق ئىچسە ياكى بەكرەك ھاياجانلانسا، ئۇنىڭ قان بېسىمى تېز ئۆرلەپ كېتەتتى. بۈگۈن ئۇچتۇرپاندىن ئاقسۇغا قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۇ ئۆ-زىنىڭ قان بېسىمىنى ئۆزى ئۆلچەپ كۆرگەنىدى. راستتىنلا قان بېسىمى ئۆرلەپ كەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۈگۈن ئوبدانلا ئىچىپ قويدى. خۇشاللىقتىن، ھاياجاندىن ئىچىۋەتتى. خىزمەتنى، پوچتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزلەپ ئىچىۋەت-تى. ئۇ ئاخىرىدا: — هازىر دېھقانلار بىزگە ئاستا - ئاستا يېقىنلاشقىلى تۇردى.

ئەگەر بىز ئۇلارغا قىزغىن، ئەتراپلىق، ئەلا مۇلازىمەت قىلالىساق، ئۇلارنىڭ ئى-شەنچىسىگە ئېرىشەلىسەك، ئىشلىرىمىز تېز گۈللەپ - ياشنايدۇ. 119 پوچتا پونكىتىمىزنىڭ ھەممىسى جانلىنىدۇ. بىز مۇشۇ نىشان ئۈچۈن تىرىشايلى، — دې-دى.

2007 - يىل ئىيۇن، ئاقسۇ

# دېھقان ئۆيىدە بەرىكەت

بىر پاتقاق گازى كۆلچىكى بىر خورىماس بۇلاق، بىر پاتقاق گازى ئوچىقى بىر خاسىيەتلىك مەشئەل، بىر پاتقاق گازى قۇرۇلۇشى دېھقان ئۈچۈن بەرىكەت ۋە بەخت ـ ئامەت.

بۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا ئىسپاتلىنىپ چىققان ، پاتقاق گازى ئىشلىتىپ كۆرگەن دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىيەت سىنىقىدىن ئۆتكەن پاكىت. مۇشۇ پاكىتنىڭ تۈرتكىسىدە ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتى يېزىلىرىدىكى 68 مىڭدىن كۆپرەك ئائىلىگە پاتقاق گازى كۆلچىكى ياسالدى. ئوچاق قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر سەپلىنىپ، قۇرۇلمىلار ئورنىتىلدى. بۇنىڭدىن 46 مىڭدىن كۆپرەك ئائىلە پاتقاق گازى ئىشلىتىپ، پاكىز، تېجەشلىك، ئەپلىك تۇرمۇش ھوزۇرىنى سۈرەلەيدىغان بولدى. نۆۋەتتە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پاتقاق گازى قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈپ، پاتقاق گازى قۇرۇلۇشى تىللاردا داستان بولغۇدەك شانلىق ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. يېقىندا مەن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ سورتلۇق ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ۋە كۇچا، توقسۇ،كەلپىن ناھىيەلىرىنىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىدا زىيارەتتە بولۇش داۋامىدا دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ پاتقاق گازىدىن ئوبدانلا نەپ ئېلىۋاتقانلىقىنى، پاتقاق گازىدىن پايدىلىنىپ ئاش ـ تاماق ئېتىپ يېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىكى تېخنىك خادىملارنىڭ دائىم دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تېخنىكىلىق مەسلىھەت بېرىپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. قىش كىرىشى بىلەن تەڭ ۋىلايەتتىكى دېھقانچىلىق تارماقلىرى يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى پاتقاق گازى بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلەش خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدىكەن. دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ يېزا ئېنېرگىيە ۋە مۇ-

ھەت ئاسراش ئىشخانىسىدىكىلەر شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئارام ئالماي دېھقان ـ
چارۋىچىلار ئائىلىسىدە پاتقاق گازىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇ-
رىدىكەن. كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىدىكەن. 11 ـ ئاينىڭ
16 ـ كۈنى مەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى
مەسئۇل بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان 2009 ـ يىللىق يېزىلاردىكى پاتقاق گازى تېخ-
نىكلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتىم. ئاقسۇ شە-
ھىرىدىكى سورتلۇق ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا ئېچىلغان بۇ كۇرسقا ۋىلايەتنىڭ باي
ۋە كەلپىن ناھىيەلىرىدىن كەلگەن 140 دېھقان ياش قاتنىشىپتۇ. خەۋەر تېپ-
شىمچە، بۇ كۇرس ئاياغلاشقاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە
مەكتىپى يەنە تۈركۈم، مۇددەت بويىچە كۇرس ئۇيۇشتۇرۇپ، جەمئىي 650
كىشىنى تەربىيەلەپ چىقىپتۇ. ئۇلار يېزىدىكى پاتقاق گازى مۇلازىمەت ئورنىدا
تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يې-
زىلاردا پاتقاق گازى تېخنىكا مۇلازىمىتىدىكى تايانچ كۈچكە ئايلىنىپتۇ. ۋىلايەت-
لىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 2003 ـ يىلىدىن
ئىلگىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پاتقاق گازى قۇرۇلۇشى ئاساسەن «ئاق» ھالەتتە
بولۇپ، ئوچاقلار سەپلەپ بېرىلگەن بولسىمۇ، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۇنى ئىش-
لەتمىگەن. ئۇلار پاتقاق گازىدەك ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، مۇھىت ئاسرايدىغان،
ئۆزىنىڭ ئوتۇن ـ كۆمۈرىنى ئىقتىساد قىلىپ بېرىدىغان ئەپلىك، قولايلىق قۇ-
رۇلمىنىڭ ئەھمىيىتىنى، پايدىسىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن. پاتقاق گازى دېسە،
ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا گەندە ـ قىغ مەنزىرىسى كېلىۋالغان. بۇرنىغا ھاجەتخانا
ۋە ئېغىل ـ قوتاندىكى گەندە ـ قىغنىڭ سېسىق پۇرىقى پۇراۋاتقاندەك بىلىنى-
گەن. پاتقاق گازى بىلەن ئېتىلگەن ئاش ـ تاماقنى يېسە،كۆڭلى ئېلىشىپ، ھۆ
بولۇپ ياندۇرۇپ سالىدىغاندەك تۇيغۇدا بولغان. ھەتتا بەزى يامان نىيەتلىك
كىشىلەر قالايمىقان گەپ تارقىتىپ، ئۆسەك سۆزلەر بىلەن ئاممىنىڭ پاتقاق
گازى ئىشلىتىش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپكەن. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتنىڭ
پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىدا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلمىگەن. دېھ-
قانچىلىق ساھەسىدىكى تېخنىكلارنىڭ جاپالىق تەر مېھنىتىمۇ بىكار كەتكەن...

ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم، پاكىت ـ مۇنازىرە تە-

لەپ قىلمايدىغان ئالتۇن قالقان. 2003 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبا-
رەن ئاقسۇ يېزىلىرىدىكى نۇرغۇن دېھقان پاتقاق گازىنىڭ پايدىسىنى ھېس قى-
لىشقا باشلىدى. ئىچكى ئۆلكە(شەھەر) ۋە قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بې-
رىپ پاتقاق گازى ھەققىدە بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە بولغانلار ئالدى بىلەن پات-
قاق گازى ئىشلەتتى ھەم پاتقاق گازىنىڭ پايدىسىنى ئەتراپتىكىلەرگە سۆزلەپ
بەردى. پاتقاق گازىدىن پايدىلىنىپ تاماق ئەتكىلى، يۇيۇنغىلى، چىراغ يورۇتقى-
لى، مۇھىت ئاسرىغىلى، ئەڭ مۇھىمى پۇل تېجىگىلى بولىدىغانلىقى، يەنە تېخى
پاتقاق گازى سۇيۇقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئوغۇت ئىشلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭ-
لىغان دېھقان-چارۋىچىلار ئاستا ـ ئاستا پاتقاق گازىغا قىزىقىپ قالدى. مۇشۇ
مەزگىلدە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جىلڭ شىنمىڭ،
شۇجىسى ئەسقەر ھىمىت، مۇئاۋىن باشلىقى ھامۇتجان، دېھقانچىلىق ئىدارىسى
يېزا ئېنېرگىيە ۋە مۇھىت ئاسراش پونكىتىنىڭ باشلىقى خالىق ئەمەت قاتار-
لىقلار تېخنىك خادىملارنى باشلاپ دېھقان ـ چارۋىچىلار ئائىلىسىگە بېرىپ، نەق
مەيداندا پاتقاق گازى ئىشلىتىشنى سىناق قىلىپ بەردى. پاتقاق گازىدىن پايدى-
لىنىپ ئېتىلگەن تاماقلارنى، پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى باشلامچىلىق بىلەن يېدى.
پاتقاق گازىنىڭ پۇرايدىغان ـ پۇرىمايدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ
بەردى. پاتقاق گازى ئىشلەتكەندە نەچچىلىك ئوتۇن ـ كۆمۈر، قانچىلىك پۇل
تېجەپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئەمەلىي مىسال، جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق چۈ-
شەندۈردى. يەنە بىر جەھەتتىن، پاتقاق گازى ئىشلەتكەن ھەربىر ئائىلىگە
مەركەز مالىيەسىدىن 1200 يۈەن ياردەم پۇلىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن سىرت،
ئۇلار يەنە يەرلىك مالىيەدىن ئاجرىتىلغان 500 دىن 800 يۈەنگىچە بولغان يار-
دەم پۇلىنى دېھقانلارغا ۋاقتىدا تارقىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلاردا پاتقاق
گازى قۇرۇلۇشى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. دېھقانلار بەس ـ
بەستە ئۆيلىرىگە پاتقاق گازى قۇرۇلمىسى ئورناتتى. ۋىلايەتنىڭ پاتقاق گازى
قۇرۇلۇشىدا ئىشلىگەن ئاساسلىق خىزمەتلەر ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر
ھەققىدە توختالغاندا ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى يېزا ئېنېرگىيە ۋە مۇ-
ھىت ئاسراش پونكىتىنىڭ باشلىقى، پاتقاق گازى مۇتەخەسسىسى خالىق ئەمەت
مۇنداق دېدى: ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىدا پاتقاق گازى قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان

2003 ـ يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەتلەر پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى، سۈپىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بۇ قۇرۇلۇشنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، مۇھىتنى ياخشىلاش، تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قاتارىدا تۇتتى ھەم ھەر يىلى ۋىلايەت مالىيەسىدىن 3 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، پاتقاق گازى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەپلىنىشىنى ھەم ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك پاتقاق گازى مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى پاتقاق گازى قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇملىشىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. نۆۋەتتە، ۋىلايەتتىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەر پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىنى دېھقانلارنى بېيىتىدىغان 1 ـ نومۇرلۇق قۇرۇلۇش سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئۇنى مالىيە ۋە سىياسەت كاپالىتىگە ئىگە قىلدى. يېزا ئىنېرگىيە ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، خادىم ۋە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ، پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىنىڭ تېز سۈرئەت، يۇقىرى سۈپەتتە ئومۇملىشىشنى ئىلگىرى سۈردى.

پاتقاق گازى قۇرۇلۇشى ئەلگە نەپ ئېلىپ كېلىدىغان ھەقىقىي بەخت ۋە ئامەت قۇرۇلۇشى. ئاقسۇ ۋىلايىتى يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىنى ھەر يىلى خەلق ئاممىسىغا قىلىپ بېرىدىغان 15 تۈرلۈك ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قاتارىغا كىرگۈزۈپ، تەدبىرلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش ۋە نازارەتنى كۈچەيتىپ، پاتقاق گازىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدىكى ئۆللۇق ئورنىنى گەۋدىلەندۈردى. ئۇنى دېھقانلارغا ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كېلىدىغان يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى بىلەن ماس قەدەمدە ئالغا ئىلگىرىلەتتى. ئاقسۇ شەھىرى بۇ يىل ئائىلىلەردىكى 5189 يۈرۈش پاتقاق گازى قۇرۇلمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ ئارخىپ تۇرغۇزۇپ چىقتى. يەنە كۆپ تەرەپتىن مەبلەغ جۇغلاش ئارقىلىق 2400 ئائىلىگە يېڭىدىن ئۆلچەملەشكەن پاتقاق گازى كۆلچىكى ياساپ بەردى. ھازىر بۇ پاتقاق گازى كۆلچىكىنىڭ 95% ى ئىشلىتىلمەكتە. توقسۇ ناھىيەسىدە 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 2333 ئائىلىگە پاتقاق گازى كۆلچىكى ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيەدە 2006 ـ يىلىدىن كېيىن ياسالغان

ئومۇمىي پاتقاق گازى كۆلچىكى 7373 كە يەتتى. ھەربىر ئائىلە يىلدا 400 يۈەن ئەتراپىدىكى يېقىلغۇ چىقىمىنى تېجەپ قالدى. ئىلگىرى پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىغا مۇجمەل قاراشتا بولغانلار ئەمدىلىكتە تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتتى. نەتىجىدە پاتقاق گازىنىڭ ئائىلىلەردە ئومۇملىشىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا توختالغاندا خالىق ئەمەت مۇنداق دېدى: دەسلەپكى يىللىرى نۇرغۇن دېھقان - چارۋىچى پاتقاق گازى ئىشلىتىشكە قارىتا پاسسىپ پوزىتسىيەدە بولغان. پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ بوشاشماي چىڭ تۇتۇشى نەتىجىسىدە پاتقاق گازى قۇرۇلۇشى ھەقىقەتەن تېز كېڭەيدى. ھازىر ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىدا پاتقاق گازىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش، ئومۇملىشىش سۈرئىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. 2003 - يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى كۆلەم شەكىللەنگەن بولسا، 2005 - يىلى بۇ قۇرۇلۇش مۇقىم ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2006 -، 2007 -، 2008 -، 2009 - يىللىرى ئادەتتىن تاشقىرى تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ 2009 - يىلى بىراقلا 27 مىڭ ئائىلىگە پاتقاق گازى كۆلچىكى ياسالدى. بۇ يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 68 مىڭ 356 ئائىلىگە پاتقاق گازى كۆلچىكى كولىنىپ بولدى. نۆۋەتتە 46 مىڭدىن كۆپرەك ئائىلە پاتقاق گازى ئىشلىتىۋاتىدۇ. پاتقاق گازى مۇلازىمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، بىز ۋىلايەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك خوجىلىق پونكىتىدىن توققۇزنى، يېزا دەرىجىلىك مۇلازىمەت تورنۇقتىسىدىن 123 نى قۇرۇپ چىقتۇق، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500 دىن ئارتۇق تېخنىك تەربىيەلەپ چىقىۋاتىمىز.

پاتقاق گازى ئىشلىتىۋاتقان ئائىلىلەر ئومۇميۈزلۈك نەپكە ئېرىشتى. پارتىيە، ھۆكۈمەتتىن رازى بولدى. پاتقاق گازى ئاقسۇدىكى دېھقان - چارۋىچىلارغا ھەقىقەتەن نەپ ۋە قۇلايلىق ئېلىپ كەپتۇ. ئاقسۇ شەھىرىدىكى سورتلۇق ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق تۆۋەنكى كۆكباش كەنتى 2008 - ۋە 2009 - يىلى سېلىنغان يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆينىڭ ھەممىسىگە بىر تۇتاش پاتقاق گازى قۇرۇلمىسى ئورنىتىپ ئاممىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىپتۇ. كەنتنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرى توغرىسىدا تۆۋەنكى كۆكباش كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى توختىنىياز تاھىر مۇنداق دېدى: كەنتىمىزدە ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش

گۇرۇپپىسى، 102 ئائىلە، 545 نوپۇس بار. 2008 ـ، 2009 ـ يىلى 102 ئائىلىنىڭ ھەممىسى يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. ھازىر بۇ ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە پاتقاق گازى كۆلچىكى بار. ئائىلىلەرنىڭ مۇھىتى شۇنداق ياخشى بولۇپ كەتتى...

پاتقاق گازىدىن ئىبارەت ئەپلىك، قولايلىق، تېجەشلىك بۇ قۇرۇلما نۆۋەتتە ئاقسۇ يېزىلىرىدىكى نۇرغۇن ئايالنى ئائىلىدىكى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكتىن خالىي قىلدى. تۆۋەنكى كۆكباش كەنت ئاھالىسى مەريەم تۇرسۇن مۇنداق دېدى: ئىلگىرى ئېتىز ـ ئېرىقتىن ھېرىپ ـ چارچاپ كەلگەندە ئوچاق بېشىغا چىقىش تولىمۇ ھار كېلەتتى. ھازىر بۇ غەمدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلدۇم. پاتقاق گازى مېنىڭ قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شۇنداق پاكىز، ئەپچىل نەرسىكەن. پاتقاق گازى يېزىلاردىكى ئەرلەرنىمۇ ئوتۇن يېرىش، كۆمۈر ئەكىلىش ئاۋارىچىلىكىدىن خالاس قىلدى. بۇ جەھەتتە تۆۋەنكى كۆكباش كەنت ئاھالىسى ئابلا قارى تۇرسۇن مۇنداق دېدى: ئىلگىرى تاماق ئەتكەندە ئوتۇن ـ كۆمۈر ئىشلىتەتتۇق. ئۇ چاغلاردا ئىقتىسادىي چىقىم كۆپرەك بولاتتى. ۋاقتىمۇ ئىسراپ بولاتتى. قىش كۈنلىرى گازدىن زەھەرلىنىش، ئوت كېتىش خەۋپى بار ئىدى، پاتقاق گازى بىزگە ئوتۇن ـ كۆمۈرنى تېجەپ بەرگەندىن تاشقىرى، بىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، مېۋىلىك كۆچەتلىرىمىزنى ئوغۇتلاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ھەقىقەتەن قولغا يېقىن بولىدىغان نەرسە ئىكەن.

پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تۆت دەرىجىلىك باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش تور سىستېمىسى بەرپا قىلدى. مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ۋە خىراجەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتتى. پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىنى يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى بىلەن؛ پارنىك، لاپاس، قوتان قۇرۇلۇشى بىلەن؛ يېزىلاردىكى ئىچىملىك سۇنى ئۆزگەرتىش، ھاجەتخانىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى بىلەن؛ زىيانسىز يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈردى. يېزا ئېنېرگىيە تارماقلىرى نۇقتىلىق كەنتلەردىكى ئائىلىلەرگە پاتقاق گازى بىلەن سۇ ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسى، يۇيۇنۇش ئۈسكۈنىسى، چىراغ قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى

تارقىتىپ بەردى. پاتقاق گازى ھەقىقەتەن ئائىلىلەرنىڭ ئوت قالاش، تاماق ئې-تىش ۋاقتىنى قىسقارتتى. پاتقاق گازى چىرىغى ئىشلەتكەنلەر ئايدا نەچچە كى-لوۋات توكنى تېجەپ قالدى. خالىق ئەمەت پاتقاق گازىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتى-مائىي، ئېكولوگىيە ئۈنۈمى توغرىسىدا توختالغاندا سان - ساناقلار ئارقىلىق مې-نى قايىل قىلدى. ھەربىر ئائىلە يىلدا تۆت تونىنا ئوتۇن، ئىككى تونىنا كۆمۈر تېجەپ قالالايدىكەن. پاتقاق گازى ئوغۇتى باھا جەھەتتە ئەرزان بولۇپ، ئۈنۈم جەھەتتىمۇ خىمىيەۋى ئوغۇتتىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. چۈنكى، بىر پاتقاق گازى كۆلچىكى يىلدا 10 تونىنا ئەتراپىدا پاتقاق گازى ئىشلەپچىقىرىپ، نەچچە مو يەر-نىڭ ئوغۇتلاش چىقىمىنى تېجەپ بېرىدىكەن. بۇ تۈر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ھازىرغىچە ۋىلايەت بويىچە بۇ خىل ئوغۇت ئىشلىتىلگەن كۆلەم 40 مىڭ موغا يېتىدىكەن. پاتقاق گازى ئىشلىتىلگەن مېۋىلىك دەرەخلەر بالدۇر مېۋىگە كىر-گەن، پاتقاق گازى ئوغۇتى ئارىلاشتۇرۇپ سېلىنغان ئۇرۇقلارنىڭ ئۈنۈش نىس-بىتىمۇ يۇقىرى بولغان. قىسقىسى، پاتقاق گازى ئىشلەتكەن ھەربىر ئائىلە يىلدا 3383 يۈەن پۇلنى تېجەپ قالغان. ئۇنىڭدىن قوش ئۈنۈمگە، بەرىكەت ۋە ئا-مەتكە ئېرىشكەن. نۆۋەتتە ۋىلايەت بويىچە 100 مىڭدىن كۆپرەك دېھقان بۇ-نىڭدىن بىۋاستە مەنپەئەتلەنگەن. پاتقاق گازى دېھقانلارنىڭ تۈرلۈك چىقىمىنى تېجەپ بەرگەندىن باشقا، يىلدا 30 نەچچە مىليون يۈەن كىرىمنىڭ كۆپىيىشى-گە تۈرتكە بولغان. ھويلا - ئاراملارنىڭ مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇشتا ياخشى رول ئوينىغان. بۇ يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون كۇچا ناھىيەسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە پاتقاق گازى قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى-نىڭ پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى ھەم ئاقسۇنىڭ تەجرىبىلىرىنى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتتى. ئارىلىقتىن ئۇزاق ئۆتمەي، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئى-سى نۇر بەكرى قاتارلىقلار ئاقسۇ ۋىلايىتىگە كېلىپ خىزمەت تەكشۈرگەندە ئاقسۇ يېزىلىرىدىكى پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرىدىن مەمنۇن بولدى ھەم بۇ قۇرۇلۇشنىڭ دېھقانلارغا نەپ ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى رەھبەرلەر بۇنىڭدىن چەكسىز ئىلھام ئالدى ھەم بۇ قۇرۇ-لۇشنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇشقا ئىرادە باغلىدى. ۋىلايەتنىڭ پاتقاق گازى قۇرۇ-لۇشىنىڭ 2010 ـ يىللىق پىكىر يولى ۋە خىزمەت نىشانى ھەققىدە توختالغاندا خالىق ئەمەت مۇنداق دېدى: 2010 ـ يىلى بىز «سۈپەت ئارقىلىق سانىنى ئىلا-گىرى سۈرۈش، مۇلازىمەتنى راۋانلاشتۇرۇش» پىكىر يولى بويىچە يەنە 16 مىڭ ئائىلىگە پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردىكى ناھىيە دەرىجىلىك مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، يېزا، كەنت دەرىجىلىك مۇلازىمەت پونكىتىدىن 35 نى، باقمىچىلىق رايونىدا پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىدىن يەتتىنى، چوڭ تىپتىكى پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىدىن تۆتنى قۇرۇپ چىقىمىز. پاتقاق گازى سۈيۇقلۇقىدىن ئۈنۈ-ۋېرسال پايدىلىنىش كۆلىمىنى 16 مىڭ موغا، يېزىلاردا پاتقاق گازى مۇلازىمى-تىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتىنى %70 دىن كۆپرەككە يەتكۈزۈشكە تىرىشىمىز. بۇ ئارقىلىق دېھقانلارغا تېخىمۇ كۆپ بەرىكەت ۋە بەخت ـ ئامەت ياغدۇرىمىز.

2009 ـ يىل 20 ـ دېكابىر، ئاقسۇ

# مۇقەررەر تاللاش

قايسى بىر يىلى بىر ھاكىم ماڭا: «چارۋا كىيىم كىيمەيدۇ، پۇل دېمەيدۇ، لەغمەن - پولۇ يېمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا ياخشى ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك بەرسىلا بولىدۇ، ئۇنىڭ گۆشى، يۇڭى، تېرىسى، قىغى، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسىسى پۇل. شۇڭا بىز ناھىيە ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش، دېھقانلارنى بېيىتىشتا چارۋىچىلىقنى مۇھىم ئورۇنغا قويىمىز» دېگەن ئىدى. ئويلاپ كۆرسەم بۇ توغرا ئىكەن. ھازىر ھەممىلا يەردە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، سەرخىللاشتۇرۇش، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، چارۋىچىلىق ھەقىقەتەن دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى، مۇھىم مەنبەسى، مۇھىم كۈچى. شۇڭا چارۋىچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈش رېئال، مۇقەررەر تاللاش.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدا بارلىققا كەلگەن ۋەزىيەتكە ئاساسەن، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق، باغ - ئورمانچىلىقتىن ئىبارەت تۆت چوڭ كەسىپ ئەندىزىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈردى. لېكىن دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولۇش مەسىلىسى يەنىلا بىر چوڭ قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئاشلىق، پاختا باھاسىنىڭ داۋاملىق چۈشۈش ھالىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرمەيدۇ. باغ - ئورمانچىلىقتا ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش قىيىن. شۇڭا ھازىرقى باسقۇچتا يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ تېز ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئاساسلىق چىقىش يولى

دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقنى زەربىدارلىق بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ يىل ۋىلايەت دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمنى 2314 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، بۇلتۇرقىدىن يەنە 200 يۈەن ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا چارۋىچىلىقنى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى ئاساسلىق بۆسۈش ئېغىزى ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر سۈپىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانىغا يېتىشنى نۇقتىلىق تەكىتلىدى. دېمىسمۇ، نۆۋەتتە چارۋىچىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ئۈنۈملۈك، شۇنداقلا دۆلەت ئىچى - سىرتىدا تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ئەڭ زور كەسىپ بولۇپ قالدى. چارۋىچىلىقنىڭ قاپلاش دائىرىسى كەڭ، قەرەلى قىسقا، تەرەققىياتى تېز، ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ يۇقىرىدا تېرىقچىلىققا، تۆۋەندە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە چېتىلىپ، ھەم تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەم 2 ~ 3 كەسىپكە باغلىنىپ، كۆپ ھالقىلىق، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ساھەلىك بولغان قىممەت ۋە ئۈنۈمنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ ئاشلىق، پاختا ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىقتىسادقا ئۆزگەرتىشكە ۋە تېرىقچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى تېخىمۇ قوبۇل قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەقسىملەيدۇ. تەرەققىي تاپقان دۆلەت ۋە ئىچكىرىدىكى رايونلارنىڭ تەجرىبىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تېرىقچىلىقنىڭ باقمىچىلىققا ئۆزگىرىشى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، كەسىپنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. شۇڭا ئاشلىق، پاختىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، باغ - ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى تېزدىن دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. تۈمەنمىڭلىغان ئائىلىلەرنى باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، كۆپ كىرگۈزۈپ، كۆپ چىقىرىپ، تېز بورداپ سېتىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

بۇ يىل ۋىلايەت گۆش مەھسۇلاتىنى 100 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈپ، بۇلتۇر-قىدىن ئون توننا ئاشۇرۇش، قوي يۇڭىنى 1600 توننىغا، ئۆچكە تىۋىتىنى 150 توننىغا، سۈتنى 40 مىڭ توننىغا، تۇخۇمنى 15 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈش؛ چار-ۋىچىلىق قوشۇلما قىممىتىنى 620 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، بۇلتۇرقىدىن 12% ئاشۇرۇش نىشانىنى بەلگىلىدى. بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بازارنى تا-يانچ، ئۈنۈمنى مەركەز، پەن - تېخنىكىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، چارۋىچىلىق قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈ-پەتلىك، تۆۋەن سەرپىياتلىق چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەنئەنىۋى چار-ۋىچىلىقنى زامانىۋى چارۋىچىلىققا ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش لازىم.

ئاقسۇ ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق رايونى. ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلار ئاممىسى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەنئەنىگە ئىگە. كىشىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپىيىپ، تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈ-لۈشىگە ئەگىشىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسى، ئوزۇقلىنىش ئادىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. گۆش، سۈت، ئۆي قۇشلىرى ۋە تۇخۇمدىن ئىبارەت چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئوزۇق لىنىيەلىك ئىستې-مال دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بول-مايدىغان ئوزۇقلۇق تۈرلىرى بولۇپ قالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقسۇدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر-نىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، چارۋىچىلىق تېز تەرەققىي قى-لىپ، دېھقان - چارۋىچىلار نەپكە ئېرىشتى، ئاممىنىڭ چارۋا بېقىش ئاكتىپچان-لىقى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يېزىلاردا ئىنتايىن مول دېھقانچىلىق قو-شۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە زىرائەت، شاخ - شۇمبا بايلىق بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە بەزى تېرىلغۇ يەرلەرگە مەخسۇس ئوت - چۆپ تېرىشقا بولىدۇ. بازار ماكانىدىن قارىغاندا، ھازىر كالا، قوي گۆ-شى ئىستېمال قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسى چارۋى-چىلىق تەرەققىياتىنى ياخشى ماددىي ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا جايلار چارۋى-چىلىقنىڭ ئىستىقباللىق كەسىپ ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈ-رۈشى، تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى، باقمىچىلىق

قەرز پۇل سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ چارۋا بېقىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىشى، بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇشى، ۋىلايەتنىڭ ئاساسىي ھۇجۇمنى چارۋىچىلىققا قارىتىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي تەلىپى ۋە زامانىۋى چارۋىچىلىق تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئاساسەن، ئۇنۇمنى مەركەز قىلىپ، چارۋىچىلىقنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بەل باغلىشى لازىم.

2003 - يىل ئاپرېل، ئاقسۇ

# مۇراجىئەت

— بۇ قائىدىنى كىم چىقاردى؟
— بۇنچىۋالا قىلىشىپ نەگىمۇ بارار!
— يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇشىسا بولماسمىدى!
مانا بۇ ئاۋامنىڭ ساداسى. مانا بۇ كەلپىندىكى خەلقنىڭ ئاۋازى. مانا بۇ مېنىڭ ئاڭلىغىنىم...

كەلپىن دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە، تارىختىن بۇيان كەلپىندىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا نامراتلىق بىلەن ئىزچىل كۈرەش قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق تەبىئىي شارائىت ۋە جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ تەسىرىدىن، بۇ ناھىيە ھېلىھەم نامرات ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. كەلپىن ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا يۇقىرىنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، خەلقنى يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش، خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇشىدا يېڭى، پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتتى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بەزىلەر خېلىلا باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش يۇرستىگە ئېرىشتى. ئەمما يەنە كۆپلىگەن ئائىلىلەر تېخىچە نامراتلىق سىزىقىدا، غورىگىل تۇرمۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ھەتتا بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىقى يېتىشمەيدۇ. يەنە ئاي - ئايلاپ گۆشلۈك غىزاغا ئېغىز تەگمەيدىغانلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. لېكىن، بۇ نامرات ناھىيەدىكى بىر ئىش ئادەمنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ، ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ توي - تۆكۈندىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن يېڭى قائىدە، نامۇۋاپىق ئۆرپ - ئادەتتىن ئىبارەت.

توي ئىشى — كۆڭۈل ئىشى، ئۆمۈر ئىشى، شۇنداقلا ئۇ كېلەچەك ۋە بەخت

ـ سائادەتنىڭ باشلىنىشى. پەرزەنتلىك بولغان ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا بۇ خىل پەرزنى ئادا قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ھەم شەرەپلىك بۇرچى، دەپ ھېسابلايدۇ. توي ھەرگىزمۇ بايلىق توپلىۋېلىش ياكى قارشى تەرەپنى قەرزگە بوغۇۋېتىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئىككى ياشنىڭ كەلگۈسى بەختىنى ئويلاش، ئۇلارنى مۇستەقىل، خاتىرجەم ياشاش شارائىتىغا ئىگە قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشتۇر. ئەپسۇسكى، كەلپىنىنىڭ ئايرىم جايلىرىدىكى تويلارنىڭ خاراكتېرى كۆز ـ كۆز قىلىش، سېلىق سېلىش، مەنمەنچىلىك قىلىش تۈسىنى ئېلىپ قاپتۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر، قولۇم ـ قوشنىلارغىچە نەرسە ـ كېرەك سوۋغا قىلىش ئىشى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بۇ خىل قائىدىلەر قۇدىلاشقان ئىككى تەرەپنى ئېغىر ـ بۇرنىغىچە تويغۇزۇۋېتىش ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغىلى تۇرۇپتۇ، ھەتتا بەزىدە توي قىلغۇچىلاردا مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن زىددىيەتلىشىپ قېلىش، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈش، كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇش، بەزى كىشلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاش خاھىشى كېلىپ چىقىدىكەن. بۇ ئىش كەلپىن بازىرىنىڭ بازار كەنتىدە خېلىلا گەۋدىلىك ئىكەن، يۇرچى، گەزلىك يېزىلىرىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەن.

داستىخان پۇلى سېلىش — كەلپىندىكى تويلاردا ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ئەنئەنە» گە ئايلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تويدىن ئىلگىرى يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ چاي، تويدىن كېيىن قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئازنىلىق چاي دېگەنلەرمۇ ھەددىدىن ئارتۇق سېلىق تۈسىنى ئېلىپ قالغان. ئەڭ يامىنى شۇكى، ئازنىلىق چايدىن ئىلگىرى ئىككى قۇدا ئۆزئارا بىر ـ بىرسىگە، بىر ـ بىرسىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا كىيىم ـ كېچەك (رەخت) قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالغۇزىدىكەن. بۇنىڭدا ئىككى تەرەپنىڭ خەجلىگەن پۇلىنىڭ سوممىسى كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن. ئازنىلىق چايدا ئۇلار بىر ـ بىرسىگە ئالغان نەرسىلىرىنى جامائەت ئالدىدا زەنجىر سىمان باغلانغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغىچە تارقىتىپ، كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئىسراپچىلىق بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدىكەن. بۇ تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش بولۇپ، ئاساسەن پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى بولمايدىكەن. بىراق، پۇل ئورۇنسىز

خەجلىنىپ كېتىدىكەن. ئۆزئارا بېسىم، تەڭقىسلىق، جىددىيلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. مېنىڭچە، بۇ ئورۇنسىز، ئەھمىيەتسىز قائىدە بولۇپ، بەھۇدە سىلىقتىن، ئاۋارىچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تويدا نۇرغۇن پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنداق پەيتتە ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر ۋە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدىغىنى پۇل، پەقەت مۇشۇ خىل قائىدە ـ يوسۇننى ئورۇنلاش ئۈچۈنلا ئۆزىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولمىغان نەرسىنى سېتىۋېلىش، «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنماسلىق» ئەخمەقلىق. مۇبادا قۇدىلاشقان ئىككىلا تەرەپنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ياخشى، تۇرمۇشى باياشات بولسا بۇنچىلىك قائىدىنى بەجا كەلتۈرۈش ئانچە تەس ئەمەس، نامرات ۋە ياكى تۇرمۇشى ئەمدىلىكتە ياخشىلىنىۋاتقانلارنىڭ جېنىغا ۋاي! چۈنكى، مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن كۆڭۈل ئاغرىقى تارتىش، چىرايى سارغىيىپ قېلىش، قەرزگە بوغۇلۇش ئۇلارنى تېخىمۇ ھالسىزلاندۇرۇۋېتىدۇ.

يەنە بىر قائىدە پەقەت دىتىمغا سىغمىدى. ئۇ بولسىمۇ ئازنىلىق چايدا قۇدىلار ئۆزئارا سوۋغا ـ سالام ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ يەنە ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرى، پەرزەنتلىرى، دوست ـ يارەنلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرىغىچە رەخت قويىدىكەن. رەخت قويۇشقا تېگىشلىك ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن، تەڭسىزلىكتىن، ئېگىز ـ پەسلىكتىن ساقلانغىلى بولمايدىكەن. چۈنكى، ئادەملەر بىرىدىن بىرى چىرايلىق، بىرىدىن بىرى يۈزلۈك، بىرىدىن بىرى يېقىن، ھەممىسىگە لايىقىدا بىر نەرسە قىلمىسا تېخى. ئەگەر ئازراقلا ئېگىز ـ پەسلىك كۆرۈلسە، كۆڭۈل رەنجىش تۇرغانلا گەپ. جىددىيچىلىكتە يەنە بەزىلىرىگە بىر نەرسە قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، دېگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا زىددىيەت تېخىمۇ ئاشكارىلىنىدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئازنىلىق چايدا يېقىنلارغا سوۋغا ـ سالام بېرىش ئادىتىنى قەتئىي يوقىتىش، داستىخان پۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. بۇ ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ھەممە تەرەپكە پايدىلىق. بۇنداق قىلغاندا توي ئىگىسىگە بولغان بېسىم ئازىييپلا قالماي، بەلكى نورمال كەيپىيات تېخىمۇ جانلىنىدۇ، ھېچكىممۇ ئاغرىنمايدۇ. مەن نۇرغۇن تويلارغا قاتنىشىش جەريانىدا، «زەللە» ئېلىشنىڭ بىر خىل ناچار، قالاق ئادەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، گەرچە بۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان قائىدە بولسىمۇ، ئۇنى ئىسلاھ قىلغىلى بولمامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن.

ھەرقانداق جايىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق قائىدە - يوسۇنى بولىدۇ. چوقۇم شۇ ئورۇننىڭ قائىدىسىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. قائىدىنىمۇ ئادەملەر ئىجاد قىلىدۇ. ئادەتتە نۇرغۇن قائىدىنى پۇلدارلار باشلاپ بېرىدۇ. بىرسى قىلغاندىن كېيىن يەنە بىرسىمۇ «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بارا - بارا ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ياخشى قائىدىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ناچارلىرىنى يوقىتىش يەنىلا ئادەملەرگە باغلىق. چۈنكى، ئادەملەر دۇنيانى ياراتقان، دۇنيانى ئۆزگەرتكەن، ئەمدىلىكتە ئۇلار بۇنچىلىك قائىدىنى ئۆزگەرتەلمەي قالارمۇ؟

دانىشمەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئالتە نەرسىدىن پايدا ئالغىلى بولمايدىكەن، ئۇلار: ئەمەلسىز سۆزدىن، جەۋھەرلىك مالدىن، تەجرىبىسىز دوستلۇقتىن، رىئايە قىلىنمىغان ئىلىمدىن، مەقسەتسىز سەدىقىدىن ۋە ساقسىز تىرىكلىكتىن. بىز دائىم دېگۈدەك توي - تۆكۈنلەرگە قاتنىشىپ تۇرىمىز، تويدىكى نامۇۋاپىق قائىدىدىن نۇرغۇن ئادەمنىڭ بىزار ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇنلىرىنىڭ قاقشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلايمىز. لېكىن، ئاشۇ قائىدىدىن بىزار بولغانلار، قاقشاۋاتقانلار ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەندە يەنىلا كونا مۇقامغا دەسسەيدۇ. مەن كەلپىن ناھىيەسىنىڭ بازار كەنتىدە بۇ خىل ئەھۋالنىڭ خېلىلا ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم.

پارتىيە، ھۆكۈمەت توي - تۆكۈنلەرنى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈش، نامۇۋاپىق قائىدىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ ھەم ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە توي - تۆكۈنلەرنى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزگەن ياخشى.

بىرنەچچە يىللار ئالدىدا كەلپىندە ياشاپ ئۆتكەن مەۋلىۋى داموللا، ئابدۇقادىر ھاجىلار دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، كەلپىننىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدىكى بەزى نامۇۋاپىق قائىدىلەرنى بىكار قىلغان. بولۇپمۇ ئۆلۈم چېيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللەتكەنىدى. بۇ ئەھۋال ئاممىنى خۇش قىلغان، گېزىتتىمۇ تەشۋىق قىلىنغانىدى. ئەمدىلىكتە توي - تۆكۈنلەردە ئەدەپ كېتىۋاتقان قائىدىلەرنى كىم بىكار قىلىدۇ؟

ئۇقۇمۇشلۇق دىنىي زاتلار ھەرقانداق بىر جامائەتنىڭ باشلامچىسى، ئاقسا-

قاللىرى، جارچىسى بولىدۇ. ئۇلار شۇ يەردىكى جامائەتنىڭ ئارىسىدا ياشاپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، شۇڭا ئۇلار ئەمەلىي ئىش قىلىشتا سىياسىي كېڭەش، بىرلىك سەپ، تەشۋىقات، دىن ئىشلىرى، خەلق ئىشلار قاتارلىق تارماقلارنىڭ تەدبىر قوللىنىشىغا، چەكلىشىگە قاراپ تۇرماسلىقى، ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلق ئاممىسى چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلىدىغان ياخشى ئادەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ ۋە تەشۋىقاتچى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇشى كېرەك. كەلپىن ناھىيەسىدىمۇ ئاما ھىمايە قىلىدىغان بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بار. ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىر كۈچى، چاقىرىق كۈچى يۇقىرى، مېنىڭچە، سىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىڭلار ئارقىلىق بۇ خىل قائىدىلەرنى چوقۇم ئەمەلدىن قالدۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئۆلىمالىرىمىزغا مۇراجىئەت: قائىدىنى كۆپەيتىۋېلىپ، ئۆزىمىزنى قىينىمايلى، سېلىقنى ئازايتىپ، يېڭى كەيپىيات يارىتايلى!

2001 - يىل ئۆكتەبىر، ئاقسۇ

# سادا، سادا، سادا

«نىشان ئايدىڭلاشتى، ئۇلۇغۋار پىلاننىڭ كارتىنىسى سىزىپ بېرىلدى، يېتەكچى ئىدىيە ئېنىق بولدى. ئەمدى گەپ بىزنىڭ ئىشلىشىمىزدە قالدى». مانا بۇ يېقىندا چاقىرىلغان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ھەر مىللەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئورتاق سۆز، ئورتاق سادا.

قۇرۇلمىنى تەڭشەش، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسى بۇ قېتىمقى يىغىندا نۇقتىلىق تەكىتلەندى. ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى داۋامىدا ئۆز ئورنى، جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، قۇرۇلما تەڭشەش مەسىلىسى ھەققىدە كەڭ - كۇشادە سۆزلەشتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: نۆۋەتتە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تەدرىجىي مۇكەممەللەشمەكتە. ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئەندىزىسى ئەمدى كارغا كەلمەيدۇ. ئۇنى يېڭىلاش، بازار ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەك. ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، كۆز قاراشنى يېڭىلاشنى ئېغىزدىلا دېمەي، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك. ھەرقانداق ئورۇننىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئەۋزەللىكى بولىدۇ، ئەۋزەللىكنىڭ ئۆزى بايلىق، ئۇنى چوقۇم قېزىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىش، قىسقىسى، كۆپرەك كاللا ئىشلىتىپ، كۆپرەك ئىزدىنىپ، كۆپرەك ئۇچۇر توپلاپ، بارلىق ئامىللار بىلەن يېڭى تەرەققىيات يولى تېپىش لازىم. قۇرۇلمىنى تەڭشەش تەرەققىيات ئۈچۈن پايدىلىق، دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا پايدىلىق. بىزنىڭ قىلغىنىمىز خەلققە پايدىلىق بولىدىغانلا بولسا، ئىشلىرىمىز ئۈنۈملۈك بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، چوقۇم تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى بازار ئەھۋالىغا قاراپ تەڭشىشىمىز كېرەك.

باي، توقسۇ ناھىيەلىرىدىن كەلگەنلەر مۇنداق دەپ قارىدى: ياڭيۇ، سامساق، كۈنجۈت، گازىر، قۇلماق قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈمىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئىلگىرىكىدەك ئاشلىققىلا ئېسىلىۋالساق دېھقانلارنى باي

قىلالمايمىز. دېھقانلار باي بولالمىسا، ناھىيەمۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئاش-لىقنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇنۇمنى ئاشۇرۇشقا ئەقىل ئىشلىتىشىمىز لازىم.

ئاۋات، شايار گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار مۇنداق دېيىشتى: پاختىچىلىق بىز-دىكى تۈۋرۈك كەسىپ. ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا بىز پاختىچىلىقنى كۈچەپ تۇت-تۇق، كۆلەمنىمۇ كېڭەيتتۇق. بىراق، بازار ئىگىلىكى رەھىمسىز، بازار دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. باھا چۈشۈپ كەتسە، دېھقانلار زىيان تارتىدۇ. ئەمدى ئىلگىرىكىدەك پاختى-غىلا ئېسىلىۋالماي، كۆلەمنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، كۆپ خىل زىرائەت تەركىب-لىرىنى تېرىشنى تەشەببۇس قىلىش، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى بازارغا كىرىش، ئۈچۈردىن پايدىلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ھازىر نىشان ئايدىڭلاشتى، ئىشەنچ كۈچەيدى، ئىرادە چىڭىدى.

ۋەكىللەر يولداش خۇ چاڭئەننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن روھلاندى. يېزا ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئورتاق باش قاتۇردى. توقسۇدىن كەلگەن يولداشلار مۇنداق دېدى: ناھىيەمىزدە ئىككىنچى كەسىپنىڭ سالمىقى ئاز، ئۈچىنچى كەسىپ ئەمدى تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە چوقۇم ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقىنى زورايتىش لازىم. ناھىيە-مىزنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ خىل ئەۋزەللىكنى داۋاملىق قەدىرلىشىمىز، بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك.

باي ناھىيەسىدىن كەلگەنلەر مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: بىزنىڭ كان بايلىقى-مىز مول، بولۇپمۇ كۆمۈرچىلىك بىزدە زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. سامساق، ئاق گازىر، ياڭيۇدىن ئىبارەت «ئۈچ گۆھەر» نى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ مەلۇم ئىلگىرى-لەشكە ئېرىشتۇق. بىز بۇ خىل ئەۋزەللىكىمىزگە سەل قارىماسلىقىمىز، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى بىلەن شەھەر ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ماس قەدەمدە تەڭشەپ، يول تې-پىپ، چارە ئىزدەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشىمىز كېرەك.

ئاۋات ناھىيەسىدىن كەلگەن ۋەكىللەر: يوشۇرۇن كۈچنى پائال قېزىپ، ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇ يىل دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 300 يۈ-ەندىن ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىمىز، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئۇچتۇرپان، كەلپىن ناھىيەسىدىن كەلگەنلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يوللىرى ئۈستىدە ئاكتىپ پىكىرلەشتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: بىز بۇ قېتىمقى يىغىندىن ئىنتايىن ئىلھاملاندۇق. نامراتلىق بىزگە باقمەندە بولۇپ قالماسلىقى لازىم. ئۆز جايىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشىمىز، مۇھىم نۇقتىنى نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر «10 ـ بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى، بولۇپمۇ بۇ يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن يېڭى يولنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاش بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى، بىز بۇ خىزمەتنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئىشلەيمىز، دېيىشتى. ئۇلار مۇنداق دېدى: ئېغىر ۋە مۇشكۈل تەرەققىيات ۋەزىپىسى ئالدىدا مېڭىمىزنى باشتىن ـ ئاخىر سەگەك تۇتۇشىمىز، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش جېڭىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، نەتىجىلەرنى كېڭەيتىشىمىز لازىم.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيەۋى ئىستىلى، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش مەسىلىسى يىغىندا كۈچەپ سۆزلەنگەن ئىشنىڭ بىرى. ۋالىي ئۆمەرجان مىرزا ئەخمەتمۇ بۇ مەسىلىنى نۇقتىلىق تەكىتلىدى. ۋەكىللەر مۇنداق دېدى: بەزى كادىرلار خىزمەت ئىستىلىدا ئەستايىدىل بولماي، يۈزەكى ئىشلارغا، سۆلەتۋازلىق قىلىشقا، قۇرۇق گەپ سېتىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئەمەلىي ئىش قىلمايۋاتىدۇ، ھەتتا بەزىلەر ساختىپەزلىك، كۆپتۈرمىچىلىك، كۆز بويامچىلىق قىلىپ، زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى يوشۇرۇۋاتىدۇ. ئەمەلىي ئىشلەش ئەلنى گۈللەندۈرىدۇ، قۇرۇق گەپ سېتىش ئەلنى خاراب قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار يۇقىرىقىدەك ناتوغرا ئىستىلنى تۈگىتىپ، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىشى، راست گەپ قىلىشى، ئەمەلىي ئىشلىشى، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى، قىلغاندىمۇ چىداپ تۇرۇپ قىلىشى كېرەك.

ۋەكىللەر ھەقىقەتەن غەيرەتكە كەلگەنىدى. ئۇلار يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلىدىكى بۇ كاتتا يىغىندىن ئۇلۇغۋار تەرەققىياتنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى كۆرۈۋالدى. ھەممەيلەننىڭ قەلبىدە بىر ياڭراق سادا بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ «تەرەققىيات، تەرەققىيات، يەنە تەرەققىيات...!»

2001 ـ يىل فېۋرال، ئاقسۇ

# كەلپىننىڭ يېڭىچە تەرەققىيات يولى

«بىنا ئۆيدە ئولتۇرغاندىن شەخسىي ئۆيدە ئولتۇرغان ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ بىنا ئۆيمۇ ئۆي بولامدۇ؟» مانا بۇ بىرنەچچە يىل ئىلگىرى كەلپىنلىكلەرنىڭ ئۆي ھەققىدىكى قارىشى ئىدى. ئەمما بۈلتۈردىن بۇيان بۇ قاراشتا ماھىيەتلىك بۇرۇلۇش بولغان. بۈلتۈر ئاقسۇ يۈكسەن قۇرۇلۇش گۇرۇھى شىركىتى كەلپىنگە 178 ئائىلىلىك ئولتۇراق رايونىدىن بىرنى سالغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى تېزلا سېتىلىپ تۈگىگەن. بۇ يىل بۇ شىركەت كەلپىنگە يەنە بىر ئولتۇراق رايونى سالماقچى بولغان. ھازىرغىچە 350 تىن ئارتۇق ئادەم تىزىمغا ئالدۇرغان، ھەتتا نۇرغۇن ئادەم ئالدىن پۇل تاپشۇرغان. تىزىمغا ئالدۇرغانلار ئىچىدە ياشلارمۇ، قېرىلارمۇ، كادىرلارمۇ، دېھقانلارمۇ بار ئىكەن. ھازىر بۇ ناھىيەدە بىنا ئۆي سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇ بىر خىل تەرەققىيات ئەمەسمۇ!

بۈلتۈر كەلپىن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئىمىنجان زارى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەرگەندە: «بۇ يىل دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم تۇنجى قېتىم 2000 يۈەنلىك ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتتى» دېگەن ئىدى. دەرۋەقە بۇ كەلپىندەك دۆلەت دەرىجىلىك بىر نامرات يۇرتقا نىسبەتەن مۆجىزە خاراكتېرلىك سەكرەش ئىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. يېقىندا ئىمىنجان زارى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ئۇ: «2006 ـ يىلى ناھىيەمىزدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2219 يۈەنگە يەتتى» دېدى. بۇ سان، بۇ پاكىت كىشىلەر قەلبىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ.

كەلپىن ناھىيەسى ھەقىقەتەن نامرات ناھىيە ئىدى. بىراق يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، بۇ ناھىيە نامرات ھالەتتە تۇرۇۋېرىشنىڭ نومۇس ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كەلپىننىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا «يېزا ئىگىلىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش،

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش» تىن ئى-بارەت تەرەققىيات تەپەككۇرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش، ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىش يولىدا مېڭىپ، يېزا ئىقتىسادىنى يىلمۇ يىل زورايتتى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى يىلمۇ يىل ئاشۇر-دى، شەھەر ئىقتىسادى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى پەيدىنپەي ياخشىلىدى. ھا-كىمنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2006 - يىلى پۈتۈن ناھىيەنىڭ يېزا ئىق-تىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 137 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.7% ئاشقان. بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 412.89 كىلوگىرام، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 109.3 كىلوگىرامغا يېتىپ، مو بېشىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 11.39 كىلوگىرام، 1.4 كىلوگىرام كۆپەيگەن. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات ۋە-زىيىتى ياخشى بولغان. پۈتۈن بىر يىلدا 142 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قوتاندىن چىقىرىلغان، 3000 تونىنا گۆش ئىشلەپچىقىرىلغان. باغ - ئورمانچىلىق سىجىل تەرەققىي قىلغان. 10 مىڭدىن ئارتۇق يېزا ئەمگەك كۈچى سىرتقا چىقىپ ئىش-لەپ، 12 مىليون 260 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئەمگەك - مۇلازىمەت كىرىمى 358 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.8% ئاشقان. خۇيلۇڭ پاختىچىلىق شىركىتى، تۆگە يۈڭى زاۋۇتىنىڭ ئىش-لەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. سودىگەر چاقىرىپ 26 مىليون يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلغان. بەزى نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەپ يولغا قويغان. يۇڭئەن ئولتۇراق رايونى، شەھەر ئەخلىتىنى كۆمۈش مەيدانى، بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتى، ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ بالنىست بىناسى قاتارلىق بىر تۈركۈم شەھەر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى پۈتكەن، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش مۇھىتى ياخشىلانغان. خەلق ئاممىسىغا ئون تۈرلۈك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 970 ئائىلىگە سىلىپ بېرىلگەن يەر تەۋ-رەشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشى، 1000 دىن ئارتۇق ئائىلىگە كولاپ بېرىلگەن پاتقاق گازى كۆلچىكى، يېڭىدىن ياسالغان 51.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، يېڭىدىن چېپىلغان 134 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى زەيلەك قۇرۇلۇشى، 16 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمى-سى، يېڭىدىن تۈزلەنگەن 5200 مو يەر، يېڭىدىن ياسالغان 50 كىلومېتىر ئۇ-

زۇنلۇقتىكى يېزا ـ كەنت تاشيولى ئامىغا بىۋاستە نەپ بەرگەن. يېزىلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا ھەقسىز ئوقۇش يۈرگۈزۈلگەن. 8744 نەپەر ئوقۇغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى چەكسىز سۆيۈنۈپ كېتىشكەن. ئالتە كەنتكە يېڭىدىن سېلىنغان مەدەنىيەت ئۆيى بىلەن شىپاخانا ئامىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. ئىشقا ئورۇنلاشقان ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان 910 كىشى ھەممە تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئېلىۋاتقان 1521 كىشى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىق مېھرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكەن. ناھىيە بازىرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىدىن رازى بولغان.

چامغۇر، تۆگە يۇڭى، ئۆرۈك خورمىسى، ئوغلاق گۆشى كەلپىننىڭ كوزۇر مەھسۇلاتلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلتۇر كەلپىن دېھقانلىرى 3500 مو يەرگە چامغۇر تېرىپ، 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان. تۆگە يۇڭى، ئۆرۈك خورمىسى، ئوغلاق گۆشى بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ، ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي قالغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەلپىن ناھىيەسى مۇشۇ خىل ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىشقا خېلى زور كۈچ سەرپ قىلغان. مول كۈن نۇرى بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، بۇغداي، پاختا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغان. چىلان يېزىسىدا تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، پاختىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن. گەزلىك يېزىسىدا ئۆرۈكنى ئاساس قىلغان باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى يۇكسەلدۈرگەن. يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ سىرتقا چىقىرىپ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ مۇقىم، سىجىل ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، چارۋىچىلىقنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنىنى كۈچەيتكەن. چارۋا سانىنى تېز كۆپەيتكەن. ناھىيە رەھبەرلىرى يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى كەلپىننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، ئۆزگىچە تەرەققىيات يولى، دەپ تونۇغان ھەم بۇ يولدا ئېغىشماي مېڭىش ئىرادىسىگە كەلگەن. شۇڭا بۇلتۇر دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2219 يۈەنگە يېتىپ، كەلپىن تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان، 155 ئائىلە، 1008 نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلغان، نامراتلارنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىش نىسبىتى 3% ئىچىدە تىزگىنلەنگەن. چىلان يېزىسىدىكى سايباغ كەنتىدە 120 ئائىلىلىك دېھقان بىر تۇتاش سېلىنغان «جۇڭخەي يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي» گە كۆچۈپ كىرىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلغان. ناھىيە بۇ يىل 5000 مو يەرگە چىلان تىكىدىكەن.

ئىمىنجان زارىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلدى: دېھقانلار كىرىمىنى كۆپەيتىش يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى، شۇنداقلا يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدا ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنىڭ مۇھىم نامايەندىسى. بۇ بىرقانچە يىلدا ناھىيەمىز يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە يوشۇرۇن كۈچ يەنىلا ئىنتايىن زور. بىز مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بۆسۈش ئېغىزىنى توغرا تاللاپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ سىجىل، مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. بۇ يىل ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 256 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، بۇلتۇرقىدىن 9.6% ئاشۇرىمىز. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى كەسىپنىڭكىنى 67 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، ئىككىنچى كەسىپنىڭكىنى 37 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، ئۈچىنچى كەسىپنىڭكىنى 156 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، بۇلتۇرقىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5%، 8.5%، 11.4% كۆپەيتىمىز. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمىنى 2269 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، بۇلتۇرقىدىن 2.3% ئاشۇرىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن چىلانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، بىر تۈركۈم تۈۋرۈك كەسىپلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز. سۇ تېجەش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىمىز. يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيەلەش، يۆتكەش سالمىقىنى زورايتىمىز. يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىمىز. «كەلپىن چامغۇرى»، «كەلپىن قوي گۆشى»، «كەلپىن تۆگە يۇڭى»، «كەلپىن ئۆرۈكى» قاتارلىق يۈرۈشلۈك، داڭلىق مەھسۇلاتلار ماركىسىنى تىرىشىپ يارىتىمىز. بىر تۈركۈم ئۆزگىچە دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈپ، ئۇنى رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى بازارلارغا كىرگۈزىمىز. كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە تۈرتكە بولىمىز. يېڭىچە تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، باي، مەدەنىي، ئىناق كەلپىن قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىمىز.

2007 - يىل 16 - مارت، ئاقسۇ

# «چىقىش يولىمىز مائارىپتا»

## مۇقەددىمە

شارائىتى ياخشى جاينىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق كەمچىلىكى بولغاندەك، نامرات جاينىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ئىلگىرى كەلپىن ناھىيەسىنىڭ ئىككى جەھەتتە نامى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى نامراتلىق، يەنە بىرى كەلپىن مائارىپى ئىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى، 90 - يىللىرىنىڭ بېشىدا كەلپىن مائارىپىنىڭ نامى كەلپىننىڭ نامراتلىق نامىدىن ئۇستۇن ئورۇندا تۇراتتى. بۇ مەزگىلدە كەلپىندىن نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىققان. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەلپىن مائارىپىنىڭ تەرىپىنى قىلمايدىغانلار، كەلپىن مائارىپىنىڭ سېھرىي كۈچىنى بىلمەيدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. 2005 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى كەلپىندە خىزمەت تەكشۈرگەندە «كەلپىننىڭ مائارىپى بىلەن تۆگىسى داڭلىق. بۇ نامرات يۇرتتىن نۇرغۇن زىيالىيلار يېتىشىپ چىققان. كەلپىن زىيالىيلىرى ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە، تۆھپە قوشماقتا» دېگەنىدى. ئۇ يەنە ئوبرازلىق قىلىپ: «كەلپىن خەلقى ئوچۇق - يورۇق، ئىرادىلىك، كۆڭلىدە نېمە ئويلىغان بولسا شۇنى تارتىنماي دېيەلەيدۇ. ئىچىدە روزا تۇتسىمۇ، تېشىدا ھېيت ئوينايدۇ» دەپ ئەتراپلىق تەكىتلىگەندى.

ئۇ يۇرتچى يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا، ئاپتونوم رايوندىكى نۇرغۇن رەھبەر، زىيالىيلارنىڭ ئەينى چاغدا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ھەم مەكتەپنى يېڭىلاش ئۈچۈن نەق مەيداندىلا 1 مىليون يۈەن پۇل ھەل

قىلىپ بەرگەنىدى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بۇ مەكتەپتە ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇ-تۇش بىناسى قەد كۆتۈرۈپ، كەلپىن مائارىپىنىڭ يېڭى قىياپىتىگە ھۆسىن قوشقانىدى. بۇلتۇردىن باشلاپ كەلپىن ناھىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى «كەلپىننىڭ مائارىپ ئاساسى ياخشى ئەمەس. بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا مائارىپقا تايىنىشىمىز، مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم ئىكەن» دېگەن تونۇش ھەم ئىرادىگە كەلگەن. يېقىندا كەلپىن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئىمىنجان زارى مۇخبىرغا «كەلپىننىڭ مائارىپى بىر مەزگىل چېكىنىپ كەتكەن. ئۇدا بىرنەچچە يىل مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش يېتەرسىز بولۇپ قالغان. بىز بۇ يىلدىن باشلاپ مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشنى، مائارىپقا زور دەرىجىدە مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلدۇق. چۈنكى بىزنىڭ چىقىش يولىمىز مائارىپتا ئىكەن» دېدى.

## كەلپىن مائارىپىنىڭ يېڭى باھارى

ئىدىيە ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىدۇ. ئىلغار ئىدىيەدىن ئىلغار پىكىر، ئىلغار پىكىردىن ئۇلۇغۋار ئىش بارلىققا كېلىدۇ. بۇ يىل كەلپىن ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپقا ئايانماي پۇل ئاجراتتى. خېلى مەردلىك قىلدى. بۇنى تۆۋەندىكى سانلار ئىسپاتلايدۇ: بۇ يىل كۆزدە ناھىيە مالىيەسىدىن 400 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن 134 ئوقۇغۇچىنىڭ ھەربىرىگە 5000 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە مۇكاپات بەردى. ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش، ئىلغار ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى، مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى مۇكاپاتلاشقا 75 مىڭ يۈەن ئاجراتتى. 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاچال، گەزلىك يېزىسىدا ئوقۇشتىن بۇرۇنقى ياتاقلىق «قوش تىل سىنىپى» ئاچتى ھەم ئۇنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلىدى. 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يۇرچى يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە پار ئورناتتى. 240 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ناھىيەدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە تەنتەربىيە ۋە فىزىكا، خىمىيە تەجرىبە ئۈسكۈنىسى سەپلەپ بەردى. ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا، 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە 700 مىڭ يۈەنلىك كومپيۇتېر سەپلەپ بەردى. 440 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ گەزلىك، يۇرچى، ئاچال ئوتتۇرا مەك-

تەپلىرىنىڭ 8000 كىۋادرات مېتىرلىق كۆلەمدىكى مەيدانىنى قاتتىقلاشتۇرۇپ بەردى. 400 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئاچال يېزىسىدىكى بىر قىسىم كەنت مەكتەپلىرىگە ھاجەتخانا سالدۇرۇپ بەردى. يەنە 200 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئۈزلۈكسىز مائارىپ تەربىيەسىگە قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئاتچوت قىلىپ بەردى. سېرىق توغراق، تېرەك ئاۋات، سۇ بېشى قاتارلىق چەت، ياقا، نامرات جايدىكى 120 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ناھىيەلىك مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكەپ كەلدى ھەم ئۇلارنىڭ ياتاق، تاماقى ئۈچۈن ناھىيە ھەر ئوقۇش يىلىدا ھەربىر ئوقۇغۇچىغا 500 يۈەندىن پۇل ئاجراتتى. كەلپىن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نارمەتجان يۈسۈپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل ناھىيەمىز مائارىپىغا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سېلىنغان، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ مائارىپنى قوللىشى ئەڭ گەۋدىلىك بولغان بىر يىل بولدى. ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى گاۋ يەن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئىمىنجانلار مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئىش ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھەقىقىي ئىرادە باغلىدى. شۇڭا بۇ يىل مەكتەپلىرىمىزنىڭ قىياپىتىدە، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىياپىتىدە، كەلپىن مائارىپىنىڭ قىياپىتىدە زور بۇرۇلۇش بولدى. بۇ يىل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان 239 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 134 ى ھەرخىل ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 56.1% كە يەتتى. بۇ قالتىس نەتىجە بولدى.

نارمەتجان مۇنداق دېدى: مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىشنى دەسلەپكى تەربىيەدىن باشلاش كېرەك. بىز بۇلتۇردىن بۇيان ئوقۇشتىن بۇرۇنقى «قوش تىل» مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تۇتتۇق. ناھىيە بويىچە توققۇز مەكتەپتە 18 سىنىپ ئېچىپ، 821 نەپەر دېھقان پەرزەنتىنى «قوش تىل» تەربىيەسىگە ئىگە قىلدۇق. ھازىر بەش ياشتىن ئالتە ياشقىچە باللار بۇ خىل تەربىيەدىن بەھرىمەن بولماقتا. ھازىر ناھىيەمىزنىڭ «قوش تىل» مائارىپى، يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش خىزمىتى ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا مېڭىۋاتىدۇ. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى باھارگۈل سەمەت، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەنۋەر سېيتلار ناھىيەمىزنىڭ ئوقۇشتىن بۇرۇن-

قى «قوش تىل» مائارىپىغا يۇقىرى باها بەردى. بۇ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيەمىز ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپ ھەققى ئېلىشتىكى ئۈلگىلىك ناھىيە، دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. بىر ئوقۇتقۇچى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، بەش ئوقۇتقۇچى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقدىرلەندى.

نارمەتجان زېھنى ئوچۇق، پىكرى ئىلغار بالا ئىكەن. ئۇ 1992 ـ يىلى ئاقسۇ سفەن مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئىزچىل مائارىپ ساھەسىدە خىزمەت قىلغاچقا، مائارىپقا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قارايدىكەن. ئۇ بىزگە كەلپىن مائارىپىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ھەققىدىكى بىر ئىسخېمىنى كۆرسەتتى. كەلپىن ناھىيەسى كېلەر يىلى ئۇيغۇر، خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان بىر ئالىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر باغۋەنلەر ئولتۇراق رايونى قۇرماقچى ئىكەن. بىز بۇنىڭدىن ھەيران قالدۇق ھەم يىللىق مالىيە كىرىمى 6 مىليون يۈەنگە يەتمەيدىغان كەلپىن ناھىيەسى ھەقىقەتەن مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىرادە باغلاپتۇ، كەلپىن مائارىپىنىڭ يېڭى باھارى باشلىنىپتۇ، دېگەنلەرنى ھېس قىلدۇق.

نارمەتجان يەنە مۇنداق دېدى: ھازىر ناھىيەمىزدە ئالتە ئوتتۇرا مەكتەپ، 20 باشلانغۇچ مەكتەپ، 8400 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، 700 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى بار. نۆۋەتتە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى، مەكتەپلىرىمىزدە يېڭىلىقلار كۆپ بولماقتا. ھازىر ناھىيە بويىچە بەش ئوتتۇرا مەكتەپتە 17 «قوش تىل» سىنىپى تەسىس قىلدۇق. ئىشىنىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن كەلپىندىن تېخىمۇ كۆپ زىيالىيلار، ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقىدۇ.

## بەختلىك بالىلار

تىل ئۆگىنىشتە جاپالىق ئۆگىنىش، مەشىق قىلىش روھىدىن باشقا، شەرت ـ شارائىتمۇ مۇھىم. كەلپىن ناھىيەسى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نامرات ناھىيە. بۇ ناھىيەنىڭ يېزا، قىشلاقلىرىدا خەنزۇلار بولمىغاچقا، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى خەنزۇ تىل ـ يېزىقىغا ئەزەلدىن ئاجىز كېلەتتى. تىرىشچان بالىلار مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى ئاساسىدا ئۆزى ئۆگىنىۋالاتتى. ھازىرچۇ؟ ھازىر

كەلپىن يېزىلىرىدا «قوش تىل» لىق سىنىپلار ئېچىلدى، «قوش تىل» لىق بالىلار يەسلىسى قۇرۇلدى. دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدىغان، خەنزۇچە خەت يازالايدىغان بولدى. مائارىپ ئىدارىسى يېزىلاردا ئېچىلغان «قوش تىل» لىق سىنىپلار ئۈچۈن جەمئىيەتتىن 21 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلدى. بىز نارمەتجاننىڭ يول باشلىشى بىلەن يۇرچى يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى، گەزلىك يېزىلىق «قوش تىل» لىق بالىلار يەسلىسىنى زىيارەت قىلدۇق.

— هازىر بەش ياشلىق بالىدىن 50 ى، ئالتە ياشلىق بالىدىن 40 ى بار. ئۇلارغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئۆگىتىۋاتىمىز، — دېدى يۇرچى يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى خېلىل قۇربان بىزنى ئوقۇشتىن بۇرۇنقى «قوش تىل» سىنىپىغا باشلاپ كىرىپ. بىز سىنىپلارغا كىرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي هالىتىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى ئىكەن. مەكتەپ رەھبەرلىكى خىل، قاۋۇل ئوقۇتقۇچىلارنى بۇ سىنىپلارغا مەسئۇل قىپتۇ. بۇ بالىلارنىڭ ياتاقلىرى ئازادە، تاماقلىرى ياخشى ئىكەن. نارمەتجان:

— بۇ بالىلارنىڭ ھەربىرىگە ھۆكۈمەت يىلدا 33 يۈەن تاماق ياردەم پۇلى بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى خاتىرجەم ئىشىنى قىلىدۇ، بالىلىرىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، — دېدى.

گەزلىك يېزىلىق «قوش تىل» لىق بالىلار يەسلىسىدىكى شوخ، ئوماق بالىلار ئادەمنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرەتتى. يەسلى قورۇسىدىكى خىلمۇ خىل ئويۇنچۇقلار يەسلىنىڭ خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

— هازىر بۇ يەسلىدە 83 بالا بار. بەش ياشلىق بالىلار كۆپرەك. بىز بۇ ئورۇننى سېتىۋالدۇق. ئاچال يېزىسىدىكىنىمۇ سېتىۋالدۇق. 2010 - يىلىغىچە مۇشۇنداق «قوش تىل» لىق يەسلىلەرنى تېخىمۇ كۆپەيتىمىز. ناھىيە رەھبەرلىرى هازىر ھەرقانچە نامرات بولساقمۇ مائارىپنى نامراتلاشتۇرمايمىز، دېگەن ئىدىيەگە كەلدى. بىز كۆپ خىل ئاماللارنى قوللىنىپ كەلپىن مائارىپىنىڭ نامىنى يېڭىباشتىن چىقىرىشقا تىرىشىمىز. بىز نارمەتجاننىڭ يۇقىرىقى گېپىگە قۇلاق سالغاچ بالىلارغا قارىدۇق. كۆڭلىمىزدە «بىز ئوقۇغان چاغلاردا نەدىمۇ مۇنداق ياخشى شارائىت بولسۇن، هازىرقى بالىلار نېمىدېگەن بەختلىك ھە!» دەپ ئويلىدۇق.

## هاكىم بىلەن سۆھبەت

كەلپىن ناھىيەسىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن ھاكىمى بۇرھان بىزگە: بۇ يىل بىز مائارىپقا خېلى چوڭ ئىش قىلىپ بەردۇق، بولسا كۆرۈپ ئوبدانراق تەشۋىق قىلساڭلار، دېگەن ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ مۇخبىرغا: كەلپىن ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، مائارىپقا خېلى چوڭ مۇئامىلە قىلدى. بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى چىقىش يولىمىزنى مائارىپتىن ئىزدەيمىز، دېدى.

كەلپىن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئىمىنجان زارى مۇنداق دېدى: 2005 - يىلى بىز ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى ۋە ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاشقا 30 مىڭ يۈەن، 2006 - يىلى 80 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل ئاجراتقان. بۇ يىل بىراقلا 475 مىڭ يۈەن ئاجراتتۇق. مالىيە كىرىمىمىزنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ مائارىپقا ئاجراتقان پۇلىمىزمۇ كۆپەيدى. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپەيتىمىز.

ئىمىنجان زارى مۇنداق دېدى: بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىز كەلپىننى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش جەھەتتە كۆپ ئىزدەندۇق. نۇرغۇن چارە - تەدبىر تۈزۈپ چىقتۇق. ئىزدىنىشلىرىمىز خېلى ئۈنۈم بەردى. بۇلتۇر مالىيە كىرىمىمىز 5 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 2219 يۈەنگە يەتتى. لېكىن بىزنىڭ مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز تازا يېتەرلىك بولمىدى. بۇ يىلدىن باشلاپ بىز مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تۇتۇشنى، ئالدىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، كەلپىننىڭ چىقىش يولىنى مائارىپتىن ئىزدەشنى قارار قىلدۇق. بىز بۇ نىشاندىن قەتئىي ئېغىشمايمىز. مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاشقا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىمىز. مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى زورايتىپ، «ئىككى ئاساسەن» نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، مەۋقەنى ئىختىساس ئىگىسى يېتىشتۈرۈش ئۈستىگە قويۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرى ئارقىلىق تەرەققىيات يولىنى ئاچىمىز.

# مۇخبىرنىڭ مۇلاھىزىسى

ئىختىساسلىق خادىم تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچى. ئىلگىرى بىز كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن «كەلپىن ئىختىساس ئىگىسى چىقىدىغان جاي» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. لېكىن بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىز بۇنداق سادانى ئاڭلاپ باقمىدۇق. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كەلپىن مائارىپىدىمۇ مۇئەييەن چېكىنىش بولغان. ئىختىساس ئىگىلىرى ئىلگىرىكىدەك كۆپ چىقماس بولۇپ قالغان. ئېسىمىزدە قېلىشىچە، كەلپىننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ۋىلايەت بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشىدىن ئۆتكەن. بۇ مەزگىلدە كەلپىننىڭ مائارىپى ھەقىقەتەن يۈكسەلگەن. كەلپىندىن چىققان نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ھەرقايسى سەپلەردە تۆھپە يارىتىپ، كەلپىندەك كىچىك، نامرات يۇرتنىڭ نامىنى كىشىلەرگە بىلدۈرگەن. نامرات جايدىكى بالىلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان جايلاردىكى بالىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئەپسۇس، بۇ رېئاللىق دەۋرنىڭ، ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. راھەتكە، ئويۇنغا بېرىلىش ۋە بالىلارنى مەيلىگە قويۇپ بېرىش شامىلى كەلپىن مائارىپىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئوقۇغۇچىلاردا ھورۇنلۇق خاھىشىنى، ئوقۇتقۇچىلاردا كونا ئۆتكۈزۈش ئىدىيەسىنى پەيدا قىلدى. بۇ خىل خاھىش، بۇ خىل ئىدىيە دۆلەت، مىللەت، جەمئىيەتكە كۆپلەپ يارامىلىق ئىختىساس ئىگىسى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتەك ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان مائارىپقا پايدىسىز ۋەزىيەت ئېلىپ كەلدى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ يىل كەلپىن ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت مائارىپنى جانلاندۇرۇشقا، مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھەقىقىي ئىرادە باغلاپتۇ. بىر قاتار ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپتۇ. يەنە نۇرغۇن ئىشنى قىلماقچى ئىكەن. بۇ ماختاشقا، ئالقىشلاشقا ئەرزىگۈدەك ئىش بوپتۇ. بىز ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ مائارىپنى جانلاندۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىرادىسىنىڭ بالدۇر مېۋە بېرىشىگە تىلەكداشمىز.

**13 يىل ئۇچقۇچى بولۇپ ئاسماندا پەرۋاز قىلغان قەھرىمان تۇنىياز «يەر يۈزى» دە يەنە ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلدى. ئەمگەكنى، ھەرىكەتنى سۆيدى. ئۇ مۇنداق دېدى:**

# «چەكلىك ھاياتىمدا چەكسىز ئىش قىلسام دەيمەن»

ھايات ئىشلەش بىلەن گۈزەل ۋە مەنىلىك تۈيۈلىدۇ. بازار رىقابىتى كەسكىنلىشىۋاتقان، تەرەققىيات سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىرەر ئىشتىن كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە قازىنىش ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنىڭغا چىدام - غەيرەت ۋە پەم - پاراسەتتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى شۇ كىشىدە ئىقتىسادىي كاللا ھەم بازارنى توغرا مۆلچەرلەش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. 1999 - يىلى قەھرىمان تۇنىياز ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەندە، جەمئىيەتتە بىر مەزگىل نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. تۈرلۈك ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ باقتى، ئىزدەندى، بازارنى، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى، كەلگۈسىدىكى يۈزلىنىشىنى تەتقىق قىلدى. ئاخىرىدا ئۇ مۇنداق خۇلاسىگە كەلدى: «ھەرقانداق ئادەم تەرەققىي قىلىشنى ئويلايدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى، ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىلغا بولغان ئېھتىياجى ئاشىدۇ. پىكاپ سېتىۋالىدىغانلار مۇقەررەركى شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا، ھازىر جەمئىيەتنىڭ شوپۇرلۇق كەسپىگە بولغان ئېھتىياجى بىرقەدەر يۇقىرى ھەم بىرقەدەر ئۇزۇن بولغۇدەك». ئۇنىڭ ئۈستىگە قەھرىمان 1977 - يىل ھاۋا ئارمىيە 6 - ئاۋىياتسىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 13 يىل ئۇچقۇچى بولۇپ، ئاسماندا پەرۋاز قىلغان. كېيىن يەرلىككە ئالمىشىپ رەھبەرلىك خىزمىتى ئۆتەش بىلەن بىرگە، 18 يىل پىكاپ ھەيدەپ، خېلىلا پىشقان شوپۇر بولۇپ قالغانىدى.

2005 - يىل 7 - ئايدا قەھرىمان تۇنىياز ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ۋە قى-

رىنقىشىغا ئاساسەن ئاقسۇدا بىر شوپۇرلۇق مەكتىپى قۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىشقا تۇتۇش قىلدى. شوپۇرلۇق مەكتىپى قۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ، كەڭرى مەيدان، مۇنتىزىم ئورۇن ھەم تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچى - تىرېنېرلار قوشۇنى بولمىسا بولمايتتى. بۇ خىل قىيىنچىلىقنى ئۇ بىر - بىرلەپ يەڭمىسە ئىش باشلىيالمايتتى. ئۇ بانكىدىن، دوستلىرىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن قەرز ئالدى. ئاقسۇدىكى نۇرغۇن ئورۇندىن يەر ۋە ئىشخانا ئۇقۇشتى. ئالاقىدار تەرەپلەرگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. ئىلتىماس سۇنۇپ رەسمىيەت بېجىردى. ھەر تەرەپكە چېپىپ ئوقۇتقۇچى - تىرېنېر ئىزدىدى. بىرنەچچە ئايدا ئۇ تۈرلۈك توسالغۇلارنى يەڭدى. شۇنداق قىلىپ، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۇ 1 مىليون يۈەن مەبلەغ بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ «مەرھابا» يولىدىكى ھەربىي پونكىت ئىچىدە «خۇڭچى» (قىزىل بايراق) شوپۇرلۇق مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقتى ھەم دەسلەپكى قەدەمدە تۈرلۈك ساھەدە ئىش ئورنىدىن قالغان، ئۇزۇن يىل ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغان تەجرىبىلىك، ئىقتىدارلىق ئۇيغۇر، خەنزۇ شوپۇردىن 33 نى تىرېنېر (مەشقاۋۇل) لىققا تەكلىپ قىلدى. مەشىق ئاپتوموبىللىرى ۋە ئاپتوبۇستىن 27 نى سەپلىدى. كومپيۇتېر قاتارلىق ئوقۇتۇش قوراللىرىنى كىرگۈزدى.

يول بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئاينىيدۇ. توغرا بېسىلغان قەدەمدىن خۇش پۇراق گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ. «خۇڭچى» شوپۇرلۇق مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاقسۇدىكى كەڭ ئاپتوموبىل ھەيدەش ھەۋەسكارلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلدى. تۇنجى قاراردا 50 ھەۋەسكار ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ ئەلا مۇلازىمىتى، ياخشى ئوقۇتۇش مېتودى، مۇۋاپىق، قۇلايلىق تەربىيەلەش شارائىتىدىن مەنپەئەتكە ئېرىشتى. شۇ قېتىم ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىنىشكا ئېلىش نىسبىتى 90% تىن ئاشتى. بۇ جەمئىيەتتە بىر جانلىق تەشۋىقات بولدى. تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە مۇنداق مەزمۇندا بايراق تەقدىم قىلدى:

شوپۇر بولدۇم ئەدەپلىك،
تەربىيەڭدە ئۈچ ئايدا.

«خۇگچى» نامىڭ شەرەپلىك،

روناق تاپقىن ھەر چاغدا.

قەھرىمان تۇنىياز بۇ تۇنجى مېۋىدىن سۆيۈندى. گەرچە ئۇ كۆڭلىدە مەكتەپنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قەتئىي بەل قويۇۋەتمىدى. مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇيدىغانلار، ئۇنى قوللايدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا قايتىدىن ئىشەنچ، ئۈمىد ئاتا قىلدى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەكتەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قارار كۆرسانت تەربىيەلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىيە ئىمتىھانى، خادا ئىمتىھانى ۋە يول ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى 90% تىن ئاشۇرۇپ، ۋىلايەتتىكى شوپۇرلۇق مەكتەپلەرلىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. 2006 ـ يىل 8 ـ ئايدا قەھرىمان تەربىيەلەش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئوقۇغۇچى مەنبەسىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى ئايمۇ ئاي كۆپەيدى. قائىدە ـ تۈزۈملىرى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە، شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. قەھرىمان تۇنىياز كەڭ ئاپتوموبىل ھەۋەسكارلىرىغا تېخىمۇ قۇلايلىق يارىتىش، مەكتەپنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، 2006 ـ يىل 9 ـ ئايدا يەنە 1 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ ئونسۇ ناھىيەسىدە يەنە بىر شوپۇرلۇق مەكتىپى — «خۇگشىڭ» (قىزىل يۇلتۇز) شوپۇرلۇق مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قۇمباش، توپلۇق يېزىسى، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ چاغراق، ئارال، قىزىل، تۇمشۇق قاتارلىق يېزا ـ بازارلىرىدا تەربىيەلەش نۇقتىسى قۇرۇپ چىقتى. بۇ يەرلەرگە ئاپتوموبىل، كومپيۇتېر سەپلىدى. تىرېنېرلارنى دائىرىگە بۆلۈپ تەربىيەلەش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. بولۇپمۇ، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ قىزىل بازىرىدىكى تەربىيەلەش نۇقتىسىغىلا ئۇ 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. ئوقۇتقۇچى ـ تىرېنېرلار تەربىيەلەش نۇقتىسىدا مۇنتىزىم تۇرۇپ تەربىيەلىگەچكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى ئۇدا يۇقىرى سەۋىيەنى ساقلاپ كەلدى.

شوپۇرلۇق — ئادەمدىن ھاياتقا، جەمئىيەتكە يۇكسەك مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان نازۇك كەسىپ، شۇنداقلا ئۇ راھەتمۇ ـ جاپاسىمۇ، شادلىقىمۇ ـ

خاپىلىقىمۇ، پايدىسىمۇ ـ خەتىرىمۇ بار كەسىپ. شۇڭا بۇ كەسىپنى ئۆگەتكۈچىلەر، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل كەسىپكە بولغان بىر خىل مەسئۇلىيەت ئېڭى، ساپا ئېڭى بولۇشى كېرەك. قەھرىمان تۇنىياز مەكتەپ باشقۇرۇش داۋامىدا باشتىن ـ ئاخىر سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، تىرېنېرلارغا يۇقىرى ئۆلچەم ۋە قاتتىق تەلەپ قويىدى. ئىشقا چىقىش، ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇش، مەشغۇلات ئورنىغا بېرىش، ئاپتوموبىللارغا ماي قاچىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇنتىزىم تۈزۈم تۈرغۈزدى ۋە يېرىم ھەربىي تۈزۈم بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ۋەزىپە، مەسئۇلىيەتنى ئادەم بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش چارىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. ئىشخانىدا كۆپ بويى ئادەم بولۇش، خىزمەتچىلەر خىزمەت فورمىسىنى كىيىپ ئىشقا چىقىش، ئوقۇغۇچىلارغا قىزغىن، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇردى. ھەق ئېلىشتا مال باھا ئىدارىسى بېكىتكەن ئۆلچەمنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. قىيىنچىلىقى بارلارغا ئېتىبار قىلدى. ئوقۇغۇچىلارنى مەشغۇلات مەيدانىغا بىخەتەر ئاپىرىش ئۈچۈن مەخسۇس ئاپتوبۇس سېتىۋالدى. ھەممە ئىشتا بىخەتەرلىكنى 1 ـ ئورۇنغا قويدى ھەم ھەر قېتىم يىراقراق يېزا ـ بازارلاردىن ئۆگەنگىلى ۋە ئىمتىھان بەرگىلى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ بېرىش ـ كېلىشتىكى غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. بازار، ۋەزىيەت ۋە تەرەققىياتتىكى ئىمتىھاننىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، قەھرىمان تۇنىياز بۇلتۇر 800 مىڭ يۈەن چىقىرىپ چوڭ ـ كىچىك مەشىق ئاپتوموبىلىنى يېڭىلىدى ھەم كومپيۇتېر سانىنى كۆپەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە قۇلايلىق يارىتىپ بەردى. 2007 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۇنسۇدىكى «خۇڭشىڭ» شوپۇرلۇق مەكتىپىنىڭ دەرىجىسىنىمۇ 3 ـ دەرىجىدىن 2 ـ دەرىجىگە ئۆستۈردى. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش تۈزۈملىرىنى چىڭىتىپ، «ئارقا ئىشىك» تىن كىرىشكە ئالدىغان ھالەتكە يول قويمىدى. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش مۇھىتىنى ساپلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن «خۇڭچى» ۋە «خۇڭشىڭ» شوپۇرلۇق مەكتىپىنىڭ جەمئىيەتتىكى، كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ يىل 4 ـ ئايغىچە «خۇڭچى» مەكتىپىدە ئوقۇغانلار 1700 دىن، «خۇڭ-

شىڭ» مەكتىپىدە ئوقۇغانلار 850 تىن ئېشىپ كەتتى. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى بولغاچقا، ۋىلايەتلىك قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى، ئاقسۇ ئاپتوموبىل باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ھەر پەسىللىك تەكشۈرۈپ باھالىشىدا ئاقسۇ دىكى شوپۇرلۇق مەكتەپلىرى ئىچىدە ئۇدا ئالدىنقى رەتتە تۇرۇپ كەلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان بۇ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىل ھەيدەش جەريانىدا ھېچقانداق ۋەقە سادىر قىلىپ باقمىدى.

ياخشى تۈزۈم — ياخشى كاپالەت. ئۈچ يىلدىن بۇيان قەھرىمان تۇنىياز مەكتەپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش، زورايتىشقا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. 2007 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلارغا تىرېنېر (مەشقاۋۇل) لارنى باھالاش جەدۋىلى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيەسى، خىزمەت تۆھپىسىنى دەرىجىگە ئايرىدى ھەم ئۇلارنىڭ ئىش ئۈنۈمى بىلەن ئىش ھەققىنى چېتىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. مەكتەپنىڭ بۇ تەجرىبىسى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 30 نەچچە شوپۇرلۇق مەكتىپكە كېڭەيتىلدى.

نەتىجە جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ. قەھرىمان تۇنىياز ۋىلايەت بويىچە شوپۇرلۇق مائارىپىغا بىردىنبىر مۇستەقىل مەبلەغ سالغۇچى ھەم بىردىنبىر شوپۇرلۇق مەكتىپى ئاچقان مىللىي كارخانىچى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتكە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. ھازىر ئىككى مەكتەپتىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچى، تىرېنېر سانىنى 52 گە، چوڭ - كىچىك مەشىق ئاپتوموبىلىنى 58 گە، كومپيۇتېرنى 100 گە يەتكۈزدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بىر قىسىم ياشلارنىمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى. دۆلەتكە نۇرغۇن باج تاپشۇرغاندىن باشقا، ھەر ئايدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 80 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىش ھەققى تارقىتىپ، نۇرغۇن ئىشسىز كىشىگە چىقىش يولى تېپىپ بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى پەسەيتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە يېتىشىپ چىققان تۈركۈم - تۈكۈم يېڭى شوپۇرلار جەمئىيەتتە بىخەتەر، مەدەنىي يول يۈرۈپ، «خۇڭچى» ۋە «خۇڭشىڭ» شوپۇرلۇق مەكتىپىگە شەرەپ كەلتۈردى. 2008 - يىل 3 - ئايدا «خۇڭچى» شوپۇرلۇق مەكتە-

پى ۋىلايەت دەرىجىلىك، «خۇڭشىڭ» شوپۇرلۇق مەكتىپى ناھىيە دەرىجىلىك «مەدەنىي ئورۇن» لار قاتارىغا كىردى.

چىرايىدىن ئىشەنچ، كۆزىدىن ئۈمىد، سۆزىدىن پاراسەت يېغىپ تۇرىدىغان قەھرىمان ئەپەندى مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا ئۆزىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى مول تەجرىبىسى بىلەن بۇ ساھەدە خېلى شۆھرەت قازاندى. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمىنى بار ئىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى: مەن بۇ ئىككى مەكتەپنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئوقۇغۇچىلار، دوستلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ھەم مەدەتكە ئېرىشتىم. مەن ئالدى بىلەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، مەن دەسلەپتە مەكتەپ قۇرغىنىمدىن ئازراق تەشۋىشلەنگەن، ئۈمىدسىزلەنگەنىدىم، لېكىن جەمئىيەتنىڭ قوللىشى ماڭا زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. مەن بۇرۇندىنلا بىرەر چوڭ ئىش قىلسام، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشسام، دەپ ئويلايتتىم. ھازىر جەمئىيەتكە ئازراق بولسىمۇ تۆھپە قوشالىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن. ئادەم ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ دۇنيادا ياخشى، مەنىلىك ياشىشى، ئازراق بولسىمۇ ئىز قالدۇرۇشى كېرەك. مەن دائىم مۇمكىن بولسا مۇشۇ چەكلىك ھاياتىمدا چەكسىز ئىشلارنى قىلسام، دەپ ئويلاپ قالىمەن. قانداقلا بولمىسۇن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىمەن.

قەھرىمان تۇنىياز مۇنداق دېدى: «خۇڭچى» ۋە «خۇڭشىڭ» شوپۇرلۇق مەكتىپىمىز قۇرۇلغان قىسقىغىنە بىرنەچچە يىلدا كىچىكلىكتىن زورايدى، ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى. ھازىرغىچە «خۇڭچى» سەككىز قارار، «خۇڭشىڭ» بەش قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتى. مەكتىپىمىزدە تەربىيەلەنگەنلەرنىڭ شوپۇرلۇق ساپاسى ۋە تېخنىكىسى يۇقىرى بولغاچقا، مەكتىپىمىزگە كېلىپ ئوقۇيدىغانلار ئايمۇ ئاي كۆپەيدى. شۇڭا بىز قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئىزچىل يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدۇق. بىز ئوقۇ - ئوقۇتۇش، مەشىق شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئايانماي مەبلەغ سالدۇق. سۈپەتنى، بىخەتەرلىكنى 1 - ئورۇنغا قويۇپ، جانلىق ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت بىلىملىرىنى ۋاقتىدا ئۆزلەشتۈرۈشىگە كاپالەتلىك

قىلىپ كەلدۇق. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قۇمباش، توپلۇق يېزىسى، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ ئارال، چاغراق، تۇمشۇق، قىزىل قاتارلىق يېزا - بازارلىرىدا تەربىيەلەش نۇقتىسى قۇرۇپ چىقتۇق ھەم ھەر بىر يېزىدا بىردىن مۇنتىزىم تىرېنېر (مەشقاۋۇل)، ئىككىدىن ئۆچكىچە كومپيۇتېر ۋە مەشىق ئاپتوموبىلى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆگەنگۈچىلەرنى قولايلىق شارائىت ھەم ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدۇق. ئىچكى قىسمىدا جانلىق باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورناتتۇق.

ئاپتوموبىل ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىكى ۋە ئىلغارلىقىنىڭ جەۋھىرى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتوموبىل جامائەتنى بارغانسېرى بىزگە يېقىنلاشماقتا. ئۇ بىزنىڭ سەپەرگە چىقىش ئۇسۇلىمىزنى ياخشىلاپ، پائالىيەت دائىرىمىزنى كېڭەيتمەكتە. بىز ئاپتوموبىل ئېلىپ كەلگەن ئازادىلىك، قولايلىق، تېزلىكتىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاتناش ھادىسىسىنىڭ سەۋەبسىزلا ھاياتىمىزنى رەھىمسىزلەرچە يۇتۇۋېلىش مۇمكىنلىكىنى ھەر مىنۇت ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

قەھرىمان تۇنىياز ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: ھايات بىباھادۇر، بىخەتەر، مەدەنىي يول يۈرۈش بەختىمىزنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قەدىرلەش يول يۈرۈش مەدەنىيلىكىنىڭ يادرولۇق قىممىتى. مەكتىپىمىز شوپۇرلۇقنى ئۆگەنگۈچى دوستلارغا ھەر ۋاقىت يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. سۈپەتكە، ئىناۋەتكە، بىخەتەرلىككە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، تەربىيەلەش تور نۇقتىلىرىنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىگە تېخىمۇ قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بىز بۇ يىل قاراتال قاتارلىق بەزى جايلاردا تەربىيەلەش نۇقتىسى قۇرۇپ چىقىمىز. نۆۋەتتە مەكتەپتە پارتىيە تەشكىلاتى ۋە بەزى ئاممۋى تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز. ئىچكى باشقۇرۇش قائىدە - تۈزۈملىرىمىزنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرىمىز. مەن جەمئىيەتتىكى كەڭ دوستلارنىڭ بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى ياخشىلاشقا پايدىلىق تەكلىپ - پىكىرلەرنى كۆپرەك بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەم جەمئىيەت ئۈچۈن، ئاپتوموبىل ھەيدەش ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىدىغانلىقىمىز ھەققىدە ئاشكارا

ۋەدە بېرىمىز.

چوڭ ئىشلارنى قىلغان ئادەم تېخىمۇ ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئىنتىلىدۇ. 2008 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەھرىمان تۇنىياز ئونسۇدىكى «خۇڭشىڭ» شوپۇرلۇق مەكتىپىنى سېتىۋېلىپ، مەبلەغنى، تەدبىرنى، زېھنىنى «خۇڭچى» شوپۇرلۇق مەكتىپىگە مەركەزلەشتۈردى. مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن، 2009 - يىلىدىن ئېتىبارەن 7 مىليون يۈەن مەبلەغ بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تارىم يولىدىكى قاقاسلىقتا مەشىق مەيدانى ۋە ئىمتىھان مەيدانى قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلدى. كىشىلەر ئۇنىڭ باشقىلار ئويلاپمۇ يېتەلمىگەن، ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بۇنداق زور قۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىلغانلىقىدىن ھەيران قالدى. قەھرىمان تۇنىياز ھەيران قالغۇچىلارغا «مۇشۇنداق ئىشلەش مېنىڭ خۇشاللىقىم» دېدى.

# پايتەختكە بارغان كەنت دوختۇرى

## دوختۇرلۇق كەسپىنى تاللىغان قىز

«توختىخان دوختۇر پايتەختىمىز بېيجىڭغا بارغۇدەك، ئۇنى دۆلەت مۇكاپاتـ
لىغۇدەك...»

بۇلتۇر كەچ كۈزدە بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە كەلپىن ناھىيەسى، شۇنداقلا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سەھىيە سىستېمىسىغا تارالدى، كىشىلەر ھەيران قېلىشتى. ئۇنىڭ تۆھپىسىنى بىلىدىغانلار: «ياخشى بوپتۇ، ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق شەرەپكە لايىق ئىدى» دېيىشتى.

دەرۋەقە، ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا توختىخان دوخـ
تۇر ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىردىنبىر نەمۇنىچى سۈپىتىدە بېيجىڭغا بېرىپ، مەملـ
كەتلىك سەھىيە خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر كەنت دوختۇرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا، ئوتقاشتەك قىپقىزىل تەقدىرنامىگە ئېرىشتى. گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ يى ئېلىمىزنىڭ غەربىدىكى ئەڭ چەت، ئەڭ نامرات ناھىيەدىن كەلگەن بۇ كەنت دوختۇرىنى قوبۇل قىلدى. توختىخان دوختۇرنىڭ قەلبى ھاياجانغا تولدى. بۇ گۈزەل مىنۇتلاردا ئۇ 30 نەچچە يىل تارتقان جاپاسىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئايال، دەپ ھېسابلىدى.

ئادەم ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئەمگەك ئارقىلىق يارىتىدۇ. بۇ يىل 54 ياشقا كىرگەن توختىخان دەرگۇش 33 يىل كەنت دوختۇرى بولۇش جەريانىدا ئەمە-
لىيەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى نامايان قىلدى، ئۆزىنى بېغىشلاش بەدىلىگە ھۆرمەت تاپتى. كەنت خەلقى ئۇنىڭ كېسەل داۋالاپ ئادەم قۇتقۇـ

زۇش، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىشتىكى قىزغىنلىقى ۋە مەسئۇلىيەت-چانلىقىدىن تەسىرلەندى.

توختىخان كەلپىن ناھىيەسىدىكى گەزلىك يېزا ئۇستۇنكى قاشئېرىق كەنتى-نىڭ دوختۇرى. ئۇ كىچىك چېغىدا ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن تۈزۈك ئو-قۇيالمىغان. بىراق، قەلبىدە بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، كەنت خەلقىگە ياخ-شى ئىش قىلىپ بېرىش ئارزۇسى پەيدا بولغان. ئۇ كەنتتە دوختۇر بولمىغانلىق-تىن، يۇرتداشلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىشتە قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، دوختۇر بولۇش ئىرادىسىگە كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ قوللىشى، كەنت رەھبەرلىكىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، 1975 - يىلى ناھىيەدە ئېچىلغان يالاڭ ئاياغ دوختۇرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ، دوختۇرلۇق ھەققىدە دەسلەپكى ساۋاتقا ئىگە بولغان. كېيىن يەنە كۆپ قېتىم تۈرلۈك داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ۋە تۇغۇت بىلىملىرى كۇرسلىرىغا قاتنى-شىپ، كەسپىي بىلىمنى ئاشۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇ دوختۇرلۇق قىلغاندىن سىرت، يەنە كەنتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاياللار خىزمىتى مۇدىرى، مۇرەسسە ھەيئىتى بولۇپ ئىشلىگەن. ناھىيەلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان ھەم شەرەپ بىلەن پارتىيەگە كىرگەن. 2004 - يىل 12 - ئايدا ئاپتو-نوم رايون تەرىپىدىن «دېھقان تېخنىك» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

## جاپالىق ئۆگىنىپ، ئاممىنىڭ قايغۇسىنى تۈگىتىش

كەلپىن ناھىيەسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان، دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرى. بىر نامرات كەنتنىڭ كەنت دوختۇرى بولغان توختىخان دەرگۇش زامانىۋى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش سايمانلىرى يوق ئەھۋال ئاستىدىمۇ، نام - ئاتاققا بېرىلمەي، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى نامرات دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلىتىشكە بېغىشلاپ، خەلق قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى.

ئىلگىرى بۇ كەنتتە فېئودال خۇراپاتلىق ئىدىيەلەر بىرقەدەر ئېغىر ئىدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئاغرىپ قالسا دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنمەيدىغان، تۇرمۇشتا

تازىلىقتا دىققەت قىلمايدىغان ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلەتتى. توختىخان دەرگۇش كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ئۇنىڭ كۆپ يىل سەۋرچانلىق بىلەن تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى نەتىجىسىدە نۆۋەتتە بارلىق كەنت ئەزالىرى فېئودال خۇراپاتلىققا ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئاڭلىق تونۇپ يەتتى. ئاغرىپ قالسا دوختۇرخانىغا بارىدىغان بولدى. «كەنت ئەزالىرى ئۆچۈن قانچىلىك قىيىنچىلىق بولسىمۇ تارتىشقا، ھەتتاكى ھاياتىمنى تەقدىم قىلىشقىمۇ رازىمەن». بۇ توختىخان دەرگۇشنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىغا ئېيتقان سۆزى. ئۇنىڭ خالىس، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى پۈتۈن كەنتتىكى دېھقان، چارۋىچىلارنى ھەر ۋاقىت تەسىرلەندۈرۈپ كەلمەكتە. شۇڭا، كەنتتىكىلەر ئۇنى بىردەك: «كېسەل داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزىدىغان شىپالىق يامغۇر» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

## بىمارلارغا بېغىشلانغان ساپ قەلب

توختىخان دەرگۇش كەنت دوختۇرلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 33 يىلدىن بېرى، ئۇنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن 330 نەپەر بالا سالامەت تۇغۇلدى. ھازىر ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن تۇغۇلغان نۇرغۇنلىغان بالا ئۇنى: «توختىخان ئاپا» دەپ چاقىرىشىدۇ. بۇ ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ تولۇق دەلىلى.

شۇ كەنتتىكى ۋە قوشنا كەنتتىكى دېھقانلار ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ. ھەر قېتىملىق ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى كىشىلەر ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ ۋە ئۆيلىرىگە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىشىدۇ، ھەرخىل يوللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئۇ يەنە پىلانلىق تۇغۇت بىلىملىرى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى كونترول قىلىشتا ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى.

ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى كونترول قىلىش، داۋالاش تۈرى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئۇ يۇقۇملىنىپ قېلىشتىن قەتئىي ئەنسىرىمىدى. بىمارلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، قانداق تەكشۈرۈش، قانداق دورا يېيىش، كېسەللىكنىڭ

ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ناھىيەلىك كېسەللىكلەرنى كونترول قىلىش مەركىزىگە ئۆپكە تۇ-بېركۇلىيوز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان دەپ گۇمان قىلىنغان 100 دىن ئارتۇق بىمارنى ئەۋەتىپ بەردى.

كەنت دوختۇرلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 30 نەچچە يىلدىن بۇ-يان ئۇ دائىم: «خىزمەت ئورنۇمدا كەنتتىكىلەرگە ئازراق ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلىسەملا رازى بولاتتىم» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئۇ كەنت دوختۇرلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەزگىلدىكى بىر ئىش پۈتۈن كەنتتىكى-لەرنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. ئۇ چاغ ئۇنىڭ ئىككىنچى پەرزەنتىگە قور-ساق كۆتۈرگەن ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭ يەڭگىيدىغىنىغا بىرنەچچە كۈن قالغان-دى. بىر كۈنى ئاخشىمى بىر دېھقان ئۇنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئايالىنىڭ تۇغۇتىغا ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. توختىخان دەرگۇش ئۆيىدىكىلەرنىڭ بار-ماسلىق توغرىسىدىكى نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ھېلىقى ئايالنى تۇغدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىشقا ئۈلگۈرمەيلا، شۇ ئائىلىدە ئۆزىنىڭ ئىككىنچى پەرزەنتىنى تۇغىدۇ.

ئۇ ھەر يىلىنىڭ 300 نەچچە كېچە - كۈندۈزىدە كەنتتىكىلەر ئۈچۈن قانچە قېتىم كېسەل كۆرگىنىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. بەزىدە باشقا كەنتتىكى دېھقانلار ئۇ-نى كېسەل كۆرۈپ بېرىشكە تەلەپ قىلىپ كەلسە، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا دورا ساندۇقىنى مۈرىسىگە ئېسىپ ماڭىدۇ. ئۆتكەن يىلى 8 - ئاينىڭ بىر كۈنى كې-چىدە توختىخان دەرگۇش بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ئەمدىلا ئۇخلاي دەپ تۇ-رۇشىغا، تۇساتتىن جىددىي چېكىلگەن ئىشىك ئاۋازى ئۇنى ئويغىتىۋېتىدۇ. ئۇ قوشنا كەنتتىكى مۇھەممەتنىڭ جىددىيلەشكەن ھالدا ئايالىنىڭ تولغىقى تۇتۇپ قالغانلىقىنى، قورسىقىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ چىدىيالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتقىنىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ كىيىمىنى كىيىپ جىددىي قۇتقۇزۇش دورىلى-رىنى ئېلىپ سىرتقا قاراپ چاپىدۇ. بىمار قۇتقۇزۇۋېلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇ ئۆزىنى بىر تىنىدۇ. توختىخان دەرگۇشنىڭ بۇنداق تەسىرلىك ئىش - پائالىيەت-لىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسىلا كەنتتىكى يۇرتداشلار بەس - بەستە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىشىدۇ.

جاپا تارتىش روھىغا باي كىشىلەر ياراتقان نەتىجە ئاسانلىقچە كۆمۈلۈپ قالمايدۇ. ئۇ، كەنت دوختۇرلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 33 يىلدىن بېرى تۆرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنلاپ، زور شان - شەرەپلەرگە ئېرىشتى. 1997 - يىل 6 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن «پارتىيە ئەزالىرىنى قوش يېتەكلەشتىكى بايراقدار» بولۇپ تەقدىرلەندى. 1999 - يىلى كەلپىن ناھىيەسى ئۇيۇشتۇرغان پەن - تېخنىكا كۇرسىدا «مۇنەۋۋەر كۇرسانت» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1996 - يىل 6 - ئايدا كەلپىن ناھىيەلىك پارتكوم تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ تەقدىرلەندى. 1999 - يىل 2 - ئايدا كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزىلىق پارتىيە ياچېيكىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ تەقدىرلەندى. بۇ يىل 1 - ، 2 - ئايدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە كەلپىن ناھىيەسى بويىچە «ئون مۇنەۋۋەر شەخس» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «8 - مارت» قىزىل بايراقدارى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

2007 - يىل 13 - مارت، ئاقسۇ
تۇرسۇنجان قۇربان بىلەن بىرلىشىپ يازغان
(بۇ ئەسەر 2007 - يىلى «شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن)

# قۇمبۇلۇڭدا قالغان ئارمان

— ئۆمەرجان قۇربان، مۇمكىن بولسا كەنتىمىزدە يەنە بىر يىل تۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز، بىز سىزدەك كادىرغا موھتاج ئىدۇق، ئويلاپ باقسام، بىزمۇ، دېھقانلارمۇ سىزگە ئۆگىنىپ قاپتىكەنمىز، ئەمدىلىكتە سىزنى قويۇپ بەرگىمىز كەلمەيۋاتىدۇ، سىزدىن زادىلا ئايرىلغىمىز يوق، سىز كەتسىڭىز... — قۇمبۇلۇڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئېلى يۇنۇس بىلەن كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇرسۇن ئابدۇرېھىم ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغان گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى ھەم نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ ئاقسۇغا قايتىش ئالدىدا تۇرغان ئۆمەرجان قۇرباننىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى. ئۇلارنىڭ سوغۇقتا تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە ياش دومىلاپ چۈشتى. دېكابىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئاچچىق سوغۇق ئادەمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ قەلبى ئايرىلىش ئوتىدا ئۆرتەندى. كۈچلۈك ھاياجان تەپتىدىن ئۇلار سوغۇق ئازابىنىمۇ سەزمەي قالدى.

— ياخشى ئادەم يېنىمىزدا بار چاغدا ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەنمىز، ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇنى ياخشى مېھمان قىلالمىغانلىقىمىز، ئەزىزلىمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن پۇشايمان يەيدىكەنمىز. سىز كەنتىمىزگە ئاز بولمىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردىڭىز. سىزنىڭ قۇمبۇلۇڭدا ئىزىڭىز قالدى، دېھقانلىرىمىز سىزنى ئۇنتۇمايدۇ، قۇمبۇلۇڭ سىزنى ئۇنتۇمايدۇ، — دېدى ئېلى شۇجى بىلەن تۇرسۇن مۇدىر قاداق باسقان يوغان قوللىرىنى ئاخىرقى قېتىم ئۆمەرجانغا ئۇزارتىۋېتىپ.

— ئامان بولۇڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ۋاقتىڭىز چىققاندا كېلىپ ئويناپ كېتىڭ، سىزگە ۋە ئارخىپ ئىدارىسىدىكىلەرگە رەھمەت...!

ئۆمەرجان قۇربان كەنتتىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ قۇمبۇلۇڭدىن ئايرىلدى. ئۇنى ئۇزاتقىلى چىققانلار بىر هازاغىچە ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى.

— ئۆمەرجان ھەقىقەتەن ياخشى كادىر ئىكەنتۇق، ھەممە كادىر مۇشۇ بالىدەك ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان، سەمىمىي بولىدىغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، — دېيىشتى كۆپچىلىك ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشىپ.

*　　　*　　　*

قۇمبۇلۇڭ كەنتى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئوتتېرىشى يېزىسىدىكى نۇقتىلىق نامرات كەنت بولۇپ، 2005 - يىل 3 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئارخىپ ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى، ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك ئارخىپ ئىدارىسى، ئىستاتىستىكا ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە يۆلەش ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتىلگەن. ۋىلايەتلىك ئارخىپ ئىدارىسى 2006 - يىل 5 - ئايدا ئۆمەرجان قۇرباننى 2 - تۈركۈمدە كەنتتە نۇقتىلىق تۇرۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتكەنىدى. قۇمبۇلۇڭ كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن ئۆمەرجان قۇربان ئائىلىمۇ ئائىلە كىرىپ ئاما بىلەن سىرداشتى. كەنتنىڭ نامراتلىشىپ كېتىش سەۋەبلىرىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. كەنت كادىرلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. ئېتىز باشلىرىغا، ئېرىق - ئۆستەڭ بويىغا، چارۋا قوتانلىرىغا باردى، باغلارنى ئارىلىدى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازدى: «قۇمبۇلۇڭ كەنتىنىڭ هاۋاسى سالقىن، يېرى كۆپ، چارۋىسى كۆپ، ئەمما يېرى ئۈنۈمسىز، چارۋا نەسلى ناچار ئىكەن. ئورمان كۆپ، لېكىن باغ ئاز ئىكەن. سۇيى قىس، سۇغىرىش شارائىتى ناچار، ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى كۆپ، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئېغىر، هورۇنلۇق، قاتماللىق، شەكىلۋازلىق خاھىشى ئېغىر ئىكەن».

ئۆمەرجان قۇربان كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت كومىتېتىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، كەنتتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. دېھقانلارنى پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشكە، ئىلمىي تېرىقچىلىق قى-

لىشقا، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. چوڭ يىغىنلاردا دېھقانلارغا بۇ جەھەتتە خىزمەت ئىشلىدى، بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش تېخنىكىسىدىن نەق مەيداندا دەرس ئۆتكۈزدى. دېھقانلارنى قوناقنىڭ غول شېخىنى زاۋۇتتا توغراتقۇزۇپ سىلوس ياساتقۇزدى. نامراتلارنىڭ ئارخىپىنى قايتىدىن تۇرغۇزۇپ، ماتېرىيالىنى ساھەلەر بويىچە يۆلەيدىغان ئورۇنلارغا ۋاقتىدا يوللاپ بەردى. نازارەتنى كۆچەيتىپ، نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىلىدىغان ماددىي بۇيۇملارنىڭ «باي ئائىلە» لەرگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. كەنت قورۇسىنى قاتتىقلاشتۇرۇش، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنى يېڭىلاش يېزا، ناھىيە، ۋىلايەتنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئىش بولسىمۇ، ئۇ خېلى ئۇزاقتىن بۇيان تاشلىنىپ قالغانىدى. ئۆمەرجان قۇربان يېزا ۋە كەنتكە ياردەم بېرىدىغان ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن قايتا ـ قايتا سۆزلىشىش ئارقىلىق، ئاخىرىدا 70 مىڭ يۈەنلىكتىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇمنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، شۇنداقلا 40 ئائىلىلىك نامرات دېھقانىنىڭ قىشقا كىرىش، ئىسسىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى. ئۇ كادىرلار بىلەن بىرلىكتە يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي سېلىش، پاتقاق گازى كۆلچىكى ياساش، ھويلا ـ ئارامنى ئۆزگەرتىش، كەنت يولىنى كېڭەيتىش، كۆۋرۈك سېلىش پىلانىنى تۈزۈپ، ئۇنى يۇقىرىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلدى ھەمدە يۇقىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 2007 ـ يىلى ئىچىدە 50 ئائىلىگە يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي سېلىش، 50 ئائىلىگە پاتقاق گازى كۆلچىكى كولاش، 40 ئائىلىگە ھويلا تېمى سېلىش، كەنت يولىنى قارىمايلاشتۇرۇش، كۆۋرۈك سېلىش ۋەزىپىسىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. كەنتنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش، ھويلا ـ ئاراملارنى كۆكەرتىش ئىشلىرىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشتى.

مەسئۇلىيەتچان ئادەم ھەر ۋاقىت ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. تەلەپچان ئادەم خىزمەتتە يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ. ئۆمەرجان قۇربان تەشكىلىنىڭ ئۈمىدى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ئۆزى-

نىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر، ئاپىسى ياشىنىپ قالغان ئەھۋالدىمۇ خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، نامرات ئائىلىنىڭ غېمىنى يېدى. كەنتتە نۇرغۇن نامرات ئائىلىنىڭ ئۆيىدە توك يوق ئىدى. ئۇ ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئەھۋالنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق 6040 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ھەل قىلىپ، 20 ئائىلىگە توك تارتقۇزۇپ بەردى. يەنە ئىدارىسىدىن 5500 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ھەل قىلىپ، تۇرمۇشتا ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ئامما نىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى. بەزى ئائىلىگە پاتقاق گازى كۆلچىكى ياساتتىپ بەردى. ئاممىنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كەنت مەدەنىيەت ئۆيىنى جانلاندۇرى. 8000 پارچە تۈرلۈك كىتاب ـ ژۇرنال ۋە بىليارد، تىكتاك توپ، شاھمات قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرىنى رەتلەپ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى. قۇمبۇلۇڭ كەنتىنىڭ 1999 ـ يىلىدىن كېيىن رەتلەنمەي تاشلىنىپ قالغان ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرى، 30 يىللىق يەر ھۆددىگەرلىك توختاملىرى، كەنت مالىيەسىنى ئاشكارىلاش، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سېلىشقا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ كەنتكە قىلغان يارـ دەملىرىگە دائىر سۈرەت ۋە ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن رەتلەپ چىقتى ھەمدە يۇقىرىنىڭ يېزا، كەنت ئارخىپلىرىنى رەتلەپ دەرىجىگە تۇرغۇزۇش تەـ لىپى ۋە ئۆلچىمى بويىچە 2540 پارچە ماتېرىيالنى ئارخىپلاشتۇردى. نەتىجىدە، كەنتنىڭ بۇ ئارخىپ ـ ماتېرىياللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا، كەنت ئارخىپلىرىـ نى رەتلەپ دەرىجىگە تۇرغۇزۇشتىكى 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇن دېگەن شەرەپكە ئېـ رىشتى. بۇلتۇر ئۇ ناھىيە بويىچە «مۇنەۋۋەر كادىر» بولۇپ باھالاندى.

ئۆمەرجان قۇربان ئىككى يىل كەنتتە تۇرۇش داۋامىدا دىنىي زاتلار، نۇقتىـ لىق ئائىلە، خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان تەلەپ ـ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇلارغا پارتىيەنىڭ مىللەت، دىن سىـ ياستى، بېيىش سىياستىنى تەشۋىق قىلدى. «تۆتتە بىر گەۋدە بولۇش» خىزمىتى ھەققىدە ھەر ساھە زاتلىرىغا 19 قېتىم يىغىن ئاچتى. 685 ئادەم (قېـ تىم) بىلەن سۆھبەتلەشتى. ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. قىسمەن خارلانغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدۇردى. ئاممىنى قانۇن ـ تۈزۈمگە رىئايە

قىلىشقا، يول، كۆۋرۈك ۋە ئىچىملىك سۇ، توك ئەسلىھەلىرىنى ئاسراشقا، بىخەتەر، مەدەنىي يول يۈرۈشكە، قۇملۇقنى ساقلاشقا، ئىجىل - ئىتتىپاق، ئىناق ياشاشقا يېتەكلىدى ۋە كەنت بىلەن كەنت ئەزالىرى ئارىسىدا مۇقىملىقنى ساقلاش، بىخەتەرلىككە، ئىتتىپاقلىققا، پىلانلىق تۇغۇتقا رىئايە قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسى بولۇشقا، سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ بۇ كەنتتە غەيرىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلىيدىغان تۈزۈمنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

قۇمبۇلۇڭ كەنتى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بىلەن بولغان ئارىلىقى 14 كىلومېتىر، يېزا بىلەن بولغان ئارىلىقى 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. كەنتتە 11 مەھەللە، 568 ئائىلە، 2471 نوپۇس بار. كىشى بېشىغا 2.7 مودىن يەر توغرا كېلىدۇ. دېھقانچىلىق بىلەن باغ - ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان بۇ كەنتتە 3700 مو باغ بار. 2005 - يىلى كەنتنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 18 مىڭ 260 توننا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 700 كىلوگىرام، كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1800 يۈەن ئەتراپىدا ئىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى كەنتكە كەلگەندىن كېيىن يىللىق كىرىمى 300 يۈەندىن يۇقىرى، 600 يۈەندىن تۆۋەن بولغان 186 ئائىلە، 1057 نوپۇسنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققاندى. ئۆمەرجان قۇربان قاتارلىق كادىرلارنىڭ تۈجۈپىلەپ خىزمەت ئىشلىشى، ئېغىزلار بويىچە يار - يۆلەك بولىدىغان ئورۇنلارنىڭ پائال ياردەم بېرىشى، يېزا، كەنت رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، ئىككى يىلدا كەنت بويىچە 106 ئائىلە، 530 نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1560 يۈەنگە يەتتى. 2007 - يىلى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر كەنت كادىرلىرىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا يەنە 80 ئائىلە، 527 نوپۇسنىڭ يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي سېلىش، پاتقاق گازى ئورنىتىش، سىلوس كارىزى ياساش، ئىچىملىك سۇ ھەل قىلىش، ئىسسىق قوتان سېلىش، باغ بىنا قىلىش، ئۈزۈم بارىڭى ياساش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەم بەردى ھەم ئۇلارنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. شۇ يىلى ئۇلار پاختا چۆيلەش ئارقىلىق 161 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاشلىقتىن قىلغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 750 يۈەنگە، چارۋىچىلىقتىن قىلغان كىرىمى 120 يۈەنگە، باغ -

ئورمانچىلىقتىن قىلغان كىرىمى 104 يۈەنگە، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىدىن قىلغان كىرىمى 80 يۈەنگە يەتتى. ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقىمۇ ئۇلارغا نەپ ئېلىپ كەلدى، كەنت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 1900 يۈەنگە يەتتى. قۇمبۇلۇڭنىڭ قىياپىتىدە، قۇمبۇلۇڭ دېھقانلىرىنىڭ روھىي ھالىتىدە، تۇرمۇشىدا زور بۇرۇلۇش بولدى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت كومىتېتى ۋىلايەتلىك ئارخىپ ئىدارىسىگە «نامراتلارنى يۆلەشتىكى ئىلغار ئورۇن»، ئۆمەرجان قۇربانغا «ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ئىشلەشتىكى نەمۇنىلىك شەخس» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ئوتقاشتەك لەۋھە تەقدىم قىلدى.

— بۇ ئىككى يىل ماڭا ئەمگەكنى سۆيۈش، ھاياتنى قەدىرلەش، دېھقانلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى قايتا ھېس قىلدۇردى. قۇمبۇلۇڭ مېنى جاپالىق مۇھىتتا تەربىيەلەپ چېنىقتۇردى. مەن دېھقانلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنى چوڭقۇر چۈشەندىم، — دېدى ئۆمەرجان ئىككى يىللىق ھايات مۇساپىسىنى ئەسلەپ.

— مەنمۇ قۇمبۇلۇڭغا ئۆگىنىپ قالغان، ئۇ يەرگە خېلى چوڭقۇر رىشتىم، مۇھەببىتىم بار ئىدى. دېھقانلارنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلسام، دەيدىغان ئارزۇ ـ ئارمىنىممۇ بار ئىدى. بىراق بۇ ئىشلارغا ۋاقىت، شارائىت يار بەرمىدى. مەن قۇمبۇلۇڭنى، قۇمبۇلۇڭدىكى ئاق كۆڭۈل دېھقانلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. قۇمبۇلۇڭلۇقلارغا بەخت، ئامەت تىلەيمەن.

(ئۇ ئەسەر 2008 ـ يىللىق «شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن)

# بىز ئويلاپ يەتمىگەن ئىشلار

(زىيارەت خاتىرىسى)

بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك گۆش يەپ تۇرىمىز، سۈت - قېتىق ئىچىمىز، تۇخۇم ئىستېمال قىلىمىز. ئەمما بۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىدىن قىلچىمۇ گۇمان قىلمايمىز. چۈنكى بىز ئەزەلدىن بۇنداق نەرسىلەرنى خاتىرجەم، بەھۇزۇر ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. لېكىن بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇنداق بىخەتەر، ئىشەنچلىك گۆش، سۈت، تۇخۇم ئىستېمال قىلىشىمىزغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەجىر - مېھنىتىنى ئازراقمۇ ئويلاپ قويمايمىز. بىز دەپ باقايلى، بىزگە مۇشۇنداق بىخەتەر ئىستېمال مۇھىتى يارىتىپ بېرىۋاتقان، لېكىن بىز ئانچە ئويلاپ كەتمەيدىغان ئۇ كىشىلەر زادى كىملەر؟

ئۇلار خىزمەت فورمىسىمۇ، ھەربىكىتىمۇ خەلق ساقچىلىرىنىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان ھايۋانات كارانتىن - نازارەت خادىملىرى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ خىزمەت فورمىسى بىر قاراشقا ساقچىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەربىكىتىچۇ؟ ئەلۋەتتە، ھەربىكىتىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ. ساقچىلار يامان نىيەتلىك ئادەملەرنى رازۋېدكا قىلىدۇ، ھايۋانات كارانتىن خادىملىرى «يامان نىيەتلىك چارۋا» لارنى تۇتىدۇ. بىرسى ئىجتىمائىي تەرتىپنى، يەنە بىرسى ئىستېمال مۇھىتىنى قوغدايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسى كەم بولسا، پۈتۈن جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ، خەلقنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ.

— يولداشلىرىمىز ھەقىقەتەن جاپالىق ئىشلەيدۇ، ئەمما باشقىلار بۇنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. ھازىر بىز ھايۋاناتلارنى ئۆز جايىدا كارانتىن قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدۇق. مۇشۇنداق قىلغاندا بىز كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ گۆش، تۇخۇم، سۈت ئىستېمال قىلىشىغا تېخىمۇ خاتىرجەم، تېخىمۇ بىخەتەر مۇھىت يارىتىپ بېرەلەيدىكەنمىز.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ھايۋانات كارانتىن - نازارەت پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەلى ئابدۇراخمان «213» ماركىلىق پىكاپتا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا كېتىۋېتىپ شۇنداق دېدى. بۈگۈن ئۇ ۋىلايەت بويىچە كۇچادا ئېچىلىدىغان ھايۋانات كارانتىن خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى. پىكاپ ئىچىدە يەنە ۋىلايەتلىك ھايۋانات كارانتىن - نازارەت پونكىتىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ جىڭ خانىم، پونكىتنىڭ خىزمەتچىسى ئەكبەر ياسىنلارمۇ بار ئىدى. يول بويى ئۇلار يىغىنىنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ماڭدى.

— كۇچا ناھىيەسى ھايۋاناتلارنى ئۆز جايىدا كارانتىن قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئىشلىدى. ئەتە كۇچادىكى بىرنەچچە نەق مەيدانىنى كۆرىمىز. باشقا جايدىن كەلگەنلەر چوقۇم ياخشى تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ، يىغىنىنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ، — دېدى ۋەلى يولدىن ئېلىۋالغان ئىسسىق ناننى يېگەچ. قارىغاندا، ئۇ ئەتىگەندە ناشتا قىلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا سەپەرگە ئاتلانغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئېغىزىدىكى ناننى چايناپ بولغاندىن كېيىن بىر يۇتۇم سۇ ئىچتى - دە يەنە گەپ باشلىدى:

— بۇ قېتىم يىغىنغا يېزا - بازارلىق پونكىتلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ قاتنىشىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولىدۇ، ئادەم سانى كۆپ. ھازىر ھۆكۈمەت ھايۋانات كارانتىن - نازارەت پونكىتلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىۋەتتى، ھەتتا يېزا - بازارلىق پونكىتلارغىمۇ ئاساسەن بىردىن كىچىك ماشىنا سەپلەپ بەردى. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتكە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. پونكىت باشلىقلىرىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويمىساق بولمايدۇ.

پىكاپ قارا يۇلغۇن بىلەن توقسۇ ئارىلىقىدىكى پايانسىز چۆللۈكتە قۇيۇندەك ئالغا ئىلگىرىلىدى. 7 - ئايدىكى تومۇز ئىسسىق پىكاپ ئىچىنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەن بولسىمۇ، ۋەلى بىلەن ۋاڭ جىڭ خانىمنىڭ پارىڭى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئەكبەر ياسىن قوي كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككىنىچە ماشىنىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەتتى. گەرچە ئۇ مەخسۇس شوپۇر بولمىسىمۇ، رولغا خېلىلا پىششىق ئىدى. ھەممەيلەننىڭ قەلبىدە بىر خىل كەسپىي قىزغىنلىق تۇيغۇسى كۆۋەجەپ تۇراتتى. ئۆزۈممۇ ئەينى چاغدا مال دوختۇرلۇق مەك-

تىپىدە ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، ئۇلارنىڭ خىزمەت جەھەتتىكى مەنىلىك پاراڭلىرى مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى. شۇڭا ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ چۈللۈكتىكى ئۇزۇن سەپەردە ئىلگىرىكىدەك زېرىكىشلىك تۇيغۇلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ۋاقىت ماڭغا تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئۇزۇن مۇساپە قىسقىراپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. بىز بىر-دەمدىلا توقسۇ ناھىيەسىگە يېتىپ كەلدۇق. گەرچە چۈش بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، ۋەلى بىلەن ۋاڭ جىڭ تاماقمۇ يېمەي ئۇدۇللا توقسۇ ناھىيەلىك چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئىدارىسىگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى.

* * *

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كۇچادىكى «ئالتۇن كۆۋرۈك» مەيخانىسى ۋىلايەتتىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەر ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 100 نەچچە يېزا - بازار، مەيداندىن كەلگەن هايۋان كارانتىن خادىملىرى بىلەن قىزىپ كەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى، ناھىيە (شەھەر) لىك، يېزا - بازار (مەيدان) لىق هايۋانات كارانتىن - نازارەت پونكىتىنىڭ باشلىقلىرى كۆتۈرەڭگۈ روھىي قىياپەت بىلەن كۆسەن دىيارىنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى تاماشا قىلدى. 6 - چېسلا ئەتىگەندە ئۇلار تۆت ساياھەت ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، ئىشخىلا بازىرىنىڭ قاغىچى كەنتىگە قاراپ يولغا چىقتى. ھەممە ئاپتوموبىلدا بىردىن ساياھەت يېتەكچىسى بار ئىدى. ئۇلار يول بويى كۇچا ناھىيەسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىنى، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى تونۇشتۇرۇپ ماڭدى. يول بويىدىكى يېشىل مەنزىرە، ئەتىگەندىكى سالقىن ھاۋا كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى.

— كەلدۇق، مانا بۇ قاغىچى كەنتىدىكى كالا باقمىچىلىق ئائىلىسى، — دېدى بىرىنچى ئاپتوموبىلدا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ ماڭغان چارۋىچىلىق كادىرى خاسىيەت يېقىملىق ئاۋازدا. ھەممەيلەن ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى ھەمدە بىر باقمىچى ئائىلىسىگە كىردى. بۇ ئائىلىنىڭ قوتىنىدا نۇرغۇن سۈت كالىسى بار ئىدى.

— ھازىر 33 كالام بار، بۇنىڭ 13 ى سۈت بېرىدۇ، ھەر كۈنى 150 كىلوگىرام ئەتراپىدا سۈت ساتىمەن. يىلىغا 65 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ. ئۇنىڭ ئىسمى يۈسۈپ ئېلى بولۇپ، 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ سۈت كالىسى باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. كارانتىن خادىملىرى ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم كېلىپ كالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرىدىكەن. ھەربىر كالىغا ئاقما ھېسابات دەپتىرى، ئىمۇنىتېتلاش كارتىسى، كارانتىن رۇخسەت گۇۋاھنامىسى تۇرغۇزۇپتۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىرەرسى كەم بولۇپ قالسا، كالىلارنى بازارغا ئېلىپ كىرەلمەيدىكەن.

كۆپچىلىك ئۇ يەردىن چىقىپ قاغىچى كەنت كارانتىن مەلۇم قىلىش ئورنى، ئۇچار بازىرى قارابۇقا كەنت باشقۇرۇش رايونىنىڭ بەشنى بىرلەشتۈرگەن كارانتىن نۇقتىسى، ئۇچار بازارلىق چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتى، تۇخۇم توخۇسى باقمىچىلىق رايونى ۋە كۇچا ناھىيەسىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ تىرىك چارۋا سودا بازىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ھەربىر كارانتىن نۇقتىسىدىكى يېڭى مۇھىت، جانلىق تۈزۈم، ئىلغار ئۈسكۈنە، قېلىپلاشقان مەشغۇلات كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇردى.

ئىشخىلا بازىرىدىكى قاغىچى كەنتى بورداقچىلىق ئائىلىلىرى، چارۋا سودىگەرلىرى بىرقەدەر كۆپ كەنت ئىكەن. شۇڭا چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتى ئائىلىلەر بىلەن بىر ـ بىرلەپ مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپتۇ. بورداپ ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان چارۋىلارغا ئاقما ھېسابات دەپتىرى تەسىس قىپتۇ. كەنت دەرىجىلىك يۇقۇم مۇداپىئە كارانتىن خادىملىرى باشقۇرۇش رايونى تەۋەسىدىكى بورداقچى، سودىگەر ئائىلىلەرنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزغاندىن باشقا، قەرەللىك ۋە قەرەلسىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىكەن. سىرتتىن يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەن چارۋىلارغا قارىتا 1000 يۈەندىن 1500 يۈەنگىچە رەنە پۇلى ئالىدىكەن ھەم 15 كۈن ئايرىپ باققاندىن كېيىن ئاندىن بازارغا ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىدىكەن. بازارغا ئەكىرىپ سېتىلىدىغان، سويۇلىدىغان ياكى سىرتقا توشۇلىدىغان چارۋىلاردىن كارانتىن، ئىمۇنىتېتلاش ئىسپاتى يوق چارۋىلارغا قارىتا بىردەك سېتىۋېلىشقا، سودىلىششقا، توشۇشقا، سويۇشقا رۇخسەت قىلماسلىقتىن ئىبارەت «تۆتكە رۇخسەت قىلماسلىق» بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىدىكەن.

قارابۇقا كەنتىنىڭ ھايۋاناتلارنى چىققان جايىدا كارانتىن قىلىش، كارانتىنغا مە-لۇم قىلىش نۇقتىسى بۇ يىل 4 ـ ئايدا قۇرۇلغان ئىكەن. ئۇرۇقلاندۇرۇش نۇقتىسى، يۇقۇم مۇداپىئە نۇقتىسى، ئامبۇلاتورىيە مۇلازىمەت نۇقتىسى، يۇقۇم ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، كۆزىتىش نۇقتىسى قاتارلىق بەش نۇقتا بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ ئورۇننىڭ ئىش بېجىرىش، كارانتىن قىلىش شارائىتى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئۇچار بازارلىق چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ 1105 كىۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسى، ئامبۇلاتورىيەسى، ئۇرۇقلاندۇرۇش ئورنى، ۋاكسىنا ئامبىرى، لابوراتورىيە ئۆيى، كومپيۇتېرخانىسى چىرايلىق بېزەل-گەن ئىدى. پونكىتنىڭ كومپيۇتېر، پرىنتېرى كەڭ بەلباغ تورىغا ئۇلانغان بو-لۇپ، مەخسۇس ئۇچۇر تورى ئېچىلغان. ئۇ ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق سانلىق مەلۇماتلارنى، ئۇچۇرلارنى ناھىيە ۋە باشقا جايلارغا بىۋاستە يەتكۈزەلەيدىكەن. بۇ پونكىت خىزمەتلەرنى جايىدا ئىشلىگەچكە، ئۇچار بازىرىنىڭ ھازىرقى چارۋا قوتان قالدۇقى ئاز كەم 58 مىڭ تۇياققا، ئۆي قۇشلىرىنىڭ كاتەك قالدۇقى 280 مىڭ دانىگە يېتىپتۇ.

كۆپچىلىك كۇچا ناھىيەسىنىڭ چارۋىچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى-لىقلىرىغا ھەيران قېلىشتى. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاچ كۆڭلىدە بۇ يەر بىلەن ئۆز-لىرىدىكى پەرقنىڭ ھەقىقەتەن چوڭلۇقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇچار بازىرى دائى-رىسىگە جايلاشقان ناھىيەلىك تۇخۇم توخۇسى باقمىچىلىق رايونىغا كەلگەندە، بەزىلەر كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. بۇ يەرنىڭ كۆلىمى 300 مو كېلىدىكەن. 2006 ـ يىلى ناھىيە 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، بۇ يەرنىڭ توك، سۇ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ بېرىپتۇ. بۇ يەردىكى 13 ئائىلىنىڭ كاتەك سېلىشى ئۈچۈن 150 مو يەر كېسىپ بېرىپتۇ. ھازىر بېقىۋاتقان تۇخۇم توخۇسى 100 مىڭدىن ئاشىدىكەن. ھەر كۈنى 400 كىلوگىرام تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىدى-كەن. باقمىچىلىق رايونىنىڭ كارانتىن قىلىش، دېزىنفېكسىيەلەش، يەم ـ خە-شەك ۋە دورىلارنى نازارەت قىلىش تۈزۈمى چىڭ ئىكەن. ئۇلار تارقىلىشچان قۇش زۇكىمى، توخۇ ۋاباسى قاتارلىق ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە قارىتا مەجبۇرىي ئىمۇنىتېتلاش ئېلىپ بارىدىكەن. سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن چۈجىلەر-نى تىزىملاپ رويخەتكە ئالىدىكەن.

كۆپچىلىك كۇچا ناھىيەلىك ھايۋانات كارانتىن ـ نازارەتچىلىك پونكىتىنىڭ 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلۇۋاتقان تەجرىبىخانا بىناسىنى كۆرۈپ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تىرىك چارۋا سودا بازىرىغا كەلگەندە كۈن چۈش بولاي دېگەن ئىدى: يەر يۈزىگە تىك چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرىنىڭ ئىسسىق ھارارىتى زېمىننى قىزىتىپ، كىشىنى بىئارام قىلاتتى. ئۇزۇن سەپ تارتقان كارانتىن خادىملىرى چارۋا مال دېڭىزىغا ئايلانغان بۇ بازارنى كۆڭۈل قويۇپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ بازارنىڭ مەسئۇلى ئابلا قېيۇم بازارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. بۇ بازار كۇچادىكى ئەڭ چوڭ چارۋا بازىرى بولۇپ، 2005 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىكەن. جەمئىي 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 100 مودىن ئاشىدىكەن. ھەر جۈمە كۈنى بىر كۈن بازار بولىدىكەن. كۈنلۈك سودىلىشىش مىقدارى 8000 تۇياقتىن، يىللىق سودىلىشىش مىقدارى 400 مىڭ تۇياق (قېتىم) دىن ئاشىدىكەن. بازاردا چارۋىلارنىڭ ئوبوروت ئارخىپى بار ئىكەن. ھەر بازار كۈنى كارانتىن خادىملىرى چارۋا بازىرىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، چارۋا بازىرىغا كىرىدىغان چارۋا ۋە ئۇنىڭ كارانتىن ئىسپاتىنى تەكشۈرىدىكەن. چىققان جايىدا كارانتىن قىلىش ئىسپاتى بولمىغان، ئىمۇنىتېت سىرغىسى سېلىنمىغان چارۋىلارغا بىردەك «تۆتكە رۇخسەت قىلماسلىق» تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىكەن.

ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كۇچا ناھىيەلىك چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھەبىبۇللا مەخسۇس تېمىدا تەجرىبە تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كۇچا ناھىيەسى ھازىر بىر ئائىلىدە بىر كارتا بولۇش، بىر چارۋىغا بىر كارتا بولۇشتىن ئىبارەت كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرغان. يېزىلاردا ئىمۇنىتېتلاشمىغان كەنت بولماسلىق، كەنتتە ئىمۇنىتېتلانمىغان ئائىلە بولماسلىق، ئائىلىدە ئىمۇنىتېتلانمىغان چارۋا بولماسلىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغان. كۆلەملەشكەن باقمىچىلىق رايونىدا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش زىچلىقىنى 100% كە يەتكۈزگەن. ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كارانتىن قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلغان. «ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە قانۇنى»، «ھايۋانات كارانتىن قىلىشنى باشقۇرۇش چارىسى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى

كەڭ تەشۋىق قىلغان ھەم قاتتىق ئىجرا قىلغان. يېزا ـ بازارلىق مال دوختۇر-لۇق پونكىتىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىغان. ناھىيە بويىچە 13 يېزا ـ بازاردا 44 كارانتىن نۇقتىسى تەسىس قىلغان. كېسەل ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ بازارغا كىرىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئال-دىنى ئالغان. شۇڭا كۇچا ناھىيەسى «جۇڭگودىكى سېمىنتال كالىسى ماكانى»، «جۇڭگودىكى ئەلا سۈپەتلىك تىۋىتلىق ئۆچكە ماكانى» ۋە «مەملىكەت بويىچە شاخ ـ شۇمبا ئارقىلىق كالا بېقىشتىكى ئۈلگىلىك ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن. بۇ ناھىيە شىنجاڭنىڭ چارۋىلارنى شەرقتىن كىرگۈزۈپ، غەربتىن چىقىرىشتىكى مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ، يىلىغا 1 مىليون تۇياقتىن كۆپ-رەك چارۋىنى كارانتىن قىلىدىكەن. كارانتىن خادىملىرى چۆل ـ داللاردا، يول ئېغىزلىرىدا كېچە ـ كۈندۈز ھارماي ئىشلەيدىكەن. ئۇلار يازنىڭ پىژغىرىم ئىس-سىقى، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىغا كۆنۈك ئىكەن.

كۆپچىلىكنىڭ قەلبى ھاياجانغا تولدى. يىغىن زالىدا قىزغىن چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى. مەن ۋەلى بىلەن ۋاڭ جىڭنىڭ تۈنۈگۈن يولدا كېتىۋاتقاچ دېيىش-كەن «يولداشلىرىمىز ھەقىقەتەن جاپالىق ئىشلەيدۇ، ئەمما باشقىلار بۇنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ» دېگەن گېپىنى ئەسكە ئالدىم ھەم بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئى-شەندىم. دەرۋەقە، بىز گۆش يېگەندە، سۈت ئىچكەندە، تۇخۇم ئىستېمال قىل-غاندا كارانتىن خادىملىرىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيمىز. بۇ خاتا ئىكەن. بىزدە «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما» دېگەن گەپ بار. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، مەن گۆش، تۇخۇم يېگەن، سۈت ـ قايماق ئىچكەن ھەرقانداق ئادەم ھايۋانات كارانتىن خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتىنى ئۇنتۇپ قالماس-لىقى كېرەك ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. چۈنكى، بۇ بىز ئويلاپ يەتمىگەن ئىشلار ئىكەن.

(«ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 2007 ـ يىلى 3 ـ ئاۋغۇست سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# نامرات بوستاننىڭ ئىناق بوستانغا ئايلىنىشى

تېخى تۈنۈگۈنلا نامرات سانىلىدىغان، پات - پات ئۇششاق زىددىيەت ۋە ماجىرا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بوستان كەنتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئوبدانلا ھالـ لىنىپ قالغانلىقى، خەلقىنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈپ، بىرلىكتە يېڭى بوستان قۇ- رۇشقا ئاتلانغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ مۆزئارت ۋادىسىدا يۈز بېرىۋاتقان بىر پاكىت. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇ- قى، ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ياردەم بېرىشى، كەنتتە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ماھىر رازۋېدكىچى باتۇر ماموتنىڭ ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى ئارقىسىدا، بوستان كەنتىدە يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇ- يان زور بۇرۇلۇش بولدى. نامرات بوستان ئىناق بوستانغا ئايلاندى. بۇنى بىز تۆۋەندىكى پاكىتتىن كۆرۈۋالالايمىز:

2004 - يىلى بوستان كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 876 يۈەندىن توغرا كەلگەن. 2005 -، 2006 - يىلى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم يىلىغا 300 يۈەنلىك سۈرئەتتە كۆپەيدى. كەنت كوللېكتىپىنىڭ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى 130 مىڭ يۈەن قەرزى پۈتۈنلەي تۈگىدى. 2006 - يىلى تۆت ئائىلە كىچىك تىراكتور، ئىككى ئائىلە چوڭ تىراكتور سېتىۋالدى. بىر ئا- ئىلە ئۈن زاۋۇتى، بىر ئائىلە ياغ زاۋۇتى قۇرۇۋالدى. نۇرغۇن ئائىلىلەر يېڭى ئۆي سېلىۋالدى. ئەسلىدىكى پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىيىنچىلىقى بار، دەپ قارىلىپ كەل- گەن 45 ئائىلىنىڭ سانى 24 كە ئازايدى. بەزى دېھقانلار بۇلتۇر ئۆزۈمدىنلا 4000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. ئىككى يىلدىن بۇيان جەمئىيەت ئامانلى- قى، پىلانلىق تۇغۇت، ئائىلە ئىناقلىقى، ئىتتىپاقلىق جەھەتتە ھېچقانداق مەسىلە سادىر بولمىدى. كەنت ئاھالىلىرى تىنچ، خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كە- چۈرىدىغان يېڭى مۇھىتقا ئىگە بولدى.

بوستان كەنتى — باي ناھىيەسىدىكى ئونباش يېزىسىغا قاراشلىق نامرات كەنت بولۇپ، 90 - يىللىنىڭ بېشىدا دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولغان قىزىل سۇ ئامبىرى رايونىدىن بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. كەنتتە 127 ئائىلە، 557 نوپۇس، ئۈچ گۇرۇپپا، 1228 مو تېرىلغۇ يەر بار. يەرنىڭ ئاز ۋە مۇنبەتسىزلىكى، قاتناشنىڭ قۇلايسىزلىقى، دېھقانلارنىڭ ھۇرۇن بولۇشى كەنت خەلقىنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نامراتلىق ئىناقسىزلىق، ئۇششاق ماجىرا ۋە زىددىيەتنىڭ مەنبەسىگە ئايلانغان. 2005 - يىلى يىل بېشىدا، بۇ كەنت ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە نۇقتىلىق نامرات كەنتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك كۆمۈرچىلىك شىركىتى ۋە باي ناھىيەلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ يار - يۆلەك بولىدىغان ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ج خ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار باش قوشۇپ، كەنتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ج خ ئىدارىسى تەجرىبىلىك ساقچى باتۇر مامۇتنى كەنتتە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە بەلگىلىدى. شۇ يىلى 5 - ئايدا باتۇر مامۇت قەتئىي ئىرادە بىلەن يوتقان - كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ، بۇ نامرات، خىلۋەت يۇرتقا كەلدى.

«نامراتلىق — ئىناقسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ مەنبەسى. قەيەردە نامراتلىق ئەۋج ئالسا، شۇ يەردە زىددىيەت كۆپ بولىدۇ.» باتۇر بوستان كەنتىگە كېلىپ كەنت ئەھۋالى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيە ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، يۇقىرىقى قاراشقا كەلدى. كەنتنىڭ تۇپرىقى شورلۇق، زەيكەش بولغاچقا، نۇرغۇن ئۆيلەر خەتەر ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى تېزدىن ج خ ئىدارىسى رەھبەرلىرىگە ئىنكاس قىلىدۇ ھەم قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىدارە باشلىقى جاڭ زوسەي بۇ ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، كادىر - ساقچىلارنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە 21 مىڭ يۈەن پۇل، 400 يۈرۈش كىيىم - كېچەك ئىئانە توپلايدۇ. باتۇر كەنت رەھبەرلىرى بىلەن ئەستايىدىل مەسلىھەتلىشىپ، بۇ پۇلنى 21 ئائىلىنىڭ ئۆي سېلىشىغا ياردەم قىلىدۇ. كىيىم - كېچەكلەرنىمۇ ھەقىقىي نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. ئۇ دېھقانلارنىڭ ھازىرغىچە ئېرىق - ئۆستەڭ، باسما قۇدۇق سۈيى ئىچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلى-

گەندىن كېيىن، بىر سۇ پومپىسى سېتىۋېلىپ، سۇنى ئائىلىلەرگە ئەكىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ ھەم 2006 ـ يىلى ج خ ئىدارىسى رەھبەرلىرى ئار- قىلىق يەنە 20 مىڭ 100 يۈەن پۇل ھەل قىلىپ كېلىدۇ. ھازىر ئۇ بۇ ئارزۇسى- نى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا ئىزدىنىۋېتىپتۇ. ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، باتۇر ئۆز يېنىدىن 6000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل چىقىرىپ، تۆت نامرات دېھقانىنىڭ تاشلىنىپ قالغان 18 مو بوز يېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. دېھقانلار بىلەن سىردىشىپ، ئۇلارغا ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش، چارۋا بورداش ھەققىدە تەربى- يە ئىشلەيدۇ. ئۇ ئىزچىل كەنت پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن كەنت كومىتېتىغا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ھەققىدە پايدىلىق تەكلىپ ـ پىكىر بېرىپ كېلىدۇ.

باتۇر ماۋۇت ئۆزىنىڭ ج خ ساقچىسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت خەلقىگە قانۇن ـ تۈزۈمگە رىئايە قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىم- لىقنى ساقلاش ھەققىدە دائىم تەربىيە بېرىدۇ. ھەر قېتىملىق چوڭ يىغىنلاردا جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى، ئانا ـ بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپە- ئىتىنى قوغداش قانۇنى، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى قاتارلىقلاردىن مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەيدۇ. خەلق ئەسكەرلىرىنى يېتەكلەپ، كېچىلىرى قە- رەللىك چارلاش ئېلىپ بارىدۇ. كەنتتىكى «ئون ئائىلە بىرلەشمە مۇداپىئە ئەت- رىتى» نىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرىدۇ. قوشنا كەنتلەرمۇ ئۇنى قانۇندىن دەرس بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

باتۇر مۇنداق دېدى: مەن بەزىدە بىر ـ ئىككى ئايغىچە ئائىلەمگە قايتالمى- دىم. تاماقتىن قىينىلىپ قالساممۇ، خىزمەت ئورنۇمدا چىڭ تۇردۇم. دائىم ناھى- يەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىغا بېرىپ، خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىپ تۇردۇم.

باتۇرنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنگە مېڭىشى بىلەن ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى ئىككى قېتىمدا كەنتتىكى 100 دىن ئارتۇق ئائىلىگە 340 تۇياق «نامراتلارنى يۆلەش قويى» ئېلىپ بېرىدۇ. مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى 1800 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلىدۇ. ۋىلايەتلىك كۆمۈر- چىلىك شىركىتى كەنتتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا دەپتەر ـ قەلەم ئېلىپ بېرى- دۇ. ناھىيەلىك پارتكوم، ج خ ئىدارىسى رەھبەرلىرىمۇ كەنتكە كېلىپ تەكشۈ-

رۇش ئېلىپ باردى.

بوستان كەنتىدە ئۈزۈم ئوخشايدۇ. بىراق دېھقانلار ئۈزۈملىرىگە بازار تاپالماي كەلگەن ئىدى. باتۇر شاڭخەي قاتارلىق جايلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئۈزۈمگە بازار تېپىپ بەردى. ئىلگىرى ئۈزۈمنىڭ ھەر كىلوگىرامىنى توقۇز مودىن ساتالماي كەلگەن دېھقانلار بۇلتۇر 1.20 يۈەندىن سېتىپ چىقىرىدى. بەزى دېھقانلار ئۈزۈمدىنلا 4500 يۈەن كىرىم قىلدى. بۇلتۇر ئۇ 28 نەپەر ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىنى چوڭكۆۋرۈك يېزىسىغا پۇل تېپىشقا ئېلىپ باردى. ناھىيەلىك كىنو فىلىم شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئاممىغا كىنو قويدۇرۇپ بەردى. كۆچەت تىكىش پەسلىدە ئاmma بىلەن بىرلىكتە كۆچەت تىكىدۇ. كەلكۈن كەلگەندە ئۆستەڭگە كىرىپ توغ تۇتىدۇ. باتۇر مۇشۇنداق ئىشلىگەچكە، ئۇنىڭ 12 بارماق ئۈچەي يارىسى قوزغىلىپ قالدى. دوختۇر ئۇنىڭغا دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ كەنتتە ئوكۇل سالدۇرۇپ خىزمەت قىلىۋەردى، ھەتتا ئوغلى ئالىي مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدىمۇ ئۇ ئوغلى بىلەن خوشلىشالمايدۇ. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەن ئوغلىنىڭ خىزمەت ئىشىغا يول مېڭىشقا ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئايالى پاتىگۈل كايىپ: «سىز خىزمەتتىن باشقىنى بىلمەيسىز، سىزگە بالا، ئائىلە لازىم ئەمەس ئوخشايدۇ» دېگەندە ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «خوتۇن، ھازىر خىزمەت ھەقىقەتەن ئالدىراش، سىزمۇ بىلىسىز، مەن نامراتلارنىڭ غېمىنى يېمىسەم قانداق بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

باتۇرنىڭ ياخشى ئىشلىشى ئارقىسىدا، بوستان كەنتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئىناق كەنت قۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كېلىدۇ. ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى تەرىپىدىن ئۇدا ئىككى يىل «ئىلغار ئورۇن»، باتۇر «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ تەقدىرلىنىدۇ. باتۇر كەلگەندىن بۇيان بوستان كەنتىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى تۈپتىن ياخشىلىنىدۇ. ئىدارە باشلىقى جاڭ زوسەي ئۇنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولىدۇ ھەم ئۇنى بۇ يىل يەنە كەنتتە ئىشلەشكە بۇيرۇيدۇ.

2007 ـ يىل 23 ـ مارت

# ئاز ئادەم، ئەمما زور قەدەم

پۇل ئاز، ئادەم ئاز، ئىش كۆپ، جاپا كۆپ، شۇنداقتىمۇ...

بۇ مېنىڭ كۇچا ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىدىكىلەرنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا ئويلىغانلىرىم، ھېس قىلغانلىرىم.

دەرۋەقە، مېنىڭ تۇنجى كۆرگىنىم نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى غەيرەت مەمەتنىڭ ئۆسكىلەڭ ساقىلى بىلەن ھارغىن چىرايى بولدى.

— قاراڭ، ھېلىلا يېزىدىن كېلىشىم، ئىشخانىدا ئادەم ئاز بولغاچقا يېتىشەلمەيلا قېلىۋاتىمىز، — دېدى ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاچ.

بۇ چاغدا ئۈرۈمچى ۋاقتى كەچ سائەت 8:00 دىن ئاشقان ئىدى. بىز تاماق يېگەچ بىردەم خىزمەت توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. ئۇنىڭ دېيىشىچە، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىدا پەقەت ئۈچلا ئادەم ئىشلەيدىكەن. ئۇ ئۆزى ھەم مۇدىر، ھەم كاتىپ، ھەم شوپۇر ئىكەن. تۆۋەنگە بارمىسا تېخى، يىغىنغا قاتناشمىسا تېخى، ئىشخانىدا ئىش بېجىرمىسە تېخى، ئائىلىسىگە قايتمىسا تېخى... غەيرەتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ئىچىم ئاغرىپ قالدى. گەرچە بىز تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن بولساقمۇ، تەسىراتىم ھەر ھالدا ياخشى بولدى. ئۇنىڭ خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ياتاققا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزۈمچە: «كۇچا نوپۇسى كۆپ، چوڭ ناھىيە تۇرۇقلۇق، ئەجەبا بۇ ئورۇندا ئادەم ئازكىنە، باي ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىدىمۇ بىر مۇدىر، ئىككى مۇئاۋىن مۇدىر بارغۇ، بۇ...» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئاخىرىدا: «بۇ دېگەن تەشكىلنىڭ ئىشىغۇ، مەن باش قاتۇرۇپ نېمىمۇ قىلارمەن» دېگەنلەرنىمۇ خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۇم.

ئەتىسى مەن دېيىشكەن ۋاقىت بويىچە ئۇنىڭ ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىدىكى ئىشخانىسىغا باردىم. بىراق ئۇ يوق ئىكەن، يىغىنغا كېتىپتۇ. ياندى-

كى ئىشخانىدا بىر سائەتچە ساقلاپ ئولتۇردۇم. كېيىن ئۇ كىردى. بىز ئەمدىلا گەپ باشلاپ تۇرۇشىمىزغا ئۇنىڭ تېلېفونى سايراشقا باشلىدى. بىردەم ئىشخانىنىڭ تېلېفونى، بىردەم يانفونى سايرايتتى. بەزىدە ھەر ئىككىسى تەڭ سايرايتتى. ئۇ ئىككى قولىدا ئىككىلا تېلېفوننى تۇتتۇپلىپ قارشى تەرەپكە بىر - بىرلەپ جاۋاب قايتۇراتتى. بىردەم ئۇيغۇرچە، بىردەم خەنزۇچە سۆزلەيتتى. گەپ تۈگىگىچىلىك ئىشخانىنىڭ ئىشىكى چېكىلەتتى. «كىرىڭ» دەيتتى ئۇ ھال ئېيتىپ كەلگەن كىشىگە ئىجازەت بېرىپ. ئىشخانىغا بىردەم ئۇ، بىردەم بۇ كىرگىلى تۇردى. ئۇ ھەممىسىگە ئۆز لايىقىدا گەپ قىلاتتى. گەپ قىلغاچ ئۇزۇلدۇرمەي تاماكا چېكەتتى. مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. مەن ساقلىدىم. ۋاقتنى بۇنداق بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتسەم بولمايتتى. لېكىن، غەيرەتنى، ئۇنىڭ خىزمىتىنى چۈشەنمەيمۇ بولمايتتى. مەنمۇ ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چېكىشكە باشلىدىم. كارىدورغا چىقىپ ئايلىنىپ كىردىم. ياندىكى ئىشخانىغا كىرىپ گېزىت كۆرگەچ ساقلاپ تۇردۇم. سائەت 11:00 دىن ئېشىپ كەتتى. مەن بىتاقەت بولغان ھالدا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ:

— غەيرەت جۇرېن، بىز ياتاققا ياكى باشقا جايغا بېرىپ سۆزلەشسەك بوپتىكەن. سىز ئىشخانىدا تۇرسىڭىز ئارام تاپالمايدىكەنسىز. مەنمۇ ۋاقتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكۈدەكمەن، — دېدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا سەل ئاچچىقىممۇ كەلگەنىدى. غەيرەت ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى:

— مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ شۇنچە يىراق مۇساپىنى بېسىپ ناھىيەمىزگە كەلمىكىڭىز ئاسان ئەمەس ئىدى. بۈگۈن ھەقىقەتەن سەت ئىش بولدى. بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋەتمىسەم زادى بولمايتتى. قاراڭ مۇنداق بولسۇن...، — دېدى ئۇ بېشىنى قاشلاپ خىجىل بولغان ھالدا:

— بايا ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىن تېلېفون كەلدى. چۈشتىن كېيىن يەنە ھۆكۈمەتتە ئازراق يىغىن بار ئىكەن. ئۆزۈم قاتناشمىسام بولمايدىكەن. چۈشتە ماتېرىيال تەييارلىمىسام بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەستا، قاراڭ، چۈشتىمۇ تاماقتا بىرگە بولالمايدىغان بولدۇم. سەت بولدى. مېنى كەچۈرۈڭ، چۈشتىن كېيىن سائەت 3:00 تە كۆرۈشسەك قانداق...

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەيرەتكە قارىدىم. ئۇنىڭ ساقىلى ئاخشامقىدىنمۇ

ئۆسۈپ كېتىپتۇ. ئەمما، قارا قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرىدە ئىشەنچ، ئۈ-
مىد نۇرى چاقناپ تۇراتتى. مەن ماقۇل بولۇپ ياتاققا قايتىپ كەلدىم ھەم ئۇنىڭ
ئاخشام دېگەن گەپلىرىنى قايتا ئەسكە ئالدىم. «بەزى يىغىنلارغا قول ئاستىمدى-
كى خىزمەتچىلەرنى ئەۋەتتىم. بىراق، ناھىيە رەھبەرلىرى مېنىڭ كېلىشىمنى
ئېيتىپ، ئۇلارنى يىغىنغا قاتناشتۇرماپتۇ. مۇشۇنداق پەيتتە مەن نەچچە قېتىم
يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى، شۇ چاغدا مەن ناھىيە،
ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر بىلەن يېزىغا ماڭغان ئىدىم ياكى مۇھىم تۇر-
مۇشلىرىنىڭ ئىشلىنىشىنى تەكشۈرۈۋاتقان ۋە ياكى ئالاقىدار رەھبەرلەر بى-
لەن مۇھىم بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقان ئىدىم. ئامال قانچە، ھەممىنى تاشلاپ
قايتىپ كەلدىم...». بۇ گەپلەر راست ئىكەن. تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرى
ئەكس ئېتىدۇ. ئاخشامقى قىسقا سۆھبەت ۋە بۈگۈنكى ئەمەلىيەتتىن ئۇنىڭ ھە-
قىقەتەن ئالدىراشلىقىنى، خىزمەت بېسىمىنىڭ ئېغىرلىقىنى، خىزمەتنى بېرىلىپ
ئىشلەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ 2006 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخى-
رىدىكى ئىشلار ئىدى.

كۇچا ناھىيەسى شىنجاڭدىكى ئىككىنچى چوڭ ناھىيە، شۇنداقلا ئىقتىسادى
تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى بازىسى. ئەمما بۇ ناھىيەدىمۇ
نامرات يېزا، نامرات كەنت، نامرات ئائىلە مەۋجۇت. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم
رايون كۇچادىكى ئىككى يېزا، 70 كەنتنى نۇقتىلىق نامرات يېزا ـ كەنت قىلىپ
بېكىتكەن. غەيرەت مەمەت باشچىلىقىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى بىر
نەچچە يىلدىن بۇيان ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، ئاپ-
تونوم رايون، ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاس-
تىدا، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئارخىپىنى تۇر-
غۇزۇپ، نامراتلارغا كۆپلەپ ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپتۇ. بىرمۇ
ئادەمنىڭ ئاچ قالماسلىقى، توڭلاپ قالماسلىقى، يېتىمسىراپ قالماسلىقىغا كاپا-
لەتلىك قىلىپتۇ. 2002 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون-
نىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس تۈر مەبلىغىدىن 7 مىليون 990 مىڭ يۈەن
ھەل قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ سۇ ۋە توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىپ-
تۇ. كەنت خەلقىگە 58 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيلىك چاپتۇرۇپ بېرىپتۇ، 62

كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ، ئائىلىلەرگە ماشىنىلاشقان قۇدۇق قازدۇرۇپتۇ. كەنتكە كۆۋرۈك ۋە سۇ قۇرۇلمىسى ياسىتىپ بېرىپتۇ. نەچچە مىڭ دېھقانغا پەن - تېخنىكا ئۆگىتىپتۇ. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 4000 غا يېقىن ئائىلىگە «نامراتلارنى يۆلەش قويى» ئېلىپ بېرىپتۇ. نامرات ئاممىنىڭ باغ بىنا قىلىشى، ئۇزۇم يېتىشتۈرۈشى، بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياردەم قىلىپتۇ. ۋىلايەت، ناھىيەدىن نۇقتىدا تۇرۇۋاتقان كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق ئىدارە - ئورگانلارنىڭ 2 مىليون 140 مىڭ يۈەنلىك ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ جەرياندا نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىدىكىلەر كۆچ ئۇلاپ ئىشلەپتۇ. تالاي شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىنى نامراتلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە سەرپ قىلىپتۇ. بىكار بولسىلا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنى نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈشكە ئۈندەپتۇ. غەيرەت مەمەت 2001 - يىلىدىن كېيىن تۈزۈكرەك ئارام ئېلىپ باقماپتۇ، ھەتتا بەزىدە ساقال - بۇرۇتىنى چۈشۈرۈشكە ۋاقىت چىقىرالماپتۇ. بىر ئايدا ئاز دېگەندىمۇ 20 كۈننى يېزا - كەنتتە، نامراتلارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ كەپتۇ.

نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى نۇرۇنگۈل 2002 - يىل يېزىدىن ئالمىشىپ كەلگەندىن كېيىن غەيرەت مەمەتنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپتۇ. تۈر قۇرۇلۇشى، ئىستاتىستىكا خىزمىتى، خەت ئۇرۇش، ماتېرىيال يوللاش، كاسسىرلىق خىزمىتى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ۋاپىسماي ئىشلەپتۇ. بەزىدە ئاساسىي قاتلامغا چېپىپتۇ، بەزىدە مۇدىرغا ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتنىشىپتۇ. بىرنەچچە يولداشنىڭ مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلىشى ئارقىسىدا كۇچا ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەپتۇ. ھەر يىلى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئائىلىلەر نامراتلىق بىلەن خوشلىشىپتۇ. 2002 - يىلىدىن 2005 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 5000 دىن ئارتۇق ئائىلە، 28 مىڭ نوپۇس نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپتۇ. نامرات يېزا، نامرات كەنتلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ياخشىلىنىپتۇ.

2006 - يىلى نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى نامراتلارنى يۆلەش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات كەنتلەرنى ئاساسىي ھۇجۇم

نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ، نامرات كەنت، نامرات ئائىلىلەرگە «يېڭى قان» تەقدىم قىلىپتۇ. مالىيەدىن 1 مىليون 870 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ھەل قىلىپ، ئاممىغا پايدىلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇپتۇ. بۇ پۇلدىن 800 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، 23 نۇقتىلىق كەنتتىكى 740 نامرات ئائىلىگە 4444 تۇياق قوي ئېلىپ بېرىپتۇ. 540 مىڭ يۈەن خەجلەپ، ئالتە نامرات كەنتكە 24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيلىك چېپىپ بېرىپتۇ. 250 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئىككى كەنتنىڭ 1000 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزىنى ئۆزگەرتىپ بېرىپتۇ. يەنە ۋىلايەت، ناھىيەدىكى ئېغىزلار بويىچە ياردەم بېرىۋاتقان ئورۇنلارنىڭ 1 مىليون 510 مىڭ يۈەنلىك ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. 4000 دىن ئارتۇق دېھقاننى يېڭى تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇپتۇ. نەتىجىدە 2006 - يىلى يەنە 1319 ئائىلە، 6430 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپتۇ. بەزىلەر يېڭى ئۆي سېلىۋاپتۇ، يەنە بەزىلەر پىكاپ سېتىۋاپتۇ. كۆچادىكى نامرات ئائىلىلەر پارتىيە - ھۆكۈمەتتىن رازى بولۇپتۇ. نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى ئادەم ئاز، خىراجەت ئاز بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تۈرى كۆپ، جاپاسى كۆپ ئىشتا بەلگىلىك نەتىجە قازىنىپتۇ. دەرۋەقە، ئاز ئادەم بىلەن زور قەدەم تاشلاپتۇ.

2007 - يىل 22 - فېۋرال، ئاقسۇ

**يېڭى يېزا، يېڭى ئۆي، يېڭى مەنزىرە، يېڭى تۇرمۇش... مانا بۇ بۈگۈنكى ئاۋات، مانا بۇ بىزنىڭ ئاۋات يېزىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىنكى تەسىراتىمىز. ئەگەر سىزمۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئاۋات ناھىيەسىگە بېرىپ قالسىڭىز، يېزا، بازارلارغا سېلىنغان يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيلەرنىڭ كۆپلۈكى، كۆركەملىكىدىن ھەيران قالىسىز. جۇڭگودىكى بۇ «پاختا يۇرتى» دا يۈز بەرگەن يېڭىلىق سىزنى ئۆزىگە ئەسىر قىلماي قالمايدۇ...**

# «پاختا يۇرتى» نىڭ يېڭى جىلۋىسى

— ھوي، بۇ نېمە؟

بىزنىڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىپ تۇنجى كۆرگىنىمىز رەڭلىك خەت يېزىلغان كۆچمە «ئاگاھلاندۇرۇش تاختىسى» بولدى. ئۇنىڭدا ناھىيەدىكى يېزا، بازارلارنىڭ يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيلەرنى سېلىش ئەھۋالى ئاشكارىلانغان ئىدى. قۇرۇلۇشنى ياخشى، سۈپەتلىك ئېلىپ بېرىۋاتقان يېزا، بازارلارنىڭ ئىسمىلىكى شەرەپ تاختىسىغا، سۈپەت ۋە سۈرئەتتە مەسىلە سادىر قىلغان يېزا، بازارلارنىڭ ئىسمىلىكى «ئاگاھلاندۇرۇش» تاختىسىغا يېزىلغاندى. بىز يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى قىلىشتىكى بۇ يېڭى تەدبىردىن ھەيران قالدۇق.

— بۇ ھەقىقەتەن يېڭى ئىش. بۇ يىل بىز مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشىنى ھەم سۈپەتلىك، ھەم تېز ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم چوڭ خۇلاسە قىلىپ، ياخشى ـ يامانلارنىڭ ئىسمىلىكىنى مۇشۇ تاختايدا ئېلان قىلىمىز. سۈپەت، سۈرئەتتە مەسىلە سادىر قىلىپ، ئىسمى ئۇدا ئۈچ قېتىم «ئاگاھلاندۇرۇش» تاختىسىغا چىقىپ قالغان يېزا، بازارلارنىڭ يىل ئاخىرىدا ئىلغارلىققا سايلىنىش سالاھىيىتىنى بىكار

قىلىمىز ھەم شۇ ئورۇندىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىمىز...

بۇ گەپنى دېگەن كىشى ئاۋات ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى، ناھىيەلىك يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى مۇختار ئابدۇراخمان ئىدى. بۇ يىل 15 ـ ماي بىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇنىڭدىن يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشى ھەققىدە بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىمەكچى ئىدۇق. ئۇ گېپىمىزنى بۆلۈپلا:

— ئالدى بىلەن كۆرۈپ بېقىڭلار، مەن سىلەرنى غوروچۆل بازىرىغا باشلاپ باراي، غوروچۆلنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرى ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاگخەي شەھىرى يولغا قويغان «بەيپۇلەن» قۇرۇلۇشىدا يېقىندا ئىش باشلاندى. نەق مەيدانغا بېرىپ باقايلى، كۆرسەڭلار چوقۇم باشقىچە تەسىراتقا كېلىسىلەر، — دېدى.

بىز دەرھال ماقۇل بولدۇق. گەرچە كۈن چۈش بولاي دەپ قالغان، ھاۋا تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىز ئۇدۇللاپ غوروچۆلگە قاراپ ماڭدۇق. قارا رەڭلىك پىكاپ ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭ دېرىزىسىدىن كىرگەن سالقىن شامال بىلەن پىكاپنىڭ ئۇنئالغۇسىدىن چىقىۋاتقان يېقىملىق ناخشا كىشىگە ھۇزۇر ۋە راھەت بېغىشلايتتى. بىردەمدىن كېيىن مۇختار ئابدۇراخمان ئېغىز ئېچىپ:

— ناھىيەمىزنىڭ يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي سېلىش قۇرۇلۇشى 2004 ـ يىل 4 ـ ئايدا باشلانغان. شۇ يىلى ۋىلايەت بىزگە 610 يۈرۈش ئۆي سېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈرگەن. ئەمەلىيەتتە بىز 5587 يۈرۈش ئۆي سالدۇق. 2006 ـ يىلى ۋىلايەت بىزگە يەنە 5566 يۈرۈش ئۆي سېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈرگەن. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە 5766 يۈرۈش ئۆي پۈتۈپ بولدى. بىز ۋىلايەت چۈشۈرگەن ۋەزىپىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇندىدۇق ھەم بۇلتۇر ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ناھىيە بولدۇق، — دېدى.

بىز مۇختارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغاچ يول ياقىسىدىكى ئېتىزلارغا نەزەر سالدۇق. سولياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان پايانسىز كېۋەزلىكلەر گويا كۈمۈشتەك پارقىرايتتى. رەت ـ رەت ئورمان بەلبېغى، بولۇق چېچەكلىگەن چىلانلار، ئالا

بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئۈرۈكلەر، مەي باغلىغان ئۈجمىلەر، ئۈستەڭدە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار، تاملىرى ھەر خىل رەڭدىكى كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن يېڭى ئۆيلەر كىشىگە بۇ خاسىيەتلىك زېمىننىڭ تەرەققىياتى ۋە بەرىكىتىنى ھېس قىلدۇراتتى. بىز غوروچۆل بازىرىدىن ئۆتۈپ كەنت يولىغا كىردۇق. كۆز ئالدىمىزدا يېڭى يېزا، يېڭى ئۆي، يېڭى مەنزىرە جىلۋە قىلاتتى. تىراكتور، موتوسىكلىتلار غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ھەممە ياق يېشىللىققا پۈركەنگەن ئىدى. بىز ئىلگىرى بۇ يەرگە كۆپ قېتىم كەلگەن بولساقمۇ، بۇگۈن باشقىچە تەسىراتقا ئىگە بولغاندەك بولدۇق. يېڭى يېزىنىڭ يېڭى جىلۋىسىگە تويماي قارايتتۇق.

— كەلدۇق. «بەيىۇلەن» ئولتۇراق رايونى مۇشۇ بولىدۇ، — دېدى مۇختار ئابدۇراخمان پىكاپتىن چۈشۈۋېتىپ.

— كۆ ئالدىمىزدا كەڭ كەتكەن قۇرۇلۇش ئورنى نايامان بولدى. توپىلىق مەيداندا بايراقلار لەپىلدەيتتى. ئىش ئورنىدا مەشغۇلات قىلىۋاتقان چوڭ تىپتىكى تىراكتورلارنىڭ ئاۋازى قۇلاقنى ياراتتى. ئەتراپتا توختىماي توپا توزۇيتتى. بىز مۇختارغا ئەگىشىپ توپا كېچىپ قۇرۇلۇش مەيدانىغا باردۇق. ئۇ يەردە قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بىرنەچچە كىشى قۇرۇلۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. مۇختار ئابدۇراخمان قۇرۇلۇش ئورنىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەييارلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەمدە بىزگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— بۇ غوروچۆلنىڭ تۆۋەنكى ياۋۇش كەنتى بولىدۇ. بۇ يەرگە 208 يۈرۈش ئۆي سېلىنىدۇ. شاڭخەي شەھىرى ھەربىر ئائىلىگە 8000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيە نامرات ئائىلىلەرگە يەنە 2000 يۈەندىن، ئېغىر قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 4000 يۈەندىن قوشۇپ بېرىدۇ. بۇ يىل 10 ـ ئايدا قۇرۇلۇش تاماملىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ كۆلىمى 640 مو كېلىدۇ.

— بۇ ئەسلىي تېرىلغۇ يەر ئىدى، — دەپ گەپ قىستۇردى بىز بىلەن بىرگە بارغان غوروچۆل بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، بازارلىق ئۆي قۇرۇلۇشى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى داۋۇت بارات، — بىز بۇ يەرلەرگە تۆلەم بەردۇق، يەر ئىگىلىرىنى رازى قىلدۇق. دەسلەپتە بەزىلەرنىڭ ئىدىيەسىدىن

تازا ئۆتمىگەن. بىز تەشۋىقاتنى كۈچەيتتۇق. بۇ بازىرىمىزغا نىسبەتەن چوڭ قۇرۇلۇش، يەنە كېلىپ يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئىش بولغاچقا دېھقانلار قايىل بولدى.

— بۇ يەرگە يەنە مەكتەپ، كەنت كومىتېتى سېلىنىدۇ. بۇ يەر پۈتىسە بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان مۇئاۋىن بازار باشلىقى خۇ شىنخې بىزگە قۇرۇلۇشنىڭ ئىسخېمىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئۆيلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشمايدۇ. پۇلى بارلار چوڭراق سېلىۋالسىمۇ بولىدۇ.

مۇختار ئابدۇراخمان گەپكە لوقما سالدى: — ھەربىر ئائىلىگە 2.2 مودىن ئۆي ئورنى توغرا كېلىدۇ. مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، چوقۇم يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلىدۇ. بىز سۈپەتنى بەكرەك تۇتۇۋاتىمىز. سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتمىگەن ئۆيلەرنى ئۆرۈۋاتىمىز، ئىلگىرىمۇ شۇنداق قىلغان. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىمىز.

قۇرۇلۇش مەيدانىدا خىش، سېمونت دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى. قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. ئەتراپتا ئەمگەك قىزىپ كەتكەن ئىدى. مۇختار بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ھازىر ناھىيەمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. ناھىيە رەھبەرلىرى بەك كۈچىدى. يۇقىرىمۇ كۆپ ياردەم بەردى. يېزا، بازارلار تەڭ ھەرىكەتكە كەلدى، دېھقانلارمۇ ماسلاشتى. قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمىغا ۋىلايەتتىن ۋۇجېڭ شۈجى، جۇ جېڭ ۋېييۈەنلەر ئالاھىدە كېلىپ قاتناشتى ۋە يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى. شۇڭا بىز چېڭ تۇتمىساق بولمايدۇ. بىز قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىردۇق. ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئىشەنچلىك شىركەتلەرنى تاللىدۇق. قۇرۇلۇش پۈتسە بۇ يەر جەننەتكە، يېڭى يېزىغا ئايلىنىدۇ. شۇ چاغدا سىلەرمۇ كېلىپ كۆرۈپ كېتىسىلەر...

بىز قىر ئاتلاپ يول ياقىسىغا چىقتۇق. ئاياغ ۋە ئىشتانلىرىمىز توپىغا مىلىنىپ كەتكەن ئىدى. تىك چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرى يۈزلەرنى كۆيدۈرەتتى.

— چۈشتە ئوغلاق يەيمىز. گۆش پىشقىچە باشقا كەنتلەردىكى ئۆيلەرنى كۆرۈپ كېلەيلى، — مۇختار سەل ئاقسايدىغان پۇتىنى سىلاپ قويدى ۋە سەل

قېنىلىپ پىكاپقا چىقتى. بىز كەنت بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. پىكاپ قىۇيىۇن-دەك چاپاتتى. يول بويىدىكى ئورمانلار يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇراتتى.

— مانا بۇ ئايسەك كەنتى. بۇ ئۆيلەرنى بۇلتۇر سالغان. ھەممىسىدە خەنىزۇ دېھقانلار بار، — مۇختار بىلەن داۋۇت بارات بىزگە توختىماي ئەھۋال تونىۇش-تۇرۇشقا باشلىدى. رەت - رەت سېلىنغان ئۆيلەر كۆركەملىكى بىلەن كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى. يان تېمى قىزىل سىر بىلەن سىرلانغان، قۇرۇلمىسى تەكشى، لايىھەلىنىشى ئۆزگىچە بۇ ئۆيلەر قارىماققا شەھەر ئەتراپىدىكى داچىغا ئوخشايت-تى. ئۆي ئەتراپىدىكى باغ، ئېتىزلار، ئورمان بەلبېغى بۈگۈنكى ئايسەك كەنتىنى ھەقىقەتەن يېڭى تۈسكە ئىگە قىلغان ئىدى.

— بۇ ئۆيلەرنىڭمۇ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشمايدۇ. لېكىن لايىھەلىنىشى ئوخشاش. دەسلەپتە بۇنداق ئۆينى سېلىشقا بۇ يەردىكىلەر ئانچە قىزىقمىغان، ھازىر ئۇلار خۇشال، ھۆكۈمەتتىن رازى. ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى.

بىز ئۈستۈنكى ياۋۇش، قاراتال، قەدىمكى ئايماق، كەلپىن كەنتلىرىنى ئارىد-لىدۇق. يول بويىدا كۆزىمىزگە چېلىققىنى يەنە يېڭى يېزا، يېڭى ئۆي، يېڭى مەنزىرە بولدى. ئىلگىرىكى كېسەك قۇرۇلمىلىق كونا ئۆيلەرنى كۆرگىلى بول-مايتتى. بىز كۆرگەن بۇ ئۆيلەر خىش قۇرۇلمىلىق، ئۆلچەملىك ئۆيلەر ئىدى. تارقاق، قالايمىقان، رەتسىز ئۆي بولماستىن، بەلكى بىر يەرگە مەركەزلەشكەن رەتلىك، تەكشى، يېڭى يېزىغا، يېڭى زامانغا لايىق ئۆيلەر ئىدى. بۇ ئۆيلەر پاختا بىلەن نام چىقارغان بۇ قەدىمكى يۇرتنىڭ يېڭى مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بىز يۈلغۈن بېسىپ كەتكەن چىغىر يوللارنى، ئەگرى - بۈگرى توپىلىق يوللارنى، بۈك - باراقسان كۆجۈم مەھەللە يوللىرىنى ئارىلىدۇق. ھەممە يەردە يەنە شۇ يېڭى ئۆي، يېڭى مەنزىرە...

— ھۆكۈمەت يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا ھەقىقەتەن كۆ-چىدى. دېھقانلارمۇ بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشەندى. بۇ يىل ۋىلا-يەت بىزگە 3503 يۈرۈش يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈرگەن. ناھىيە 3853 يۈرۈش سېلىشنى پىلانغا ئالدى. ھازىر يېزا - بازارلاردا ئۆي قۇرۇلۇشى جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ. بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك تۆ-ۋەنگە بېرىپ تەكشۈرۈۋاتىمىز. نەتىجىسىنى ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم «ئا-

گاھلاندۇرۇش» تاختىسىغا چىقىرىۋاتىمىز.

مۇختار ئابدۇراخمان يول بويى سۆزلەپ ماڭدى. بىز ئۇنىڭ خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلەيدىغانلىقىنى، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە خېلىلا پىششىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، 2004 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۇ ۋىلايەتتە ئېچىلغان ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنى تۈگىتىپ ئاۋاتقا قايتىش سەپىرىدە قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغان ھەمدە سول پۇتى سۇنۇپ كەتكەن. دوختۇر ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئۇنىڭ پۇتىغا پولات تاختا سېلىپ قويغان. بىر مەزگىل داۋالانغاندىن كېيىن، مۇختار ئاقساپ يۈرۈپ ئىشقا چۈشكەن. لېكىن ھازىرغىچىلىك پولات تاختىنى ئالغۇزمىغان.

— ھازىر پۇتۇم ئاغرىمايدۇ، لېكىن پولات تاختىنى ئېلىۋېتىش مۇددىتى ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇرمۇ مېنى كۆپ ئەيىبلىدى. ئەگەر ئۇنى ئالغۇزسام ئاز دېگەندە ئىككى ـ ئۈچ ئاي داۋالىنىشقا توغرا كېلىدىكەن. ھازىر ئىش شۇنداق جىددىي، شۇڭا ئالغۇزمايۋاتىمەن.

مۇختارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەم تەسىرلەندۇق، ھەم ئۇنى ئەيىبلىدۇق. ئىلگىرى ئۇ ناھىيەلىك تەپتىش، سوت مەھكىمىسىدە، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىدا، تەشكىلات بۆلۈمىدىمۇ ئەنە شۇنداق جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەت قىلغان. شۇڭا تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلگەن. 1995 ـ يىلى ھاكىم ياردەمچىسى بولغان. 2001 ـ يىلدىن 2003 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە يېزا ئىگىلىك 6 ـ دېۋىزىيەسى تەشكىلات بۆلۈمىدە ۋەزىپە بىلەن چېنىققان. ناھىيەدە نۇرغۇن قىيىن، جاپالىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن ھەم بەلگىلىك نەتىجە ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلغان.

بىز چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغاندا چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن ئاشقان ئىدى. قەدىمكى ئايماق كەنتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئەھەت قارىنىڭ ھاۋالىق بېغى بىزنى راھەتلەندۈرۈۋەتتى. بازارلىق ئۆي قۇرۇلۇشى ئىشخانىسىنىڭ كادىرلىرى، ئۇستىۋىنكى ۋە تۆۋەنكى ياۋۇش كەنتىنىڭ كادىرلىرىدىن بولۇپ ئون نەچچە كىشى بىز بىلەن بىرگە تاماق يېدى. بىز تاماق يېگەچ پاراڭلاشتۇق.

— يېزا دېگەندە تاماقنى ۋاقتىدا يېگىلى بولمايدۇ. ھازىر ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ غېمىنى يەۋاتىدۇ. سىلەرمۇ ئالايتەن بىزنى تەشۋىق قىلغىلى كەپسى-

لەر. ھەر قايسىلىرىنى ساقلىتىپ قويدۇق، — دېدى داۋۇت بارات بىزگە ئۆزرە ئېيتىپ.

— قانداقلا بولسۇن، چوڭ ئىش قىلىۋاتىمىز. قىلىۋاتقان ئىشىمىز خەلققە پايدىلىق ئىش، شۇڭا خەلق بىزنى قوللاۋاتىدۇ. مۇختارجان ھەر كۈن دېگۈدەك كېلىدۇ. بىزمۇ كەنتلەرنى كۈندە ئارىلايمىز. ئۆينىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇۋاتىمىز. ھازىر غوروچۆل ھەقىقەتەن چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ...

مۇختار ئابدۇراخمان سەل قىمىرلاپ قويدى ۋە يېنىدىكى ياستۇققا يۆلىنىپ تۇرۇپ:

— ھازىر ھەربىر يېزا - بازاردا توققۇزدىن 15 كىچە ئادەم ئۆي قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ناھىيە رەھبەرلىرى يېزىلارنى، يېزا - بازار ۋە ئىدارە - ئورگان رەھبەرلىرى كەنتلەرنى، ئادەتتىكى كادىرلار ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتى. ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېنىق. شۇڭا ئىشلار ئوبدان يۈرۈشۈۋاتىدۇ، — دېدى.

— ھازىر ئۆيلىرىمىز يېڭىلىنىپ كەتتى. يېڭى ئۆي ھەقىقەتەن راھەت ئىكەن، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

قايتىش سەپىرىمىزدە مۇختار بىزگە بۇلتۇردىن ھازىرغىچە سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلگەن 21 يۈرۈش ئۆينىڭ ئۆرۈۋېتىلگەنلىكىنى، ئالاقىدار كىشىلەرگە ئېغىر جەرىمانە قويۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇ خۇڭجۈن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئالىمجان ۋايىت كۆپ قېتىم قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىرگەن. ناھىيەنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇلارنىڭ ئىزى تېپىلىدىكەن.

— بۇ يىل 2 - ئايدا ئالىمجان ھاكىم بەشئېرىق بازىرىنىڭ دۆڭقىشلاق 2 - كەنتىگە خىزمەت تەكشۈرۈپ بارغان. ئۇ تەكشۈرۈش داۋامىدا يەتتە نامرات ئائىلىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ خەتەرلىك ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقى، تاملىرىنىڭ تېشىلىپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن، — دېدى مۇختار توساتتىن يادىغا كەلگەن بىر ئىشنى ئەسلەپ، — ئەتىسىلا ھاكىم خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى ۋە ئۆي قۇرۇلۇشى ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا ئۆي سېلىپ بېرىش ئىشىنى مۇزاكىرىلەشتى. ھاكىمنىڭ جىددىي مۇئا-

مىلە قىلىشى بىلەن يۇقىرىقى ئۈچ ئورۇن بىرلىشىپ، بۇ يەتتە نامرات ئائىلىگە ھەقسىز ئۆي سېلىپ بەرمەكچى بولدۇق. ھازىر ئۆي پۈتۈش ئالدىدا تۇرىدۇ.

بىر چاغلاردا ئاۋاتتا «پاختىچىلىقنى تۇتمىغان رەھبەر ياخشى رەھبەر ئەمەس، پاختىچىلىقنى تۇتمىغان ئورۇن ياخشى ئورۇن ئەمەس» دېگەن گەپ مودىغا ئايلانغان ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ گەپ يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سىمۋولىغا، ئورۇنلار ۋە كادىرلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۆلچەيدىغان تارازىغا ئايلانغاندەك قىلاتتى. بولمىسا، جۇڭگودىكى بۇ «پاختا يۇرتى» نىڭ ھۆسنى بۈگۈنكىدەك يارقىن جىلۋە قىلمىغان بولاتتى. بىز مۇشۇ خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە ئالىمجان ھاكىمنى زىيارەت قىلدۇق.

جىسمىدىن شىجائەت ۋە غەيرەت، كۆزلىرىدىن ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بالقىپ تۇرغان ئالىمجاننىڭ تەپەككۇرى كۈچلۈك، ئوي - پىكرى راۋان ۋە ئېنىق ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— بىز يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سېلىشتا «ھۆكۈمەت يېتەكلەش، دېھقانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، ھۆكۈمەت ئازراق ياردەم بېرىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇردۇق. ئۆي سېلىشتىن بۇرۇن تامچى ئۇستىلارنى ئومۇميۈزلۈك تەربىيەلىدۇق. قۇرۇلۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلۇشنى قۇرۇلۇش قىلىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان شىركەتلەرگە بەردۇق، ناھىيە بويىچە قاتلاممۇ قاتلام رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقتۇق. ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى بېكىتتۇق. يېزا - بازارلاردىن بىردىن مۇئاۋىن باشلىق، كەنتلەردىن بىردىن مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى ياردەمچىلەرنى مەخسۇس مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل قىلدۇق. يەنە نۇرغۇن كادىر ئاجرىتىپ قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدۇق. ھازىر ناھىيە بويىچە مۇكەممەل نازارەتچىلىك ۋە رەھبەرلىك تورى شەكىللىنىپ بولدى.

ئالىمجان ۋايىت يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى بەزى ئەھۋاللارنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، ناھىيەنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى ھەققىدە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— بىز ئالدى بىلەن كونا ئولتۇراق رايونلىرىنى ئۆزگەرتىمىز. ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ سۇ، توك، تېلېفون قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاپ، يېڭى

ئۆلتۇراق رايونلىرىغا ياشلار، كونا ئۆلتۇراق رايونلىرىغا قېرىلار مەركەزلىشىپ قالىدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىمىز. يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدىكى توققۇز نۇقتىلىق كەنتنىڭ قۇرۇلۇشىنى مەركەزلىك تۈتىمىز. مېيىپلارغا، نامراتلارغا، ئېغىر قىيىنچىلىقى بارلارغا كۆپلەپ ئۆي سېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ يىل يەنە 100 يۈرۈش ئەرزان، قۇلايلىق ئۆي سېلىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر بىر قىسىم شەھەر - بازار پۇقراسىنىڭ ئۆلتۇراق ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بىزگە خېلى كۆپ مەبلەغ چۈشۈرۈپ بەردى. بىز بۇنى جايىغا ئىشلىتىپ، كۆپلەپ ئۆي سېلىپ، يېزا - بازارلىرىمىزنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزىمىز. دېھقانلىرىمىزنى يېڭى مۇھىتقا، يېڭى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىمىز.

ئالىمجان ھاكىم ئاخىرىدا مۇختارغا ئۆي قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشنى تاپىلىدى ھەمدە:

— ھازىر پۇل يېتەرلىك. پۇلنى ۋاقتىدا، جايىدا، بىخەتەر ئىشلىتىڭلار، — دېدى.

— يېڭى ئۆي يورۇق بولىدىكەن، ھازىر ئۆيدىن خاتىرجەم بولدۇق. ھۆكۈمەتكە رەھمەت، — ئاۋات بازىرىدىكى گۈلباغ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇرسۇننىڭ ئايالى ئاينۇر شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بۇلتۇر ھۆكۈمەتنىڭ 7000 دانە خىش، 600 يۈەن پۇل ياردەم قىلىشى بىلەن بۇ ئۆينى سالغان. بۇ مەھەللىدىكى رەت - رەت سېلىنغان ئۆيلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئۆمەر ئاخنىياز ئىسىملىك ئاقسېرىق بىر كىشى ئۆيىنى زىننەتلىگىلى تۇرۇپتۇ. بىز ئۇنىڭدىن ئۆيگە قانچىلىك پۇل خەجلىگەنلىكىنى سورىدۇق. ئۇ:

— بۇلتۇر 100 مىڭ يۈەن خەجلەپ بۇ ئۆينى سالدىم. بۇ يىل يەنە ھويلا ئىچىگە 55 كىۋادرات مېتىرلىق ئۆي سېلىۋالدىم. ئۆينى زىننەتلەشكە 20 مىڭ يۈەن كەتكۈدەك. ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى، قوللىشى بولمىغان بولسا، بۇرۇنقى كونا، قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرگەن بولاتتۇق. ھۆكۈمەتكە رەھمەت، — دېدى.

مۇختارنىڭ يانفونى توختىماي سايرايتتى. ئۇ كەلگەن تېلېفونلارغا ئەستايىدىل جاۋاب قايتۇراتتى.

— قاراڭلار، ھەممىسى قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك تېلېفونلار. بەزىلەر خىش

لازىممۇ دەۋاتقان، بەزىلەر سېمونت كېرەكمۇ دەۋاتقان. ھازىر مۇلازىمەت نېمە-دىگەن ياخشى ـ ھە؟ ــ مۇختار ئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايدى. بىز ئەتراپنى كۆزەتتۇق. بۇرۇنقى ئەسكى تاملار، ساسلىق يوللار ۋە ئەخلەت كارد-زىنغا ئايلىنىپ كەتكەن چىتلىقلار كۆرۈنمەيتتى. كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولغىنى يېڭى ئۆي، يېڭى مەھەللە، يېڭى مەنزىرە ئىدى.

بىز كېتىۋاتقاچ شوپۇر يىگىت ئابدۇرازاقتىن سورىدۇق:

— سىز ئايدا نەچچە كىلومېتىر يول يۈرىسىز؟

— 5000 ~ 6000 كىلومېتىر ئەتراپىدا.

— بۇ ماشىنىنى ھەيدىگىلى نەچچە يىل بولدى؟

— ئىككى يىل بولاي دېدى.

— بۇرۇن نەنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىگەن؟

— مائارىپ ئىدارىسىنىڭ.

— ئۇ چاغدا ئايدا قانچىلىك يول يۈرۈيتتىڭىز؟

— 3000 كىلومېتىر ئەتراپىدا.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى ئىشخانىسىنىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن. مۇختار كۆڭ بويى ئارام ئالماي يېزا ـ كەنت-لەرگە بارىدىكەن. ئۇ مۇشۇنداق ئىشلىگەچكە ناھىيە رەھبەرلىرى ئۆي قۇرۇلۇ-شىدىن خاتىرجەم ئىكەن. بىز ئويلاپ قالدۇق: يول ئاچقۇچىلارغا، تۆھپە ئىز-دەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ. «پاختا يۇرتى» نىڭ يېڭى جىلۋىسى ئاۋاتلىقلارغا مەن-سۇپ…

2007 ـ يىل 23 ـ ماي

# باغۇبوستان ياقئېرىق

باي ناھىيەسىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى بوستانلىق — ياقئېرىق بازىرى بۈنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن» شەرىپىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل جەريانىدىمۇ نۇرغۇن قېتىم ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە باي ناھىيەسى بويىچە كۆپ تۇردە تەقدىرلەنگەنىدى. خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئۇدا يەتتە يىل باي ناھىيەسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بۇ بازارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىدا نۆۋەتتە يېڭى نەتىجىلەر يارىتىلماقتا. ئىقتىسادنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ئاساسەن ئىشقا ئېشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆسمەكتە. 2009 - يىلى بازارنىڭ يېزا ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 164 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2008 - يىلدىكىدىن 13% ئاشتى. بۇنىڭدىن تېرىقچىلىق كىرىمى 83 مىليون 300 مىڭ يۈەننى؛ چارۋىچىلىق كىرىمى 48 مىليون 10 مىڭ يۈەننى؛ 2 -، 3 - كەسىپ كىرىمى 27 مىليون 610 مىڭ يۈەننى ئىگىلىدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 4717 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 593 يۈەن كۆپەيدى. يېقىندا مۇخبىر ياقئېرىق بازىرىدا زىيارەتتە بولغاندا، بازارنىڭ 2009 - يىللىق تۈرلۈك ئىشلىرىدا زور تەرەققىياتلار بولغانلىقىنى، يېڭىلىقنىڭ كۆپلۈكىنى، باي، مەدەنىي، ئىناق، باغۇبوستان ياقئېرىق قۇرۇش خىزمىتىنىڭ مول نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ياقئېرىق بازىرىنىڭ باشلىقى قەھرىمان ئاۋۇت مۇنداق دېدى: 2009 - يىلى بازىرىمىزدا ھەقىقەتەن يېڭىلىق كۆپ بولدى. ھازىر بازار

بويىچە 90% ئائىلە (3100) يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. ئاشلىق ھوسۇلى ئاشتى. چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك كەسپى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. كەنتلەرنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى. جەمئىيەت تىنچ، مۇقىم بولدى. «تىنچ كەنت»، «تىنچ مەكتەپ»، «تىنچ ئورۇن - پونكىت»، «تىنچ مەسچىت» بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدا زور ئۇتۇقلار قولغا كېلىپ، «كىچىك ئىش كەنتتىن، چوڭ ئىش بازاردىن چىقماسلىق» نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى...

ئومۇمىي تېررىتورىيەسى 1500 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ياقئېرىق بازىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى ئاران 71 مىڭ 800 مو كېلىدۇ. ئاساسلىقى بۇغداي، قوناق، قىزىلچا، بەرەڭگە (ياڭيۇ)، زىغىر تېرىيدۇ. تەۋەلىكىدە 11 كەنت، بىر چارۋىچىلىق مەيدانى، تۆت ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، 4073 ئائىلە، 16 مىڭ 308 نوپۇس بار. باغ - ئورمان كۆلىمى 34 مىڭ مودىن ئاشىدۇ. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر گىرەلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

ياقئېرىق بازىرى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارنى بېيىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈش يولىدا توختىماي ئىزدەندى. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈللۈق ئورنىنى يىلمۇيىل مۇستەھكەملىدى. يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاممىغا ھەقىقىي نەپ بېرىدىغان «ئەل رايى» قۇرۇلۇشلىرىنى كۆپلەپ يولغا قويدى. چارۋىچىلىقنىڭ تۈۋرۈك كەسىپلىك ئورنىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈردى. دېھقان، چارۋىچىلارغا پايدىلىق سىياسەتلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈردى ۋە ئۈنۈمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. كەنتلەردە رەتلىك، ئۆلچەملىك ئولتۇراق رايونى ۋە راۋان يول بولۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ياقئېرىق بازىرىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدا پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتتى.

بازار باشلىقى قەھرىمان ئاۋۇت بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: بۇلتۇر بىز تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى دادىل تەڭشەپ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ زاكاز قىلىنىش كۆلىمىنى 21 مىڭ موغا يەتكۈزدۇق. بۇنىڭ 13 مىڭ موسى قىزىلچا، 8000 موسى قىيام پەمدۇرى بولۇپ، بۇ تېرىقچىلىق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 31.8% نى ئىگىلىدى. زاكاز ئېتىزلارنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 5.5 تونىنغا يېتىپ، تارىخ-

تىكى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. قوناقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى بىر توننىدىن ئې-
شىپ كەتتى. يىل ئىچىدە كۆلىمى 150 مودىن ئاشىدىغان يۇقىرى ئۆلچەملىك،
يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆلگە كۆرسىتىش بېغىدىن 12 سى بەرپا قىلىندى. يىل ئى-
چىدە 3930 مو يەردىكى ياڭاق، 1600 مو يەردىكى ئۆرۈك ۋە نەشپۈت مېۋىگە
كىردى. يېڭىدىن 3863 مو يەرگە كۆچەت تىكىلدى. بۇنىڭ بىلەن باغ - ئور-
مان كۆلىمىنى 34 مىڭ مودىن ئاشۇرۇپ، باغۇبوستان ياقىئېرىق بەرپا قىلىش
قۇرۇلۇشىنى ئۇنۇملۇك ئالغا ئىلگىرىلەتتۇق.

چارۋىچىلىق — ياقىئېرىق بازىرىنىڭ ئىستىقباللىق كەسپى ئىدى. بىراق يې-
قىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ كەسىپ تازا بەك تۇتۇلماي، دېھقانچىلىق رايونى
چارۋىچىلىقىنىڭ ئۇنۇمى تۆۋەن، تەرەققىيات قەدىمى ئاستا بولۇپ كەلگەنىدى.
چارۋىچىلىق كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، ناھىيەلىك چارۋا - مالدوختۇرلۇق پونكىتى،
قاراباغ يېزىسى، باي نەسىللىك قوي فېرمىسىدا 20 يىل تېخنىك ۋە رەھبەر بو-
لۇپ ئىشلىگەن، چارۋىچىلىق ئىلمىدا بەلگىلىك تەجرىبە توپلىغان قەھرىمان ئا-
ۋۇت 2008 - يىل 10 - ئايدا ياقىئېرىق بازىرىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن،
ياقىئېرىقنىڭ چارۋىچىلىقىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى. بارغانلا يېرىدە دېھقانلارنى
يارنىڭ قوتان، چوڭ تېپتىكى سىلوس كارىزى ياساشقا، باقمىچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇردى. نەسىل ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ،
چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقا كۈچىدى. بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتتىكى
بىر بەن ئادەمنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بىر قاتار ئېتىبار بې-
رىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، سىغىمى 30 توننىدىن يۇقىرى سىلوس كا-
رىزى ياسىغان، يارنىڭ قوتان سالغان ئائىلىلەرگە بازاردىن 500 يۈەن، كەنتتىن
500 يۈەن ياردەم بېرىش؛ ئاتىلىق قوشقار، تېكە سېتىۋالغانلارغىمۇ يۇقىرىقىغا
ئوخشاش ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. بازار مالىيەسىدىن 60
مىڭ يۈەن چىقىرىپ، بىر تۈركۈم نەسىللىك قوشقار ۋە تېكە سېتىۋېلىپ، نە-
سىل ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ئاساس تۇرغۇزدى. گۆش قويى باقمىچىلىقىنى
نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى ھەم
گۆش قويى باقمىچىلىق بازىسى قۇرۇش توغرىسىدا تور تۇرغۇزۇپ، ناھىيەنىڭ
قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا يىلدا ناھىيەنىڭ 100 مىڭ يۈەن تور مەبلىغىنى

قولغا كەلتۈردى. نۆۋەتتە بۇ بازىرىدا مەكىت قويى ۋە ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى ساپكار گۆش قويى بىلەن چېتىشتۇرۇش، تۆرەلمە كۆچۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن گۆش قويىنىڭ گۆش سۈپىتى ۋە گۆش مىقدارىنى ئاشۇرۇش تېخنىكىسى بەلگىلىك كۆلەم هاسىل قىلدى. بازار بويىچە 280 پارنىك قوتان، سىغىمى 30 توننىدىن ئاشىدىغان 274 سىلوس كارىزى ياسالدى. 2009 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى چارۋا قوتان قالدۇقى 91 مىڭ تۇياقتىن، قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 45 مىڭ تۇياقتىن، يىللىق گۆش مەھسۇلاتى 1910 توننىدىن، سۈت مەھسۇلاتى 170 توننىدىن ئاشتى. 45 مىڭ تۇياق قوي، 29 مىڭ 443 تۇياق تۆۋەت ئۆچكىسىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى. ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ئاز كەم 26 مىڭ تۇياققا، يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 20 مىڭ تۇياققا، قوي يۇڭى مەھسۇلاتى 117.6 توننىغا، تۆۋەت مەھسۇلاتى 7400 كىلوگىرامغا، چارۋىچىلىق ئومۇمي كىرىمى 48 مىليون يۈەنگە، چارۋىچىلىقتىن قىلىنغان كىشى بېشى ساپ كىرىمى 1559 يۈەنگە يەتتى. چارۋىچىلىق كىرىمى كىشى بېشى ئومۇمي كىرىمىنىڭ 34% نى ئىگىلىدى.

— دېھقان، چارۋىچىلار كىرىمىنىڭ تېز ئېشىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، — دېدى قەھرىمان ئاۋۇت بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاچ.

— 2009 - يىلى ياقئېرىق دېھقانلىرى يۇقىرى چۈشۈرۈپ بەرگەن ۋە بازار، كەنت ئاجراتقان 4 مىليون 900 مىڭ يۈەن تولۇقلىما ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 808 مىڭ 281 يۈەن ئاشلىق تولۇقلىمىسى، 1 مىليون 938 مىڭ 898 يۈەن بۇغداي تېرىقچىلىق تولۇقلىمىسى، 1 مىليون 164 مىڭ يۈەن تېرىلغۇدىن باغ - ئورمانلىققا قايتۇرۇلغان يەر تولۇقلىمىسى، 250 مىڭ 700 يۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تولۇقلىمىسى، 450 مىڭ يۈەن بۇغداي ۋە قوناق سورتلۇق ئۇرۇق تولۇقلىمىسى بولۇپ، ھەممە ئائىلىلەر دېگۇدەك بۇ خىل پۇلدىن مەنپەئەتلەندى. بۇنىڭدىن سىرت 201 ئائىلە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن 282 مىڭ 823 يۈەن چارۋىچىلىق تولۇقلىما ياردىمىگە ئېرىشتى. يەنە بىر جەھەتتىن سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. بۇ كىشى بېشىغا 246 يۈەندىن توغرا كەلدى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بۇلتۇر بىر يىل ئىچىدە بازىرىمىزدا 33 ئائىلە، 103

نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

نەتىجە ئەجىردىن، يېڭىلىق تەجرىبىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ. 2009 ـ يىلى ياقىئېرىق بازىرىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان مۇنداق بىرنەچچە يېڭىلىق بولدى: بىرىنچىدىن، 335 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن 14.7 كىلومېتىرلىق غول ئۆستەڭ ياسىلىپ، تۆت كەنتنىڭ يېزا ئىگىلىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئىككىنچىدىن، 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سەككىز كەنت ئىشخانىسىنىڭ قىشلىق ئىسسىتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئۈچىنچىدىن، 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئىككى كەنت، بىر ليەندۈينىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ياخشىلىنىپ، ئادەم ۋە چارۋا ئىچىدىغان سۇنىڭ پاكىزلىقى ۋە راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. تۆتىنچىدىن، بازاردىن 14 ـ كەنتكىچە بولغان 32 كىلومېتىرلىق يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. بەشىنچىدىن، 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بازار ئىچىدىكى ئۈچ كىلومېتىرلىق يول قاتتىقلاشتۇرۇلدى ۋە كوچا چىرىغى ئورنىتىلدى. ئالتىنچىدىن، 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بازار ئىچىدىكى پونكىت ـ ئورۇنلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ پار بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. يەتتىنچىدىن، ياقىئېرىق بازىرىدىن تولۇق ئوتتۇرا ۋە كەسپىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىنىڭ ھەربىر سىگە يىلدا 400 يۈەندىن قاتناش پۇلى؛ شىنجاڭ ئىچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر بىرىگە يىلدا 3000 يۈەندىن ئوقۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلگەندىن سىرت، ناھىيە ئىچىدىكى ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن كەنت مالىيەسىدىن 40 مىڭ يۈەن، قاتناش خىراجىتى ئۈچۈن 180 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. بۇ ئىش ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇغۇچىلارنى رازى قىلدى. جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ياقىئېرىق رەھبەرلىرىنىڭ ئوبرازىنى نۇرلاندۇردى. ئۇلارنىڭ مائارىپنى قوللاش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش، مائارىپنى سۆيۈش قىزغىنلىقى ۋە ئىستىلىنى نامايان قىلدى.

ــ بازار باشلىقىمىز قەھرىمان ياقىئېرىققا كەلگەندىن كېيىن، ھەقىقەتەن كۆپ يېڭىلىقلار بولدى. بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بازىرىمىزدا تۇنجى قېتىم نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. ياقىئېرىق خەلقى ئۇدا ئۈچ كۈن بايرام شاد-

لىقىغا چۆمۈپ، ھاردۇقنى چىقىرىۋالدى. خەلق ئارىسىدا ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنى قايتىدىن ئەسلەپ قانغۇچە ئويناۋالدى. نورۇز ئېشى ئىچىشتى. ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق مېلودىيەسىنى ياڭراتتى. خەلق ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارغا ئىگە بولدى، ــ بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى، بازارلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئۆمەرجان ئابلا قەھرىمان ئاۋۇت ھەققىدىكى تەسىراتىنى سۆزلەپ، يۇقىرىقىلارنى ئېيتتى.

ــ بۇگۈن بىز ئالتە گۈمبەز كەنتىدە قىزىلچا، قوناقنى رېتسىپلىق ئوغۇتلاش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتۇق. بۇ يىل بىز 15 مىڭ مو قىزىلچا، 5000 مو تالالىق زىغىر، 10 مىڭ مو بەرەڭگە، 30 مىڭ مو قوناق تېرىيمىز. يەنە 25 مىڭ مو يەردە كۆزگى بۇغداي بار. رېتسىپلىق ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق بۇ يىل قوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى بىر تونىنا 200 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈشىمىزدە گەپ يوق. باشقا زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىنىمۇ چوقۇم يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كىشى بېشى كىرىمنى بۇ يىل يەنە بۇلتۇرقىدىن 700 يۈەن كۆپەيتىمىز. يېزا ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارىنى 189 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، بۇلتۇرقىدىن 15% ئاشۇرىمىز، ــ دېدى قەھرىمان ئاۋۇت ئاخىرىدا.

مەن زىيارەت داۋامىدا بۇ بازارنىڭ بۇ يىل «ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى كېڭەيتىش، باغۋەنچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۆلگىنى تۇتۇش، ھويلا - ئارام ئىگىلىكى ۋە ئىشلەمچىلىك ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش» تىكى پىكىر يولى ۋە ئىرادىسىنىڭ ناھايىتى روشەنلىكىنى؛ بازار رەھبەرلىرىنىڭ خەلققە رىشتە باغلاش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھېسسىياتىنىڭ قويۇقلۇقىنى؛ باغۇ بوستان ھەم ئىناق ياقىئېرىق قۇرۇپ چىقىشقا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ قەتئىيلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم ۋە ھېس قىلدىم.

ئاخىرىدا ياقىئېرىق خەلقىگە بەخت - ئامەت تىلىدىم.

# ئەجرىدىن نۇرلانغان ياشلىق

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا دادامنىڭ ئېغىر ئاشقازان كېسەللى بار ئىدى. بىر قېتىم ئوكۇل سالدۇرۇش ئۈچۈن كەنتتىن ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، 3 ــ 4 سائەتتە ئاران يېزىغا كېلەتتۇق. قايتىپ كەتكۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى. شۇ چاغدا كەنتىمىزدىكىلەر كېسەل كۆرسىتىش، دورا سېتىۋېلىشتا ھەقىقەتەن قىينىلاتتى. قوشنا كەنتلەردىمۇ دوختۇر بولمىغاچقا، كىشىلەرنىڭ يېزىلىق دوختۇرخانىغا بارماي ئامالى يوق ئىدى. قولى قىسقا دېھقانلارنىڭ داۋالىنىشقا تېخىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. داۋالىنالماي ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ ئىش كاللامدا چوڭ بولغاندا دوختۇر بولۇش، قىيىنچىلىقتا قالغان يۇرتداشلىرىمنى داۋالاپ ساقايتىش ئىستىكىنى ئويغاتتى...

ئاقسۇ «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى مەھەممەتجان ئۆمەر ئۆزىنىڭ دوختۇر بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار ئۈستىدە ئېغىز ئېچىپ شۇنداق دېدى.

ئۇلۇغ مەقسەتتىن ئۇلۇغ ئارزۇ تۇغۇلىدۇ. ئۇلۇغ ئارزۇ ئادەمنى بۈيۈك يولغا باشلايدۇ. مەھەممەتجان ئۆمەر تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قوشتوغراق كەنتى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئېگەرچى يېزىسىدىكى نۇقتىلىق نامرات كەنت بولۇپ، ئۇنىڭ شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئون نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى. قاتنىشى قۇلايسىز بۇ كەنتتە ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى ھەقىقەتەن باش ئاغرىتىدىغان قىيىن مەسىلە ئىدى. بۇ خىل رېئاللىق مەھەممەتجاننىڭ يۇمران قەلبىگە دوختۇر بولۇش ئىستىكىنى سالدى. شۇڭا ئۇ مۇشۇ ئارزۇ يولىدا تىرىشتى. 1988 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن مەھەممەتجان بەختكە يارىشا ئاقسۇ تېببىي مەكتەپنىڭ داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىندى ھەم مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇدى. 1991 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ تەشكىلنىڭ خىزمەت تەقسىماتىنى

كۆتۈپ تۇرماي، قوشتوغراق كەنتىگە قايتىپ بىر ئامبۇلاتورىيە ئاچتى. ئۇنىڭ ئامبۇلاتورىيە ئېچىشى قوشتوغراق كەنتىدىكىلەرنىڭ ئەمەس، قوشنا كەنتتىكىلەرنىمۇ خۇشال قىلدى. ئاما داۋالىنىشتىن غەم قىلمايدىغان بولدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مەھەممەتجان ئاقسۇ شەھىرىنىڭ لەڭگەر يولى، يېڭىبازار ۋە «دوستلۇق» يولىدا ئارقا-ئارقىدىن ئامبۇلاتورىيە ئېچىپ، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ داۋالىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. يول تاپقانسېرى مەھەممەتجاننىڭ ئويلايدىغىنى كۆپەيدى، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. ئەمما ئۇ دوختۇرلۇق بىلىمىنىڭ ئازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ بىمارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، 1998 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋالاش كەسپىگە ئوقۇشقا كىردى. تۆت يىل جەريانىدا ئۇ دوختۇرلۇقنىڭ تۈرلۈك تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلىدى. 2001 - يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خېلى كۆپ ئورۇنلار ئۇنى دوختۇرلۇققا تەكلىپ قىلدى. تەشكىلمۇ ئۇنى مۇۋاپىق بىرەر ئورۇنغا تەقسىم قىلىشنى ئويلىشىپ يۈرەتتى. بىراق مەھەممەتجاننىڭ قەلبىدە مۇستەقىل بىر دوختۇرخانا ئېچىش پىلانى ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەممىنى رەت قىلدى. شەھەر رايونىدىن دوختۇرخانا قۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان جاي ئىزدىدى.

— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ، دوختۇرخانا ئېچىپ نامراتلارنى داۋالىساڭ، شۇنچە كۆپ قەرزنى قانداق قايتۇرۇپ بولىسەن، تېخى 30 نەچچە ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىمەن دەيسەن، مۇنداق قىينالغىچە ھۆكۈمەت تەقسىم قىلغان يەرگە بېرىپ ئىشلىسەڭ بولماسمىدى، مۇشۇنداق بولغاندا جېنىڭمۇ قىينالمايتتى ئەمەسمۇ...!

جەمئىيەتتە مەھەممەتجانغا قىلىنغان تاپا-تەنە ئاز بولمىدى. بەزىدە ئۇ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. بىراق مەھەممەتجان دوختۇرخانا قۇرۇش غايىسى ۋە ئىرادىسىدىن زادى ۋاز كەچمىدى. 2003 - يىلى 10 - ئايدا ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ قوللىشى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا، 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ «دوستلۇق» يولىدا 2654.3 كۋادرات مېتىر كۆلەمگە، 10 بۆلۈم، ئىشخانىغا، 30 كارىۋاتقا، 30 نەچچە دوختۇر-

سېستراغا ئىگە «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدۇ. مەھەممەتجان ئۆمەر دوختۇرخانا ئاچقاندىن كېيىن «ئالدى بىلەن كېسەل داۋالاش، ئاندىن ھېسابات قىلىش» تىن ئىبارەت دوختۇرخانا باشقۇرۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نامرات دېھقان - چارۋىچىلار، تۆۋەن كىرىملىك شەھەر ئاھالىلىرى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى ناھايىتى تېزلا دوختۇرخانىغا جەلپ قىلدى ھەمدە دوختۇرخانىدا داۋالانغان بىمارلاردىن كارىۋات ھەققى، نومۇر ھەققى، ئوكۇل ئۇرۇش ھەققى، پەرۋىش قىلىش ھەققى، توك، سۇ، ئىسسىنىش ھەققى، كۆزىتىش ھەققى قاتارلىق 10 نەچچە تۈرلۈك ھەقنى ئالمىدى. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا دوختۇرخانا قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بۇ دوختۇرخانىدا داۋالانغان 7950 بىماردىن ئېلىشقا تېگىشلىك 1 مىليون 980 مىڭ يۈەن پۇلنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى. پۇلى يوق بىمارلارنى نېسىگە داۋالاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ پۇلنى ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋەتتى. شۇڭا بۇ دوختۇرخانا ئاقسۇدا «دېھقان - چارۋىچىلار دوختۇرخانىسى»، «نامراتلار دوختۇرخانىسى» دەپ ئاتالدى. كۇچا، شايار، باي قاتارلىق يىراق، چەت ناھىيەدىكىلەرمۇ بۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ داۋالىنىدىغان بولدى.

مەھەممەتجان ئۆمەر ئەجىر-مېھنەت ئارقىلىق گۈزەل ياشلىقنى نۇرلاندۇردى. دوختۇرخانىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋالاش شارائىتىنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلىدى. 2004 - يىلى ئاقسۇدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى دوختۇرخانىلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ پارتىيە ياچېيكىسى، ئىتتىپاق ياچېيكىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۈچتۇرپان، ئاۋات، باي ناھىيەلىرىدە «دوستلۇق» شۆبە دوختۇرخانىسى قۇرۇپ، كەڭ بىمارلارغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ھازىر «دوستلۇق» دوختۇرخانىسى ۋە ئۇنىڭ شۆبىسىدە ئىشلەۋاتقان ھەرمىللەت دوختۇر - سېسترا 100 دىن، كېسەل كارىۋىتى 110 دىن، كارىۋاتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 90% تىن ئاشتى. بەزى ئېغىر، خەتەرلىك كېسەللەرنى داۋالاشتا دوختۇرخانا ئۆزى پۇل چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوندىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق، دوختۇرخانىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداپ قالدى ھەم بىمارلارنىڭ

ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

دوختۇرخانا تەرەققىي قىلىپ زورايغانسېرى مەھەممەتجاننىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئېڭى شۇنچە كۈچىيىپ باردى. 2005 - يىلى ئۇ ھىندونېزىيەدە دېڭىز تاشقىنى يۈز بەرگەندە 10 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان 50 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل چىقىرىپ، ئارمىيەگە ۋە شەھەر رايونىدىكى نامرات، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزدى. دوختۇرخانىدا تۈرلۈك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قەرەللىك ئۆتكۈزۈپ تۇردى. شۇڭا بۇ دوختۇرخانا ۋىلايەت ۋە شەھەر بويىچە كۆپ قېتىم «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنە ئورۇن»، «مەدەنىي ئورۇن»، «ئىلغار سىياسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى»، «ئىلغار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى»، «نەمۇنىلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلىسى»، «تازىلىقتا قىزىل بايراقدار ئورۇن» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى. 2008 - يىلى 5 - ئايدا دوختۇرخانا ئاپتونوم رايون بويىچە «AAA دەرىجىلىك ئىشەنچلىك، سەممىي داۋالاش ئورنى» بولۇپ باھالاندى. مەھەممەتجان ئۆمەر ۋىلايەت بويىچە «مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلىگەن ياش چولپان» بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 100 نەچچە كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى، كەڭ بىمارلارنىڭ داۋالىنىش سېلىقىنى يەڭگىللەتكەن ئىش - پائالىيەتلىرى تارىم دەرياسى ۋادىسىغا كەڭ تارالدى.

# مۆلجەرتاغ ئېتىكىدە ئۆرۈك ھىدى

— پاھ، بۇ ئۆرۈك نېمانچە تەملىك...؛ بۇ ئۆرۈكلەر نېمانچە چىرايلىق...؛ قاراڭ ماۋۇ ئۆرۈكنىڭ چوڭلۇقىنى...!

بۇ ئۇچتۇرپان ئۆرۈكلىرىگە بېرىلگەن باھا. 2009 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق ئۆرۈك ئۆستۈرىدىغان ناھىيە (شەھەر) لەردىن كەلگەن رەھبەرلەر، تەتقىقاتچىلار، مۇتەخەسسىسلەر ئۇچتۇرپاننىڭ رەڭدار، تەملىك ئۆرۈكلىرىنى توختىماي ماختاپ كېتىشتى. «بولىدىكەن، بۇ سورتلارنىڭ خەلقئارادىمۇ بازىرى ئىتتىك، مۇشۇنداق سورتنى كېڭەيتسە، پۇل ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇچتۇرپاننىڭ ئۆرۈكلىرى ھەقىقەتەن بولىدىكەن...». شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى لياۋ كاڭ بۇ ناھىيەنىڭ ئوتتېشى يېزىسى گۇڭشىياڭ كەنتىدىكى ئاقناۋات، قاراغازاڭ قاتارلىق ئۆرۈك سورتلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. مەي باغلاپ پىشقان ئۆرۈكلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى، تىلنى ياراتتى. «خۇۋەينە، ئاقناۋات، قاراغازاڭ ئەمەلىيەتتە ئۇچتۇرپاندا بەكرەك ئوخشايدىكەن. بۇ خىل سورتنىڭ رەڭگىلا ئەمەس، تەمىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن، مەن بۇخىل ئۆرۈككە مايىل بولۇپ قالدىم». ئۇزۇن يىل بوگۇر ئۆرۈكلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن لى جىنرۇ ئەپەندى بىر تال ئۆرۈكنى ئېغىزىغا سېلىۋېتىپ شۇنداق دېدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۇچتۇرپان ئۆرۈكلىرىگە بولغان قىزىقىشى ھەسسىلەپ كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى يىڭ شېڭ ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەرمۇ باغلاردىكى رەڭگارەڭ، تەملىك ئۆرۈكلەرگە قاراپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. «بولىدىكەن، بولىدىكەن،

ھەقىقەتەن بولىدىكەن...». كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن شۇنداق دېيىشتى.

ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ھاۋا كىلىماتى سوغۇق تاغلىق ناھىيە. بۇ يەردە ئۆرۈك كېيىن پىشىدۇ. باشقا جايدا ئۆرۈك تۈگىگەندە ئۇچتۇرپاندا ئۆرۈك پىشىشقا باشلايدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۆرۈك ھىدى مۆلجەرتاغنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلايدۇ. ئاقناۋات، خۇۋەينە، توختىنقوتو، قارا غازاڭ، سەمەت ئۆرۈكى، ئاقكىشمىش قاتارلىق سورتلار ئۇچتۇرپاننىڭ يېزا - كەنتلىرىگە كەڭ تارالغان ھەم ئۇچتۇرپاننىڭ ئۆرۈك بايلىقىنىڭ يادرولۇق مەھسۇلاتىغا ئايلانغان .

6 ـ ئاينىڭ 28ـ كۈنى مۆلجەرتاغ ئېتىكى ھەقىقەتەن بايرام تۈسىگە كىردى. ئەتراپى تاغ ۋە قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان بۇ گۈزەل زېمىن بۇ كۈنى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدىن كەلگەن 3000 دىن ئارتۇق ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋالدى. ئۆرۈك پۇراپ تۇرىدىغان مۆلجەرتاغ ئېتىكى بىردىنلا شادلىق دېڭىزىغا ئايلاندى. رەھبەرلەر، تەتقىقاتچىلار، مۇتەخەسسىسلەر، ئاخبارات مۇخبىرلىرىنىڭ كېلىشى بىلەن پۈتۈن ناھىيە باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. چۈنكى، ئەتىسى ناھىيەنىڭ ئۆرۈك بايلىقى داغدۇغىلىق «كۆرەك» قىلىناتتى، تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەر ناھىيەدىكى ئۆرۈك سورتلىرىغا باھا بېرەتتى. ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلار ئۆرۈك بايرىمىنى تاماشا قىلاتتى، كارخانىچىلار ئۆرۈك سېتىۋالاتتى، توختام تۈزەتتى، مۇخبىرلار ئۇنى جاھانغا تەشۋىق قىلاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەتىسى ئۆرۈك بايرىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىگەن تۇنجى قېتىملىق بۇ ئۆرۈك يەرمەنكىسى گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا دۆلەت دەرىجىلىك بۇ نامرات ناھىيەنىڭ ئوبرازىغا، ئىقتىسادىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەتتى. ناھىيەدىكىلەر گەرچە بىر نەچچە ئايدىن بۇيان بۇ يەرمەنكىگە پۇختا تەييارلىق كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا جىددىيلىشىش، تەشۋىشلىنىش پىسخىكىسىدىن نېرى بولالمىدى. شۇ كۈنى كېچىدە ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شىڭ خەيتاۋ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى قۇربان تۇرسۇن تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى. ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فۇ جېڭيى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان جىددىيچىلىكتە تۇتقان - قويغىنىنى

بىلەلمەي قالدى .«يەرمەنكىمىز قانداقراق بولار، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزەلەرمىزمۇ...؟ ناۋادا ياخشى بولماي قالسا...». ئەتىسى قۇياش پارلاپ، ئۇچتۇرپان زېمىنى يېڭى بىر تاڭنى كۈتىۋالدى. ئۆرۈك ھىدى قايتىدىن دىماقىقا ئۇرۇلدى. ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك بايرىمى — تۇنجى قېتىملىق ئۆرۈك يەرمەنكىسى ناھىيەلىك كىنو تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئۆز قەرەلىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. چىرايلىق كىيىنگەن ئورگان كادىرلىرى، يېزا (بازار) مەسئۇللىرى، سودىگەرلەر، باغۋەنلەر ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە قېرىنداش ناھىيە (شەھەر) لەردىن كەلگەن رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار بىلەن بىرلىكتە ئۆرۈك بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمغا قاتناشتى. ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ شىنچېڭ ئەپەندى ئېچىلىش مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا، ئۆرۈك بايرىمغا قەدەم تەشرىپ قىلغان، گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىگەن ھەرقايسى جاي، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى رەھبەرلەر، دوستلارغا رەھمەت ئېيتتى. ئارقىدىن ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى شېڭ خەيتاۋ قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلەپ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئۇچتۇرپانغا كەلگەن رەھبەرلەر ۋە ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى قۇربان تۇرسۇن ناھىيەدىكى تۆت يۈرۈش رەھبەرلىك بەنزىسگە ۋاكالىتەن ئالايىتەن يەرمەنكىگە قاتنىششقا كەلگەن رەھبەرلەر ۋە مېھمانلارغا ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەم ئۆرۈك بايلىقىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى.

ئۇچتۇرپان ناھىيەسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال گىرۋىكىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان قەدىمىي چېگرا ناھىيە. ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى ئاقسۇ شەھىرى ۋە ئونسۇ ناھىيەسى بىلەن، جەنۇبى كەلپىن ناھىيەسى بىلەن، غەربى ئاقچى ناھىيەسى بىلەن، شىمالى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. چېگرا لىنىيەسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 153 كىلومېتىر كېلىدۇ. تېررىتورىيەسى 9082 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، سەككىز يېزىسى، بىر بازىرى، 107كەنتى، 203مىڭ نوپۇسى، 450 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى بار بۇ يۇرتتا بۇغداي، قوناق، مايلىقدان، ياڭاق، ئۆرۈك، جىغان ئوخشايدۇ.

ھازىر ناھىيە بويىچە 250 مىڭ مو يەردە ياڭاق، 80 مىڭ مو يەردە ئۈرۈك، 30 مىڭ مو يەردە باشقا مېۋىلىك دەرەخ بار. ناھىيە ئىچىدىكى ياۋا جىغان، زىرىق كۆلىمى 100مىڭ مودىن ئاشىدۇ. شۇڭا ناھىيەنىڭ «جۇڭگودىكى جىغان يۇر-تى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. 2000 يىلدىن ئېتىبارەن بۇ ناھىيە ئۆزگىچە باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا، بولۇپمۇ ئۈرۈكچىلىك كەسپىنى زورايتىشقا ئىرادە باغلاپ خۇۋەينە،سەمەت ئۈرۈكى، ئاقكىشمىش،قاراغازاڭ، مۇكايىغلىق،جا-نان مولاۋى قاتارلىق ئەنئەنىۋى سورتلارنى، ئاقناۋات قاتارلىق ئۆزگىچە يەرلىك سورتلارنى پائال كېڭەيتىپ، كۆلەملەشكەن، كەسپلەشكەن ئۈرۈك كەسىپ زەنجىرى ھاسىل قىلدى. نۆۋەتتە ناھىيەدىكى ئۈرۈك سورتى 40 خىلدىن، كۆ-لىمى 80 مىڭ مودىن، مەھسۇلاتى 80 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۈرۈك دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان كوزۇر مەھسۇلاتقا ئايلاندى. 2008 - يى-لى ئاقتوقاي يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن 2284.5 يۈەن ساپ كىرىم ئىچىدە باغۋەنچىلىك كىرىمى 580.74 يۈەننى، پەقەت ئۈ-رۈكتىن قىلغان كىرىمى 374.7 يۈەننى ئىگىلىدى. ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ 2 - كەنتى 3 - گۇرۇپپىسىدىكى 22 ئائىلىنىڭ 83 مو يەردە خۇۋەينە ئۈرۈكى بار ئىكەن. بىر مو يەرگە 22 تۈپتىن ئۈرۈك دەرىخى تىكىلىپتۇ. 2004 - يىلى ئۇلانغان بۇ ئۈرۈكلەرنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 800 كىلوگىرامغا، كىرىمى 800 يۈەنگە يېتىدىكەن. ساياھەت يېتەكچىسى خانىم مۇنداق دېدى: بۇ خىل ئۈرۈك 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان ئارى-لىقتا پىشىدۇ، مېۋىسى يۇمىلاققا، رەڭگى سېرىققا مايىل. بىر دانىسى 58 گىرام ئەتراپىدا كېلىدۇ. شىرنىسى بىر قەدەر ئاز، تەمى چۈرۈك. بۇ ئۈرۈكتىن گۇلە - قاق قۇرۇتقىلى، ئۈرۈك شەربىتى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ... ئېچىلىش مۇراسى-مىدىكى قىزغىن كەيپىياتتىن خېلىغىچە ھاياجېنى بېسىقمىغان يەرمەنكە ئەھلى-نىڭ كۆزلىرى بۇك - باراقسان باغلاردىن قامىشىپ كەتتى، قەلبى دېڭىزدەك دولقۇنلىدى. قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان دانە - دانە ئۈرۈكلەر بۇ يۇرتنىڭ مول ئۈرۈك بايلىقىنى، قويۇق ئۈرۈك مەدەنىيىتىنى، ئۈرۈك ئۆستۈرۈشتىكى يۇقىرى ھۈنەر - سەنئىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

«پاھ، قالتىسكەن، ھەم پارقىراق، ھەم تەملىككەن...» ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ 1 -

كەنتى 4 ـ گۇرۇپپىسىدىكى مۇكاپاتلىق، ئوتتىزدىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ 6 ـ كەنتى 2 ـ گۇرۇپپىسىدىكى قاراغازاك، ئاقناۋات سورتىدىكى ئۆرۈكلەر يەرمەنكە ئەھلىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى. 2003 ـ يىلى ئۇلانغان قاراغازاك سورتىدىكى ئۆرۈكنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 1200 كىلوگىرامغا، مۇكاپاتلىقنىڭ 1500 كىلوگىرامغا يېتىدىكەن. بۇ ئەڭ بازارلىق سورت ئىكەن.

سۈزۈك ئاسمان، زۇمرەت ئېقىن، يېشىل ۋادا، خۇشبۇي ھىد كىشىنىڭ كەيپىنى كۆتۈرەتتى. يەرمەنكە ئەھلى ئۇزۇن سەپ تارتقان ئاپتوموبىللارغا ئولتۇرۇپ، ئاقتوقاي يېزىسى بىلەن ئوتتىزدىن يېزىسى تەۋەسىدىكى ئۆرۈكلۈك باغلارنى ئارىلىدى، ئۆرۈك پۇرۇقىدىن بەھرە ئالدى، ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ ئۆرۈك يېدى. مېۋىسى ئاق ياقۇتتەك، جانان چىنىدەك، مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرغان ئۆرۈك دەرىخى ئالدىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. ھەممىلا يەر ئۆرۈك، ھەممىلا يەر ئۆرۈك ھىدى...

چۈشكە يېقىن ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىكى «ئەنجانباغ ئارامگاھى» يەرمەنكە ئەھلىگە كەڭ قۇچاق ئاچتى. ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلگەن، چوڭ ـ كىچىك راۋاقلار ياسالغان بۇ باغ بەئەينى رىۋايەتلەردىكى چاھارباغقا ئوخشايتتى. ئېكسكۇرسىيەدىن كېيىن بىرئاز چارچىغان يەرمەنكە ئەھلىنىڭ بۇ باغقا كىرىپ بىردىنلا ھاردۇقى چىقىپ، كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىدى. ئۇزۇن ئۈزۈم كارىدورى ئاستىغا تىزىلغان ھەرخىل ئۆرۈك ئەۋرىشكىسى يەرمەنكە ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى. دانە ـ دانە ئۆرۈك كۆزنى قاماشتۇرسا، ئۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماقلارغا ئۇرۇلاتتى. يەرمەنكە ئەھلى ئۆرۈكلەرنى تېتىپ كۆردى. ئۇچتۇرپاننىڭ ئۆرۈك بايلىقىنى ھەقىقىي كۆرۈپ يەتتى. ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئورۇنلىغان سەرخىل نومۇرلار باغ ئىچىنى تېخىمۇ جالاندۇرۇۋەتتى.

«بۇ قېتىمقى يەرمەنكىنىڭ مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ھازىر باشلاندى»، ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى قۇربان تۇرسۇننىڭ جاراڭلىق ئاۋازى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتتى، يېقىملىق، شادىيانە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە بۇ قېتىمقى يەرمەنكىدە ئۆرۈكلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ھەرقايسى يېزا (بازار) دىن كەلگەن باغۋەنلەر بىر ـ بىرلەپ سەھنىگە چىقتى.

رەھبەرلەر 1000 يۈەن، 500 يۈەن، 300 يۈەن دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن مۇكاپات تاختىيىنى مەيدىسىگە قىزىل شەلپەر ئاسقان تۆھپىكار باغۋەنلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى باغ ئىچىنى بىر ئالدى. مۇخبىرلار بۇ تارىخىي پەيتنى سۈرەتكە تارتتى. شۇ تاپتا يەرمەنكە ئەھلىدە بۇ زېمىننىڭ ھەممىلا يېرى ئۆرۈك بىلەن توشۇپ كەتكەندەك، مۆلجەرتاغ ئېتىكىدە قىش - ياز ئۆرۈك پۇراپ تۇرىدىغاندەك تاتلىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى...

2009 - يىل 30 - ئىيۇن، ئۈچتۇرپان

# ئاخىرقى سۆز

«زەپەر ناخشىسى»ناملىق بۇ كىتابىم ئاخىر نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مېنىڭمۇ ھاردۇقۇم چىقتى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ كىتاب تەكشۈرۈپ بېكىتىش باشقارمىسىدىكى خادىملار، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدىكى مۇھەررىر يولداشلار كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇلار كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنى قايتا - قايتا كۆرۈپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بېكىتتى. ئەسەر مەزمۇنىغا قارىتا ئىنچىكە ئانالىز يۈرگۈزدى. كۆپ قېتىم مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ بەزى زۆرۈر ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇلارنىڭ تەكلىپى بويىچە كىتاب نامىمۇ ئۆزگەرتىلدى. يەنە تەلەپ بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق ئاخباراتچى، «فەن چاڭجياڭ ئاخبارات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكۈچى، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئالىي مۇخبىرى غەيرەت ئابدۇللا كىتابقا كىرگۈزۈلىدىغان ئەسەرلەرنى ئېرىنمەي كۆرۈپ چىقتى ھەم قىممەتلىك پىكرىنى يېزىپ بەردى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى جارۇللا ھېسامىدىن، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى ۋالىيسى مۇتەللىپ قاسىم، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەمتىمىن شاھىدىن كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئاكتىپ مەدەت بەردى ھەم ئايرىم - ئايرىم كىرىش سۆز ۋە بېغىشلىما يېزىپ تەبرىكلىدى. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك يازغۇچى، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ بايراقدارى مۇھەممەت باغراش كۆپ قېتىم كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا گۈزەل تىلەك تىلىدى ھەم ئالدىراشلىق ئىچىدە ۋاقىت چىقىرىپ، بىر - ئىككى كەلىمە باھا سۆزى يېزىپ بەردى. ئاقسۇ گېزىتخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى ھەر جەھەتتىن ماڭا قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى» دىكى بىر قىسىم تېخنىك خا-

دىملار خەت ئۇرۇش، بەت ياساش جەھەتتە ياردەم قىلدى. كۇچا ناھىيەلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىدىكى سىدىق راخمان، ئونسۇ ناھىيەسىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچى ئەخمەتجان نەمەت، ئاقسۇ دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەتجان... قاتارلىق يولداشلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. يۇقىرىقى رەھبەرلەر، يولداشلار، دوستلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

كىتاب چىقىرىش شەرەپلىك ئىش، ئەمما ئۇ مۇشەققەتلىك جەريانغا موھتاج. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاخبارات ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا يېزىلغان، ئاساسەن گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا بۇ كىتابقا تاللاپ كىرگۈزۈلدى. سەۋەبىم چەكلىك بولغانلىقتىن، ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى، قۇرۇلمىسى، تىلى ۋە ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە نۇرغۇن يېتەرسىز تەرەپلىرى بار. يەنە بىر جەھەتتىن، ئاخبارات چىنلىقى، دەۋر چىنلىقى ۋە كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئاخبارات شەخسلەرنىڭ ئەينەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەسەرلەرگە ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمىدى، ئەسلىي ھالىتى بويىچە بېرىلدى. كەسىپداشلار ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرىقى تەرەپلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىنى ۋە سەممىي تەكلىپ ـ پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتوردىن

2010 ـ يىل 25 ـ ئىيۇن

**图书在版编目（CIP）数据**

凯旋之歌：维吾尔文/阿布都沙拉木·阿布力孜著
—乌鲁木齐：新疆大学出版社，2010.11
ISBN 978-7-5631-2260-8

I.①凯… II.②阿… ①新闻—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）IV. ①I253

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2010）第 215758 号

责任编辑：**艾米拉江·苏努尔**

责任校对：**买来木尼沙·肉孜**

# 凯旋之歌

**阿布都沙拉木·阿布力孜 著**

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号　邮编：830046）
新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
开本：850mm × 1168mm　1/32　12.5 印张
2011 年 1 月第 1 版　2011 年 1 月第 1 次印刷
印数：0001—3000 册

ISBN 978—7—5631—2260—8
定价：30.00 元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 978-7-5631-2260-8

9 787563 122608 >

定价:30.00 元